

شائىر تەۋپىق (مەمتىلى ئەپەندى)
(1936 — 1901 - يىللار)

# بۇلاق

(ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مەجمۇئەسى)

(ئومۇمى 11 - سان)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

1984 - يىل ئۈرۈمچى

# مۇندەرىجە


مەنتىقۇتتەيىر (داۋامى) .................... ئەلىشىر ناۋايى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇرېھىم توختى 1

توت ئىمام تەزكىرىسى.................... موللا نىياز خوتەنى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەمتىمىن خۇدابەردى 68

دىۋان زوھورى ....................

نەشرگە تەييارلىغۇچى: قۇربان بارات 107

«چىغاتاي ئەدەبىياتى»نىڭ شەكىللىنىشى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە...... ر. جارى 188

كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ قەدىمىيلىكى ۋە ئۇنىڭ چەت تىللارنىڭ تەسىرىگە
ئۇچراش جەريانى .................... ئەھمەت زىيائى 196

ئاق سېپىل قەدىمقى شەھىرىنىڭ كېسەكلىرىدىكى يېزىقلار ھەققىدە دەسلەپكى
مۇلاھىزە.................... سابىت ئەخمەت، قۇربان ۋەلى 205


## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن


غېرىپ ۋە سەنەم (خەلق داستانى) ....................

نەشرگە تەييارلىغۇچى: باتۇر ئەرشىدىنوۋ 212

ئادىل پادىشا (خەلق داستانى) ....................

نەشرگە تەييارلىغۇچى: توختى ئابىخان 286

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدىن ....................

توپلىغۇچى: تېيىپجان ھادى 330



**ئەلىشىر ناۋائىي**

**نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇرېھىم توختى**

(بېشى ئومۇمى 10 ـ ساندا)

هەر نە مەتاۋۇپ ئېرسە هاكىم سەن بولۇر،
قىلماسام تىغى جاپا بويىنۇمغا ئۇر.
(سەن هوكۇم قىلغۇچى، نىمە قىل دىسەڭ قىلىمەن، قىلمايدىغان بولسام جاپانىڭ قىلىچى بىلەن بويىنۇمغا ئۇرغىن).

شەيخ چۇن سوزنى بۇ يەرگە قىلدى بەند،
قىلدى شۇخ بارچە دەير ئەهلى پىسەند.
(شەيخنىڭ سوزى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، بۇتخانىدىكىلەرنىڭ هەممىسى ئۇنىڭ سوزىنى پىسەند قىلدى.)

دەير ئىچىن پىردەۋس ئائىن قىلدىلار،
كوپ تەكەللۇپ بىرلە تەزيىن قىلدىلار.
(ئارقا ـ ئارقىدىن تەكەللۇپ كورسىتىپ، بۇتخانىنىڭ ئىچىنى جەننەتتەك زىننەتلىدى.)

توردە تەخت ئوردىلار گەردۇن ئاساس،
زىنەتۇ زىب ئاندا بىھەد قىياس.
(بۇتخانىنىڭ توردە ئاسمانغا ئوخشاش تەخت قۇرۇشتى، ئۇنى هەددىدىن تاشقىرى زىننەتلەشتى.)

شۇخ تەرسا چىقتى ئاندا زەۋقىناك،
شەيخ ئۇنى كورگەچ بولۇپ هەردەم هىلاك.

(تەرسا قىز كورگەن كىشىنى زۇقلاندۇرارلىق هالدا سورۇنغا چىققىتى، شەيخ ئۇنى كورۇۋش بىلەن هەر نەپەستە بىر ئۇلۇشكە باشلىدى.)

شەيخنى كەلتۈردىلا مەمجەدۇ ئارا،
قىلغانى ئىمان روخسارىن قارا.
(ئىماننى ۋە يۈزنى قارا قىلىش ئۈچۈن، شەيخنى بۇتپەرەسلەرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىشتى.)

بىر ـ بىرى ئۇزرە تۆكۈلدى دەير ئېلى،
خاھ ئىقامەت ئەھلى، خاهى سەير ئېلى.
(بۇتخانىدا دايىم بار ئادەملەر بولسۇن، ياكى تاماشاغا كەلگەنلەر بولسۇن، گۈررىدە توپلىشىپ كېلىپ ئۇنى كورۇشتى.)

بادە كۈپ ـ كۈپ ئاندا زاهىر قىلدىلار،
تۇقلە كوپ ـ كوپ داغى زاهىر قىلدىلار.
(كۈپ ـ كۈپتە هاراق ـ شاراپلار ئېلىپ كېلىندى، تۈرلۈك مۇە ـ چىۋە ۋە شىرىن نەر-سىلەر تىزىپ قويۇلدى.)

سەۋت ناقۇس، ناۋايى ئەرغىنۇن،
شەيخ دىنى ماتەمىغە تارتىپ ئۈن.
(شەيخنىڭ ئىمانىنىڭ ماتىمى ئۈچۈن بۇتخانىدىكى قوڭغۇراقلار نالە قىلىشقا باشلىدى.)

بولدى ساكىن هەر تەرەپ بىردىن كىشىش،
كىم، بۇ نەۋۇ بولمايدۇ ئېردى هەرگىز ئىش.
(بۇتخانىنىڭ راهىپلىرى بىردىن جىمجىت بولۇشۇپ قالدى، بۇتخانىدا مۇنداق ئەھۋال بولۇپ باقمىغان ئىدى.)

شۇئلە كەلتۈردىلار ئاتەشگاهدىن،
مۇسھەپ ئىستەپ مۇرشىدى ئاگاهدىن.
(بۇتخانىنىڭ ئۇتخانىلىرىدىن ئوت پارچىسى ئېلىپ كېلىشتى، شەيختىن قۇرئان سوراشتى.)

چۇن مۇھەييا بولدى زونارۇ سەلىپ،
قويتى يۈز ئەفسۇن ئىلە ئول دىلفەرىپ.
(كىرىست هەم بۇت تەييار قىلىندى، ئۇ كوڭۇللەرنى ئۇزىگە مەپتۇن قىلىدىغان قىز يۈز تۈرلۈك دىلرەبالىق بىلەن ئورنىدىن قوپتى.)

تەختىدىن تۈشتى تۈمەن مىڭ ناز ئىلە،
كەلدى شەيخ ئالدىغا يۈز ئەئزاز ئىلە.

(تەرسا قىز تۇمەن مىلڭ ناز بىلەن تەختتىن چۈشۈپ، يۈز تۇرلۇك ئىززەت - ئىكرام بىلدۈرۈپ شەيخنىڭ ئالدىغا كەلدى.)

ئولتۇرۇپ كۆلكۆ بىلە جام ئەتتى تۇش،
كىم كورۇپ شەيخ ئەتتى تەرك ئەقىل - ھۇش.

(ئۇ، كۈلۈپ ئولتۇرۇپ مەي ئىچىشكە باشلىدى، شەيخ ئۇنى كورۇپ ئەقىل - ھۇشىنى يوقاتتى.)

بادەدىن ساقىغە يۈزلەنگەچ تەرەب،
يانە تولدۇردى قەدەھنى لەب - لەب.

(مەيدىن مەي قۇيغۇچىغا خوشاللىق يېتىپ، يەنە قەدەھنى لىپمۇ - لىپ تولدۇرۇپ قۇيدى.)

دىدى ئىچلا جۇرئەئى ئۇلۇى جەناب،
جۇرئە قالسا بەلكى ئېرمەستۇر ھىساپ.

(ئۇ، ئەي ئالى جاناپ شەيخ، مەينى بىرلا سۇمۇرۇپ ئىچىڭ، قەدەھدە بىر يۇتۇم ھاراق قېپقالسا ھىساپقا ئالمايمەن، — دىدى.)

كام ناكام ئالدى شەيخى ئىشىق باز،
مەي نىكىم تۇتمىش ئىدى ئول دىلناۋاز.

(ئۇ ئىشقىباز شەيخ، دىلناۋازنىڭ تۇتقان ھارىغىنى ئىختىيارى ھالدا قولىغا ئالدى.)

ساچىب ئەشىك ئول مەينى نوش ئەيلەر چاغى،
يۇب ئىلىك ئىمان ئىسلامدىن داغى.

(ئۇ، مەينى ئىچەر چاغدا، كوزلىرىدىن ياش توكۇپ، ئىمان ئىسلامدىن قولىنى يۇيدى.)

چەكتى ئانداغكىم باشىدىن چىقتى دۇر،
مەي ئوتىغا بولدى كۆل بولدى نەبۇر.

(مەينى ئىچىپ شەيخنىڭ بېشىدىن تۇتۇن چىقتى، مەي ئوتىدا كويۇپ ۋۇجۇدى كۆل بولۇپ كەتتى.)

شەيخغە چۇن تۇتدىلار مەي نەچچە دەۋر،
ئىشق ئەيلەي باشلىدى باشىغا ھەۋر.

(شەيخقا بىر قانچە قېتىم مەي تۇتۇلدى، ئىشق بېشىنى ئايلاندۇرۇپ ئۇنى گۇمرادلىققا باشلىدى.)

بادەچۇن ھۇشنى ناكار ئەيلدى،
مۇدداڭايى ۋەسل ئىزھار ئەيلدى.
(مەي ئۇنىڭ ھۇشىنى يوقاتتى - دە، ئۇ ۋەسل مۇددىئاسىنى ئاشكارىلىدى.)

شۇخ تەرسا بوندۇ سوز ئەتتى بايان،
كىم شارائىتدىن بىرى بولدى ئايان.
(تەرسا قىزى سوزلىدىكى، سوزىدىن بىر شەرت ئاشكارا بولدى.)

دىدى شەيخ ئەي شۇخ نە قالدى، دىگىل،
ھەرنە مەتلۇپ ئولسا سەندىن ئىستەگىل.
(شەيخ: ئەي شۇخ قىز، يەنە نىمە قالدى دىگىل، قانداق تەلىۋىڭ بولسا مەندىن تەلەپ قىل! — دىدى.)

دىدى، مەھۋەش كۈپرى ئىلى ئەشرافىغە،
بارچە ماھىر شىۋە كۈپر ئەۋسافىغە:
(ئاي يۈزلۈك قىز، كۈپىر ئىلىنىڭ بارلىق ماھىر كاتتىلىرىغا مۇنداق دىدى:)

كۈپرنى ئىمانغا تەقدىم ئەتدىلار،
ئاڭا ئول مىللەتنى تەلىم ئەتدىلار.
(شەيخ كۈپرنى ئىمانىنىڭ ئالدىدا قويدى. قىز شەيخقە ئۆز مىللىتىنىڭ دىنىنى ئۆگەتتى.)

خىرقەئى ئىرشاددىن ئۇريان بولۇپ،
كىمكى ئول ھالەت كورۇپ گىريان بولۇپ.
(شەيخ تەرىقەت "خىرقە"سىنى تاشلىۋەتتى، ئۇنىڭ بۇ ئەھۋالىنى كورگەنلەر ئۇنىڭغا ئىچىنىپ يىغلاشتى.)

بەردىلار مەي ھەۋزى ئىچرە غۇسلى پاك،
غۇت شوردى شەيخ ھەم بى ۋەھىمناك.
(شەيخ مەي كۆلىگە چۈشۈپ يۇيۇنۇشقا، مەينى ھىچ ۋەھىمسىزلا شۈمۈرۈشكە كىرىشتى.)

كۈپر ئىلى خىلئەتلىرىن يەتكۈردىلار،
شەيخغە باشدىن - ئاياغ كەيدۈردىلار.
(كۈپر ئىلى ئەھلى ئۆز كىيىملىرىنى ئەپكىلىپ شەيخقا كىيگۈزدى.)

بىلىگە مەھكەم تېڭىپ زۇننارىنى،
كاپىر ئەيلەپ سالىكى ئەتۋارىنى.
(بىلىگە زۇننار باغلاپ، كۇفىرچە قىلىقلارنى قوللىنىشقا باشلىدى.)

چەكدىلار بۇتخانىغا خارى دىژەم،
مەست قىلدى سەجدە بۇت ئالىدا ھەم.
(شەيخ بۇتخانىغا ۋەيرانىلىق ۋە قايغۇ-ھەسرەتنىڭ تىكىنىنى تىكتى، ھاراق ئىچىپ مەست بولۇپ، بۇتنىڭ ئالدىدا سەجدە قىلدى.)

ھەم مولەممەئ خىرقەنى كۆيدۇردىلار،
ھەم كالامۇللانى ئوتقا ئۇردىلار.
(شەيىخلىقنىڭ پارقىراق كىيىملىرىنى ھەم قۇرئاننى ئوتقا تاشلىدى.)

ھەم بولۇپ جام دامادەم بىرلە مەست،
ھەم قىلىپ مەستانە ئوزىن بۇتپەرەست.
(ئارقا-ئارقىدىن ئىچكەن ھاراق بىلەن مەس بولۇپ، مەسلىك ھالەتتە ئوزىنى بۇت-پەرەست قىلدى.)

ھىمە رەسۋالىق جاھاندا قالمىدى،
كىم ئانىڭ باشىغا گەردۇن سالمىدى.
(جاھاندا ئۇ قىلمىغان رەسۋالىق قالمىدى، ئۇنىڭ بېشىغا پەلەكدىن كەلمىگەن ئاپەتمۇ قالمىدى).

كەئبە پىرى مۇشكىلىن ھەل قىلدى ئىشىق،
دەير ئەتفالىغا مۇھزەل قىلدى ئىشىق.
(ئىشق، كەئبەنىڭ پىرى بولغان بۇ شەيخنىڭ مۇشكۇللىرىنى ھەل قىلىپ، ئۇنى بۇتخا-نىدىكى ئۇششاق باللارغا مەسخىرە قىلىپ بەردى.)

ئوينابان دەير ئىچرە ئەتفالى پەرەڭ،
موقتارايىدىن بۇيلە مەست-مەلەڭ.
(دىن رەھبىرى بولغان بۇ شەيخ شۇنداق مەس-مەلەڭ يۈرەتتى، بۇتخانىدىكى پەرەڭ باللىرى ئۇنىڭ تاماشاسىنى كورەتتى.)

بىردەم ئوزنى بىلمەي ئول پۈرخەندە پەي،
ئوزىگە كەلگەچ تۇتالار ئىردى مەي.

(ئۇ مۇبارەك ۋۇجۇتلۇق شەيخ بىردەممۇ ئۇزىنى بىلەلمەيتتى، ھۇشىغا كەلگەن ھامان ئۇنىڭغا يەنە مەي سۇنۇلاتتى.)

مەست لايەئقۇل ئىدى ئول تۈن ۋە كۈن،
نە كۈنى مەلۇم بولۇر ئېردى نە تۈن.
(ئۇ كېچە - كۈندۈز ئەقلى - ھۇشىنى يوقاتقان بولۇپ، كۈندۈزنىمۇ، كېچىنىمۇ بىلەلمەيتتى.)

ئاقىبەت چۈن ئىشىق تۇغيان ئەيلىدى،
بىر سەھەر ھەر پەرياد ئەپغان ئەيلىدى.
(ئاقىۋەت ئىشىق تاشقىن ياساپ، بىر سەھەر ۋاقتىدا ئۇ پەريات قىلىپ ۋاقىراپ كەتتى:)

كىم ئايا كوڭلۇمگە سالغان ئىزتىراپ،
خانەئىتم مەئمۇرەسىن قىلغان خاراپ.
(كوڭلۇمگە ئارامسىزلىق سالغان، شەيخلىق خىرقە (كىيىم) لىرىمنىڭ تەنتەنىلىرىنى خاراپ قىلغان كىم؟)

ئىشىق چۈن بۇنياد بىداد ئەيلىگەن،
دىن ۋە ئىمانىمنى بەرباد ئەيلىگەن.
(ئىشىق زۇلۇمنىڭ ئاساسىنى قۇردى، دىنۇ ئىمانىمنى بەربات قىلىۋەتتى.)

كۇپىر ئىلىنىڭ دىنى مۇنداغمۇ بولۇر؟
ئەھد قەۋل ئايىنى مۇنداغمۇ بولۇر؟
(بۇلارنىڭ دىنى، ئەھدى ۋە رەسمى - يۇسۇنى مۇنداق ئىكەندە؟)

بۇيلە ئەل كامىن راۋا قىلماق كېرەك،
ۋەئدەغە مۇنداغ ۋاپا قىلماق كېرەك.
(ئەلنىڭ مەخسىدىنى مۇشۇنداغ راۋا قىلىش كېرەكمۇ؟ ۋەدىگە ۋاپا شۇنداق بولامدۇ؟)

ھەرنە كوڭلۇڭ ئىستىدى سوردۇڭ ماڭا،
يۇز تۇمەن بەرقى بالا ئۇردۇڭ ماڭا.
(ماڭا خالىغاننى قىلدىڭ، بېشىمغا يۇز تۇمەن بالا چاقماقلىرىنى ياغدۇردۇڭ!)

قايىسى كامىڭ ئېردىكىم يەتكۇرمادىم،
قايىسى شەرتىڭنى بىجا كەلتۇرمادىم؟

(سىنىڭ قايسى بىر مەقسىدىڭغە يەتكۈزمىدىم، قايسى بىر شەرتىڭنى بىجا كەلتۈرمىدىم؟)

كىم ۋاپا ۋاقتى تاغاپىلدۇر ئىشىڭ،
ۋەسىل ئىشى ئىچرە تاكاسۇلدۇر ئىشىڭ.
(ۋاپا قىلىش ۋاقتىدا بىلمەسكە سالىسەن، ۋەسىل سائەتلىرىدە ھورۇنلۇق قىلىسەن؛)

ھەم غەرىبۇ ھەم قەرى ھەم خەستىمەن،
كۆپىر زەنجىرى بىلە ۋابەستەمەن.
(مەن كۆپىرنىڭ زەنجىرى بىلەن باغلانغان بىر غىرىپ، قېرى ھەم ئاجىز ئادەممەن.)

كىچە ـ كۈندۈز مەيغە تۇتمىش سەن مېنى،
ۋەدە قىلغاندىن ئۇنۇتمىش سەن مېنى.
(مېنى كېچە ـ كۈندۈز ھاراققا زورلىدىڭ، قىلغان ۋەدەڭنى ئۇنتۇپ قالدىڭ!)

ئۆيلە دەئۋاغا بۇ نەۋئ ئىسپاتتىن،
قورقماس سەن بۇ مۇناجات لاتىدىن.
(بۇ ئىسپاتلارنىڭ دەۋاسىدىن، "لات" ناملىق بۇتنىڭ ئالدىدا مۇناجات قىلىپ يىغلاشلىرىمدىن قورقماسەن؟)

شوخ تەرسا دىدى ئۇرما تەئنە كوپ.
شەرتنى قىل ئەمدى ئىتمامىغا قوپ.
(تەرسا قىزى، كوپ تاپا ـ تەئنە قىلماي شەرتنى ئاخىرىغا يەتكۈزگىن، ئورنىڭدىن قوپ، ـــ دىدى.)

بولدى تورت ئىش ۋەسلىنىڭ شۇكرانىسى،
ئىككى قالمىش ئىشقىنىڭ جەرىمانىسى.
(تۆت ئىش ۋەسلىنىڭ شۇكرانىسى ئۈچۈن بولدى، قالمىش ئىككى ئىش ئىشقىنىڭ جەرىمانىسى بولىدۇ.)

بۇدۇر ئول جەرىمانە ئەي پەخرى ئىزام،
كىم بۇ دەير ئەتراپىدا بىر يىل تامام،
(ئەي ئاتىلارنىڭ پەخرلىگى، جەرىمانە شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، مۇشۇ بۇتخانا ئەتراپىدا تولۇق بىر يىل،)

**خاتىرىڭنى سالمايىن ئىكراھىغە،**
**كىچە ئوت ياققايسەن ئاتەشگاھىغە.**

(هەر كۈنى كېچىسى يىركىنىشنى يادىڭغا ئالماي، بۇتخانا ئىشىگىگە ئۇت قالايسەن.)

كۈندۈز ئۇزىنى تۇتماغايسەن ناتاۋان،
كىم، توڭگۇز كۈتمەككە بولغايسەن راۋان.
(كۈندۈزلىرى بولسا توڭگۇزلارنىڭ هالىدىن خەۋەر ئالىسەن.)

تۇنىغە تېكرۇ خوكبانلىق قىلغاسىن،
ئۇل جامائەتغە شۇبانلىق قىلغاسىن.
(كەچكىچە توڭگۇز باقىسەن، ئۇلارغا چوپان بولىسەن.)

يىل توگەنگەچ قىلغاسىن ئەزمى ۋىسال،
مەن مۇهەييا ئەيلەبان بەزمى ۋىسال.
(يىل ئاخىرلاشقاندا، ۋەسلىنى ئۇمىت قىلغايسەن، مەن ۋەسل بەزمىسىنىڭ تەييارلىغىنى كورىمەن.)

كۈپىر ئايىنى بىلە سوز ئېتكاسىن،
ۋەسل ئىلە جانىڭنى مەسرۇر ئېتكاسىن.
(شۇ چاغدا سەن كۈپىرىنىڭ قائىدە - تەرتىۋى بىلەن سوزلەيسەن، ۋەسل بىلەن كوڭلۇڭنى خۇرسەن قىلىسەن.)

گەر قويا ئالماس ئىسەڭ بۇ يولغا كام،
ئىشىق ئايىندە بولساڭ ناتامام.
(ئەگەر بۇ يولغا قەدەم قويالمىساڭ، ئىشقىنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرىدا مۇكەممەل بولمىساڭ،)

تەرك ئەيلەپ كۈپرى دىن قىلغىل قوبۇل،
دەيردىن كەت كەئبەغە قىلغىل نوزۇل.
(ئوزەڭ قوبۇل قىلغان كۈپىر دىنىنى تەرك ئېتىپ، بۇتخانىدىن چىقىپ كەئبەگە كەتكىن.)

نەچچە كۈن ئەيش ئەتكانىڭنى مۇتتەسىل،
كىم مەي ئىچتىڭ مەن ساڭا قىلدىم بەهىل.
(بىر قانچە كۈن مەي ئىچتىڭ، ئەيشى - ئىشرەت قىلدىڭ، ئۇ مېنىڭ ساڭا قىلغان سوغام بولسۇن.)

ئەسكى كويگەن خىرقەدىن داغى كەچ،
تار بودىدىن تەكەللۇم قىلما هېچ.

(ئاللقاچان كويۇپ كۇل بولۇپ كەتكەن ئىشانلىق لىباسلىرىڭنى، ھەتتا ئۇلارنىڭ بىر تال يىپىنىمۇ يەنە ئېغىزغا ئېلىپ يۈرمە.)

ئەيلەسەڭ دەئۋا باھاسىن داغى ئال،
يولدا خەرج ئەيلەرگە جوستاكىڭغا سال.
(ئەگەر دەۋايىڭ بولسا، پۇلۇڭنى بېرەي، يانچۇغۇڭغا سال ـ دە، يولدا خەجلەپ كەت!)

قىل گۇمان ھەرنەكى كوردۇڭ ـ كورمىدىڭ،
يا ھەۋەس دەيرىغە مەركەپ سۈرمىدىڭ.

(كورگەن ـ كورمىگەنلىرىڭنى خىيال دەپ بىل ياكى ئىشىق بۇتخانىسىغا "كىرمىدىم" دەپ ئويلا!)

شەيخ سالغاچ مەھۋەش ئەلپازىغا گۇش،
ئىشىق تۇغيان ئەيلەبان چەكتى خۇرۇش:
(گۈزەلنىڭ سوزلىرىنى ئاڭلاپ، شەيخنىڭ ئىشقى تاشقىن ياسىدى، ئۇ ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ ۋاقىراشقا باشلىدى:)

دىدى ئەي جانىمدا ئىشقىڭ شىددىتى،
خاتىرىم ئارامى كوڭلۇم قۇۋۋىتى.
(ئەي، ئىشقى جېنىمغا شىددەت سالغان، كوڭلۇمگە ئارام، يۈرىگىمگە قۇۋۋەت بەرگۇچى.)

ھەرنە كامىڭدۇر قۇلۇڭمەن ھۇكىم قىل،
قىلماسام قەتلىمدىن ئولدەم سوز دىگىل.
(مەن بىر قۇلۇڭمەن، نىمە ھوكمىڭ بولسا ئېيت، دەرھال ئورۇنلىمىسام ئولۇمگە بۇيرۇغىن.)

لىك مەزكۇر ئەيلىمە ھىجران سوزىن،
ۋەسل نۇزھەتكاھىدىن ھىرمان سوزىن.
(لېكىن ئايرىلىشنىڭ سوزىنى قىلما، مېنى ۋەسلىڭ خوشاللىغىدىن مەھرۇم قىلما.)

قويتى ۋە دىدى سۈرۈكنى كەلتۇرۇڭ،
قوينى چوپان جانىبىغە يەتكۇرۇڭ.
(شەيخ ئورنىدىن قوپۇپ، ۋاقتنى بەلگىلە، قوينى پادىچىنىڭ يېنىغا كەلتۇر؛)

هەم مەدەت ئەيلەپ مېنى گۇمراھغە،
لۇتىپ ئېتىپ يول باشلاڭ ئاتەشگاھغە.

(مەن ئازغۇنغا مەدەت قىلىپ رەھىم ئەيلەپ، مېنى ئوتخانا تەرەپكە باشلاپ بار— دېدى.)

قوينى ھەم چوپانغا ۋاسىل قىلدىلار،
سوڭغى كامىن داغى ھاسىل قىلدىلار،
(قوينى پادىچىغا يەتكۈزدى، ئۇنىڭ ئاخىرقى مەقسىدىمۇ ھاسىل بولدى.)

شەيخ كۈندۈز گەلەدىن ئاگاھ ئىدى،
كېچە مەنزىلگاھى ئاتەشگاھ ئىدى.
(شەيخ كۈندۈزى توڭگۇز باقتى، كېچىسى بۇتخانىنىڭ ئوتخانىسىدا تۇرۇپ ئوت قالىدى.)

كېچە تاڭ ئاتقۇنچە ئوت ياقماق ئىشى،
كۈيۈر ئويىنى رەۋشەن ئەتمەك ۋەرزىشى.
(ئۇنىڭ ئىشى كېچىچە ئوت يېقىپ، بۇتخانىنى يورۇتۇش بولدى.)

سۇبھى چىققاچ دەيردىن ناقۇس ئۈنى،
كىم بارۇر ئېردى قارا زۇلمەت تۈنى.
(تۈن قاراڭغۇسى كېتىپ، تاڭ يورۇغاندا، بۇتخانا قوڭغۇرىغى چېلىناتتى.)

دۇد ئىلە كۈلدىن چىقىپ مەجنۇن مىسال،
كىم جۇنۇن گۈلخانگە قىلغاي پايمال.
(شەيخ مەجنۇنغا ئوخشاش ئىس-تۈتۈن ۋە كۈلنىڭ ئارىسىدىن چىققاتتى، چۈنكى مەجنۇنلۇق ئۇنى بۇتخانىنىڭ ئوتخانىسىغا تاشلاپ دەپسەندە قىلغان ئىدى.)

ئۇن چېكىپ ناقۇس ئاھەڭگى بىلە،
كۈيۈر ئىلىنىڭ شىۋەسى رەڭگى بىلە.
(ئۇ قوڭغۇراقنىڭ ئۈنىدەك ئۈن تارتىپ، كۈيۈر ئەھلىنىڭ رەسىم-قائىدىسى بىلەن،)

كەلتۇرۇر ئېردى توڭگۇزلار سارى يۈز،
تىكرۇسىدە يۈزدىن ئارتۇقراق توڭغۇز.
(توڭگۇزلار تەرەپكە ماڭاتتى، ئالدىدا يۈزدىن ئارتۇق توڭگۇز بار ئىدى.)

ئۇل بۇ زۇلمەتكە گىرىپتارۇ ئەسىر،
قەۋم خەيلى كىم ئىدى پەرمان پەزىر.
(شەيخ بۇ زۇلمەتكە ئەسىرۇ گىرىپتار ئىدى، ئۇنىڭ قەۋمى ئۇنىڭغا بويسۇناتتى.)

قىلدىلار كوپ چارە ۋە تەدبىر ئاڭا،
بىر سەرىمۇ قىلمىدى تەسىر ئاڭا.
(ئۇلار تۈرغۈن چارە-تەدبىرلەرنى قىلسىمۇ شەيخقا قىلچە تەسىر قىلمىدى.)

مۇخلەسىغە تاپمايىن ئىمكانغا يول،
تارقىدى مەجمۇئ يالغۇز قالدى ئۇل.
(ئۇلار شەيخنى قۇتقۇزۇپ ئېلىشقا ئىمكان تاپالماي، ئاخىرى ئۇنى يالغۇز تاشلاپ تارقاپ كېتىشتى.)

كەئبەدە موتاۋارى ئۇلدىلار بارى،
هەر بىرى بارىپ ئويانتىن بىر سارى.
(شەيخنىڭ مۇرتلىرى كەئبەگە بېرىپ بۇلۇك-پۇچقاققا يوشۇرۇنۇشتى، چۈنكى ئۇلار نومۇستىن ئۇلگۇدەك بولغان ئىدى.)

شەيخ غە بار ئېردى بىر فائىق مۇرىد،
ئىشق جامدىن ئۇرۇپ هەل مىن مەزىد.
(شەيخنىڭ تاللانغان بىر مۇرىدى بار ئىدى، ئۇ، ئىشق قەدەهىنى سۇمۇرگەندە يەنە بارمۇ؟ ـــ دەپ تۇراتتى.)

سالىكى قەتئ ئەيلەگەن كوپ مەرهەلە،
هادى ئۇل ئەزم ئەيلەسە هەر قاپىلە.
(ئۇ تەسەۋۋۇف يوللىرىدىن كوپ ئوتكەن بولۇپ، تەسەۋۋۇف سالىكلىرىنى هەر قانداق ئەهۋالدا توغرا يولغا ئېلىپ چىقالايتتى.)

شەيخ ئەيلەر چاغدا گويا ئەزمى رۇم،
ئاڭا مەسكەن ئېرمىش ئوزگە مىرزو بۇم.
(شەيخ رۇمغا ماڭغاندا، ئۇ، باشقا بىر مەملىكەتكە بېرىپ تۇرۇپ قالغان ئىدى.)

چۈن سەپەردىن قايتىپ ئۇل پۇرخەندە پەي،
كەئبە ئەزمىغە ماراهىل قىلدى تەي.

(ئۇ سائادەتمەن مۇرىت سەپەردىن قايتىپ كەئىبەگە بارماقچى بولۇپ كەلدى.)

يولدىن ئۇق كورگۇزدى ئەزمى خانقەھ،
شەيخ ئەتراپىدا ئىستەي دەپ يەنە.
(يولدىن كېلىپ توپ-توغرا خانقاھغا بېرىپ، شەيخ سەنئانىنى ئىزلىدى.)

خانقەھ ئېردى خارابۇ سەرى يوق،
تورت يۈز ئەھلى ۋەرئىدىن بىرى يوق.
(خانىقاھ خاراپ ۋە ئىگىسىز ئىدى، تەقۋادار تورت يۈز مۇرىتنىڭ بىرەمۇ يوق ئىدى.)

ياخشى تەپتىش ئەتتى چۇن ئۇز ھالىنى،
دىدىلار بارى ئاڭا ئەھۋالىنى.
(ئۇ، ئەھۋالنى سۈرۈشتۈردى. ئۇ يەردىكىلەر ئەھۋالنى ئۇنىڭغا بايان قىلىپ بەردى.)

روم سارى شەيخنىڭ ئەزم ئەتكانىن،
باشىغا ئاندا نە ئىشلار تۈشكانىن.
(شەيخنىڭ رۇمغا كەتكەنلىگىنى، ئۇنىڭ بېشىغا نىمە ئىشلارنىڭ چۈشكەنلىگىنى سوزلەپ بېرىشتى.)

چۇن خەلىپە ئېردى شەيخ ئەسھابىغە،
كىمسەلەر تارقاتتى ئۇز ئەھبابىغە.
(ئۇ، شەيخنىڭ مۇرىتلىرىغا خەلىپە ئىدى، ئۇ، ئوزىنىڭ دوستلىرىغا كىشى ئەۋەتتى.)

بارچەسىن جەم ئەيلىدى ھىممەت بىلە،
سوردى شەيخ ئەھۋالىنى دىققەت بىلە.
(ئۇ مۇرىتلارنى ھىممەت بىلەن يىغىپ، شەيخنىڭ ئەھۋالنى دىققەت بىلەن سۈرۈش-تۈردى.)

دىدىلار تۈش بىلە رۇم ئىرادىنى،
دەير ئىلە تەرسا قىزى بىدارىنى.
(مۇرىتلار ئۇنىڭغا شەيخنىڭ رۇمغا سەپەر قىلغانلىغىنى، بۇتخانىدىكى ئىشلار ۋە تەرسا قىزنىڭ زۇلۇملىرىنى سوزلەپ بېرىشتى.)

ئىشق ئىچىندە بى قارار ئولماغلىقىن،
ھالىدا بى ئىختىيار ئولماغلىقىن.
(ئۇنىڭ ئىشققا بېرىلىپ ئوزىنى تۇتۇپ ئالالىمىغانلىغىنى، ئىختىيارىنى قولدىن بېرىپ قويغانلىغىنى،)

باده ئىچمەك رىند مەست ئولماقنى ھەم،
تەرك ئېتىپ دىن بۇتپەرەست ئولماقنى ھەم.
(ھاراق ئىچىپ مەس بولۇپ يۈرگەنلىگىنى، دىنىنى تاشلاپ بۇتپەرەست بولۇپ كەتكەنلىگىنى،)

مەسكەن ئېتمەك داغى ئاتەشگاھنى،
ئوتغە ھەم سالماق "كالا مۇللاھ" نى.
(بۇتخانىنىڭ ئوچىغىنى ماكان قىلىپ، قۇرئاننىمۇ ئوتقا تاشلىغانلىغىنى،)

كىم نىچۇك زۇننارنى تارتىپ تۇرۇپ،
باغلىدى بىلىگە توت ئايلاندۇرۇپ.
(زۇننارنى بىلىگە توت قېتىم ئايلاندۇرۇپ باغلىغانلىغىنى،)

كىچە ئاتەشگاھ ئوتىن ھالا ياقار،
بولدى چۇن كۈندۈز تۈگكۈزلەرنى باقار.
(ھازىرمۇ ئۇنىڭ كېچىسى بۇتخانىدا ئوت قالاپ، كۈندۈزى تۈڭگۈز بېقىۋاتقىنىنى ئېيتىشتى.)

دىدى ساھىب دەردۇ رىندى بى خەۋەر،
كى ھەمىيەتتە تۈڭگۈزلەردىن بەتەر.
(ئۇ بۇ دەرتكە مۇپتالا بولۇپ، نومۇس-ھايانى ئۇنۇتقان، ئىنسانچىلىقتا تۈڭگۈزلاردىنمۇ بەتتەر بولۇپ كەتكەن ئىدى.)

شەيخ كىم پىر ئېردى ۋە سىزلار مۇرىد،
بارچەغە ئىرشادىدىن بەھبۇد ئۇمىد.
(ئۇ شەيخ سىلەرنىڭ پىرىڭلار ئىدى، دىدى مۇرىت،—ئۇنىڭ يولباشچىلىغىدىن ھەممىڭلارغا ئۈمىت بار ئىدى.)

پەقىر ئارا شەرتى ئىرادەت كەلدى بۇ،
كىمنى قىلسا مۇرشىدى پىرخەندەخۇ.
(دەرۋىشلىكتە پىرغا ئىتائەت قىلىشنىڭ شەرتى شۇ بولىدۇكى، كىم مۇبارەك خىسلەتلىك پىر بولغان بولسا،)

خەيل ئەسھابى تەشەببۇھ ئەيلەمەك،
تەگرىگە لېكىن تەۋەججۇھ ئەيلەمەك.
(مۇرىتلىرى ئۇنىڭ يولىنى تۇتۇشى، لېكىن تەگرىگە يۈزلىنىشى لازىم.)

گەر تەئەللۇق بولسا، گەر تەجرىد ئاگا،
ھەرنە قىلسا ئەيلەمەك تەقلىد ئاگا.
(مەيلى ئۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرى بىلەن بولسۇن، مەيلى ئۇ دۇنيانى تەرك ئەيلەپ،
تەڭرىگە يۈزلەنگەن بولسۇن، ئۇنىڭغا تەقلىت قىلىشلىرى لازىم.)

سىز ۋاپاسىزلەرغە پەقر ئەتۋارى ھەيىپ،
ئەھلى تەقۋا خىرقە ۋە دەستارى ھەيىپ.
(سىلەردەك ۋاپاسىزلارغا دەرۋىشلىك، تەقۋادارلىق جەندىسى ۋە سەللىلەر ئەيىپ ئە-
مەسمۇ!)

ئاپىيەت ۋاختى ئۇرۇپ لاپ-گىزاف،
تۇشتى چۇن ئىش ئۇزنى تۇتقايسىز مائاف.
(خاتىرجەملىكتە لاپ ئۇرۇپ يۈرۈپ، ئىش تۇغۇلغاندا ئۆزەڭلەرنى قاچۇرۇپسىلەر.)

شەيخىڭىزگە بى ۋاپالىق باشلابان،
قىبلەڭىزنى دەير ئىچىندە تاشلابان.
(شەيخكە ۋاپاسىزلىق قىلىپ، ئۇنى بۇتخانىغا تاشلاپ قويۇپسىلەر.)

تەڭرىدىن يوق ھەم ئېلىدىن يوق ئۇيات،
كىم بۇ ئىش تۇشكەندە قايتىپ بارچە پات.
(تەڭرىدىن ۋە ئەلدىن ئۇياتماپسىلەر، بۇ ئىش سادىر بولغاندىن كېيىن، ئاندىن دەر-
ھال قايتىپ كەپسىلەر.)

كەلگەسىز ئول موقتاداڭىزنى قويۇپ،
خىزمەتىدىن بەلكى شەكلىدىن تويۇپ.
(ئۇ يولباشچىنى تاشلاپ قويۇپسىلەر، ئۇنىڭ ئۆزىدىنمۇ، خىزمىتىدىنمۇ زېرىككەن
ئوخشايسىلەر.)

ئۆزىنى تۇتقايسىز سالاھ ئەندىش ھەم،
بىر-بىرىڭىزنى دىبان دەرۋىش ھەم.
(ئۆزەڭلەرنى سالاھىيەتلىك كىشلەرمىز، دەپ بىلىپ، بىر-بىرىڭلارنى دەرۋىش دەپ
ئاتايسىلەر.)

زۆھدۇ تەسبىھۇ رىداڭىزدىن ئۇيات،
كەپىش، دەستار، ئاساڭىزدىن ئۇيات.
(سوپىلىق تەسۋىلىرىڭلار، جەندەڭلار، مەسە-كەشڭلار، سەللەڭلار ۋە ھاسىلىرىڭلار ئالدىدا

سىلەرگە ئۇيات ئەمەسمۇ!)

بولسا ئېردى شەيخقە سەگبانلىق ئىش،
قىلسا ئېردى بىر نىچە ئىت پەرۋەرىش.
(ئەگەر شەيخ ئىت باققۇچى بولۇپ، بىرقانچە ئىت باققان بولسا ئىدى،)

چەرخدىن يەتكەندە بۇ ياڭلىغ جاپا،
كورمەگەيمۇ ئېردى ئىتلاردىن ۋاپا.
(پەلەكتىن بۇ خىل جاپا كەلگەندە، شۇ ئىتلاردىن ۋاپا كەلمەسمىدى!)

بەزى كېتسە، بەزى قالغايلار ئىدى،
ئوزنى ئەتراپىغە سالغايلار ئىدى.
(ئۇ ئىتلارنىڭ بەزىسى كېتىپ قالغاندىمۇ، يەنە بەزىسى يېنىدا قالغان بولاتتى.)

خەسىم بىرلەكىم تۇتۇشقاي ئېردىلار،
ماتىمىغە كى ئۇلاشغاي ئېردىلار.
(ئۇنىڭ دۇشمىنى بىلەن ئېلىشىپ، ئۇنىڭ ئېغىر كۈنلىرىگە ئورتاق بولغان بولاتتى.)

ئادەمى بولسا ۋاپا ئاندىن يىراق،
ئىت ۋاپا باسىدا ئاندىن ياخشىراق.
(بىراق ئادەم ۋاپادىن يىراق بولۇپ، ۋاپا بابىدا ئىت ئادەمدىن ياخشىراقتۇر.)

سىزدە گەر بولسا ئىدى مەردانىلىق،
دەئۋايى ئىخلاس ئارا پەرزانەلىق،
(سىلەردە مەردانىلىق، ئىخلاسمەنلىك ۋە دانىشمەنلىك بولسا ئىدى،)

شەيخقە تۇشكەندە ئول ياڭلىغ بەلا،
كىم بىراۋ ئىشقىغە بولدى مۇبتالا.
(شەيخكە بۇ خىل بالا كەلگەندە، ئۇ بىراۋنىڭ ئىشقىغا مۇپتالا بولغاندا،)

ئول ئوزىگە ھەر جاپا قىلغان چاغى،
ۋاجىپ ئولدى قىلماق ئانى سىزداغى.
(ئۇ ئوزىنى ھەر خىل جاپالار بىلەن قىيناۋاتقاندا، سىلەرنىڭمۇ ئۇنىڭ يولىنى تۇتۇ-
شۇڭلار زورۇر ئىدى.)

زاھىر ئەيلەپ بارچەڭىزنى دەرتلىك،
كۆرگۈزۈپ پەقىر ئىچرە يۈز نامەردلىك.
(ھەممەڭلار ئىشىق ئىشىدا ئۆزۈڭلارنى دەرتمەن كورسىتىپ، ئاجىزلىق ئىچىدە نامەرد-
لىك قىلىپسىلەر.)

لاپ ئارا ئەر مەن دىگەن ئەرمۇ بولۇر،
كەلمەس ئىشنى ئاكىدىن دەرمۇ بولۇر،
(لاپ ئۇرۇپ، ئوزىنى مەن ئەر دەيدىغانلار، قولىدىن كەلمەيدىغان ئىشنى قىلالايمەن،
دەيدىغانلارمۇ بولىدۇ.)

ھەرنە كىم دەپ ئول سوزى جانلارغا قۇت،
سالىپ ئاغزىغا ئۇلار موھرى سۇكۇت.
(ئۇنىڭ سوزلىرى مۇرىتلەرنىڭ جېنىغا يېقىپ، ئۇلارنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ قويىدى.)

قىلدى چۈن بۇ نەۋئ ئۇلارغا سەرزەنىش،
دىدى ئولتۇرماق بىلە ئاچىلماس ئىش.
(ئۇ، ئۇلارغا بۇ خىل تاپا - تەنىلەرنى قىلىپ، مۇنداق ئولتۇرغان بىلەن ئىش پۈتمەي-
دۇ، دىدى.)

قوپتى ۋە قىلدى ئەزىمەت رۇمغە،
دىن ۋە ئىسلام، سوز مىرزۇ بومغە.
(ئۇلار ئورۇنلىرىدىن قوزغىلىپ، دىن ۋە ئىسلامنى كويىدۇرگۇچى مەملىكەت بولغان
رۇمغا قاراپ يول ئېلىشتى.)

ئول جامائەت ھەم قىلىپ قولداشلىق،
كام ناكام ئەتدىلار يولداشلىق.
(ئۇ دەرۋىشلار ياراملىق مۇرىتقا قولداش بولۇپ، خالىسۇن - خالىمىسۇن، ئۇنىڭغا يول-
داش بولۇشتى.)

يەتدىلار قەتئ ئىتىپ يازى - يابان،
ئاندا باردىلاركى شەيخ خۇكبان.
(يېزا - سەھرالارنى بېسىپ ئوتۇپ، شەيخ توڭگۇز بېقىۋاتقان يەرگە يېتىپ بېرىشتى.)

نى ئەسەر ئىسلام - ئىمان كىشىدىن،
نى نىشان ئەقىل ۋە سالاھ ئەندىش دىن.

(شەيخدە ئىسلام ئىمانىنىڭ ئەخلاقىدىن، ئەقىل ۋە سالاھىيەتتىن ئەسەرمۇ قالمىغان ئىدى.)

ئاشىق ۋە مەجنۇن دەمدىن مەست ھەم،
دەرد بىخۇدلۇق بىلە ھەمدەست ھەم.
(ئۇ ئىشىق مەجنۇنلۇغىدىن مەس بولۇپ، بىخۇتلۇق بىلەن دوستلىشىپ قالغان ئىدى.)

تانۇماي ئول خەيلىدىن قايتاردى يۈز،
قىلدى ئول يانكى ئول خەيلى تونگۇز.
(ئۇ، مۇرىتلىرىنى تونۇماي ئۇلاردىن يۈز ئورۇپ، توڭگۇز پادىسى تەرەپكە قاراپ ماڭدى.)

سالىكى رەھ رەۋ بۇ ئىش كورگەچ يۇرۇب،
شەيخ ئۇچۇن كوڭلى بۇزۇلدى ئاھ ئۇرۇب.
(بۇ ئىشنى كورۇپ، تەرىقەتچى مۇرىتنىڭ كوڭلى بۇزۇلدى، ئۇ، شەيخ ئۇچۇن ئاھ ئۇردى.)

ئەشكى ھەسرەت توكتى كوپ رۇخسارىغا،
دىدى باقىب ئول جامائەت يارىغا.
(ئۇ كوزلىرىدىن ھەسرەت يېشىنى توكۇپ، يارانلىرىغا قاراپ مۇنداق دىدى:)

كىم خۇدا ھەمدۇ ساناسىن ئەيتىڭىز،
بۇ مەھەلدە تۇرماي ئەمدى قايتىڭىز.
(خۇداغا ھەمدۇ سانا ئېيتىپ، بۇ جايدا تۇرماي، ئەمدى قايتىپ كېتىڭلار.)

ئۇيلە شەيخ مۇرشىدى ساھىب كامال،
خەير، ئىشق ئاشۇبىدىن بولمىش زاۋال.
(كامالەت ئىگىسى بولغان شەيخمۇ ئىشىقنىڭ قوزغىلىشىدىن زاۋاللىققا يۈز تۇتۇپتۇ، دىدى.)

يانىبان شەھر ئىچرە تابىب مەئبەدى،
دەھر زۇلم ئەتكەن ئولۇسقا مەخسىدى.
(پەلەكنىڭ بۇ خىل زۇلمىغا يولۇققان مۇرىت ئۇ جايدىن قايتىپ، شەھەر ئىچىدىن بىر ئىبادەتخانا تاپتى.)

تەڭرى دەرگاھىدا رىندى پاكباز،
كېچە ھەم كۈندۈز توكەر ئېردى نىياز.
(ئۇ خۇدانىڭ ئويىدە كېچە-كۈندۈز ئىبادەت قىلىپ ئۆز ھاجىتىنى تىلەيتتى.)

ئىش ئاڭا قىلماق مۇناجاتۇ دۇئا،
ئەيلابان شەيخقە مۇخلىس مۇددەئا.
(ئۇ شەيخقە ئىخلاسمەن مۇرىت ئۆز پىرىنىڭ بۇ كۆپىر بالاسىدىن قۇتۇلىشى ئۈچۈن دۇئا ۋە مۇناجاتلار قىلاتتى.)

چۈن بۇ مەقسۇدىدە سادىق ئېردى ئول،
سىدىق ئەھلىغە مۇۋاپىق ئېردى ئول.
(ئۇ، بۇ مەقسىدىگە سادىق بولۇپ، بۇ سادىقلىق ساداقەت ئەھلىنىڭ خۇسۇسىيىتىگە مۇۋاپىق كېلەتتى.)

كوپ دۇئا قىلدى چۇ ئەيلەپ ئىزتىراپ،
تەڭرى ھەم قىلدى دۇئاسىن مۇستاجاب.
(ئۇ ئىزتىراپ چېكىپ كوپ دۇئالار قىلدى، تەڭرىمۇ ئاخىر ئۇنىڭ دۇئاسىنى قوبۇل قىلدى.)

بىر كېچە ئەشكى نىياز ئەيلەپ راۋان،
بولمىش ئېردى يىغلاماقدىن ناتاۋان.
(بىر كېچىسى ئۇ كوزلىرىدىن توختىماي ياش توكتى، كوپ يىغلىغانلىقتىن ھالسىزلاندى.)

سۇبھ بولغاچ زۇئىف دىن بى ھال ئىدى،
كوز يۇمۇپ ئاچقۇنچە ياپىلدى كوزى.
(تاڭ يورۇغان چاغدا ئۇ ھالسىزلىقتىن كوز يۇمۇپ ئاچقىچە ۋاقىت ئىچىدە ئۇخلاپ قالدى.)

كوردىكىم پۇرخەندە نۇرى بولدى پاش،
نۇر ئاراسىدىن تولۇن ئەتتى قۇياش.
(مۇبارەك نۇر ئاشكارا بولۇپ، نۇرنىڭ ئارىسىدىن قۇياش تۇغۇلدى.)

نى قۇياشكىم، يۇز قۇياش ھەيران ئاڭا،
زەررەدەك مېھرىدە سەرگەردان ئاڭا.
(بۇ قۇياشقا يۇزلەپ قۇياش ھەيران بولۇپ، ئۇنىڭ زەررىچە مېھرى ئۈچۈن سەرگەردان بولاتتى.)

ئەنبىيا خەتمى رىسالەت خاتىمى،
سەييىدى ئالەم رەسۇل ھاشىمى.

(ئۇ قۇياش ھەممە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرى، ئالەمنىڭ خوجىسى ھاشىم نەسلىدىن بول-
غان مۇھەممەت ئەلەيھىسالام ئىدى.)

كىم كىباۋر ئىبردى تەبەسسۇم ئەيلابان،
لەئلى پەرۋەر جان تەكەللۇم ئەيلەبان.
(ئۇ، تەبەسسۇم بىلەن ئايان بولدى، ئۇنىڭ لىۋىدىن جانبەخش سوزلەر چىقاتتى.)

چۇن بۇ نەۋئ بولدى ئايان ئول گەنجى راز،
يەرگە تۇشتى ناتاۋان ئەيلەپ نىياز.
(ئۇ، ئەسرار غەزنىسى نامايەن بولغاندا، مۇرىت ئاجىزلىق بىلەن ئۇزىنى يەرگە ئاتتى.)

كى رىسالەت مۇلكىدە ساھىب سەرىر،
لۇتۇف ئىلە ئوپتارەلەرغە دەستىگىر.
(دىدىكى: ئەي پەيغەمبەر مەملىكەتى تەختىنىڭ ئىگىسى، ئاجىزلارغا رەھىم-شەپقەت
قىلىپ قولداش بولغۇچى،)

ھاجەت ئىبرمەس ھاجىتىم قىلماق ئايان،
كىم، ئىبرۇر رەۋشەن زەمىرىڭغە ئايان.
(ماڭا ھاجەت بايان قىلىش كەتمەيدۇ، سىنىڭ روشەن قەلبىڭگە مىنىڭ ھاجىتىم ئاش-
كارا.)

دىدى يۇز مىلڭ لۇتىپ ئىلە شاھ رەسۇل،
كى ئىبچىلدى باغدا ئۇمىدىڭغە گۇل.
(بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ شاھى بولمىش مۇھەممەت ئەلەيھىسالام يۇز مىڭ شەپقەت
بىلەن مۇرتقا دىدىكى: ئەي ئۇمىدىڭنىڭ بىغىدا گۇل ئىبچىلغان كىشى،)

سىدىق ئىلە تۇز نىيەتىڭگە ئاپىرىن،
سەيئى ئالى ھىممەتىڭگە ئاپىرىن.
(سىنىڭ توغرا نىيىتىڭگە، ئالى ھىممەتلىرىڭگە ۋە ئىجتىھاتىڭغا ئاپىرىن.)

نىچە زاھىر ئەيلىدىڭ ئەجىزۇ نىياز،
كىم تەرەھھۇم بىرلە سەئيى كار ساز.
(كوپ ئاجىزلىقلار بىلەن تىلەكلىرىڭنى بايان قىلدىڭ، كوپ تەرەھھۇم بىلەن تىرىش-
تىڭ.)

ئەيلىدى ئەجىزۇ نىيازىڭنى قۇبۇل،
نالە ۋە سوزۇ گۇدازىڭنى قۇبۇل.

(ياراتقۇچى ئاجىزلىق بىلەن قىلغان دۇئالىرىڭنى، نالە-پەريادىڭ ۋە كويگەن دىلىڭدىن چىققان ئاھلىرىڭنى قوبۇل قىلدى.)

تەڭرى مەخپى ھىكمىتىن ئىزھارىدا،
سەير دەشتىدە سۇلۇك ئەتۋارىدا.

(تەڭرى مەخپى ھىكمىتىنى ئاشكارا قىلىشتا، تەسەۋۋۇف يوللىرىنى سەير قىلىش ئادەتلىرىنىڭ چول-دەشتىدە،)

سالىك ئالدىدا قويۇبدۇر ۋارىدات،
كىم ئۆزىن قۇتقارماي ئاندىن يوق نىجات.

(تەسەۋۋۇف يولىنى كەزگۈچىلەرنىڭ ئالدىغا ۋەزىپىلەر قويۇلغان، كىمكى بۇ يولغا قەدەم قويىدىكەن، ئۆزىنى ئۇ ۋەزىپىلەردىن خالاس قىلالمايدۇ.)

شەيخىڭىزگە ۋاردى ئېردى قەۋى،
كورمەگەن ئانداغ بۇ يولدا رەھرەۋى.

(شەيخىڭىزنىڭ ۋەزىپىسى ناھايىتى ئېغىر ئىدى، تەسەۋۋۇف يولىنى كەزگۈچىلەر ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن ھالەتلەرنى كورمىگەن ئىدى.)

ھەق نىجات ئەتتى كارامەت شاد بول،
شۇكرى ئەيلەپ قايغۇدىن ئازاد بول.

(خۇدا ساڭا رەھىم-شەپقەت قىلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن خوشال بول، خۇداغا شۇكرى قىلىپ ئەمدى قايغۇدىن ئازات بول.)

چۈن ساڭا يۈزلەندى كوپ رەنجۇ تەئەپ،
ھەق بۇ لۇتپ ئەيلەرگە سەن بولدۇڭ سەبەب.

(ساڭا كوپ ئازاپ-ئوقۇبەتلەر دۇچكەلدى. ھەقنىڭ شەيخىڭگە رەھىم-شەپقەت قىلىشىغا سەن سەۋەپچى بولدۇڭ.)

شەرھ قىلدى چۈن رەسۇلۇللاھ بۇ راز،
شادلىق ئەشكىن توكۇب ساھىب نىياز.

(رەسۇلۇللا بۇلارنى ئىزاھلىغاندا، مۇرىت خوشاللىقىدىن كوزلىرىدىن ياش توكتى.)

چەكتى ھۆي زايىل ئولدى ھۇش ئاڭا،
ئەجىزدىن بولدى خرەد مەدھۇش ئاڭا.

(ئۇ ئاھ ئۇرۇپ ھۇشىدىن كەتتى، ئاجىزلىقتىن گاراڭ بولۇپ قالدى.)

چۇن نەسىمى سۇبھە چەكتى مىشك رىز،
بولدى تۇن مىشكى ئۇزە كاپۇرسىز.
(سۇبھىنىڭ مەيىن شامىلى ئىپاردەك خۇش ھىد چاچتى. تۇن قاراڭغۇلۇغى يوقىلىپ، ئالەمنى ئاق نۇر قاپلىدى.)

ناتۇۋاننىڭ كوڭلىگە يۇزلەندى ھۇش،
سەكرىبان قوپتى چۇشۇپ مەغزىغە جۇش.
(ئۇ بىچارە ھۇشىغا كەلدى، كوڭلىدە بىر جۇشقۇنلۇق پەيدا بولۇپ ئورنىدىن سەك-رەپ قوپتى.)

چۇن خۇدا فەرزىن ئادا كورگۇزدى يۇز،
قوپتىيۇ قويدى خۇداۋەندىغە يۇز.
(خۇدانىڭ پەرزىنى (نامازنى) ئادا قىلىپ ئورنىدىن قوپتى ۋە خۇدا تەرەپكە يۇز تۇتتى.)

سوردىلار ئەسھاپ ئاگەھ بولدىلار،
يارى ئول رەھرەۋغە ھەمراھ بولدىلار.
(ياشقا مۇرىتلارمۇ ئەھۋالدىن ۋاقىپ بولۇپ ئۇنىڭغا ھەمرا بولۇشتى.)

يۇيە ئەيلەردە ئىدى ئاشۇپتە ھال،
سەبزە ۋە سۇ ئۇزرە ئانداغكى شامال.
(ئۇلار رۇم تەرەپكە قاراپ گويا شامال يېشىل مايسىلارنىڭ ۋە سۇنىڭ ئۇستىدىن ئوتكەندەك تېز يۇرۇپ كېتىشتى.)

قەتئ ئەيلەب كى نەشىب كى فىراز،
ئول ماكانغا تىكرو شەيخ ئىشقباز.
(ئوي - دوڭلەرنى بېسىپ ئوتۇشۇپ، ئىشقباز شەيخ تۇرۇۋاتقان ماكانغا يېتىپ بېرىشتى.)

شەيىخغە ھەم دەفئ ئولۇپ گۇمراھلىغ،
يەتمىش ئېردى غەيىبدىن ئاگاھلىغ.
(شەيىخنىڭمۇ خانۇ - ۋەيرانچىلىقى كوتىرىلىپ، ئۇنىڭغا غايىپتىن ئاگاھلىق يېتىشكەن ئىدى.)

گۇلشەنى تەۋپىقدىن ئەسكەن نەسىم،
كوڭلىگە تەسىر ئېتىپ ئېردى ئەزىم.
(توغرا يول گۇلزارلىقىدىن سوققان شامال ئۇنىڭ قەلبىگە غايەت زور دەرىجىدە تە-سىر قىلغان ئىدى.)

تاشلاپ ئېردى كسىۋەتى كۇپپارنى،
ئۇزمش ئېردى باغلىغان زۇننارنى.
(كۇپرلىق كىيىملىرىنى تاشلاپ، باغلىۋالغان زۇننارىنى ئۇزۇپ تاشلىغان ئىدى.)

ھەم خىجالەت ئەشكىن ئەيلەپ ئاشكار،
ھەم چىكىب ئاھۇ نادامەتتىن شەرار.
(ئۇ خىجالەتتىن يىغلايتتى، پۇشايمان ئاھىدىن ھەسرەت ئۇچقۇنلىرىنى چىقىراتتى.)

كۇپر سالغان تىيرە كوڭلىگە پۇتۇر،
يەتكۇزۇپ ئېردى ھىدايەت شەمئى نۇر.
(كۇپر قاراڭغۇلۇق ۋە نۇقسان سالغان كوڭلىگە ھىدايەت چىرىغى نۇر يەتكۇزگەن ئىدى.)

بۇيلە ھالەتتە يېتىشتى ئول گورۇھ،
كوڭلىگە يەتتى ئولەر يەتكەچ شۇكۇھ.
(ئۇ ئەنە شۇنىداق ھالەتتە تۇرغاندا، مۇرىتلار يېتىپ كېلىشتى، ئۇلار يېتىپ كېلىش بىلەن شەيخنىڭ كوڭلىگە ھەيۋەت چۇشتى.)

شەيخغە تەغيىر ئولەر كورگەن زامان،
بولدىلار يۇز شۇكر ئەيلەپ شادمان.
(ئۇلارنى كورگەن زامان شەيختە ئوزگىرىش يۇز بەردى، مۇرىتلار بۇ ھالەتنى كو-رۇپ، شۇكرى قىلىشىپ خوشال بولۇشتى.)

دىدىلار كى ئى مۇرشىدى ساھىپ ۋۇسۇل،
مۇژدەكىم بولدى مەدەتكارىڭ رەسۇل.
(ئۇلار: ئەي ۋەسىل ئىگىسى، ساڭا خۇشخەۋەر بولسۇنكى، پەيغەمبىرىمىز ئوزى ساڭا مەدەت قىلدى،— دىيىشتى.)

شەيخ چۇن ۋاقىپ ئىدى ئول ھالدىن،
سوزلىدى خەيلىغە ئول ئەھۋالدىن.
(شەيخمۇ بۇنىڭدىن خەۋەردار ئىدى، ئۇ، مۇرىتلارغا ئەھۋالنى سوزلەپ بەردى.)

قۇچتى ئىستەپ رەھرەۋ پەرزانەنى،
يەكجەھەتلىك بابىدا مەردانەنى.
(سادىق مۇرت شەيخ بىلەن قۇچاقلىشىپ كورۇشتى.)

دىدى: ئەي پۇرخەندە پەرزەندىم مىنىڭ،
رىشتەئى جانىمغا پەيۋەندىم مىنىڭ.
(شەيخ دىدىكى: ئەي سائادەتمەن پەرزەندىم، هاياتىمغا ئارا بولغۇچى جان رىشتەم،)

سىدىق ئارا هالىڭنى تەغيىر ئەتمىدىڭ،
يارلىغ بابىدا تەقسىر ئەتمىدىڭ.
(ساداقەت يولىدا ئاينىمىدىڭ، يارانلىق يولىدا كەملىك قىلمىدىڭ.)

ئوزنى نە تىل بىرلە ئەيلەي ئۇزرەخاھ،
كىم بۇ سىدىقنىڭ ئوزرىنى قولغاي ئىلاھ.
(ساڭا ئەمدى قانداق ئوزرىخالىق ئېيتىمەن؟ سېنىڭ بۇ ساداقىتىڭنى تەڭرى ئوزى قوللىغاي...)

ساچىب ئول هەم شادمانلىق ياشنى،
پىر ئاياغىدىن كوتەرمەي باشنى.
(ئۇ مۇرىتمۇ پىرنىڭ ئايىغىدىن بېشىنى كوتەرمەي، خوشاللىغىدىن كوز ياشلىرىنى توكۇپ يىغلىدى.)

بارچە ئەيلەپ ئىزتىرابۇ ئىزتىرار،
تاپقۇچە ئاشۇپتە خاتىرلار قارار.
(مۇرىتلار پەرىشان خاتىر بولۇپ، ئەسلىرىنى يىغىۋالغىچە خېلى پاراكەندە بولۇشتى.)

مۇتتەپىق باردى دىدى كى ئى مۇقتادا،
چۈن نەسىپ ئەتتى بۇ دوۋلەتنى خۇدا.
(هەممە بىرلىكتە: ئەي، يولباشچىمىز، بۇ دولەتنى بىزگە خۇدا نەسىپ قىلدى،)

بۇ خەتەرلىك بومدىن كەتمەك كېرەك،
كەئبە ۋادىسىغا ئەزىم ئەتمەك كېرەك.
(بۇ خەتەرلىك جايدىن كېتىپ، كەئبەنىڭ يولىغا چۈشەيلى، دىيىشتى.)

شەيخ كەيدى خىرقە ئەيلەپ غۇسىل پاك،
بولدى ئەسهاپ بارى ئول دەم زەۋقناك.
(شەيخ پاكىز يۇيۇنۇپ تونىنى كىيدى، بارچە مۇرىتلارنىڭ ئۇنىڭغا زوقى كەلدى.)

سىدىق بىرلە ئەيلەبان ئەزمى هەرەم،
بادىيە قەتئى غە ئۇردىلار قەدەم.
(توغرا نىيەت بىلەن هەرەمنى كوزلەپ، چول - ۋادىلارغا قاراپ قەدەم ئالدى.)

شەيخ چۈن ئەزم ئەيلەبان بەتھا سرى،
كەلدۇك ئەمدى مەھۇۋش تەرسا سرى.
(شەيخ شۇنداق قىلىپ مەككىگە سەپەر قىلدى. ئەمدى ئاي يۈزلۈك تەرسا قىزنىڭ گېپىگە كېلەيلى:)

ناز ئۇيقۇسىدا ئېردى ئول پەرى،
كوردى تۇشكىم ئىندى مىھر خاۋەرى.
(ئۇ پەرى ناز ئۇيقۇسىدا يېتىپ، چۈشىدە قۇياشنىڭ زىمىنگە چۈشكەنلىگىنى كوردى.)

شۇخغە يەتكۈردى ئىيسادىن پىيام،
كى ئى ۋاپا بابىدا خام ۋە ناتامام.
(بۇ شوخ قىزغا ئەيسا ئەلەيھىسسالامدىن خەۋەر بولدى: ئەي ۋاپادارلىق بابىدا پىشمىغان ۋە تولۇپ يەتمىگەن قىز!)

شەيخ سەنئان مۇرشىدى ئەھلى زامان،
كىم، سىنىڭ دەيرىڭغە بولدى مىھمان.
(زامان ئەھلىنىڭ مۇرشىدى بولمىش شەيخ سەنئان سىنىڭ بۇتخاناڭغا مېھمان بولۇپ كەلگەن ئىدى.)

مىزبانلىغىنىڭ تەرىقىن بىلمەدىڭ،
ئۇيلە مىھمانلارغا نە كىم قىلمەدىڭ.
(سەن ساھىپخانلىق يۇسۇنىنى بىلمىدىڭ، مېھمانغا نىمىلەرنى قىلماي قالمىدىڭ؟)

دەيرىنىڭ مىھمانلىغىن تەرك ئەتتى ئول،
مىزبانلىغغە ھەرەمگە كەتتى ئول.
(ئۇ بۇتخانىنىڭ مېھمانلىغىنى تاشلاپ، ھەرەمدە مېھمان بولۇش ئۈچۈن يۈرۈپ كەتتى.)

پات يىتىب بولغىن مۇشەررەپ دىنىغە،
ئوزرە ئېيتىپ كىر ئانىڭ ئايىنىغە.
(سەن تېزدىن ئۇنىڭ قېشىغا يېتىشىپ بېرىپ، ئوزرە ئېيتىپ، ئۇنىڭ دىنىغا كىرگىن!)

ئۇيقۇدىن ئويغاندى چۈن تەرسا قىزى،
بولماق ئىستەپ شەيخ ئاياغىنىڭ ئىزى.
(تەرسا قىز ئۇيقۇدىن ئويغاندى، ئۇ شەيخنىڭ ئاياق ئىزى بولۇشنى خالاپ قالدى.)

كەلدى نى قىلغانلارى چۈن يادىغا،
تۇشتى ئوتلار خاتىرى ناشادىغا.

(ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرى يادىغا چۈشۈۋىدى، پەرىشان كۆڭلىگە ئوت تۇتاشتى.)

ئاھ ئۇرۇپ قوپتى ۋە قىلدى يولغە ئەزم،
كەئبە ئىھرامىغا ئەيلەپ ئۆزنى جەزم.
(ئۇ، ئاھ ئۇرۇپ ئورنىدىن قوپتى ۋە ھەرەمگە قاراپ ئاتلاندى.)

ئەشك دىن ئەنجۇم توكۇپ گەردۇن كەبى،
يىغلابان لەيلۋەشى مەجنۇن كەبى.
(پەلەك شۇ پەيتتە مەجنۇن لەيلى ئۈچۈن ئاھ ئۇرۇپ يىغلىغاندەك كۆزلىرىدىن ياش توكۇپ يىغلاشقا باشلىدى.)

تىز بارۇر ئىردى بارغان سارى ئەل،
ئەيلەگەندەك تازە گۈل بەرگىنى يەل.
(يولغا چىققانلار تېز يۈرۈپ كەتكەن ئىدى، قىزمۇ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن شامال ئۇچۇرغان گۈل بەرگىدەك ئۇچۇشقا باشلىدى.)

سالور ئىردى منى بى ھال ۋەش،
چەرخنىڭ قىلغانلىرىدىن گىنەكەش.
(قىز، پەلەكنىڭ قىلمىشلىرىدىن غەزەپلىنىپ، ھالسىزلىنىپ قەدەم تاشلايتتى.)

تا بەيابان ئىچرە ئاشتى شىددەتى،
غالىب ئولدى ۋەھىم، بىم ۋە غەيرەتى.
(باياۋان ئىچرە ئۇنىڭ شىددىتى ئېشىپ، ئۇنىڭدا قورقۇنچ، ۋەھىمە ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللىدى.)

زۇئف ئاجىزلىق ئاڭا كورگۈزدى يۈز،
كىم، نىھايەتسىز ئىدى ۋارى ۋە تۈز.
(ئۇ پايانسىز ئوي ـ دوڭلەرنى بېسىپ ئوتتى، ئاخىر ماڭا ـ ماڭا چارچاپ قالدى.)

دىدى يارەب ئاجىز سەرگەشتەمەن،
كوز ۋە كوڭلۇم قانىغا ئاغۇشتەمەن.
(ئۇ دىدىكى: ئەي تەڭرى، مەن بىر ئاجىز بىچارىسەمەن، كوزۈمنىڭ ۋە يۈرىگىمنىڭ قېنىغا چومۇلگەنمەن.)

ئاجىزۇ بىچارەدۇرمەن رەھمى قىل،
بى كەس ئاۋارەدۇرمەن رەھمى قىل.
(مەندەك بىر ئاجىز بىچارىگە، ئىگە ـ چاقىسىز سەرگەردانغا رەھىم قىلغىن!)

گەرچە جۇز جۇرمى گۇناھىم يوق مېنىڭ،
سەندىن ئۆزگە ھەم پاناھىم يوق مېنىڭ.
(گۇناھىمدىن بولەك ھېچنەرسەم يوق، شۇنىڭدەك سەندىن بولەك پانايىممۇ يوق.)

يالغۇزۇ بىكەسلىگىگە يىغلىدى،
چارەسىز بىلمەسلىگىگە يىغلىدى.
(ئۇ ئۆزىنىڭ يالغۇزلۇغىغا، چارىسىزلىگىگە يىغلاشقا باشلىدى.)

نازىنىنغە ئانچە شىددەت بەردى دەست،
كىم قىلىب زۇئف ئولدى تۇپراق ئۈزرە پەست.
(نازىنىن بېشىغا كەلگەن بۇ مۇشكۇلچىلىكتىن ئاجىزلىشىپ تۇپراققا يىقىلىپ چۈشتى.)

چۇن يىقىلدى ھۇش زايىل بولدى پاك،
ياتتى تۇپراق ئۈزرە خارۇ دەردناك.
(ئۇ يىقىلىپ ھۇشىدىن كېتىپ قالدى، دەرتلىك ھالەت بىلەن توپىدا خۇددى چاڭدەك قونۇپ يېتىپ قالدى.)

كەشىپ بولدى شەيخ ئالى جاھغە،
ھەم مۇرىدى رەھرەۋى ئاگاھغە.
(ئالى مەرتىۋىلىك شەيخقە ھەم ھىلىقى ھوشيار مۇرىتقا قىزنىڭ ئەھۋالى ئايان بولدى.)

بۇيلە ئىش كىم قويدى يۈز مەھۋۇش سارى،
قايىسى مەھۋۇش، ئاجىز غەمكەش سارى.
(ئۇ ئاي يۈزلۈك قىزغا، نە ئاي يۈزلۈككىم، بەلكى ئۇ ئاجىز ناتىۋانغا بۇ خىل ئەھۋالنىڭ يۈزلەنگەنلىگىنى بىلىشتى.)

ياندى شەيخۇ رىند بەلا دەت ھەم،
ئول گورۇھ ئىچرە بەلەندۇ پەست ھەم.
(شەيخ ۋە ئۇنىڭ جامائىتىدىكى چوڭ - كىچىك ھەممىسى كەينىگە قايتىشتى.)

غاپىل ئەلنىڭ ھەر بىرىدە يۈز خىيال،
كىم نە ئېركىم يارەب ئول يانماققا ھال.
(كەينىگە قايتىشلىرىنىڭ سەۋەبىنى ئۇلار بىلمەيتتى، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ھەر خىل خىياللاردا بولاتتى.)

تاكى يەتتى شەيخ ئىلە ئول ئەھلى راز،
ئاندا كىم ياتمىش ئىدى ئول سەرۋۇناز.
(شەيىخ ۋە ئۇنىڭ مۇرىتلىرى نازىنىن يىقىلىپ يېتىپ قالغان يەرگە يېتىپ كېلىشتى.)

گەرچە شەيخ ئول ئىشدە كوڭلىن سالمادى،
يىغلاماقنى لىك ئاسراي ئالمادى.
(شەيخ قىزنى كورۇش بىلەن ئانچە كوڭۇل قويمىغاندەك كورۇندى-يۇ، ئەمما ئاخىر ئوزىنى توختىتالماي يىغلاپ كەتتى.)

نازىنىن باشىن قويۇپ قوينىغا تىز،
يۇزگە بولدى كىرپىگىدىن ئەشك رىز.
(ئۇ نازىنىننىڭ بېشىنى دەرھال باغرىغا ئالدى، كوز ياشلىرى كىرپىكلىرىنى بويلاپ يۇزىگە ئېقىشقا باشلىدى.)

گەرچە گۇلبەرگ ئوزرە ساچىلدى گۇلاپ،
نەرگەس ئاچىلدى كى ئېردى مەست خاپ.
(گۇل بەرگىگە شەبنەم چۇشكەندەك، يۇزىگە شەيخنىڭ كوز ياشلىرى توكۇلگەندە، قىز هۇشىغا كەلدى.)

شەيخ قوينىدا كورگەچ باشىنى،
توكتى رۇخسارىغا ھەسرەت ياشىنى.
(نازىنىن ئوز بېشىنىڭ شەيخنىڭ باغرىدا ياتقانلىغىنى كورۇپ، يۇزىگە ھەسرەت ياشلىرىسى توكۇشكە باشلىدى.)

زۇئفىدىن ئاھەستە چىقتى نالەسى،
يۇز ئۇزە ساچىب جىگەر پەركالەسى.
(ئۇ ئاجىزلىغىدىن ئاستا نالە قىلاتتى، قان يىغلاپ كوز ياشلىرىنى ئاققۇزاتتى.)

دىدى ئەي تەقۋا شۇئارۇدىن پاناھ،
قايسى تىل بىرلە بولايىن ئوزرە خاھ.
(ئۇ، ئەي تەقۋادار كىشى، دىنىنىڭ پاناھى، ساڭا قانداق تىل بىلەن ئوزرىخالىق ئېيىتسام بولار؟ — دىدى.)

تاش ئاتار تىفلى لەئىم شور بەخت،
سايە سالۇر باشىغە ئالى دەرەخت.
(چوڭ دەرەخ ئۇششاق باللار تاش ئېتىپ تۇرسىمۇ يەنىلا ئۇلارنىڭ بېشىغا سايە سالىدۇ.)

باش چىكىپ گۈلشەندە يۈزمىڭ نەۋكى خار،
گۈل ئاچىب ھەرخاردىن ئەبرى باھار.
(گۈلشەندە يۈز مىڭلاپ تىكەنلەر باش كوتىرىدۇ، باھار يامغۇرى ھەر بىر تىكەندىن
گۈل ئېچىلدۇرىدۇ.)

گەرچە جۈرمۈم ھەددى پاياندىن پۈزۈن،
لۈتفى ئېھسانىڭ سېنىڭ ئاندىن بۈرۈن.
(مېنىڭ گۈناھىم ھەددى-ھىساپسىز بولسىمۇ، لېكىن سېنىڭ مەرھەمەت ۋە ياخشى-
لىقلىرىڭ مېنىڭ گۈناھلىرىمدىنمۇ كوپتۈر.)

بى ئەدەپلىكلاركى قىلدىم بىلمىشام،
ئەفۋىڭ ئالدە سىيەھرۇ كەلمىشام.
(بىلمەي ئەدەپسىزلىك قىلىپتىمەن، يۈزۈمنى قارا قىلىپ سەندىن ئەپۋ سورايمەن.)

ھەر نەكىم قىلدىم يامان، قىلدىم يامان،
مەن يامان، كىشەم يامان، دىنىم يامان.
(مېنىڭ قىلغان ھەر خىل يامانلىقلىرىم ئۆزۈمنىڭ يامانلىغىدىن، ئادىتىم ۋە دىنىمنىڭ
يامانلىغىدىن بولغان.)

دىگەي ئېردىم ھەزرەتىگە ئانچە راز،
ئۆمرى ئۆتەر تەئجىل، پۈرسەت ئەسرۇ ئاز.
(سەن ھەزرەتكە دەيدىغان نۇرغۇن گەپلىرىم بار ئىدى، لېكىن ئومرۇم ئالدىراۋا-
تىدۇ، پۈرسەت ئاز قالدى.)

زاھىر ئەتتى شۇخ ئىسلامىنى ھەم،
ئىيسا روھۇللاھ ئەئلامىنى ھەم.
(قىز ئۆزىنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلغانلىغىنى، ئەيسا روھۇللانىڭ ئۇنىڭغا بىلدۈرگەن بى-
شارەتلىرىنى بايان قىلدى.)

دىدى قىلدىم ھىزرە گۈپتارىمنى بەس،
ئەرز قىل ئىمان كى قالمىش بىر نەپەس.
(ئۇ يەنە، بىھۇدە گەپلىرىم ئاياقلاشتى، ئاخىرقى نەپەسلىرىم قالدى، ماڭا ئىمان ئۆ-
گەتكىن! دىدى.)

شەيخ ئەشك ئەيلەپ راۋان رۇخسارىغە،
ئەرزى ئىمان ئەتتى تەرسا يارىغە.
(شەيخ كوز ياشلىرىنى توكۈپ، تەرسا يارىغا ئىمان ئۆگەتتى.)

ئاشنالىغ تاپقاچ ئىماندىن نىھان،
ئاھ ئۇرۇپ شەيخ ئالدىدا تاپشۇردى جان.
(مۇھەببەت ئىمان ئىچىدە يوشۇرۇن ئايان بولدى، نازىنىن بىر ئاھ ئۇردى-دە، شەيخ-
نىڭ ئالدىدا جان ئۈزدى.)

سالدى دىن ئەھلى ئارا غەۋغا يەنە،
چەكتىلار پەرياد ۋاۋەيلا يەنە.
(بۇ ئىش دىن ئەھلىنى غۇلغۇلىغا سالدى، ئۇلار ھەسرەت چېكىپ پەريات كوتىرىشتى.)

كۈپىر ئىلە دىن ئىچىرە پەھم ئولدى سەۋەپ،
بولئەجەب ئىش زاھىر ئولدى بولئەجەب.
(كۈپىر بىلەن دىن ئوتتۇرىسىدا مۇشۇنداق ئاجايىپ ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىگە سەۋەپلەر
تېپىلىپ تۇرىدۇ.)

ئىشق ئارا بۇ نەۋئ ئولۇب ئەئجوبە كوپ،
كوزگوزۇپ ئەنجوبەلىق مەنسۇبە كوپ.
(ئىشقى-مۇھەببەتتە بۇ خىل ئاجايىپ ئىشلار تولا ئۇچرايدۇ، ئۇخىل ئاجايىپ ئىش-
لاردىن گويا شاخمات ھۈنىرى ھاسىل بولىدۇ.)

ئىشق بەھرىدۇركى يوق پايان ئاڭا،
ھەر ھۇبابى گۇنبەزۇ گەردان ئاڭا.
(ئىشق پايانسىز دېڭىزغا ئوخشايدۇ. ئۇ دېڭىزدا كورۇنگەن ھەر بىر كوپۇك ئاشىقا
ئاسمان گۇمبىزىدەك كورۇنىدۇ.)

ئالەمدۇر ئىشق، لېكىن بەك ۋەسئ،
تارۇمدۇر ئىشق، لىك ئەسرۇ رەپئ.
(ئىشق ئالەمدۇر، لېكىن ئۇ بەكمۇ كەڭ، ئىشق ئاسماندۇر، لېكىن ئۇ بەكمۇ ئېگىز.)

چەرخىنى ئەيلەپ ساھاب ئاندا نەگۇن،
پەشە ئەيلەر ئاندا ئەنقانى زەبۇن.
(ئىشقتا پەلەكنى بۇلۇتلار تۆۋەنلەشتۇرۇپ، پاشا سۇمرۇغنى مەغلۇپ قىلىپ قويىدۇ.)

ئىشق ئوتىدىن يەتسە ناگەھ ھەر شەرەر،
يەتكۇرۇر ھەر يۈز بەرقدىن كوبرەك زەرەر.
(ئىشق ئوتىدىن ئورلەپ چىققان ھەرقانداق ئۇچقۇن يۈز چاقماقنىڭ ئوتىدىنمۇ كوپ-
رەك زىيان يەتكۈزىدۇ.)

بەھرىدىن بىر قەترە ئەيلەپ بى ھىجاب،
دەھرىنى سەيلى بەلا بىرلە خاراپ.
(ئىشق دېڭىزىنىڭ بىر تامچىسى بالايى-ئاپەت قىيانى بولۇپ، جاھاننى خاراپ قىلدۇ.)

ئىشق تىغى قىلسا يۈز مىڭ قەتىل ئام،
نى قىساسۇ، نى دىيەت، نى ئىنتىقام.
(ئىشق قىلىچى يۈز مىڭ قېتىملاپ ئومۇمى قىرغىنچىلىق كەلتۈرگەندىمۇ، ئۇنىڭدا قىساس ۋە قان بەدىلى بولمايدۇ.)

ئىشقدىن كورگەن يۈز ئاپەت جانىغە،
چارە تۇتماق بولدى مىننەت جانىغە.
(ئىشقتىن جېنىغا يۈز ئاپەت كەلگەن كىشىنىڭمۇ ئۇز جېنىغا مىننەت قىلماقتىن باشقا ئامالى يوق.)

كوپ تەئەججۇپ ئىشقنىڭ بوستانىدىن،
ئاب رەڭگى بى گۇناھلەر قانىدىن.
(ئىشقنىڭ بوستانى شۇنداق ئاجايىپكى، ئۇنىڭ سۇيى بىگۇنالارنىڭ قېنىدىنمۇ رەڭلىك-رەڭ بولدۇ.)

ئۇرسە بىر كىرپىك تۇمەن مىڭ جانغا نىش،
بىلكى بۇدۇر ھىندۇۋى قاتىلغە كىش.
(ئىشقتىن تاشلانغان بىر كىرپىك تۇمەنلىگەن جانغا خەنجەر سالدۇ، بۇنى ھىندى قاتىلنىڭ ئادىتى دەپ بىلىڭلار!)

زائىل ئەيلار نۇقتە ۋە زائىد مىسال،
يۈز تۇمەن كوز مەردۇمىن بىر تۇرفە ھال.
(كوزدىكى "ز" ھەرپىنىڭ چېكىتى چۈشۈپ قالسا، "كوز"، "كور" ئوقۇلغانغا ئوخشاش، مەشۇق يۈزىدىكى بىر تال خالمۇ يۈزلىگەن-تۇمەنلىگەن كوزلەرنىڭ قارىچۇغىسى يوق قىلىپ تاشلايدۇ.)

ئىشق مۇلكىدە گادا ۋە شاھ بىر،
دەير ئىچرە رەھبەر ۋە گومراھ بىر.
(بىر ئىشق ئىلىدە ھەم گاداي، ھەم شاھ، بۇتخانىدا ھەم يېتەكچى، ھەم يولدىن ئاز-غۇچى بىر.)

ئىشق ئارا دەردۇ بەلادىن ئوزگە يوق،
زۇلم، بىدادۇ جاپادىن ئوزگە يوق.
(ئىشقتا دەردۇ-بالادىن، زۇلۇم-جاپادىن باشقا نەرسە بولمايدۇ.)

شەيخنى ئانداغكى شەيدا ئەتتى ئىشق،
ئالەم ئەھلى ئىچرە رەسۋا ئەتتى ئىشق.
(ئىشق شەيخنىمۇ ئۆزىگە شەيدا قىلىپ، ئۇنى خەلقى ئالەم ئىچىدە رەسۋا قىلدى.)

سوگرە مەندەك سالمىدى غەۋغاسىنى،
كىمسە كوڭلى مۇلكىگە يەغماسىنى.
(ئىشق ھېچكىمنىڭ كوڭلىنى مېنىڭكىدەك تالان-تاراج قىلمىغان، ھېچكىمنىڭ بېشىغا مېنىڭكىدەك غەۋغالارنى سالمىغان.)

ھالىم ئاندىن كىمسەگە ئارتۇق ئەمەس،
ئارتۇق ئېرمەس ئولسە ھەم ئوكسۇك ئەمەس.
(مېنىڭ ھالىم ئۇنىڭ ھالىدىن ئارتۇق ئەمەس ئىدى، ئارتۇقمۇ ئەمەستى، كەممۇ ئەمەس ئىدى.)

كېل ناۋايى سوزنى ھالا خەتىم قىل،
ئىشق ئارا ئىزھار دەئۋا قىلماغىل.
(ناۋايى، بولدى، سوزۇڭنى تۈگەتكىن، ئىشق توغرىسىدىكى دەۋالىرىڭنى سوزلىمە!)

بىر نىچە كۈن ئومرىدىن تاپسام ئامان،
شەرھى ئىشقىم يازغامىن بىر داستان.
(ئومرۇمدىن بىر مەزگىل ئامانچىلىق تاپسام، ئىشقىمنى شەرھلەپ بىر داستان يازارمەن.)

ئاندا بىلگەي كىمگە كىم ئىنساپدۇر،
كىم سوزۇم مىنمۇ دۇرۇر يا لابدۇر.
(سوزۇم راستمۇ ياكى لاپمۇ، ئىنساۋى بارلار بىلىپ قالار.)

شەيخقە ئەلقىسسە چۇن يەتتى پاراغ،
دەير ئىشىدىن كەئبەغە ئەيلەب ياراغ.
(شۇنداق قىلىپ، شەيخ ئىشلىرىنى تۈگىتىپ، بۇتخانا ئىشلىرىدىن قول ئۈزۈپ كەئبەگە مېڭىشقا جابدۇندى.)

يارنى دەپن ئەتتى ئىشق ئايۋانىدا،
دىن ۋە ئىمان ئەھلى گورۇستانىدا.
(ئۇ، يارىنى (تەرسا قىزنى) ئىشقىنىڭ ئايۋانىغا، يەنى مۇسۇلمانلارنىڭ گورۇستانلىقىغا دەپنە قىلدى.)

كەئبەدىن ئانداغكى قىلدى ئەزم دەير،
دەيردىن ھەم كەئبەغە كورگۇزدى سەير.
(شەيخ كەئبەدىن بۇتخانىغا قانداق ماڭغان بولسا، بۇتخانىدىنمۇ كەئبىگە ھەم شۇنداق يۇرۇپ كەتتى.)

تەكرىگە ئۇزرە ئېيتتى ئۇزرى مامازا،
تا ئۇنى ھەم يارىغا قوشتى قازا.
(كەچمىش ئىشلار توغرىسىدا خۇداغا تۆۋە قىلدى، كېيىن، ئۇنىڭغىمۇ قازا يېتىپ، ئاخىر يارىغا قېتىلدى.)

قۇشلار بىناۋالىقتا قۇرئە سېلىپ ھۇد ھۇد ئاتىغە تۇشكانى
(قۇشلارنىڭ پال سېلىشقانلىغى، پالنىڭ ھوپۇپنىڭ ئېتىغا چۇشكەنلىگى)

بول ئەجەپ سوزنى ئىشتكەچ ئول گورۇھ،
كەلدىلار بارچە ھاياتدىن سوتۇھ.
(قۇشلار جامائەسى يۇقۇرقى سوزلەرنى ئاڭلاپ ئوز ھاياتلىرىدىن ۋەھىمە قىلىپ قالدى.)

ئىشق ئالدى قوللىرىدىن ئىختىيار،
شەۋق ئوتىدىن بارچە بولدى بىقارار.
(ئىشق قۇشلارنىڭ ئىختىيارىنى تارتىۋالدى، شەۋق ئوتىدىن ھەممىسى قارارىنى يوقاتتى.)

قەتئ ئىتەرلەر ئېردى يول ئانداغكى بەرق،
غەرپدىن بىر تەير ئۇلارغا ئېردى شەرق.
(قۇشلار يوللاردىن چاقماقتەك ئۇچۇپ ئوتەتتى، ھەر بىر ئۇچۇشىدا غەرپتىن شەرققە يېتىپ باراتتى.)

بارچە ئوز سەيئى بىلە تەئجىل ئىتىپ،
ھەر نەپەس بىر خۇبلۇق ۋادى يىتىپ.
(ئۇلار ئۇچۇشلىرىدا غەيرەت قىلىپ، ھەر نەپەستە بىر گۇزەل ۋادىغا يېتىپ باراتتى.)

بولسا بەزى ئول قاتىق يولغا ھەرىپ،
بار ئىدى بەزى داغى زارۇ زەئىپ.
(ئۇلارنىڭ بەزىسى قاتتىق يولغا چىداپ ئۇچقان بولسا، بەزىسى ئاجىزلىق ۋە كۇچسىزلىق كورسەتتى.)

ئايرىلورلار ئىدى، قالورلار ئىدى،
ئوزنى ھەرمەنزىلدا سالورلار ئىدى.

(ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ بەزىسى ئايرىلىپ قالاتتى، بەزىلىرى يولدا قېلىپ قېلىپ ھەرقا-
ياققا كېتەتتى.)

قەۋم ئاراسىدا گەر سەردار بولماغاي،
قەۋم ھالىدىن خەبەردار بولمىغاي.
(بىر قوۋمنىڭ ئارىسىدا ئەگەر يولباشچى بولمىسا، ئۇ قوۋمنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر
ئېلىپ تۇرمىسا،)

قەۋمنىڭ ھالى پەرىشان ئولغۇسى،
بارچە ئۇز ھالىغا ھەيران بولغۇسى.
(ئۇ قوۋمنىڭ ھالى پەرىشان بولىدۇ، ھەممە ئۇز ئەھۋالىدا خاراپ بولىدۇ.)

قوينىكىم سۇ، ئوتقا باشقارماس شۇبان،
ئول سۇرۇكنى ئەيلەگىل زايە گۇمان.
(قويلارنى پادىچى ئوتلىتىپ، سۇغىرىپ تۇرمىسا، ئۇ پادىنى سەن ۋەيران بولدى، دەپ
ئويلاۋەرگىن.)

ھەر جامائەتغە كى يوقدۇر پىشىۋا،
يولغا ئېرماسدۇر قەدەم قويماق راۋا.
(ھەرقانداغ جامائەتنىڭ پىشىۋاسى بولمىسا، ئۇ جامائەتكە يولغا ئاتلىنىش راۋا
كەلمەيدۇ.)

چۇن يول ئېردى ھەم قاتىغ ۋە ھەم يىراق،
ئول جامائەت بارچە ئەيلەپ ئىتتىپاق.
(يول قاتتىق ھەم يىراق ئىدى، ئۇ جامائەت مەسلىھەت قىلىشتىكى،)

دىدىلار كىم بىزگە سەردارى كېرەك،
ئەقىل ئايىن ھۇش كىردارى كېرەك.
(بىزگە ئەقىللىق، ھۇشيار بىر سەردار لازىم بولدى.)

كىم بارى قۇشلارغە بولغاي ھاكىم ئول،
كىم ئېرۇر بىز بىر زەئىپ ۋەئىپ يول.
(يول قاتتىق، بىز ئاجىزمىز، ھەممىمىزگە بىر ھاكىم بولمىسا بولمايدىكەن.)

رەھبىرى يوق مۇشكىلىدىن ئاگاھى،
خەيلغە ھەمراھ بەرھەم ھەمراھى.

(ئوز قوۋمىنىڭ مۇشكۇل ئىشلىرىدىن خەۋەردار بولمىغان رەھبەر خەلققە ۋەيرانچىلىق كەلتۇرىدىغان ھەمرا بولىدۇ.)

سائىر قۇشلار لەئىم ئەشراف ھەم،
چەكتىلار بۇ ئىشنى ھەم ھۇد ھـۇدغا رەقەم.
(قۇشلارنىڭ ھەممىسى ھوپۇپنى ئوزلىرىگە يولباشچى بولۇشقا تەۋسىيە قىلدى.)

چۇن ئاگا بۇ ئىشدە ئۇردىلار سالا،
ئەيىلدى تەبئى ھوكۇمەتدىن ئىبا.
(ھەممىسى ئۇنىڭ يولباشچى بولۇشنى ماقۇل كوردى، لېكىن ھوپۇپ ھوكۇمەت ئىشىدىن باش تارتتى.)

دىدىكىم خەيلىغە مەن يول باشقۇراي،
بىلگانىمچە قەۋمىنى ئالىپ باراي.
(ئۇ، جامائەتكە مەن پەقەت يولباشلىغۇچى بولۇپ، قوۋمنى يېتەكلەپ باراي، دىدى.)

ئوزگە تەكلىپ ئەتسەگىز مالا يەتاق،
بىم ئېرۇر تۇشكاي ئارامىزدا پىراق.
(باشقا تەكلىۇپلار بولسا، مەن قوبۇل قىلالمايمەن، چۇنكى ئۇ بىزنى بىر-بىرىمىزدىن جۇدا قىلىپ قويىدۇ.)

قىلمدى ھۇد ھۇد چۇ بۇ ئىشنى قوبۇل،
ئوزگەلەر خود بار ئىدى جەمـئى جوھۇل.
(ھوپۇپ باشلىقلىقنى قوبۇل قىلمىدى، ئۇندىن باشقىلار بولسا يول بىلمەيتتى.)

كوردىلەر كىم بارچە ئەبتەر بولدى ئىش،
قۇرئە سالماقغە مۇقەررەر بولدى ئىش.
(قۇشلار كوردىكى، ئىش چاتاق، ئۇلار بۇ ئىشنى پال سېلىپ ھەل قىلماقچى بولۇشتى.)

قۇرئە سالىپ بىر-بىرىنىڭ زاتىغا،
چۇشتى قۇرئە ئولدەم ھۇد ھۇد ئاتىغا.
(ھەممىسىنىڭ ئىسمىنى سېلىپ پال سېلىشتى، پال ھوپۇپنىڭ نامىغا چىقتى.)

ئاگا ئۇزر ئەيتۇر پاسانە قالمدى،
يوق دىماكلىككە باھانە قالمدى.
(ھوپۇپكە ئوزرە ئېيتىشقا، ياق دىيىشكە ئەمدى بانا قالمدى.)

چۇن ئاگا بار ئېردى باردىن بىلىك،
بەيئەتىگە بەردىلار بارچە ئىلىك.
(چۈنكى ئۇ ھەممىدىن بىلىملىك ئىدى، ھەممىسى ئۇنىڭغا قول بېرىشتى.)

پىشۋالىق ئەيلەگەچ ھۇد ھۇد قوبۇل،
بارچەسىغە مۇددەئا قىلدى ھوسۇل.
(ھوپۇپ پىشۋالىقنى قوبۇل قىلدى، ھەممىنىڭ مۇرادى ھاسىل بولدى.)

دىدىلار بىز تابىئۇ سەن پادىشا،
ئەيلەلى كامىڭ نەلەر بولغاي راۋا.
(قۇشلار، بىز پۇقرا، سەن پادىشا بولدۇڭ، سىنىڭ رايىڭ نىمە بولسا، بىز ئۇنى ئورۇنلايمىز، دېيىشتى.)

سەن سۇپەھ سالار بىز پارچە سۇپەھ،
يولدا پەيرەۋ بىزنى قىلساڭ رۇبرەھ.
(دېيىشتىكى، سەن قوماندان، بىز بولساق ئەسكەرمىز. يولدا ساڭا ئەگىشىمىز، سەن بىزنى باشلا!)

ۋادى باشىغە يېتىپ قۇشلارنى ھەيرەت زەبۇن ئېتىب
بىر قۇشنىڭ سوئالى

(قۇشلارنىڭ بىر ۋادىغا يېتىپ بارغانلىقى، ھەيرانلىقتىن ئاجىزلاشقانلىرىدا
بىر قۇشنىڭ سوئال سورىغانلىقى)

چۇن ئۇلارغە ھۇد ھۇد ئولدى پىشۋا،
يولنى قەتئ ئەيلەرگە قىلدىلار ھاۋا.
(ئۇلارغا ھوپۇپ باشلىق بولدى، ئۇلار يوللاردىن قاتتىق ئۇچۇپ ئوتۇشكە بەل باغلاشتى.)

ئۇردىلار چۇنكىم نىچە كۇن بال-پەر،
يەتدىلار ۋادا باشىغە ئول ھەشەر.
(ئۇلار نەچچە كۈن ئۇچۇشۇپ، بىر ۋادىغا يېتىپ كېلىشتى.)

بى نىھايەت ۋادى بولدى پەدىد،
كىم كورۇنگەچ ئۇزدىلار جاندىن ئۇمىد.
(پايانسىز بىر ۋادا كورۇندى، قۇشلار ئۇ ۋادىنى كورۇپ جانلىرىدىن ئۇمىت ئۇزۇشتى.)

مېهنەت ئاندا هەددۇ-غايەتدىن پۇزۇن،
هىجىر سامىدەك نىهايەتتىن پۇزۇن.
(ئۇ ۋادىدا جاپا-مۇشەققەتلەر تولۇپ ياتاتتى، كورۇنۇشى هىجران كېچىسىدىنمۇ ياماندراق ئىدى.)

ئۇمر ئىلە جان ئاپىتى نەززارەسى،
قەتئ قىلماقدىن يوق ئۆزگە چارەسى.
(ئۇ ۋادىغا بىر قاراشنىڭ ئۆزى هاياتقا ئاپەت ئېلىپ كېلەتتى، قاتتىق بەل باغلاپ ۋادىنى كېسىپ ئۆتمەكتىن باشقا چارە يوق ئىدى.)

جانلارىغا چۈشتى هەۋلۇ هەيبەتى،
كىم دىماكدىن كوبرەك ئېردى شىددەتى.
(قۇشلار قورقۇنچ ۋە هەيرانلىق ئىچىدە قالدى، چۈنكى ۋادىنىڭ شىددەتى ئېيتقاندىنمۇ ئارتۇقراق ئىدى.)

ۋادى ئېردى خالايىق يەتمىگەن،
ۋۇسئەتىنى هىچ قۇش قەتئ ئەتمىگەن.
(بۇ ۋادىغا هىچ كىشىنىڭ ئايىغى يەتمىگەن، ئۇنىڭ ئۈستىدىن تېخى بىرەر قۇشمۇ ئۇچۇپ ئۆتۈپ باقمىغان ئىدى.)

بارچەغە سۇستايدى بارچە پەر ۋە بال،
بىرقۇش ئول دەم قىلدى هۇدهۇددىن سوئال.
(هەممە قۇشلارنىڭ قانات-قۇيرۇقلىرى بوشىشىپ كەتتى، شۇ دەم بىر قۇش هۇپۇپتىن سوئال سورىدى:)

كىم نىكىم خالى ئىكىن ئاباد يول،
پىكىر ئېتىپ مۇنداق جاۋابىن بەردى ئول.
(بۇ ۋادا ئاۋاتلىقتىن خالى ئىكەنغۇ؟ هوپۇپ ئويلاپ كورۇپ ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ جاۋاپ بەردى:)

كىم ئېرۇر خالى ئولۇس غەۋغاسىدىن،
شاه، ئىززۇ جاه، ئىستىغناسىدىن.
(هە، بۇ ۋادا ئەلنىڭ غەۋغالىرىدىن، پادىشالارنىڭ سەلتەنىتى ۋە مەنسەپ چوڭچىلىقلىرىدىن خالى ئىكەن.)

## ھكايەت

خىلۋەتىدىن چىقتى بىركۈن بايازىد①،
كىم ئول ئېردى قايىل ھەل جىن مەزىد.
(بايەزىد بىر كۈنى مەخپى ھوجرىسىدىن چىقتى. ئۇ، بازاردا كونا نەرسىلەرنى كوتىرىپ
يۈرۈپ، بۇ نەرسىلەرنى كىم مۇنچە پۇلغا ئالىدۇ؟ دەپ توۋلاپ يۈرۈپ ساتاتتى.)

كېچە ئاينىڭ تابىدىن روشەن ئىدى،
چەرخ ئەنجۇم دۇررىدىن گۇلشەن ئىدى.
(كېچە ئاينىڭ نۇرىدىن روشەن ئىدى. ئاسمان يۇلتۇز گوھەرلىرى بىلەن گۇلشەنگە
ئوخشاپ قالغان ئىدى.)

بەھر ئەخزەردىن كاراكىپ تابناك،
ھەر بىرى رەخشەندەلىقدىن دەردناك.
(كوك دېڭىزىدا يۇلتۇزلار تاۋلىناتتى، ھەر بىر يۇلتۇز دەرتمەنلىك بىلەن پاقىرايتتى.)

تارتىبان ئەپلاك ئالى بارگاھ،
رىفئەتۇ ۋۇسئەت تۇزۇپ بۇ بارگاھ.
(ئاسمان گۇمبىزى ئالى بارگاھ بولۇپ كورۇنەتتى، ئېگىز ۋە كەڭ بارگاھ (ئوردا)
ھاسىل بولغان ئىدى.)

ئەقل ئاجىز سەير ئىلە ئارامىدا،
ھۇش قاسىر ۋەئىلە ئەنرامىدا.
(ئاسمان جىسىملىرىنىڭ جىمجىت سەيلىسىدىن ئەقل ئاجىز ئىدى، ئىنسانىنىڭ ئىد-
رىكى ئۇلارنى بىلىشتە كەملىك قىلاتتى.)

بۇيلە دەرگاھ ئىچرە پىرى باخەبەر،
كورمىدى مەخلۇق جىنسىدىن ئەسەر.
(ھەممىدىن خەۋەردار بۇ پىر، بۇ دەرگاھتا مەخلۇقات جىنسىدىن بىر ئەسەر كورمىدى.)

نىچە قىلدى سەيئ ئىلە جويەندەلىغ،
شەھرۇ تاغۇ دەشت ئارا پۇيەندەلىغ.
(ئۇ كوپ قىبتىملاپ سەپەر قىلغان، شەھەرلەرنى ۋە تاغ-دەشتلەرنى كەزگەن.)

① بايازىد — مەشھۇر بىر ئەۋلىيانىڭ ئىسمى.

كىمسەدىن مۇتلەق نىشانى تاپىمدى،
ئۇزدىن ئۇزگە ناتۇۋانى تاپىمدى.
(ئۇ ئادەمزاتتىن بىر نىشان تاپالمىدى، ئۇزىدىن باشقا ھېچكىمنى كورمىدى.)

دىدى خالى نىدىن ئىركەن يا ئىلاھ،
دەرد ئىلە شەۋق ئەھلىدىن بۇ بارگاھ.
(ئۇ ئەي خۇدا، بۇ بارگاھ نىمىشقا مۇنداق ئىشق ۋە دەرت ئەھلىدىن خالى؟ — دىدى.)

بۇندا كوڭلىگە ھاتىف ئەيلىدى،
جاننى بۇ نەۋئ ۋاقىپ ئەيلىدى.
(شۇ چاغدا غايىپتىن ئاۋاز كېلىپ، ئۇنىڭ روھىنى مۇنداق دەپ خەۋەرلەندۇردى:)

كىم ئېرۇر بۇ، دەرگەھى ئىززۇ جالال،
ھەركىشى يول تاپماغى يوق ئېھتىمال.
(بۇ ھەممىدىن غالىپ ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ دەرگاھى، بۇ دەرگاھتىن ھېچكىم يول تاپالمايدۇ.)

شەھ ھەركى ئىززىنىڭ پايانى يوق،
ھەرگادا مەھرەملىغى ئىمكانى يوق.
(شاھلارنىڭ ھوزۇرىدا ئىززەتنىڭ چېكى بولمايدۇ، ھەر بىر گادايدا شاھ بىلەن ئۇل-پەت بولۇش ئىمكانىيىتى بولمايدۇ.)

ئۇمرلەر جان چەكسەلەر ئەھلى تەلەب،
بىرى بۇ دەۋلەتكە يەتمەكدۇر ئەجەپ.
(ئۇمۇر بويى جان تىكىپ تەلەپ قىلغۇچىلارنىڭ بىرەرسى بۇ خىل شەۋكەتكە يېتىشىپ قالسا، ئۇ ئاجايىپ ئىش بولىدۇ.)

ۋادى سەئۇبەتىدىن قۇشلارنىڭ ھۇد ھۇددىن سوئالى
ھۇدھۇددىنىڭ ئۇلارغا جاۋابى

(ۋادىدىكى مۇشكىلچىلىكلەر توغرىسىدا قۇشلارنىڭ ھوپۇپتىن سوئال سورىشى، ھوپۇپنىڭ ئۇلارغا بەرگەن جاۋاۋى)

نوكتە بۇ ياڭلىغكى بولدى رەھ شۇناس،
راھرەۋ قۇشلارغا يۈزلەندى ھە راس.
(بۇ خىل سوزلەر بىلەن يول يۈرگۈچى قۇشلاردا قورقۇنچ يۈز بەردى.)

كىم نىھايەتسىز بالاغا تۇشتىلار،
غايىتى يوق ئىستىلاغا تۇشتىلار.

(ئۇلار تەگسز بالاغا دۇچكەلدى، چەكسز مۇپتالالىقا گىرىپتار بولدى.)

يول كورۇنۇر ئېردىيۇ پايانى يوق،
دەرد مۇفرىت ئېردىيۇ دەرمانى يوق.
(يول كورۇنەتتىيۇ، ئەمما چېكى يوق ئىدى، جاپا تەگسز ئىدىيۇ، ئەمما ئۇنىڭغا ماغ-
دۇر يوق ئىدى.)

رەنج ئوتى كوككە چىكە ئېردى ئەلەم،
ئەرشنى كويدۇرگۇدەك، كۇرسىنى هەم.
(مۇشەققەت يالقۇنى ئاسماندا بايراقتەك لەپىلدەيتتى، ئۇ ئەرشنىڭ تەختىنى كويدۇر-
گىدەك دەرىجىدە كۇچلۇك ئىدى.)

ئۇيلە سەكرىر ئېردى ئىستىغنا يېلى،
سىنغۇدەك بۇ گۇنبەزى خەزرائىلى.
(تەكەببۇر بوران ئاسمان گۇمبىزىنى ئورۇپ تاشلىغىدەك دەرىجىدە سوقاتتى.)

بۇيلە يولنى ئول نىچە ئوفتادە قۇش،
جىسم بىرلە جانلارى مېهنەتكە تۇش.
(جىسمى ۋە جانلىرى جاپايۇ-مېهنەتكە دۇچكەلگەن ئۇ بىچارە قۇشلار مۇنداق دەهـ-
شەتلىك يولنى قانداقمۇ بېسىپ ئوتەلىسۇن؟)

قەتئ قىلماق قايدا بولغاي ئېهتىمال،
كىم خىيالىن ئېتسەيۇ بولغاي ماهال.
(بۇ يولنى كېسىپ ئوتۇشنىڭ ئېهتىمالى يوق ئىدى، بىرەرسى خىيال قىلغان بىلەنمۇ
ئۇنىڭغا ئىمكانىيەت يوق ئىدى-دە!)

جانلارى چۇن قالمىدى ئول بىم ئىلە،
جەمئ ئولۇب بارسى يۇز تەسلىم ئىلە.
(بۇ خىل قورقۇنچ بىلەن ئۇلارنىڭ تېنىدە جان قالمىدى. ئۇلار يىغىلىشىپ ۋە باش
قويۇشۇپ،)

كورگۇزۇپ هۇدهۇدغا كوب ئەجزۇ نىياز،
دىدىلاركى ئەي پىشۋايى دەرد راز.
(هوپۇپكە ئوزلىرىنىڭ ئاجىزلىقلىرىنى بىلدۇرۇشتى ۋە دىيىشتىكى، ئەي، دەرت ۋە سىر-
لىرىمىزگە پىشۋا بولغۇچى!)

چۇن سېنى بىزگە قىلدى پىشۋا،
ئەجزىمىزنى پەرز قىلماقدۇر ئادا.

(سەن بىرگە پىشىۋا بولدۇڭ، ساڭا ئۇز ئاجىزلىغىمىزنى بىلدۇرۇش بىزنىڭ پەرزىمىز-
دۇر.)

سەن چۇ بۇ يولدىن ئىرۇرسەن باخەبەر،
داغى بىز بىراھلارغا راھبەر.
(سىنىڭ بۇ يولدىن خەۋرىڭ بار، سەن بىزدەك يول بىلمەيدىغانلارغا يولباشچى
بولدۇڭ.)

بىزگە مۇشكۇللار دۇرۇر بۇ غەم ئارا،
كىم ئىرۇر پەرز ئانى قىلماق ماجرا.
(بۇ غەم بىزگە مۇشكۇلچىلىك ئىلىپ كەلدى، بۇ مۇشكۇلنى ھەل قىلماق پەرز بولۇپ
قالدى.)

ھەر بىرىمىز ساڭا ئەرز ئەتمەك سوزىن،
رەنج، مىھنەتتىن خالاس ئەتمەك ئۇزىن.
(ھەممىمىز جاپا-مۇشەققەتتىن ئۇزىمىزنى خالاس قىلماقلىق ئۇچۇن، دەيدىغان گىپىمىز
بولسا ساڭا ئىيتىمىز.)

سەن بارىنىڭ مۇشكۇلىن ھەل ئەيلەمەك،
شەرھىدە سوزنى مۇپەسسەل ئەيلەمەك.
(سەن ھەممىمىزنىڭ مۇشكۇلىنى ھەل قىلغىن، بىزگە تەپسىلى چۇشەندۇرگىن!)

نوكتە تەپسىلدە بولماق دۇرەفشان،
سوزنى سائىلغە قىلىپ زاھىر پەشان.
(مۇددىئانى بايان قىلىپ، سوزۇڭدىن گوھەر چاچقىن، سوئال سورىغۇچىلارغا ئىنىق
جاۋاپ بەر.)

خاتىردىن شۇبھىنى دەفئ ئەيلەبان،
كوڭلىن مەجھۇلىنى دەفئ ئەيلەبان.
(ئۇلارنىڭ كوڭلىدىكى شۇبھىنى كوتىرىپ، مۇجمەللىكلىرىنى يوق قىلغىن.)

جەمئ ئىتىب كوڭلىن بارى ئەشكالدىن،
قۇتقارىپ ھەرنەۋئ مۇشكۇل ھالدىن.
(كوڭۇللەرنى خاتىرجەم قىلىپ، ھەر خىل قىيىنچىلىقلاردىن بىزنى قۇتقۇزغىن.)

تەپرىقە قالماي كوڭۇلدە قىل ئۇچى،
كىم كىرەك تورتىنچى يول قەتئ ئەتكۇچى.

(كوڭلىمىزدە قىلچىلىكمۇ ئىختىلاپ قالمىسۇن، بىز بۇ تۇتىنچى يولنى كېسىپ ئوتۇشىمىز كېرەك.)

ھەر نەپەس بىر مەئمەن ئىچرە ئولتۇرۇپ،
خەيل كوڭلىن ھەر تەرەپتىن تىندۇرۇپ.
(ھەر نەپەستە بىزنى تېچلاندۇرۇپ، كوپچىلىكنىڭ كوڭلىنى خاتىرجەم قىلغىن.)

مۇشكۇلىن ھەركىم ساڭا قىلسا خىتاپ،
ھەللىدە ھەم سەن ئاڭا ئەيتىپ جاۋاپ.
(كىمكى ساڭا ئوز مۇشكۇلى توغرىلىق ئېيتسا، سەن ئۇنىڭغا مۇشكۇلىنى ھەل قىلىشنىڭ جاۋاۋىنى بەر!)

قالمىغاندىن سۇڭ كوڭۇللەردە خەتەر،
ھىچ خاتىردە خاۋاتىردىن ئەسەر.
(كوڭۇللەردە قورقۇنچ، خىيالدا ئەندىشىدىن ئەسەر قالمىغاندىن كېيىن،)

جەمئ خاتىر بىرلە قىلماق يولغا ئەزىم،
بۇ ئۇلۇغ مەخسەدگە قىلماق ئوزنى جەزم.
(ھەممەيلەن خاتىرجەملىك بىلەن يولغا ئاتلىنىپ، ئۇلۇغ مەقسەتكە قاراپ يۇزلىنىدۇ.)

يوقسە يول بىر ئىككى كۇنلىك ئىمەس،
بەل كىشى پايانىغا يىتۇك دىمەس.
(چۇنكى بۇ بىر-ئىككى كۇنلۇك يول ئەمەس، ھىچكىممۇ ئۇنىڭ چېكىگە يەتتىم دەپ ئېيتالمايدۇ.)

بۇيلە يول قەتئىدە جەمئ ئولماي كوڭۇل،
شۇبھە بىرلە بارماغى مۇشكۇل كوڭۇل.
(مۇنداق يولنى كېسىپ ئوتۇشتە كوڭۇل توختاتماي تۇرۇپ، شۇبھە بىلەن يولغا چىقىش توغرا كەلمەيدۇ.)

پىشۋاغا تۇشتى مەئقۇل ئول مىسال،
دىدى جەمئ ئولۇغ بار ئەھلى سوئال.
(پىشۋاغا بۇ سوزلەر ماقۇل كەلدى، ئۇ، سوئال سورىغانلار يىغىلىڭلار! — دەپ ئېيتتى.)

ئىلتىماسىن خەيلىنىڭ ئەيلەپ قوبۇل،
بىر بىيىك مەنزىل تاپىب قىلدى نۇزۇل.

(ئۇ جامائەتنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلىپ، بىر ئىگىزلىككە كېلىپ قوندى.)

قوندىلار ئانىڭ بىلە خەيلى سۇپاھ،
تۇكتە سۇردى مۇرشىدى ئىرپان پاناھ.
(قۇشلار جامائىتىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە قونۇشتى، قۇشلارنىڭ ئىلمىلىك پاناھى بولغان ھوپۇپ سوزگە كىرىشتى.)

دىدى سوزۇڭ كىمدە بولسا مۇشكۇلى،
بۇيلە سوز ئاراغا سالدى سايىلى.
(ئۇ جامائەتكە قاراپ، قېنى، كىمنىڭ مۇشكۇلچىلىگى بار؟ سوئالىڭلارنى قويۇڭلار! — دىدى.)

بىر قۇشنىڭ سوئالى

كىم ئايا بۇ خەيىلغە بولغان ئىزىمىز،
كىم سەنۇ، بىز پارچەمىز بىر جىنىس بىز.
(ئەي جامائەنىڭ قەدىردانى، — دىدى بىر قۇش، — سەن ۋە بىز بىر جىنىسمىز.)

تەڭ دۇرۇر چۇن پارچىمىزغە بالۇ پەر،
سەن نەدىن سەن باخەبەر بىز بىخەبەر.
(ھەممىمىزنىڭ قانات-قۇيرۇغى ئوخشاشۇ، ئەمما سەن ھەممىنى بىلىپسەن، بىز نىمىشقا بىلمەيمىز؟)

بۇ تاپاۋۇتنى ساراسەر شەرھ قىل،
كىم نەدىندۇر بىزگە رۇشەن ئەيلەگىل.
(بۇ پەرقنى بىزگە شەرھلەپ بەرگىن، بۇنىڭ سەۋەۋىنى ئېنىق قىلىپ چۈشەندۈر!)

ھۇد ھۇدنىڭ جاۋابى
(ھوپۇپنىڭ جاۋاۋى)

ئۇتروُدا بولدى ھۇدھۇدنىڭ سوزى،
كىم ماڭا چۈشمىش سۇلايماننىڭ كوزى.
(ھوپۇپ جامائەتنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئېيتتىكى، ماڭا سۇلايمان پەيغەمبەرنىڭ نەزىرى چۈشكەن.)

ھەق تالاكىم ئاڭا ئەيلەب نەزەر،
كىم رەسۇل ئەيلەب ئىدى ھەم تاجۋەر.

(خۇدا سۇلايمانغا نەزەر قىلىپ، ئۇنى پەيغەمبەر ھەم پادىشا قىلغان.)

جىن، ئىنس ۋە ھۇش، تۇيۇر ئۇستىدە شاھ،
ئەيلەب ئىردى ئانى لوتىپ ئەيلەپ ئىلاھ.
(خۇدا مەرھەمەت قىلىپ ئۇنى ئادەملەرگە، ئىنسۇ-جىنلارغا ۋە ئۇچار-قاناتلارغا پادى-
شا قىلغان.)

بۇيلە ساھىب دەۋلەت ۋە ساھىب سەرىر،
ئىلتىپاتىن تاپتى مەن يەڭلىغ ھەقىر.
(مەن ئاجىزمۇ ئۇ دولەت ۋە تەخت ئىگىسىنىڭ ئىلتىپاتىغا مۇيەسسەر بولدۇم.)

ئاندىن ئولدى بۇ قەدەر ئىززەت ماڭا،
باش ئوزە بۇ ئەپسەرى رىپئەت ماڭا.
(ئۇنىڭ نەزىرى تۇپەيلىدىن بۇ قەدەر ئىززەتلىك بولدۇم، بېشىمغا تاج كىيىدىم.)

كىمگە كىم ئەيلەپ نەزەر ئەھلى ساپا،
ئول نەزەر تۇپراقنى ئەيلەر كىمياە.
(كىمگە ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ نەزىرى چۈشسە، بۇ نەزەر تۇپراقنى ئالتۇن قىلىدۇ.)

شەيخ نەجمىددىن كۇبرا سوزى ۋە ئانىڭ ئىتقا تۇشكەن كوزى
(شەيخ نەجمىدىن كۇبرانىڭ ھىكايىسى، ئۇنىڭ ئىتقا نەزەر قىلغانلىغى)

شەيخ نەجمىدىن كۇبرا قۇتىب دەھر،
بىر نەزەردىن كىمگەكىم يەتكۇرسە بەھر.
(شەيخ نەجمىدىن كۇبرا زامانىسىنىڭ قۇتۇپ يۇلتۇزى ئىدى، ئۇ، كىمگە نەزەر قىلىپ
بەھر يەتكۇزسە،)

يارۇبان تۇرى ۋىلايەتدىن كوزى،
ئۇزلىكىدىن ئايرىلۇر ئىردى ئوزى.
(شۇ ئادەمنىڭ تۇرىدىن كوزى يورۇپ، ئاددى شەخسىيىتىدىن قول ئۇزەتتى.)

بۇ سۇپەتتە يەتدى ئول يەرگە ئىشى،
كىم ۋەلى بولدى كوزى چۈشكەن كىشى.
(بۇ خىل سۇپەتتە نەجمىدىن كۇبرانىڭ ئىشى شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، ئۇنىڭ نەزىرى
چۈشكەنلا كىشى ئەۋلىيالىققا يېتىشىدىغان بولدى.)

سەگكە ۋاقتى سالدى چۇن بىر كۈن نەزەر،
ئول نەزەردىن بولدى بىر ئىت بەھرەۋەر.
(بىر كۈنى ئۇنىڭ نەزىرى بىر ئىتقا چۈشتى، بۇ نەزەردىن ئىت بەھرىمەن بولدى.)

ئاشنالىقدىن يېتىشتى چاشنى،
تارتىپ ئىتلىك سىررەتىدىن باشنى.
(ئۇ ئىت مۇھەببەتتىن لەززەت تېپىپ، ئىتلىك قىلىقلىرىدىن باش تارتتى.)

يۈز قويۇپ شەيخ ئالىدا قىلدى نىياز،
بارچە ئىتلار ئۇزرە بولدى سەرپەراز.
(ئۇ ئىت، شەيخىنىڭ ئايىغىغا باش قويدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەممە ئىتلار ئارىسىدا ئابرويلۇق بولدى.)

ھەر قايان شەھر ئىچرە قىلسا ئەردى مەيل،
ئىتلار ئېردى گىردىدە ئانداغكى خەيل.
(ئۇ شەھەر ئىچىدە نەگە بارسا، شۇ يەردە ئىتلار ئۇنى ئوراپ ئالاتتى.)

قاندا ئولتۇرسا ئىدى ئىتلارغا شاھ،
ھەلقە ئېردى گىردىدە خەيلى سۇباھ.
(ئۇ قەيەردە ئولتۇرسىمۇ ئىتلارغا شاھ ئىدى، ئۇنىڭ چۆرىسىدە ئىتلار ھالقا بولۇپ تۇرىشاتتى.)

چۇن قازادىن باشىغا يەتدى ئەجەل،
شەيخ ئىشكىدىن قازىبان بىر مەھەل.
(قازا يېتىپ، ئۇ ئىت ئاخىرى ئۆلدى، ئۇنىڭغا شەيخىنىڭ ئىشىگى ئالدىدىن يەرلىك قېزىلدى.)

دەپن ئېتىب قەبرىن نەمۇدار ئەتدىلار،
قەبرىن ئىنساندەك پەدىدار ئەتدىلار.
(ئۇنى دەپنە قىلىپ قەۋرە تۇرغۇزۇشتى، ئۇنىڭ قەۋرىسى ئادەمنىڭ قەۋرىسىگە ئوخشاش ياسالدى.)

ئەيلەب ئىتلار ماتەمىدە كوپ پىغان،
قەبرىنىڭ دەۋرىدە تۇتدىلار ماكان.
(ئۇنىڭ ماتەمىدە ئىتلار يىغا-زارە قىلىشىپ، قەۋرىسىنىڭ ئەتراپىنى ئۆزلىرىگە ماكان قىلىشتى.)

يۇز قۇيۇپ قەبرىغە هالا ئەھلى راز،
كورگۇزۇرلار سىدىق يۇزىدىن نىياز.
(هازىرقى كۇندىمۇ ئىشق ئەھلى ئۇ ئىتنىڭ قەۋرىگە بېرىپ ساداقەت يۇزىدىن ئىلتە-جا قىلىشىدۇ.)

بۇ دەم ئول خارەزىمدە مەۋجۇت ئېرۇر،
كىشۋەرىكىم هاكىمى بەھبۇد ئېرۇر.
(ئۇ قەۋرە هازىر خارەزىمدە بولۇپ، مەملىكەتنىڭ هوكۇمدارى ئۇ ئىتنىڭ قەۋرىسىنى ساقلاپ قالغان.)

بولماغاي ئالەمدە مۇندىن تۇرپە سوز،
كىم سائادەت ئەھلى ئىتكە سالسە كوز.
(سائادەتلىك كىشىلەر ئىتقا نەزەر قىلسا، دۇنيادا بۇنىڭدىن ئاجايىپراق ئىش بولمايدۇ.)

يەتكۇرۇپ ئىتغا نەتىجە ئول نەزەر،
زاتىغە سالۇر كىشىلىكدىن ئەپسەر.
(ئۇ نەزەر ئىتقا مەنپەئەت يەتكۇزۇپ، ئىت ۋۇجۇدىغا ئىنسانلىق ئالامەتلىرىنى سالدۇ.)

ئىتغاكىم يەتكەي ۋەلىدىن تەربىيەت،
قۇشغا هەم تاڭ يوق نەبىدىن تەربىيەت.
(ئىتقا ئەۋلىيادىن تەربىيەت يەتكەن هالدا، قۇشقا پەيغەمبەردىن تەربىيەت يەتسە هېچ ئەجەپ ئەمەستە!)

نى كىشىلىك كىم ئىنايەتتىن نىشان،
نە شەيئى، نۇرى ۋىلايەتتىن نىشان.
(بۇ ئىتقا ئىنسانلىقتىن يەتكەن ئەسەر ئەمەس، بەلكى تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتى، ئەۋلىيا-لىق نۇرىدىن بىر نىشان ئىدى.)

قۇشغە هەم بولسا پەيغەمبەر لەپزى تۇش،
نى ئەجەپ بولسا مۇتىئى بارچە قۇش.
(پەيغەمبەرنىڭ سوزى بىر قۇشقا روھى نەسۋە بولۇپ، باشقا پۇتۇن قۇشلار ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلسا، بۇ ئەجەپلىنەرلىك ئىش ئەمەس.)

سابىقەن هەم قىسسە ئوتمىش بۇ قەبىل،
سىدقىغە ئەسهاب كەھف ئىتى دەلىل.
(مۇنداق قىسسەلەر بۇرۇنمۇ بولۇپ ئوتكەن، ئەسهاب كەھپنىڭ ئىتى توغرىسىدىكى ۋەقە بۇنىڭ دەلىلدۇر.)

چۇن ئىنايەت ئەيلىسە ھەيبى مۇجىب،
ئىتغە ۋە قۇشغە نى تاڭ يەتسە نەسىپ.
(مەرھەمەتلىك تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتى ئىتقا ۋە قۇشقا نېسىپ بولسا، بۇ ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس.)

يەنە بىر قۇشنىڭ ھۇدھۇددىن سوئالى
(يەنە بىر قۇشنىڭ ھوپۇپتىن سورىغان سوئالى)

يەنە بىر سائىل دىدى تارتىپ نەپىر،
كي بارى قۇشلارغە سەرخىل ۋە ئەمىر.
(يەنە بىر قۇش پەرىيات چېكىپ ئېيتتىكى: ئەي ھەممە قۇشلارنىڭ باشلىغى ۋە سەر-كەردىسى!)

يول قاتتىغدۇر مەن زەئىفى ناتىۋان،
پەشە ئەنقاغا بولا ئالماس راۋان.
(يول قاتتىق، مەن ئاجىزمەن، پاشا سۇمرۇغ بىلەن بىللە ئۇچالمايدۇ.)

ھەر نەپەس بۇ يولدا يۈز مىھنەت دۇرۇر،
ھەر دەم ئاندا يۈز تۇمەن شىددەت تۇرۇر.
(بۇ يولدا ھەر نەپەستە يۈز خىل جاپالار، ھەر دەمدە تۇمەن مىڭ ئېغىرچىلىقلار ئۇچراپ تۇرىدۇ.)

ئەقەبەلەر ئاندا بەلىيەت تاغىدىن،
گەردلەر كوزگە ئەجەل توزاغىدىن.
(بۇ يولدا بالا تاغلىرى ئۇچرايدۇ، ئەجەلنىڭ چاڭ-توزاڭلىرى كوزگە ئۇرۇپ تۇرىدۇ.)

يەل ئوزۇقنى تاغ ئۇزە چۇن يەتكۇرۇپ،
تاشنى تۇپراق يەڭلىغ ساۋۇرۇپ.
(بورانلار ئوزۇق-تۈلۈكنى تاغلارغا ئاپىرىپ تاشلايدۇ، تاشلارنى تۇپراقتا ئوخشاش سورۇۋېتىدۇ.)

شىرغە يەتمەس بۇ يول ئەزمىغە زور،
نى قىلا ئالغاي زەئىفى خەستە مور.
(شىرمۇ بۇ يولدا ئاجىزلىق قىلىدۇ، ئاجىز چۈمۈلە قانداق قىلسۇن؟)

## ھۇدھۇدنىڭ جاۋابى
(ھوپۇپنىڭ جاۋاۋى)

دىدى ھۇدھۇدكى ئى زەئىفى مۇستەمەند،
ھىممەتىڭ پەستۇر ئۇزۇك دۇفى نەژەند.
(ئەي، ئاجىز ھاجەتمەن! ھىممىتىڭ پەس ۋە ئۇزۇكمۇ پەس تەبىئەت ئىكەنسەن!)

تەن نىچەكىم بار ئىسە پەست دەژەم،
ھىممەت ئەر بولسا بىيىك ئاندىن نە غەم.
(ئادەمنىڭ تېنى كىچىك، بويى پەس بولسىمۇ، ئەمما ھىممىتى ئۇستۇن بولسا، ئۇنىڭغا نىمە غەم بولسۇن؟)

چۇنكى بۇ ئىش كەلدى بىشەك ئىشق ئىشى،
كىمكى ئاشىق ئېرمەس ئول ئېرمەس كىشى.
(چۇنكى بۇ شەكسىز ئىشقتۇر، ئىشقسىز كىشىنى ئادەم دىگىلى بولمايدۇ.)

ناتاۋانلىق ئاشىق ئەلگە پىشەدۇر،
بەلكى جان تەركى مادام ئەندىشەدۇر.
(بىچارىلىق ئاشىقلارنىڭ كەسپى. جاندىن كەچمەك ئۇلارنىڭ ئوي - پىكرى بولىدۇ.)

بارۇ يوقىدىن ئۇزنى پانى ئەيلەمەك،
يار ئىشقىن جاۋىدانى ئەيلەمەك.
(ئۇلار جاھاننىڭ بار - يوقىدىن ئۇزلىرىنى خالى تۇتىدۇ، يارنىڭ ئىشقىنى مەڭگۇ دەپ بىلىدۇ.)

ھەركىشىگە ئىشق ھىممەت بولسا يار،
سۇستى، تەن زۇئىپىگە نى ئىتىبار.
(ھەركىشىگە ئىشق بىلەن ھىممەت يار بولسا، ئۇنىڭغا سۇستلۇق ۋە تەن زەئىپلىگىنىڭ نىمە كارايىتى بولسۇن.)

بار ئاڭا ئىشق ئىچرە جان بەرمەك مۇراد،
ئىشق قەيدىدىن دۇرۇر بارچە كۇشاد.
(ئۇنىڭ مەقسىدى ئىشق يولىدا جان بېرىش بولىدۇ، ئۇنىڭ پۇتۇن ئازاتلىغى ئىشققا مۇپتالالىقتۇر.)

ئىشق ئارا ئولمەك دۇرۇر مەقسۇد ئاڭا،
جانغا نوقسان ئولمەكىدىن سۇد ئاڭا.

(ئىشق يولىدا ئۆلۈش ئۇنىڭ مەقسىدى، جېنىغا نۇقسان يەتكۈزۈش ئۇنىڭ ئۈچۈن پايدىلىق بولىدۇ.)

كىمكى كىم دۇنياغىەدۇر ۋابەستەلىغ،
يەتسە ئول ئەندىشەدىن دىل خەستەلىغ.
(كىمكى مال - دۇنياغا باغلىنىپ، شۇ خىيال بىلەن دىلى يارا بولغان بولسا،)

كىمسەگە بۇ زۇئىپ مۇستەھسەن ئىمەس،
ئەھلى ئىشق ئول زۇئىپنى ئەھسەن دىمەس.
(بۇ خىل ئاجىزلىق ئۇ كىشىگە ياخشىلىق ئېلىپ كەلمەيدۇ، ئىشق ئەھلى ئۇنداق ئاجىزلىق-نى ياخشى بولدى، دەپ قارىمايدۇ.)

ئىشقدىن ھەركىمگە زۇئىپى تاب ئېرۇر،
ئول مۇراد ئايىنىغا ئەساپ ئېرۇر.
(ھەركىشىگە ئىشقتىن ئاجىزلىق يەتسە، ئۇ ئاجىزلىق مۇراتقا يېتىشىنىڭ سەۋەپچىسى بولۇپ قالىدۇ.)

ئىشقدىن چۈنكىم مۇراد ئولماق ئىمىش،
باردۇر ئولمەككە يىقىن زۇئىپ ئىچرە ئىش.
(ئىشقدىن بۇخىل مۇرات ھاسىل بولسا، كىشى ئۆلگىدەك دەرىجىدە ئاجىزلاشسا بولىۋېرىدۇ.)

زۇئىپكىم جان تەركىگە بولغاي سەبەب،
بولسا ئاندىن ئىھتىيات ئەسرۇ ئەجەپ.
(ئاجىزلىق جاندىن كېچىشكە سەۋەپ بولسا، ئۇنىڭدىن ئىھتىيات قىلىش تولىمۇ غەلىتى ئىش بولىدۇ.)

ئىشق ئارا جان تەركى چۈن مەتلۇپ ئېرۇر،
ھەرنە ئانىڭ بائىسى مەرغۇب ئېرۇر.
(ئىشق يولىدا جاندىن كېچىش ئاشىق ئۈچۈن تەلەپ بولىدۇ، ھەرقانداق ئەھۋال ئۇ-نىڭ سەۋەبى بولسا، ئۇ خىل سەۋەپنى قوبۇل قىلىش لازىم.)

زۇئىپنىڭ پايانى بولسا تەركى جان،
ئۆيلە ئولمەككە پىدا جانۇ جاھان.
(ئاجىزلىقنىڭ چېكى جاندىن كېچىش بولسا، مۇنداق ئۆلۈمگە جاننى پىدا قىلسا بولىدۇ.)

سەن جاھان مۇلكدە ملك يىل بولدى تۇت،
دەرد ھەسرەت بىرلە ئاخىر بولدى تۇت.

(سەن بۇ دۇنيادا ملك يىل ئومۇر سۇرسەڭمۇ، ئومرىڭ بەرىبىر دەرت - ھەسرەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.)

بولماس ئېرمىش سەن چۇ ئۇلمەكدىن يىراق،
بۇ تەلەىدە بارى ئۇلمەك ياخشىراق.

(ئۇلۇمدىن يىراق بولۇشقا بولمىغان ئىكەن، ئۇ ھالدا ئىشق يولىدا ئۇلگەن ياخشىراقتۇر.)

**شەيخ ئەبۇسەئىد ئەبۇلخەير رەھمەتۇللاھ ئەلەيھى ھكايىسى**
**(شەيخ ئەبۇسەئىد ئەبۇلخەيرنىڭ ھكايىسى)**

مەھنە شەيخى كىم بۇ يولنى قىلدى سەير،
يار ۋەسلىدىن نەسىبى بولدى خەير.

(مەھنە دىگەن جاينىڭ شەيخى ئىشق يولنى سەير قىلغان ئىدى، ئۇنىڭغا يار ۋىسالىدىن ياخشى نەسىۋە يەتتى.)

ئەۋۋەلدە ئىشقىنىڭ بەس زار ئىدى،
يۈز بەلىيەت تىغىدىن ئەفگار ئىدى.

(ئىشقىنىڭ دەسلىۋىدە ئۇ ئىنتايىن ئىنتىزار بولىدى، بالايۇ ئاپەت قىلىچىدىن يارىلاندى.)

زۇئىپ تاپمىش ئېردى ئىستىلا ئاڭا،
زۇئىپدىن ئىش ئاھۇ ۋاۋەيلا ئاڭا.

(ئۇنىڭدا ئاجىزلىق ئۇستۇنلۇكنى ئىگەللىدى، ئاجىزلىقتىن ئۇ ھەمىشە "ئاھ - ۋاھ" دەپ پەريات چېكىشكە باشلىدى.)

ئىشق بەرقىدىن ئىدى جانىدا ئوت،
ئول شەرەردىن جىسىم ۋەيرانىدا ئوت.

(ئىشقىنىڭ چاقماقلىرى ئۇنىڭ جېنىغا ئوت تۇتاشتۇراتتى، ئۇ ئوتنىڭ ئۇچقۇنلىرى ۋەيرانە جىسمىنى ئورتەيتتى.)

تۇن ئاڭا ئۇيقۇ، كۇن ئارام يوق،
ئىشق ئەندۇھىدىن ئۇزگە كام يوق.

(ئۇنىڭدا كېچىدە ئۇيقۇ، كۇندۇزدە ئارام يوق ئىدى، ئۇنىڭ ئىشق غېمىدىن باشقا مەقسىدىمۇ يوق ئىدى.)

كۇندۇز ئانىڭ زىكرى پىكرى يار بەس،
ھەجرىدىن ئەۋلا - پىغانۇ زار بەس.
(كۇندۇزلىرى ئۇ يارىنىڭ پىكرى - يادى بىلەنلا بولاتتى، جۇدالىق پىغانىدىن ئەلاراق باشقا ئىشى يوق ئىدى.)

كىچە بولماس ئېردى شەھرۇ باغ ئارا،
ئوزنى تارتار ئېردى دەشتى تاغ ئارا.
(كېچىلىرى ئۇ شەھەر باغلىرىدا تۇرالمايتتى، تاغلارغا ۋە دەشتلەرگە چىقىپ كېتەتتى.)

ئول زاماندا بار ئىدى ۋەيرانەئى،
چۇغزى قەسرىدەك بۇزۇق كاشانەئى.
(ئۇ زاماندا بىر ۋەيرانە بولۇپ، ئۇ ھوقۇشنىڭ ئۇۋىسىغا ئوخشاش بۇزۇق بىر ماكان ئىدى.)

ئاندا چاھى بار ئىدى بىھەد ئەمىق،
سۇيىدە شەخسى نەشات ئولغاي غەرق.
(ئۇ ماكاندا ناھايىتى چوڭقۇر بىر قۇدۇق بولۇپ، ئۇ قۇدۇقتا غەرق بولغان كىشى شاتلىق تاپاتتى.)

ئاسىلىپ ئول چاھ ئىچىندە سەرنەگۇن،
ئىشق ئىستىلاسىدىن زارۇ زەبۇن.
(شەيخ ئۇ قۇدۇقنىڭ ئىچىدە ئوزىنى تەتۇر ئېسىپ، ئىشق ئىستىلاسىدىن زارلىناتتى.)

تاڭغە تېكرۇ ئىش ئاڭا ئاھۇ پىغان،
قەترە - قەترە كوزىدىن تامغۇنچە قان.
(ئۇ تاڭ ئاتقۇنچە ئاھ - پەريات چېكىپ، كوزلىرىدىن تامچە - تامچە قان ئاققۇزاتتى.)

ئولمەك ئىستەر ئىشق ئارا ئول تاپمايىن،
ئول تەماننادىن كوزىنى ياپمايىن.
(ئىشق يولىدا ئولۇم تىلەپ، تۇن بويى كوز يۇممايتتى.)

بۇ بەلىيەت جىسمىنى نال ئەيلەبان،
نالەسى جاننى بەرھال ئەيلەبان.
(بۇ بالالار جىسمىنى ئاجىزلىتىپ، نالە - پەريات ئۇنىڭ جېنىنى يامان ھالەتكە چۇشۇرۇپ قويغان ئىدى.)

ھىجر ئارا ئەللەر بۇ يەڭلىغ چەكتى ھال،
تا يېتىشتى ئاغزىغە جامى ۋىسال.

(كىشىلەر ئىشقتا تاكى ۋىسال قەدەھىگە ئېرىشكەنگە قەدەر مانا مۇشۇنىداق جاپالارنى چەككەن.)

ئىشق ئارا بۇدۇر ئىزەنلەرنىڭ ئىشى،
ئولمايىن تاپماس بۇ دەۋلەتنى كىشى.

(مۇنداق بولماق ئىشقتا ئەركەكلەرنىڭ ئىشى بولۇپ، ئۆلمەي تۇرۇپ مۇنىداق بايلىققا ئېرىشكىلى بولمايدۇ.)

يەنە بىر قۇشنىڭ سوئالى

دىدى بىر قۇش كىم قىلىب مەن كوپ گۇناھ،
بۇ ئۇياتتىن ئەسرۇ ھالىمدۇر تاباھ.

(يەنە بىر قۇش، مەن كوپ گۇنالارنى ئوتكۇزدۇم. ئىزا ـ ئۇياتتىن ھالىم يامان بولۇۋاتىدۇ، ــ دىدى.)

زايە ئەيلەىدۇر مىنى ئالۇدەلىغ،
قويمايىن ئول يولغا بۇ پەرسۇ دەلىغ.

(دىدىكى، مىنى بۇ گۇنالار زايا قىلدى، بۇ ۋەيرانچىلىق مىنىڭ ئىشق يولىغا مىڭىشىمغا يول قويمايىۋاتىدۇ.)

چۇن نىجاسەتتىن چىبىندۇر لەۋس ناك،
ئاڭانى نىسبەتدۇر سىمۇرۇغ پاك.

(چىۋىن نىجاسەتلەردە بولىدۇ، ئۇ پاك ۋۇجۇتلۇق سۇمرۇغقا قانىداقمۇ تەڭ كىلەلىسۇن!)

پاك ۋەسلىغە كىرەكدۇر پاكلىغ،
يوقكى لەۋسى جۇرم ئارا بىباكلىغ.

(پاكلىقنىڭ ۋەسلىگە يىتىش ئۇچۇن پاك بولۇش كىرەك. گۇناھلار ۋە رەسۋالىقلار بىلەن ئۇ ۋەسلىگە يەتكىلى بولمايدۇ.)

ئول ئەردىغ، مەندە ئەرىخسىزلىق سۇپات،
ۋەسلىنى ئىستەرگە مەنىڭ دۇر ئۇيات.

(ۋەسلى پاك، مەن ناپاكدۇرمەن. ئۇنى ئىزلەي دىسەم ئىزا ـ ئۇيات مىنى توساپ تۇرىۋاتىدۇ.)

## هۇدهۇدنىڭ جاۋابى

(هوپۇپنىڭ جاۋاۋى)

دىدى هۇدهۇدكىم ئىبرۇرسەن مۇئتەرىق،
كىم ئىشىڭ بولمىش گۇناهدىن مۇنهەرىق.
(هوپۇپ مۇنداق دىدى: سەن گۇناهلىرىڭنى ئىتىراپ قىلدىڭ، ئەمدى ئۇ گۇناهلاردىن
قول ئۈزسەڭلا بولىدۇ.)

دەهر ئارا ئىرمەس ئىقامەب مەنزىلى،
كىم كى بار ئاخىر ئۆلۈمدۇر هاسىلى.
(دۇنيا كىشى ئۈچۈن مەنزىل بولالمايدۇ، هەرقانداق كىشىنىڭ ئاقىۋىتى ئۆلۈم بولىدۇ.)

بۇ گۇناه بىرلە گەر ئۆلمەك ئىستەسەڭ،
خەلق ئەهۋالىغا كۈلمەك ئىستەسەڭ.
(ئەگەر بۇ گۇناهلار بىلەن ئۆلۈشنى خالىساڭ، خەلقنىڭ هالىغا كۈلسەڭ،)

بىل كى، بەس غاپىل ۋە نادان بولغاسىن،
ئەهلى ئەقل ئالدە جاهىل بولغاسىن.
(بىلگىنكى، بۇ غاپىل ۋە نادانلىقىڭ، ئەقىل ئەهلى ئالدىدا جاهىللىق قىلغانلىقىڭ
بولىدۇ.)

بۇ گۇناهدىن ئايرىماق قىلساڭ هەۋەس،
ئول داغى ئاسان ئىرۇر ئەي بولهەۋەس.
(بۇ گۇناهدىن قۇتۇلاي دىسەڭ، ئۇنىڭ چارىسى ئاسان.)

تەۋبەدۇر ئانى ئىتماقىغە ئىلاج،
زۇلمەت ئىسيان ئارا بۇدۇر سىراج.
(گۇناهنى يۇيۇشنىڭ چارىسى تەۋبە قىلىشتۇر، تەۋبە — گۇنا قاراڭغۇلىغىنىڭ چىرىغىدۇر.)

جۇرم لەۋسىدىن كىشى مەسۇم ئىمەس،
بۇيلە ئىسمەت كىمسەگە مەلۇم ئىمەس.
(گۇناهنىڭ بۇلغىشىدىن هىچكىم خالى بولالمايدۇ، ئۇنىڭدىن ساقلىنىش يوللىرىمۇ هىچ
كىشىگە مەلۇم ئەمەس.)

ئادەم ئەۋلادىنى قىلمايدۇر ئىلاه،
ئۇيلەكىم ئاندىن باش ئۇرمايدۇر گۇناه.
(خۇدا هىچقانداق ئادەم بالىسىنى گۇنا ئۆتكۈزمەيدىغان قىلىپ ياراتقان ئەمەس، گۇنا
سادىر قىلمايدىغان ئادەم يوق.)

بولمىسا سەندىن گۇناھ ئەي بىخەبەر،
ئەفۋى رەخمەت كىمگە بولغاي جىلۋەگەر.
(ئەگەر سىنىڭ گۇناھىڭ بولمىسا، خۇدانىڭ رەھمىتى كىمگە جىلۋە قىلىدۇ؟)

جۇرمىدىن ئۇلكىم يۇزى بولغاي سارىغ،
تەۋبە ئەيلەر ئول سەرىشقلىقنى ئەرىغ.
(گۇناھىدىن كىشىنىڭ يۇزى سارغايغان بولسا، ئۇ سېرىقلىقنى تۇۋە يوق قىلالايدۇ.)

بەھرى رەھمەت مەۋجىنە كىرگەن زامان،
پاك ئولۇر سەن، مەن كىبى يۇز ناتاۋان.
(رەھمەت دېڭىزى ئۇركەشلىگەن چاغدا، سەندەك، مەندەك نۇرغۇن ئاجىزلارنىڭ گۇناھى يۇيۇلۇپ كېتىدۇ.)

هەزرىتى ئادەم سەفىيۇللا ھىكايەتلىرى
(ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىكايىلىرى)

خەيل ئىنسانىنىڭ ئاتاسى بولبەشەر،
كىم ئانى خەلق ئەتتى ھەييى دارگەر.
(خۇدا ھەممە ئىنسانلارنىڭ ئاتىسى — ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ياراتتى.)

باشىغا قويدى ھىدايەت ئەفسەرىن،
تاجىغا تىكتى نەبۇۋەت گەۋھەرىن.
(ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىك يولىنىڭ تاجىنى كىيگۈزۈپ، تاجىغا پەيغەمبەرلىك گۆھىرىنى تاقىدى.)

قىلدىلار تاپغاچ بۇ يەڭلىغ ئىززۇ جاھ،
تۇپراغىن خەيلى مالائىك سەجدەگاھ.
(بۇ خىل مەرتىۋىگە ئىگە بولغاچقا، ئۇنىڭ تۇپرىقى پەرىشتىلەرنىڭ سەجدىگاھى بولدى.)

ئەۋج گەردۇن خاكراھ ئولدى ئاڭا،
باغ جەننەت جىلۋەگاھ ئولدى ئاڭا.
(ئاسمان - پەلەك ئۇنىڭ ئاياق ئاستىدا بولدى، جەننەت باغلىرى ئۇنىڭغا چىراي ئاچتى.)

بۇ سۈپەت ساپى ۋەشى ئالى ھەسەب،
كىم سەفى كەلدى ئاڭا ھەقدىن لەقەب.
(ئۇ بۇ خىل گۈزەل ۋە ئالى سۈپەتلەرگە ئىگە بولدى، ئۇنىڭغا تەڭرىنىڭ دوستى، دىگەن نام بېرىلدى.)

چۈنكى تەقدىر ئەتتى ھەيبى، زۇلجەلال،
جۈرم ئىسيان بىرلە بولدى تىيرەھال.
(كېيىن ئۇنىڭ تەلىيى تەتۈر كېلىپ، گۇنا قىلىپ قويۇپ، ئەھۋالى زۇلمەتلىك بولۇپ قالدى.)

ئانچە رىپئەت بىرلە ئول مەسجۇدلۇق،
كەتتى ۋە بولدى ئىشى مەردۇدلۇق.
(ئۇلۇغ مەرتىۋىسى قولدىن كېتىپ، ئۆزى جەننەتتىن قوغلاندى.)

ئۇستىگە دۇد جەندەسىن تىكۈردىلار،
رەۋزەئى جەنىنەتتىن ئانى سۈردىلار.
(ئۇستىگە "مەردۇد" (قوغلاندىلىق) جەندىسىنى كىيگۈزۈپ، ئۇنى جەننەتتىن ھەيدەپ چىقىرىشتى.)

يۈز قارالىقلار ئانى ئەيلەپ نەسىب،
تۈشتى ھىندۇستان ساۋادىغا غەرىب.
(ئۇنىڭغا يۈزى قارىلىق خاس بولۇپ، ئۆزى ھىندۇستان زېمىنىغا غېرىب بولۇپ چۈشتى.)

قەرنلەر ھىجرانىدا ئېردى ئەشك رىز،
سالىپ ئاھۇ نالەسىدىن رۇستەخىز.
(ئۇ ئۇزۇن زامان جەننەت جۇدالىقىدا يىغلاپ يۈردى، ئۇنىڭ نالىسى جاھاندا قوزغى-لاڭ پەيدا قىلدى.)

جانى ئورتەنگەن زامان ئانداغكى خەس،
تەۋبە ئول ھالىغا بولدى چارە رەس.
(ئۇنىڭ جېنى چوگا - چاتقالدەك كويگەن چاغلاردا، ئۇنىڭ ئامالى توۋە بولغان ئىدى.)

باغى جەننەتدىن يانا ئېستى نەسىم،
بولدى يۈزمىڭ دەرد - مىھنەتتىن سەلىم.
(جەننەت باغلىرىدىن يەنە ئىللىق شامال سوقۇپ، ئۇ چەكسىز جاپا - مۇشەققەتتىن قۇ-تۇلدى.)

تەۋبە سىغ دەستگىر ئولدى قەبۇل،
ئەيلىدى قۇربەت ھەرىمىدا نۇزۇل.
(خۇدا ئۇنىڭ توۋىسىنى قوبۇل قىلىپ، يەنە ئۆزىگە يېقىن يەردىن ئورۇن بەردى.)

ئانداغ ئەلگە يەتسە بۇ بەندى كۇشاد،
سەن كىم ئولغايسەن زەئىفى مۇراد.
(گۇناكارلارغىمۇ ئاشۇنداق ئازاتلىق يېتىشىۋاتسا، سەن ئاجىز مۇراتسىز قالاتتىڭمۇ؟)

تەۋبە قىلغىل داغى بەھبۇدۇڭغا يەت،
يولغا ئەيلەپ ئەزم مەقسۇدىڭغا يەت.
(سەنمۇ تووْە قىلىپ، يولغا چىققىن ـ دە، مەقسەت ـ مۇرادىڭغا يەتكىن.)

**يەنە بىر قۇشنىڭ سوئالى**

يەنە بىر سائىل دىدى كى ئى زىبۇ تاج،
مەندە ۋاقىئدۇر مۇلەۋۋەنلىك مىزاج.
(يەنە بىر قۇش ئېيتتىكى، ئەي گۇزەل تاجدار، مېنىڭ مىجەزىم بەكمۇ ئۆزگىرىشچان.)

ھەر سۇپەتتە كەلدى تەبئىم پارسا،
گاھ پاسىق مەن، زامانى پارسا.
(تەبىئىتىم ھەر خىل، ھەر خىل سۈپەتلىرىم بار، بەزىدە پاسىق يۈرىمەن، بەزىدە تەقۋادار بولۇپ قالىمەن.)

گاھ مەتاۋبۇم خارابات ئەھلىدۇر،
گاھ مەرغۇبۇم مۇناجات ئەھلىدۇر.
(بەزىدە شاراپخورلار بىلەن بىللە يۈرىمەن، بەزىدە مۇناجات ئەھلىنى ياقتۇرۇپ قالىمەن.)

گەھ ھەرەم تەۋپىدە مەن يەزدان پەرەست،
دەير ئىچىدە گاھ بۇت ئالىدا بەست.
(گاھىدا كەئبەنى تاۋاپ قىلىپ خۇداغا ئىبادەت قىلىمەن، گاھىدا بۇتخانىدا بۇتقا چوقۇنىمەن.)

ئىستىقامەت يوقدۇر خىيالىمدا ھىچ،
بۇ جەھەتدىندۇر ئىچىمدە پىچ ـ پىچ.
(خىيالىمدا ئىستىقامەت يوق، شۇ سەۋەپتىن تولىمۇ تىت ـ تىت بولىمەن.)

بۇ مولەۋۋەنلىق مىزاجى شۇم بىلە،
بۇ، سۇپەتلىك ئادەتى مەزمۇم بىلە.
(مېنىڭ مۇشۇنداق ئۆزگىرىشچان شۇم مىجەزىم ۋە پەس ئادەتلىرىم بار.)

بۇيلە بولغايكىم كېرەك يەكرەڭگىلىك،
ئۆزنى تاپماسمەن سەھىھ ئاھەڭگىلىق.
(مىجەزىم مۇقىمراق بولسا ياخشى بولاتتى، پەقەت ئۆزەمنى تۇتالماي كېتىۋاتىمەن.)

## هۇدهۇدنىڭ جاۋابى
## (هوپۇپنىڭ جاۋاۋى)

دىدى هۇد هۇد كىم بۇ مەئنىنى شۇئار،
قىلهەقىقەت بارچەنىڭ زاتىدە بار.
(هوپۇپ مۇنداق دىدى: بۇ خىل ھەقىقەت ھەممە ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدا ئۇچرايدۇ.)

كىم بارىغا ھەمنەپەسدۇر نەپسى روھ،
بەستەلىغ بىردىن تاپار بىردىن پۇتۇھ.
(ھەممە ئادەمدە نەپسى ۋە روھ بولىدۇ، نەپسىنىڭ گۇناھىنى روھ تۇزىتىدۇ.)

ئۇلدۇر ئېركىم سەلب ئېتىپ نەپسانىيەت،
غالىپ ئەتكەي زاتىغا رۇھانىيەت.
(نەپسنى يېڭىپ، روھىنى غالىپ قىلالىغان ئادەم مەرت ئادەمدۇر.)

ھەر كىشىدە بۇ سۇپەت بىر زات ئېرۇر،
ئول كىشى پاكۇ- شەرەپ ئەۋقات ئېرۇر.
(ھەر كىشىدە بۇ خىل سۇپەت بولىدىكەن، ئۇ كىشى پاك ۋە ئۇلۇغ كىشى بولىدۇ.)

گەر مۇلەۋۋەن بولسا زاتى شىۋەسى،
سەن كەبى بولسا تەھەتتۇك مىۋەسى.
(ئەگەر ئەسلى زاتى رەڭمۇ- رەڭ بولۇپ، ئۆزى ساڭا ئوخشاش بى ھايا، رەسۋا بولسا،)

بۇ مەرەز تاپمىش رىيازەتتىن ئىلاج،
كى كىشىگە مۇستەقىم ئولغاي مىزاج.
(مۇنداق تۇراقسىزلىقنىڭ ئىلاجى رىيازەت چېكىش بولىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ خىل ئادەم تۇراقلىق مىجەزگە ئىگە بولىدۇ.)

نەپسدىن بۇ كىمگە كىم بۇ بىم ئېرۇر،
چارە مۇرشىد ئالدىدا تەسلىم ئېرۇر.
(نەپسىنىڭ شۇملۇغى ئادەمگە بالايى- ئاپەت كەلتۈرىدۇ، ئۇنىڭدىن قوتۇلۇش ئۈچۈن، توغرا يول كورسەتكۈچىگە تەسلىم بولۇش كېرەك.)

بۇيلە ئىللەتلەرغە مۇرشىددۇر تەبىب،
كىم خالايىق پىر دەرلەر ئەي لەبىب.

(ئەي ئەقىل ئىگىسى، بۇ خىل كېسەلگە خالايىق "پىر" دەپ ئاتايدىغان توغرا يول كۆرسەتكۈچى داۋا قىلىشى كېرەك.)

تالىبى سالىككە بۇ ئىللەتلەر بولۇر،
نەپسى خەيلىدىن مەزەللەتلەر بولۇر.
(بۇ خىل مىجەز توغرا يول ئىزلەنگۈچىلەرگە نىسبەتەن بىر خىل ئىللەت بولىدۇ. نەپسىنىڭ زىيانكەشلىگى ئادەمنى خار ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ.)

كىم ئاڭا پىئلى زامائىمدۇر لەقەب،
مۇبتالا بولۇر ئاڭا ئەھلى تەلەب.
(تەلەپ ئەھلى يامان قىلىقلارغا مۇپتىلا بولۇپ قالسا،)

پىر ھەر بىرىگە قىلۇر نەۋئى داۋا،
كىم بارىب ئىللەت تاپار تالىب شىپا.
(ئۇلارغا پىر داۋا قىلىدۇ، گۇنا ئىللىتى بۇ داۋا بىلەن شىپالىق تاپىدۇ.)

ئول مەرەزلەردىن بۇ داغى بىرىدۇر،
كىم رىيازەتلەر ئانىڭ تەدبىرىدۇر.
(بۇ ھەر خىل كېسەللەرنىڭ پەقەت بىر تۈرلۈگى، ئۇنىڭ چارىسى رىيازەت چېكىشتۇر.)

سەن داغى بۇ ئىشگە ئانى چاغلىساڭ،
بىر قاتىغلىققا بىلىگنى باغلىساڭ.
(سەنمۇ بۇ خىل يولنى قوللىنىپ، قاتتىق جاپا-مۇشەققەت تارتىشقا بەل باغلىساڭ بولىدۇ.)

ئۇيلەدۇر ئۇمىدكىم بۇ لۇتپ خاس،
ئەگەر تەھەتتۇكدىن سىنى قىلسا خالاس.
(شۇندىلا خاس مەرھەمەت سىنى مۇنداق گۇنادىن قۇتۇلدۇرالايدۇ، دەپ ئۇمىت قىلىمىز.)

بۇ تەئەبلەردىن تەرەبناك ئولغاسىن،
ھەق يولىدا رەھرەۋى پاك ئولغاسىن.
(ئاندىن مۇشكۈلچىلىكلەردىن خالاس بولۇپ، ھەق يولىدا بىر پاك يولاۋچى بولالايسەن.)

### ھكايەت ئەبۇ تۇراپ نەخشبى
### (ئەبۇ تۇراپ نەخشبىنىڭ ھكايىسى)

زۇمرەئى تەھقىق ساپى مەشرەبى،
ۋاسىلى ھەق بۇ تۇرابى نەخشبى.
(ئەبۇ تۇراب نەخشبى پاك ۋۇجۇتلۇق ئادەم بولۇپ، ئۇ تەڭرى ھەقىقىتىگە يېتىش-كەن كىشى ئىدى.)

بىر مۇرىدى ھالىغا سالىب نەزەر،
زىبۇ زىنەتدىن تاپار ئېردى ئەسەر.
(زىبۇ-زىننەتكە بېرىلگەن بىر مۇرىدىنىڭ ھالىغا ئۇنىڭ كوزى چۈشتى.)

خىرقەسىدە ۋەسلەلەر ئېردى ئەرىغ،
رەنگىلەر ئېردى قىزىل، ياشىل، سەرىغ.
(ئۇ مۇرىدنىڭ جەندىسى پاكىز بولۇپ، قىزىل، يېشىل ۋە سېرىق قۇراقلاردىن تىكىل-گەن ئىدى.)

مەيل كوپ نەفسىغە رە ئىنالىق سارى،
كىسۇەتى پەقر ئىچرە زىبالىق سارى.
(ئۇنىڭ نەپسى گۈزەللىككە كوپ مايىل ئىدى، ئۇ دەرۋىشلىك كىيىمى بىلەن ئۈزىنى ياساپ يۈرۈشنى خالايتتى.)

كوپ رىيازەتلەر بۇيۇردى پىر ئاڭا،
ئول تەكەللۇپ تاپمىدى تەغيىر ئاڭا.
(پىرى ئۇنىڭغا كوپ رىيازەت چېكىشنى بۇيرۇدى، لېكىن ئۇ رىيازەتلەرمۇ ئۇنىڭ بۇ قىلىغىنى ئۆزگەرتەلمىدى.)

كوردىكىم زۇئى ئولماس ئېردى بۇ سۇپەت،
مۇرشىدى كامىل بۇيۇردى ئاقىبەت.
(پىرى ئۇنىڭغا رىيازەتلەرنىڭ كار قىلمىغانلىغىنى كورۇپ، ئاخىرى مۇنداق بىر ئىشنى بۇيرۇدى،)

ھەر كۇن ئوز نەپسى ئىلە رەزم ئەيلەمەك،
داغى دارۇسسۇلھىغا ئەزم ئەيلەمەك.
(يەنى، ئۇنىڭ ھەر كۇنى ئوز نەپسى بىلەن جەڭ قىلىپ، نەپسىگە سۇلھى-مادار قىلىشىغا قارشى تورۇشى ئۇچۇن،)

بىر سۇۋەتكە قوينىڭ ئىچ ئالاتىنى،
سالىبان ئەھشاۋۇ قازۇ راتىنى.
(بىر سىۋەتكە قوينىڭ ئىچ - قارنىنى— ئۇچەي ۋە قېرىنلىرىنى سالدۇرۇپ،)

باش ئۇزە ئانى قۇيۇپ مەھكەم تۇتۇپ،
مىھنەتۇ رەنجىدىن ئانىڭ قان يۇتۇب.
(ئۇنى بېشىنىڭ ئۇستىدە فرىيۇپ توشۇپ يۇرۇشكە سالدى، بۇ جاپادىن ئۇ مۇرىت قان يۇتۇشقا باشلىدى.)

قەترەلەر ھەريان تامىب دەستاردىن،
ئانى ئوتكەرگاي نەسەپ بازاردىن.
(ئۇ سەللىسىدىن ژىن تامچىلاپ تۇرغان ھالىدا، قوۋم - قېرىنداشلىرى بار بازاردىن ئوتۇشكە مەجبۇر بولدى.)

نەپسىغە ئانىڭ يېتىپ مۇنداغ مۇراد،
نەچچە بۇ ئىشدىن چۇ تاپتى ئىمتىداد.
(بۇ ئىشتىن ئۇنىڭ نەپسى سۇنۇپ، ئۇ ئاخىر مۇرادىغا يەتتى.)

خىرقەسىدە قالمىدى زىبالىغى،
باشىدىن چىقتى بارى رەئنالىغى.
(تونىنىڭ گۇزەللىگى يوقاپ، ياسانچۇقلۇق ئۇنىڭ كاللىسىدىن كوتىرىلدى.)

بۇ مەشەققەت قىلدى چۇن نەپسىن ھىلاك،
مۇرشىدى كامىل بۇيۇردى غوسلى پاك.
(بۇ خىل رىيازەت ئۇنىڭ نەپسىنى ھالاك قىلدى. كامىل پىر ئۇنى يۇيۇنۇشقا بۇيرۇدى.)

ئول مەرەزدىن بۇيلە قۇتقاردى ئانى،
ئول خەتەردىن بۇيلە ئوتكەردى ئانى.
(پىر ئۇنى ئۇ خىل ئىللەت ۋە خەتەردىن مانا مۇشۇنداق يول بىلەن قۇتقۇزدى.)

تا ماقامى بولدى ئايۋانى ۋۇسۇل،
ھەرنە مەتلۇبىغا يۇز قۇيدى ھوسۇل.
(ئۇ ۋىسال سارىيىغا يېتىشتى، ئۇنىڭ تەلەپلىرى مىۋە بەردى.)

سەن داغى نەپسىڭغە قوي بىر نەۋئ رەنج،
تا نەسىبىڭ بولغاي ئانىڭ مۇزدى گەنج.

(سەنمۇ نەپسڭگە رىيازەتنى يۈكلە، نەسۋەڭ ھەقىقەت غەزىسى بولىدۇ.)

يوق ئىسە ئۆزۈڭنى زايە بولدى تۇت،
بۇ مۇلەۋۋەن دەۋزەخىدە ئۆلدى تۇت.
(ئۆزنداق قىلمىساڭ زايا بولسەن - دە، ئۆزگىرۈچان مىجەزنىڭ دوزىغىدا ئۆلسەن.)

**يەنە بىر قۇشنىڭ ھوپۇپتىن سوئالى**

دىدى بىر سائىلكى ئى پۈرخەندە خۇ،
نەپسى زالىمدۇر ماڭا بەھەد ئەدۇ.
(يەنە بىر قۇش ئېيتتىكى، ئەي مۇبارەك خىسلەتلىك زات، زالىم نەپسىم ماڭا غايەت دۈشمەنلىك قىلىۋاتىدۇ.)

ھەرنە ئەمىر ئېتسە قىلۇر زاھىر خىلاف،
ئىتكابىدىن تۇتار ئۆزنى مائاف.
(خۇدا ماڭا نىمىنى بۇيرۇغان بولسا، ئۇ ئۇنىڭغا قارشىلىق كورسىتىدۇ. ئۇنىڭ ئىتكابىدىن ئۆزىنى يىراق تۇتىدۇ.)

بولسا يولدا ئۆيلە دۈشمەن ئول ماڭا،
تەي ئىچۈك بولغاي بۇ قاتتىق يول ماڭا.
(ئۇ ماڭا يولدا دۈشمەنلىك قىلسا، بۇ قاتتىق يولنى فانداقمۇ بېسىپ تۈگىتەرمەن؟)

**ھۇد ھۇدنىڭ جاۋابى**

**(ھوپۇپنىڭ جاۋاۋى)**

دىدى ھۇدھۇدكى ئى زەبۇنى ھىرس كىش،
نەپسى زۇلمى ئەيلەگەن كوڭلىنى نىش.
(ھوپۇپ مۇنداق دىدى: نەپسىنىڭ زۇلمى كوڭلىنى جاراھەتلەندۈرگەن مال - دۇنياغا ھىرىسمەن!)

نەپسىنىڭ مەھكۇمى بولغاي تۈن - كۈن،
ئۆزگە بۇ ھەنگامەنى قىلغاي ئۈزۈن.
(كېچە - كۈندۈز نەپسىنىڭ قۇلى بولساڭ، سېنىڭ بۇ ھىكايەڭ ئۇزۇراپ كېتىدۇ.)

نەپسگە ئەمىر ئېتسە بولغاي زىردەست،
ئوز بۈيۈكلىك قىلسا، قىلغاي ئۆزنى پەست.

(سەن نەپسىڭگە بۇيرۇق قىلساڭ، ئۇ سېنىڭ قول ئاستىڭدا بولىدۇ، نەپسى سەندىن ئۈستۈن بولۇۋالسا، سېنى قول ئاستىغا ئالىدۇ.)

تۇرمىغاي ئول ئەمىر قىلماي بىر نەپەس،
هاسىل ئەيلەپ ھەرنى ئول ئەتكەن ھەۋەس.
(نەپسى ساڭا بۇيرۇق چۈشۈرمەي بىر نەپەسمۇ تۇرالمايدۇ، نىمىنى ھەۋەس قىلسا، شۇنىڭغا ئېرىشمىگىچە توختىمايدۇ.)

ئۆمر ئۇنىڭ پەرمانى بىرلە سەرپ ئېتىپ،
ئول تەمەننا ئەيلەگەن سارى كېتىپ.
(ئۆمرۈڭنى ئۇنىڭ پەرمانلىرىغىلا سەرپ قىلساڭ، ئۇ نىمىنى ئارزۇ قىلسا، شۇ ياققا ماڭساڭ،)

بىر ئىشەكدەك باشىگە ئەفسار ئۇرۇپ،
نەپسىنى ئۇز ئارقاڭ ئۇزرە مىندۇرۇپ.
(ئىشەككە ئوخشاش بېشىڭغا نوختا سالدۇرۇپ، ئۇنى دۈمبەڭگە مىندۇرۇپ يۈرسەن.)

ئول قايان سۈرسە سۈرۈپ كام ئول تەرەپ،
قايدا تورسە تاپىب ئارام ئول تەرەپ.
(ئۇ قاياققا ھەيدىسە، شۇ ياققا يۈرۈپ، قەيەردە توختىسا، شۇ يەردە ئارام ئالسەن.)

تىفىل ئىكەندە خود ئۇنىڭ زارى ئىدىڭ،
لەھۋ ئىلە غەپلەت گىرىپتارى ئىدىڭ.
(سەن بالا چېغىڭدىمۇ ئۇنىڭغا ئىنتىزار ئىدىڭ، ئويۇن - كۈلكىنىڭ غەپلىتىگە گىرىپتار بولغان ئىدىڭ.)

چۈن يىگىت بولدۇڭ ھەم ئاندىن تاپمادىڭ،
لەھزەئى ئۇز ھالىڭە ئايلانمادىڭ.
(يىگىت بولۇپمۇ يەنە ئۇنىڭدىن ئۆزۈڭنى تارتماي كەلدىڭ.)

قېرىغاندا خۇد يېيىشتى دۇرتىشىڭ،
پىسىق ئىسياندا تامام ئولدى ئىشىڭ.
(ئەمدى قېرىدىڭ، ئىنجۇ - مەرۋايىتتەك چىشلىرىڭ توكۇلدى، ئومرۈڭمۇ گويا بىلەن تامام بولاي دەۋاتىدۇ.)

ئومرۇڭ ئوتتى غەپلەت ۋە ئىسيان بىلە،
يەتدى ئۇلمەك مىڭ تۈمەن ئارمان بىلە.

(ئۆمرۈڭ بەخىتلىق ۋە گۈنا بىلەن ئۆتتى، سېنى چەكسىز ئارمانىدا قالدۇرۇپ ئۆلۈم پەيتىمۇ يېقىنلىشىۋاتىدۇ.)

تەگرى ئەمرىن ئۆمر ئۆتۈپ ياد ئەتمەدىڭ،
شىۋە جۆز ئىزلال ـ ئىنفسار ئەتمەدىڭ.
(ئۆمرۈڭ ئۆتتىيۇ، خۇدانى يات ئەتمىدىڭ، بۇزۇقچىلىق ۋە ئازغۇنلۇقتىن قول تارتـ ـمىدىڭ.)

دەھر ئارا يوق سەن كىبى زاتى ئەجەپ،
ئۆمر ئۆتۈپ ئۆتكەزگەن ئەھۋالى ئەجەپ.
(دۇنيادا ساڭا ئوخشاش ئۆمرىنى ئەجەپلىنەرلىك ئەھۋالدا ئۆتكۈزگەن يەنە باشقا ئادەم يوق.)

تا تىرىك ئىردىڭ بۇ ئىردى غەپلەتىڭ،
بۇيلە ئۆلسەڭ كور نە ئۆلغاي ھالەتىڭ.
(تىرىك چېغىڭدا ئەھۋالىڭ شۇ، ئۆلگەندىن كېيىن نېمىمۇ بولارسەن!)

**ھىكايەت**

پادىشاھى مەست ئىدى بى باك ھەم،
زالىمۇ غارەتگە رۇ سەپپاك ھەم.
(دائىم مەس يۈرىدىغان، ھاياسىز، زالىم، بۇلاڭچى ۋە قانخور بىر پادىشا بار ئىدى.)

نەپسى زالىم ھەرنىگە مەئمۇر ئىتىپ،
قىلماغىدا ئول ئۆزىن مەئزۇر ئىتىپ
(زالىم نەپسى نىمىگە باشلىسا، ئۇ شۇنى قىلاتتى.)

بىر كۈن ئەيلار ئىردى جامى ئەيشى نۇش،
كوردىكىم بارۇرلار ئىككى جەندەپۇش.
(بىر كۈنى شاراپ ئىچىپ ئولتۇرۇپ، جەندە كىيگەن ئىككى كىشىنىڭ ئۆتۈپ كېتىپ بارغانلىغىنى كوردى.)

بىر ـ بىرىگە ئىككىسى يارۇ رەپىق،
ھەمدەمو ھەمرازۇ غەمخارۇ شەپىق.
(ئۇ ئىككىسى بىر ـ بىرىگە دوست، يولداش، سىرداش، غەمخور ۋە شەپقەتلىك ئىدى.)

شەھ تىلەپ قىلدى بىرسىدىن سوئال،
ئول بىرىنىڭ ھالىدىن سوردى ماقال.
(پادىشا ئۇلارنى چاقىرىپ، بىرسىدىن يەنە بىرسىنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى.)

كىم، بۇ كىم كەلدى سىنىڭ ھەم كىسۋەتىڭ،
زاھىر ئەت كىم ئاڭا نىدۇر نىسبەتىڭ؟
(سەن بىلەن ئوخشاش چاپان كىيگەن كىم بۇ؟ ھەم سىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن قانداق مۇناسىۋىتىڭ بار؟)

دىدى نىسبەت ئىككىمىزدە يارلىق،
ھەمدەمۇ ھەم مەشرەبۇ ھەمكارلىق.
(ئۇ: ئىككىمىزنىڭ دوستلۇق، ھەمكارلىق ۋە ھەمدەملىك مۇناسىۋىتىمىز بار، ــ دىدى.)

مەست غاپىل ئەيدى ئى ساھىپ تەرق،
ئەيت كىم مەن ياخشىراق يا ئول ھەبىب؟
(مەس پادىشا يەنە ئۇنىڭدىن: ئەي دەرۋىش، ساڭا نىسبەتەن مەن ياخشىراقمۇ ياكى دوستۇڭ ياخشىراقمۇ؟ دەپ سورىدى.)

دىدىكىم، ئانچە ماڭا بولمىش ئايان،
ئىككىڭىزنىڭ ھالىنى ئەيلەي بايان.
(ئۇ مەن ھەر ئىككىڭلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلگىنىمچە بايان قىلىپ باقاي، دەپ ئېيتتى.)

چۈنكى بولدۇڭ ئىككىسىدىن بى خەبەر،
سەن ئۆزۈڭ ھۆكىم ئەيلەگىل ئەي تاجۋەر.
(سەن ئۆزەڭ ھوكۈم قىلىپ باققىنا، سەن تاج كىيگەن پادىشا، ئىككىمىزنىڭ ئەھۋالىدىن بىخەۋەرسەن.)

سەن ئەگەرچە بىر ئۇلۇسقا شاھ سەن،
تەڭرى يولىدا ئەۋۋەلى گۇمراھ سەن.
(سەن گەرچە بىر ئەلنىڭ پادىشاھى بولساڭمۇ، تەڭرىنىڭ يولىدىن ئالدى بىلەن ئېزىپسەن.)

ھەرنە ھەق دەپدۇر خىلاپىدۇر ئىشىڭ،
كىچە ـ كۈندۈز بۇ بولدى ۋەرزىشىڭ.
(تەڭرى نىمىنى بۇيرۇغان بولسا، سەن شۇنىڭغا خىلاپلىق قىلدىڭ، بۇ سىنىڭ كىچە-كۈندۈزلۈك ئادىتىڭ بولدى.)

ئۇل ئەگەرچە بولسا دەرۋىشۇ گادا،
تەڭرىنىڭ ئەمرىنى خوپ ئەيلەر ئادا.
(مىنىڭ دوستۇم گەرچە گاداي ۋە دەرۋىش بولسىمۇ، ئەمما تەڭرىنىڭ ئەمرىنى ئوبدان
بىجا كەلتۈرىدۇ.)

هەق يولىدا تاشقىرى قويماس قەدەم،
بەلكى هەق ئەمرىدىن ئورماس ئۆزگە دەم.
(ئۇ خۇدانىڭ يولىدىن چەتكە چىقمايدۇ، خۇدانىڭ ئەمرىدىن ئۆزگىچە ئىش تۇت-
مايدۇ.)

سەن شەھ ئەمما نەپسىگە زارۇ ھەقىر،
ئۇل گاداۋۇ نەپسىنى ئەيلەپ ئەسىر.
(سەن شاھسەنۇ، ئەمما نەپسىنىڭ ئالدىدا ئاجىزسەن، ئۇ گاداي بولسىمۇ نەپسىنى
ئۆزىگە ئەسىر قىلالىغان.)

تا تىرىك سىز ئىككىڭىزگە هال بۇ،
ئۇل گادا، سەن شاھتە مەنۋال بۇ.
(ئۇ گاداي، سەن شاھ بولساڭمۇ، هاياتلىقتا ئەهۋالىڭلار مانا مۇشۇنداق بولۇپ ئوتۇ-
ۋاتىدۇ.)

ئۆلسەڭىز خۇد شاھ ئۆلدۇر، سەن گادا،
كىم سەن ئېردىڭ مەست ئۇل ئەھلى هۇدا.
(ئۆلگەندە ئۇ شاھ بولىدۇ، سەن گاداي بولىسەن، چۈنكى سەن هاياتتىن مەس
ئوتتۇڭۇ، ئۇ توغرا يولدا ماڭدى.)

ئۆكتەنى بۇ نەۋئ سۆرگەچ پىر راھ،
سەسكىنىپ ئۇل ئۇيقۇدىن ئويغاندى شاھ.
(توغرا يولنىڭ پىرى بولغان ئۇ ئادەم گەپنى بۇ تەرىقىدە قويغاندىن كېيىن، پادىشا
ئۇيقۇدىن سەسكىنىپ ئويغاندى.)

مەست ئىدى، ئاڭا يەتتىيۇ هۇشيارلىغ،
ئۇيقۇغا قويدى نۇر بىدارلىغ.
(ئۇ مەسلىكتىن هۇشىغا كەلدى، تۇرانە هۇشيارلىق بىلەن ئۇيقۇغا چەك قويدى.)

شاھلىق زەربەيتىدىن يۈزلەندى ئار،
تاشلاپ ئانى، جەندە قىلدى ئىختىيار.

(شاھانە كالۋاتۇن تونلىرىدىن نومۇس قىلدى، ئۇنى تاشلاپ جەندە كىيىشنى ئىختىيار قىلدى.)

كوڭلىگە ھەقدىن يىتىب ئاگاھلىغ،
بىلدىكىم دەرۋىشلىكتۇر شاھلىغ.
(شاھنىڭ كوڭلىگە خۇدادىن ھۇشيارلىق يەتتى، ئۇ دەرۋىشلىكنى پادىشالىق ئىكەن، دەپ بىلدى.)

**يەنە بىر سايىلنىڭ ھۇدھۇددىن سوئالى**
**(يەنە بىر قۇشنىڭ ھوپۇپتىن سوئالى)**

دىدى بىر سايىل ئىبلىسى لەئىن،
قەستىم ئەيلەر زاھىر ئەيلەپ قەستىكىن.
(يەنە بىر قۇش دىدىكى: لەنتى شەيتان ھەمىشە ماڭا دۇشمەنلىك ۋە قەست قىلدۇ.)

ئوز ھۇزۇرۇمغا مىنى قويماس دەمى،
كەلتۇرۇر كوڭلۇمگە ھەردەم ئالەمى.
(مىنى بىردەممۇ تىنچ قويمايدۇ، ھەر نەپەستە كوڭلۇمگە پۇتۇن ئالەمنى ئەكىلىپ تۇرىدۇ.)

باشىمە ھەر لەھزە سالۇر بىر خىيال،
كىم ئىمەس ئاندىن قۇتۇلماق ئىھتىمال.
(ھەر دەقىقدە بېشىمغا بىر خىيال سالىدۇ، ئۇ خىيالدىن زادىلا قۇتۇلالمايمەن.)

چۈنكى يوق ئاندىن قۇتۇلماغلىق ماڭا،
چارەدۇر مەئمۇر بولماغلىق ماڭا.
(قۇتۇلغىلى بولمىغاندىن كېيىن، ئۇ خىياللارغا بويسۇنماي ئىلاجىم يوق.)

ئۇيلە مۇپرىت مەن ئانىڭ ۋەسۋاسىدىن،
كىم، زەبۇندۇر ئەقل، ئۇنىڭ ئىھاسىدىن.
(مەن دائىم ئۇنىڭ ۋەسۋەسى بىلەن يۇرىمەن، ئۇنىڭ قۇترىتىشلىرى ئەقلىمنى ئاجىز قىلىپ قويۇۋاتىدۇ.)

**ھۇدھۇدنىڭ جاۋابى**
**(ھوپۇپنىڭ جاۋاۋى)**

دىدى ھۇدھۇد: تاكى نەپسىڭدۇر قەرىن،
ئاڭا بار ئىبلىس شاگىردى كەمىن.

(هوپۇپ دىدىكى: نەپسىڭ ساڭا يېقىن بولسا، ئىبلىسنىڭ شاگىرتى ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشكە تەييارلا تۇرىدۇ.)

نەپسى ئانچە كوڭلىڭگە سالۇر غۇرۇر،
يەتكۇرۇر ئانچە زەمىرىڭگە پۇتۇر.
(نەپسى دىلىڭغا مەغرۇرلۇقنى سېلىپ، توغرا نىيەتلىرىڭگە نۇقسان يەتكۇزىدۇ.)

كىم، ئانى شەيتان كورۇپ هەيران قالۇر،
ۋادى هەيرەتتە سەرگەردان قالۇر.
(ئۇنى شەيتان كورۇپ هەيران قالدۇ ۋە هەيرانلىق ۋادىسىدا سەرگەردان بولدۇ.)

قايسى ئىشتىن كىم يېتەر نەپسىڭغە كام،
تاپار ئاندىن كامىنى شەيتان مۇدام.
(نەپسىڭنىڭ خاهىشى قايسى ئىشتىن ئورۇنلانسا، شەيتان شۇ ئىشتىن مەقسىدىگە يېتىدۇ.)

نەپسى هوكمى بىرلە كىم، قىلساڭ هەر ئىش،
ئىزخايۇر ئول كامدىن شەيتانغا تىش.
(سەن هەرقانداق ئىشنى نەپسىڭ بۇيرۇغى بىلەن قىلساڭ، شەيتان خوشال بولۇپ ھىجىيىدۇ.)

دىمەكىم شەيتانغا بولمىش مەن دەلىل،
ئول سېنىڭ نەپسىڭنى ئەيلەبدۇر ۋەكىل.
(سەن، مەن شەيتاننىڭ قىلمىشىغا ئىسپات بولۇپ يۇرۇۋاتىمەن، دىمە. ئۇ سېنىڭ نەپسىڭنى ئوزىگە ۋەكىل قىلىۋالغان.)

هەرنە ئول قىلماق كېرەك، نەپسىڭ قىلۇر،
هەرنىكىم شەيتانغا داخىلدۇر زەرۇر.
(شەيتان قىلماقچى بولغان هەممە ئىشنى سېنىڭ نەپسىڭ قىلدۇ، سېنىڭ ئۇ ئىشلىرىڭغا شەيتان هاجەتلىك بولدۇ.)

نەپسىڭ ئانداغ هەققى مۇلك ئەتمىش ئانى،
كىم ئېرۇر دۇرج ئاندا يۇز شەيتان پەنى.
(نەپسىڭ سېنىڭ ئىختىيارىڭنى ئوزىنىڭ قىلىۋالغان، شۇڭا نەپسىدە يۇز شەيتاننىڭ هىلە-مىكرى بولدۇ.)

نەپسلك ئانچە كورگۈزۈر تەلبىسنى،
كىم قىلۇر شەرمەندە يۈز ئىبلىسنى.
(نەپسلك شۇنداق ھىلە-مىكىرلەرنى كورسەتتىدۇكى، ئۇ ھىلە-مىكىرلەر ئالدىدا يۈز ئىبلىسمۇ ئۇسال ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدۇ.)

سەنكى يار ئولدۇڭ بۇ يەگلىغ نەپسى ئىلە،
نى ئۈچۈن شەيتاندىن ئىتكايسەن گىلە.
(نەپسىگە مۇنچىۋالا دوست ئىكەنسەنتۇ، يەنە نىمىشقا شەيتاندىن قىيدايسەن؟)

(داۋامى بار)




مولla نىياز خوتەنى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەتىمىن خۇدابەردى

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن:

18 -ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا خوتەندە ئۆتكەن ئۇيغۇر شائىرى موللا نىياز ئۆزىنىڭ ئۆلمەس ئەمگىكى — «تۇت ئىمام تەزكىرىسى» ناملىق تارىخى داستانى بىلەن شۇ دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ شوھرەتلىك مۇنبىرىدىن ئۆزىگە مۇناسىپ ئورۇن ئالدۇ. شائىرنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادى پائالىيىتى توغرىلىق بۇ داستاندا خېلىلا ئېنىق مەلۇمات بار.

شائىر ئۆزى توغرىلىق مۇنداق دەپ يازىدۇ:

ئۆزر تەقسىر سىزگە ئەي ئاقىل،
مەن ئېرۇرمەن كەمىنەئى غافىل.
ئېردى ياشىم كىچىك، ئۆزۈم نادان،
ئەيب نۇقسانىم باردۇر چەندان.
ئىشى كىچىكلەرگە دۇر خەتا قىلماق،
ئانى چوڭلار ئىشى ئەتا قىلماق.
يوق ئىدى قابىلىيەتىم ئانچە،
مۇنچە سوزلەرنى نەزىم قىلغۇنچە.
ئانا مۇلك خوتەن ئاتا تاغى،
تۇت ئىماملارىم نىيازى مەن داغى.
تۇفراغىم ئۇشبۇ ئاستانەدىندۇر،
نەسەبىم ئۇشبۇ ئاشيانەدىندۇر.

مەنزىلىم ھەم بۇ مەشھەد پاكى،
تەكيەگاھىم بۇ ئاستان خاكى.
ھەشت پۇشتۇم بۇ يەردە ئۆتكەن ئىكەن
مۇندا مەقسەدلارىغە يەتكەن ئىكەن.
قىرىق ياشغە ئاتام يېتىپ ئەمدى،
يوق ئىكەن ئەمما ھىچ فەرزەندى.
بىر كۈنى رەۋزەگە كېلىبدۇرلار،
تۈنەب ئاندا تەلەب قىلىبدۇرلار.

بۇدلۇق يېتىبان نە بۇ دۇمغە،
پات يېقىن كەلمىشەم ۋۇجۇدۇمغە.
ئاقىبەت بىر كۈنى تۇغۇلمىشمەن،
بىر نەھىف ھەم زەئىف ئوغۇلمىشمەن.
شۇكر ئېتىب تەربىيەت قىلىبدۇرلار،
روز - شەب مەرھەمەت قىلىبدۇرلار.
قويۇب ئېركەن ئاتىمنى مۇللا نىياز،
مېنى قىلمىش ئىماملارىمغە نىياز.
بەردى مەكتەبكە تورت ياشىمدا،
ئاتام ئېردى ھەمىشە قاشىمدا.
مېنى دەپ كۈندە داخىلى مەكتەب،
ئۆرگەتۈرگە ماڭا ئىلىم - ئەدەب.
ياشىم ئالتە - يەتتەگە يەتمىش،
بىۋەفا دۇنيادىن ئاتام كەتمىش.
باشغە تۈشمىش بۇ دەرد، غەم تاغى،
كوڭلۇمە بۇ يېتىمچىلىك داغى.
يوق ئاتام ھەرقايان باقۇر ئېردىم،
روز - شەب يىغلابان ئوقۇر ئېردىم.
پات فۇرسەت سەۋادىم ئاچىلمىش،
باب گەنجى مۇرادىم ئاچىلمىش.

لىك بۇ سوز كوڭۈلغە يەتكەچ پات،
نەزىم ئەيلەب قىلۇر ئىدىم ئەبيات.
تولا ئەبيات ئەيلەگەچ زاھىر،
ماڭا ئات قويدى چوڭ - كىچىك شائىر.
تا بۇ دەم كەمىنە شىكەستەئى لال،
كوڭلۇمە ئېردى بىر ئەجىب خەيال.

بىر ئىشى مەندىن ئاشكار ئولسا،
ئەھلى ئالەمگە يادگار ئولسا.

كۈندە باشىمدا يۈز خەيال ئىدى،
لىك بۇ ئىش ماڭا مەھال ئىدى.
بۇ تەفەككۇر بىلە قاتىپ باشىم،
يەتتى ئاخىر يىگىرمەگە ياشىم.
..................................
..................................

شائىر بۇ داستاننى 20 ياشقا كىرگەن چاغدا يازغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇ داستاننىڭ پۈتكەن ۋاقتى توغرىلىق توختىلىپ:

ئىدى تارىخ ئۈچ يۈز توقسان،
ئونى زۇلھەججەدە شەھىد ئولغان.
يەنە تارىخ بولمىش ئىدى غەرىب،
نەشردىن تاپتى نەزمە تەرتىپ.
ئاي ھەمەل ئىدى، يىلى ھەمدۇنە،
ھەم تەمام ئولدى روز ئازىنە.

دەپ يازىدۇ. "غەرىب" سوزىنى ئەبجەد ھىساۋى بىلەن چىقارساق، ھىجرى 1211 - يىلى (مىلادى 1791 - يىلى) بولىدۇ. دىمەك، داستان شۇ يىلى (مايمۇن يىلى) كونا 3 - ئايدا بىر پەيشەنبە كۈنى يېزىلىپ تامام بولغان. داستان شائىرنىڭ 20 يېشىدا يېزىلغانلىقىنى ھىساپقا ئالساق، شائىر ئۆزى ھىجرى 1191 - يىلى (مىلادى 1771 - يىلى) تۇغۇلغان بولىدۇ. داستان 2080 مىسرا بولۇپ، ئارۇز ۋەزنىنىڭ مەسنەۋى شەكلىدە يېزىلغان.

داستان مەزمۇنەن ئۈچ قىسىمغا بولۇنىدۇ: بىرىنچى قىسمى—ھەمدۇ سانا، ئىككىنچى قىسمى—داستاننىڭ ئاساسىي ۋەقەلىگى — ئۇيغۇرلاردا ئىسلامىيەت بىلەن بۇددىزىم ئوتتۇرىسىدا بولغان كۈرەشلەر، ئۈچىنچى قىسمى — شائىرنىڭ ئۆزىنىڭ يۇرتى، ھاياتى ۋە ئەدەبىي پائالىيىتى توغرىسىدىكى بايانلار.

داستاندا ئۇيغۇر ئىدىئولوگىيە تارىخىنىڭ دەۋر بولگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان مۇھىم بىر دەۋرى بەدىئى يول بىلەن ئومۇملاشتۇرۇپ بايان قىلىپ بېرىلگەن.

تارىختا مەلۇمكى، ھىجرى 46 - يىلى (مىلادى 666 - يىلى) ئەرەپلەر ئەرەپ يېرىم ئارىلىدىن چىقىپ شەرققە يۈرۈش قىلىدۇ. ئەرەپ ئەمىرلىرىدىن رابىئە بىننى ھارىس ئىراننى بېسىۋېلىپ، كېيىن قاچقان ئىران شاھىنى قوغلاپ ئوتتۇرا ئاسىياغا كېلىدۇ. ئۇ بۇ يۈرۈشىدە ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، سەمەرقەنت، بۇخارا، تاشكەنت، پەرغانىلارنى بېسىۋېلىپ، بۇ جايلاردا ئىسلام دىنىنى كەڭ تارقىتىدۇ. مىلادى 739 - يىللىرىغا كەلگەندە، غەربىي تۈركىستاندا ئىسلام دىنى ئاساسەن ئورنىشىپ بولىدۇ. ئەرەپلەرنىڭ كوزى قەشقەرىيەگە چۈشۈشكە باشلايدۇ.

ئۇيغۇرلار زىمىنىغا تۇنجى قېتىم كوز تىككەن ئەرەپ مەدىنەلىك ئوبولناسىر سامانى

دىگەن كىشى بولۇپ، ئۇ، ئىسلام دىنىنى بۇ يەردە ئۇرۇش يولى بىلەن ئەمەس، بەلكى باشقا ئەپلىك بىر يول بىلەن تارقىتىشنىڭ كويىغا چۈشىدۇ. ئۇ بىر تۈركۈم سودا كارۋاندىلىرىنى ئېلىپ قەشقەرىيىگە قاراپ يولغا چىقىدۇ ۋە ئالدى بىلەن ئاتۇشقا كېلىپ چۈشىدۇ.

بۇ ۋاقىت ھىجرى 332 - يىلى (مىلادى 942 - يىلى) بولۇپ، قەشقەرىيىدە قاراخانىلاردىن بارۇن بۇغراخان پادىشا ئىدى. بارۇن بۇغراخان ھىجرى 338 - يىلى (مىلادى 948 - يىلى) ۋاپات بولۇپ، ئۇنىڭ يەتتە ياشلىق ئوغلى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان تاغىسى ھارۇن بۇغراخانىنىڭ قولىدا قالىدۇ.

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان 12 ياشقا كىرگەن يىلى (ھىجرى 343 - يىلى — مىلادى 952 - يىلى) ئوبۇلناسىر سامانى ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇپ، ئۇنى ئۆز تەسىرىگە ئېلىپ، ئىمان ئېيتقۇزۇپ مۇسۇلمان قىلىدۇ. ئوبۇلناسىر سامانى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخانىنى ھارۇن بوغراخانغا قارشى قويىدۇ. سولتان سۇتۇق بۇغراخان ئوردا ئىچىدە ئۆزىنىڭ تەسىرىنى بارا - بارا كېڭەيتىپ، ئىسلام ئېتىقادىنى قوبۇل قىلىشنى قەتئىي رەت قىلغان تاغىسى ھارۇن بۇغراخانىنى قەتلى قىلىدۇ ۋە ئۆزى پادىشالىق تەختىدە ئولتۇرۇپ، قەشقەرىيىدە ئىسلام دىنىنى پادىشالىق پەرمان يولى بىلەن جارى قىلىدۇ.

ھىجرى 389 - يىلىغا (مىلادى 999 - يىلى) كەلگەندە، غەربى تۈركىستاندا، تاشكەنت، پەرغانە تەرەپلەردە ئىسلام دىنىغا قارشى كوتىرىلىشلەر بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخانىنىڭ ئوغۇللىرى — ھەسەن بۇغراخان، ئارىسلانخان، يۇسۇپ قىدىرخانلار غەربى تۈركىستاندىكى قارشىلىقلارنى باستۇرۇش ئۈچۈن، ئۆزلىرى لەشكەر باشلاپ ئۇياققا ئاتلىنىپ، قەشقەرىيىگە خوجا بىغەم ئوبۇلقاسىم قەشقىرى دىگەن كىشىنى سەردار قىلىپ تەيىنلەپ قالدۇرىدۇ.

بۇ چاغلاردا، يەكەن، خوتەن تەرەپتىكى ئۇيغۇرلار تېخى بۇددا دىنىغا ئېتىقات قىلاتتى. ئۇلارنىڭ خانلىرى ئاكا - ئۇكا جۇقتە رەشىد، نوكتە رەشىد دىگەن كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار بۇددا ئېتىقادىدا ناھايىتى قاتتىق تۇرغان ئىدى. ئۇلار سۇلتان سۇتۇق بۇغراخانىنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ غەربى تۈركىستانغا يۈرۈش قىلغان پەيتىدىن پايدىلىنىپ، يەكەن، خوتەنلەردىن قەشقەرگە ئەسكەر تارتىپ كېلىپ، قەشقەرىيە خەلقىنى ئىسلام ئېتىقادىدىن بۇددا ئېتىقادىغا قايتۇرىدۇ.

جۇقتە رەشىد ۋە نوكتە رەشىدلەرنىڭ قەشقەرىيىدە بۇددىزىمنى قايتا يولغا قويغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر ھەسەن بۇغراخان، ئارىسلانخان، يۇسۇپ قىدىرخانلارنى قاتتىق غەزەپلەندۇرىدۇ. ھەسەن بۇغراخان ئىنىسى يۇسۇپ قىدىرخانىنى 40 مىڭ ئەسكەر بىلەن قەشقەرىيىگە يولغا سالىدۇ. يۇسۇپ قىدىرخان قوشۇنىنى باشلاپ مەدايىن دىگەن يەرگە كەلگەندە، ئۇ يەردە دىني پائالىيەتتە بولۇۋاتقان توت ئەرەپ ئىمامىنى ئۆزى بىللە قەشقەرىيىگە ئېلىپ كېتىدۇ.

بۇ توت ئىمام ئەرەپ ئۆلىمالىرىدىن نەسرىددىن، مەئىيدىن، زوھورىددىن، قەۋمىددىن دىگەن زاتلار بولۇپ، ئۆز دەۋرىدە مەركىزىي ئاسىيادا ئىسلام ئېتىقادىنى يېيىشتا دىنى ۋە ھەربى جەھەتتىن زور كۈچ كورسەتكەن ئەمىرلەر ئىدى. يۇسۇپ قىدىرخان ئۇلارنى ئۆز قوشۇنىغا يانداشتا، ئۇلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى نوپۇزى ۋە تەسىرىدىن پايدىلىنىشنى ئويلىغان.

يۇسۇپ قىدىرخان قەشقەرىيىگە يېتىپ كەلگەندە، ئۇنىڭ ئۇستۈن ئەسكىرى كۈچى ۋە دەبدەبىسىدىن قورققان جۇقتە رەشىد، نوكتە رەشىدلەر قەشقەرنى ئۇرۇشسىزلا تاشلاپ بېرىپ، خوتەنگە قاراپ قاچىدۇ. يۇسۇپ قىدىرخان قەشقەرنى يەنە يېڭىۋاشتىن ئىسلامغا كىرگۈزىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن، يۇسۇپ قىدىرخان يەكەن، خوتەنلەرگە قاراپ ھەربى يۈرۈش باشلايدۇ. ئۇ يەكەننى ئېلىپ، يەكەندىكى ئۇيغۇرلارنى ئىسلامغا كىرگۈزىدۇ، ئاندىن خوتەنگە قاراپ يولغا چىقىدۇ.

خوتەن ئۇيغۇرلىرى جۇقتە رەشىد ۋە نوكتە رەشىدلەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە، بۇددا ئېتىقادىدا قاتتىق تۇرۇپ، يۇسۇپ قىدىرخانغا قەتئى قارشىلىق كورسىتىدۇ. قانلىق ئۇرۇشلار بولىدۇ. ھەر ئىككى تەرەپتىن نۇرغۇن ئادەم چىقىم بولىدۇ. بۇ ئۇرۇش خوتەن زىمىنىدا 40 يىلغا قەدەر سوزۇلىدۇ. ئاخىرى، ئىسلام ئېتىقادىدىكى ئۇيغۇرلار قوشۇنى غالىپ كېلىپ، خوتەندە ئىسلام دىنى ئومۇمىيۈزلۈك جارى قىلىنىدۇ. بۇ ۋاقىت ھىجرى 430 - يىلغا (مىلادى 1050 - يىل) توغرا كېلىدۇ.

شۇندىن باشلاپ، ئۇيغۇرلاردا ئەرەپ مەدەنىيىتىنى ھەر تەرەپلىمە ئۆگىنىش باشلانغان ئىسلامىيەت دەۋرى ئېچىلىدۇ.

شائىر موللا نىياز خوتەنى ئۆز داستانىدا مانا مۇشۇ تارىخي ۋەقەلەرنى ھىكايە قىلىدۇ. ئۇ يۇسۇپ قىدىرخاننىڭ ھەربىي ھەرىكەتلىرىگە قاتناشقان ئەرەپ ئۆلۈمالىرىنى ھورمەتلەش يۈزىسىدىن داستانغا «تۇت ئىمام تەزكىرىسى» دەپ نام بەرگەن. شائىر ئەلۋەتتە، بۇ ۋەقەلەرنى يورۇتۇشتا، ئۆزى ئىسلامىيەت مۆھىتىدا ئوسۇپ چىققان شائىر بولغاچقا، ئىسلامىيەتنى ئۇلۇغلاش مەيدانىدا تۇرغان.

بىز شائىرنىڭ ياشىغان دەۋرى بىلەن قىسقىچە تونۇشۇپ چىقساق، ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن يۇقۇرقى ۋەقەلەرنى داستان قىلىپ يېزىپ چىقماقچى بولۇپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەۋى رۇشەن بولۇپ قالىدۇ.

شائىرنىڭ ياشىغان ۋە ئىجات قىلغان دەۋرى ئۇيغۇر تارىخىنىڭ ئەڭ قاراڭغۇ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ. يەكەن خانلىقىنىڭ ئاسىيسى، چوڭ تەپرىقىچى ھىدايىتىللا ئاپپاق خوجا كۈچەپ يولغا قويغان ئىشانچىلىق يولى ۋە سوفىزىم مەزھىبى يەكەن خانلىقىنى ئاق تاغلىقلار ۋە قارا تاغلىقلار دەپ ئاتالغان قارىمۇ - قارشى ئىككى چوڭ دىنىي گۇرۇھقا بولۇپ تاشلىغان ئىدى. بۇ دىنىي گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئوتكەن سوقۇشلاردا ئاق تاغلىقلار گۇرۇھى مەغلۇپ بولۇپ، ھىدايىتىللا ئاپپاق خوجا جۇڭغار خانلىقىغا قېچىپ بارىدۇ. ئۇ جۇڭغار خانى قۇنتەيجىنىڭ پاناسىغا ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ 4 - ئوغلى غالداننىڭ قوشۇنلىرىنى يەكەنگە باشلاپ بېرىپ ھەم تىبەت 5 - دالاي لاما قوشۇنلىرىغا يولدىنىپ، 1677 - يىلى سەئۇدىيە دولىتىنىڭ ئاخىرقى ۋەكىلى مۇھەممەت ئىمىن خان قولدىن ھاكىمىيەتنى تارتىۋالىدۇ. ئەمىلىيەتتە بولسا، ھاكىمىيەتنى جۇڭغارلارغا (ئۇيرات موڭغۇللىرىغا) ئېلىپ بېرىدۇ. غالدان 1697 - يىلى ئولىدۇ، ئۇنىڭ ئاكىسى زەڭگىنىڭ ئوغلى سىۋانا رابدان 1700 - يىلى يەتتە شەھەرنى يەنە بىر قېتىم دەپسەندە قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاپپاق خوجا ئەۋلاتلىرىنىڭ ئۇرۇشلىرى باشلىنىدۇ.

شائىر ياشىغان ۋە ئىجات قىلغان دەۋرنىڭ ئالدى-كەينىدە بولۇپ ئۆتكەن بۇ تارىخىي قالايمىقانچىلىقلار، 170 يىلدىن كۆپرەك ھۆكۈم سۈرگەن يەكەن خانلىقىنىڭ ۋەيران قىلىنىشى، ھىدايىتىللا ئاپپاق خوجىنىڭ مىللەتنى قارىمۇ-قارشى گۇرۇھلارغا بولۇپ تاشلاپ، ئۇنىڭ تارىخىي تەغدىرىنى جۇڭغارلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا چۈشۈرۈپ قويۇشى ھەممىدە بۇلارنىڭ ھەممىسىگە سەۋەبچى بولغان، ئەسلى ئىسلام ئەقىدىلىرى بىلەن ھېچ ئىدىولوگىيىلىك باغلىنىشى بولمىغان ئۇنىڭ نەپرەتلىك تەرىقەتچى مەزھىبى شائىر موللا نىيازدا ئۆتكۈر نارازىلىق قوزغىغان. شائىر 80 نەچچە يىل داۋام قىلغان پاراكەندىچىلىكلەر ۋە ئۇرۇشلارنىڭ دەردىنى تارتقان خەلققە ئېچىنغان، ئۇ، ئىسلامىيەت يېڭى باشلانغان دەۋرنى ئەسلەش، سېغىنىش ۋە ئۇلۇغلاش ئارقىلىق، ۋاستىلىق يوسۇندا ئۆزىنىڭ ئىشانچىلىقتا ۋە سوفىزىم مەزھىبىگە بولغان نارازىلىقىنى ئىپادىلىگەن، خەلق كۆپچىلىكىگە ھېسداشلىق قىلغان.

بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، شائىرنىڭ داستانى ئەينى دەۋردە خەلقنىڭ ئومۇمى روھى كەيپىياتىغا ۋەكىللىك قىلىپ، مۇئەييەن ئىلغارلىق ئەھمىيىتىگە ئىگە بولغان. ئىسلامىيەت مۇھىتىنىڭ شائىرى بولغان موللا نىيازدىن ئەلۋەتتە ئۇنىڭدىن ئارتۇقراغىنى تەلەپ قىلىپ بولمايدۇ. ئۇنىڭ بۇ داستانى ئۇيغۇر ئىدىولوگىيە تارىخى ۋە ئەدەبىيات تارىخىدىن ئۆزىگە مۇناسىپ ئورۇن ئېلىشقا تېگىشلىك.

مەن داستاننى خوتەنلىك خەتتات توختى ئاخۇنۇم دىگەن كىشى ھىجرى 1340-يىلى (مىلادى 1920-يىلى) كۆچۈرۈپ قالدۇرغان قولىيازما نۇسخىسىغا ئاساسەن نەشرگە تەييارلىدىم، باشقا يەنە ئىككى خىل نۇسخىدىنمۇ پايدىلاندىم.

ھەمد پەرۋەردىگار كەۋن مەكان،
قۇدرەتىدىن ياراتتى ئىككى جەھان.
مەلەكو ئىنس، جىن، ھەيۋانات،
كەرەمى خوانى بىرلە تاپتى ھەيات.
قەترە سۇدىن ياراتتى گەۋھەرى پاك،
بى سۇتۇن تۇرغۇزۇب توقۇز ئەفلاك.
ھەم موتەببەق تەنابسىز غەبرا،
كۆك ئېرۇر ھەمدىڭ ئىچرە ھەد گويا.
لۇتفىدىن كىمنى سەرەفراز ئەتكەي،
كىمدۇرۇر ئاڭا ئېتراز ئەتكەي.
ئىبتىداسىغە ئىبتىدا يوقتۇر،
ئىنتىھاسىغە ئىنتىھا يوقتۇر.
شاھدۇر شاھلار شەھەنشاھى،
ئاشكارا نەھاندىن ئاگاھى.
ئۆزىدۇر خالىق، بارچەمىز مەخلۇق،
يەنە ئاندىن بولەك خۇدايى يوق.
تەڭرى بىچۇن-بىچە گۇنەدۇر،
يەنە بىشەبەھ، بىنە مۇنەدۇر.
ھىچ نىمەرسە ئاڭا مىسال ئولماس،
ئولدۇرۇر لەميەزەل، زەۋال ئولماس.
ئىش ئاڭا مەخفىلارنى كورمەگىلىك،
يوق ئاڭا ئولمەكو تىرىلمەگىلىك.
ئاڭا ھاجەت يوق كوز بىلە باقماق،
لازىم ئېرمەس ئىشىتمەككە قۇلاق.
تۇرفە رەززاق، ئىگەم نەسىبە بېرۇر،
بولسا گەر تاش ئىچىدە خەستە مور.
بارچە ھالىدىن ئول ئېرۇر ئاگاھ،
ئەھەدۇن لائىلاھە ئىللەللاھ.
ئەمرىدىن غەير سوزلەلمەس تىل،
جەھد قىلسا ئەگەرچە ئاي ۋە يىل.
تىلنى ھەمدىڭغە گۇڭ ۋە لال ئەتمە،
ئۇشبۇ ئىشنى ماڭا مەھال ئەتمە.
بولسام ھەر نېچە شەخس بەدكارى،
تىلنى ھەمدىڭغە ئەيلەگىل جارى.

بولماسه سەندىن تىلىغە زەررە مەدەد،
هەمد ئەيتماق ئېرۇر ئاڭا نەھەد.
هەمد ئەيتماقدە بارچە شەرمەندە،
مەن كەبى بارمۇ رۇي سىياھ بەندە.
باردۇرۇر ئالەم ئىچرە ھەر زىجان،
ئۈنسىم فىسق، مۇنسىم ئىسيان.
سورەتىم ئىنسى، سىرەتىم ھەيۋان،
قىلمىش ئۆز بىلگەنىچە ھەمد بايان.
شەيتىدۇرمەنكى، سورەتىم ئادەم،
يۇرمەمىش جۇرمىسىز بىردەم.
بىلمەدىم توبە - توبە يۇز ھەسرەت،
قىلمادىم ئومرۇم ئىچرە بىر تائەت.
لىك شامۇ سەھەر مەنى گۇمراھ،
جان دىل بىرلە دەرمەن يائاللاھ.
ۋەرزىشىم نەفس، كۇششىم تۇغيان،
كوب ئىشەنچىم ئۆزۈك يارەھمان.
يارەھىما كوتەر بۇ غەفلەتدىن،
رەھم ئېتىپ، ساقلا بارچە ئىللەتدىن.
يا مەلىك سال كوڭۈلگە مېھرىڭنى،
قىل بۇ قۇلغە ھەرام قەھرىڭنى.
تەلبە كوڭلۇم چۇ شەمئ سەر فانۇس،
قىل مۇنەۋۋەر سەن ئانى يا قۇددۇس.
بەرگىل ئوتلۇغ كوڭۈلگە فەيزۇ فۇتۇھ،
جارى قىلغىل دىمەك يا سۇببۇھ.
يا سەلام ئەيلەمەك ئۈچۈن تائەت،
ئەيلە سىھھەت بەدەننى ھەر سائەت.
يا ئەزىز سەندىن ئېلگە فەيز سۇرۇر،
دىن دۇنيايىم ئەيلەگىل مەئمۇر.
بارچە زۇلمەتدىن ئاسرا يا جەببار،
مۇتەكەببىرسەن، ئۆزگەلەر ساڭا خار.
ھافىز ئول بارچەنىڭ ھىمايەتىدۇر،
بەندەگە ھەم ئۆز ئىنايەتىدۇر.
ئەيلە ئىقبالىم، ئەيلە يا رافىئ،
ئانى قىلدۇر نە ئىش ئېرۇر نافىئ.
يا سەمىئ بەندەنىڭ نە ھاجاتى،
ساڭا رۇشەن - نەھان مۇناجاتى.

يا بەسىر مەخفى جۇرم يا تائەت،
ئول كورەر كوڭۈلدىن كېچەر سائەت.
كىم مەقامنى ئەدل قىلدى رەفىئ،
ئاڭا شاھ، گەداۋۇ بولدى مۇتىئ.
يا لەتىف لۇتف، ئېيتتىنا سەندىن،
ئەيلەمەك ئەجز ئىلە دۇئا مەندىن.
يا خەبىر دىلغە بەر سەلامەت،
ياخشى ئىش، ئەقل-ھۇش، تۈزۈك نىيەت.
يا ھەكىم بارچەدىن مۇلايىمسەن،
بەندەگە مېھرىبان خۇدايىمسەن.
يا كەبىر كىمگە بەرسە ئەقل تەمىز
خار بولسا نە تاڭ، نە قىلسا ئەزىز.
يا ھەبىب جۇرم جىسىم ھەمسايە،
ئانى سالغىن يىراقغە مىڭ پايە.
يا جەلىل كىمگە بەرسە ئەزز، شەرەف،
بولغاي ئىككى جەھان ئېلىگە خەلەف.
يا كەرىم، ھەر كىشىكى قىلسا كەرەم،
ئاڭا بۇتخانەدۇر بەجايى ھەرەم.
لۇتف ئىدى كىمنى دوست تۇتسا رەقىب،
ئىلەگەي ئېل يەمان كوزىدە باقىپ.
يا مۇجىب بەندەنىڭ نە ھاجاتى،
ساڭا شاھ، گەدا مۇناجاتى.
سەن رەۋا ئەيلە ھاجەتىم يا ھەق،
دەرگەھىڭدە ئىش ئوتمەگەي ناھەق.
ئول ۋەكىل ئولسا بەندەسىگە ئەگەر،
ئىنس - جىندىن يېتەر ئاڭا نە زەرەر.
كىمگە قىلسا قەۋى سۇفەتدە زوھۇر،
بارچەنى ئەيلەگەي ئاڭا ھەقھۇر.
بىرگە قىلدى ۋەلى سۇفەتدە نەزەر،
ئاندىن جەمئ خەلق قىلدى ھەزەر.
خەير - شەر ئۆزىدىن، سىفات ھەمدە،
رەھمەتىدىن ئۇلۇغ - كىچىكدە ئۇمىد.
تىلنى يا مۇبدى مۇرغ گويا قىل،
لۇتف ئىلە مۇردە دىلنى ئەھيا قىل.
ئېرسە توقسان توقۇز سۇفەت بىرلە،

ملك تۇمەن لۇتف مەرھەمەت بىرلە.
بەندەگە رەڭ ـ بەرەڭ ئىنايەتى بار،
سۇفەتىنىڭ قاچان نىھايەتى بار.
جىسم، جان فەھم، ھۇش، ئەقل، تەمىز،
دەست، پاي، چەشم، گوش، تىل ۋە ئاغىز.
يەنە قاشۇ قاپاق، بۇرۇن بىلە تىش،
ھەر بىرىگە يەراغلادى بىر ئىش.
مۇنچە ئەئزانى بەند ئېتىب خالىق،
قىلدى بىر ئىشنى ھەر بىرىن لايىق.
بىر ـ بىرىنىڭ ئىشىن قىلالمايدۇ،
بىر ـ بىرىنىڭ ئىشىن بىلەلمەيدۇ.
بولسا بۇ ئۇزۇۋەلەر ئارا بىرى كەم،
ئۇل كىشىنىڭ باشىدا غۇسسەئى غەم.
مالىكۇل مۇلك پادىشا ئۇلدۇر،
چوڭ ـ كىچىك ھەممەگە پەناھ ئۇلدۇر.
ئاسمانۇ زەمىن ئانىڭ مۇلكى،
ھەم مەكان ـ مەكىن ئانىڭ مۇلكى.
بولسا مۇنداغ تۈمەن جەھان ۋەيران،
يوقتۇر مۇلكىگە زەررەئى نۇقسان.
قىلسا يۈزمىڭ جەھان ئەگەر سادىر،
قۇدرەتىدىن ئەجەب ئىمەس قادىر.
بارچە مۇشكۇل ئېرۇر ئاڭا ئاسان،
دەرگەھىدە شەھ، گەدا يەكسان.

قايسى بىر قۇدرەتىن بايان ئىتەيىن،
قايسى بىر نىئمەتىن ئەيان ئىتەيىن.
قايسى مىھرى ۋەفالارىن ئەيتاي،
قايسى لۇتف ئەتالارىن ئەيتاي.
بىر تىلىم بار، تۈمەن تىلىم بولسا،
ھەر بىرى يۈز تۈمەن تىلىم بولسا.
ئۆمىر ئىچىدە دىسەم يېتەلمەسمەن،
مىڭدە بىرنى تەمام ئىتەلمەسمەن.
..........................................
..........................................
ئەيلەگەچ كىبىر، تۇتماغاچ فەرمان،
بولدى ئىبلىس، ئاتاندى ئۇل شەيتان.
قىلدى ئادەمنى خاكدىن پەيدا،
بىرنى قىلدى بىرىسىگە شەيدا.
..........................................
..........................................

شائىر كىتاپ تۈزۈشىنىڭ قەدىمي ئەنـ ـ ئەنىسى بويىچە ھەمد ـ سەنادىن كېيىن مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ سۈپەتلىرى ئۈستىدە توختىلىدۇ، ئاندىن چاھارىيارلارنى مەدھـ ـ يىلەيدۇ. شۇندىن كېيىن، توت ئىمامنىڭ نام ـ نەسەبلىرىنى بايان قىلىدۇ.

**ھەزرەت ئىمام نەسرىددىن، ھەزرەت ئىمام مەئىددىن، ھەزرەت ئىمام زوھۇرىددىن، ھەزرەت ئىمام قەۋمىددىنلارنىڭ نام ـ نەسەبلىرى**

بىل ئىمام ھەسەن ئىبن ئەلى،
زەينۇل ئابىدىن ھوسەين ئوغلى.
ھەزرەت ئابىدىنغە ئۇل قادىر،
بەردى فەرزەند مۇھەممەدى باقىر.
بەردى باقىر ئىمامغە ھەم خالىق،
بىر ئوغۇل نام جەئفەرى سادىق.
بۇ ئىمام ئوغلى مۇسا كازىم،
تاپتىلار بىر ئوغۇل بۇ شەھبازىم.

ئەلى مۇسا رىزائىمام ئاڭا ئات،
تەربىيەت ئەيلەبان ئاڭا پات ـ پات.
ھەق تائالا ئاڭا ئوغۇل بەردى،
ئاتى مۇھەممەد تەقى ئىمام ئېردى.
بىر ئوغۇل بەردى ھەق بۇلارغە تەقى،
ئاتى مۇھەممەد ئېرۇر ئىمام نەقى.
ھەم ئىمام ئەسكەرى بۇلارغە پۇسەر،
مۇڭا قاسىم ئىمام جان ـ جىگەر.

ئىبن قاسم دۇرۇر ئىمام ئەپتھە،
بۇ ئىمام ئوغلى تورت ئىمام زەبھە.
ھەممە ئەۋلادى مۇستەفادۇرلار،
بارچە ئىنسانغە رەھنمادۇرلار.
پادىشاھا، مەدەد ئېرۇر سەندىن،
سوزلەمەكلىك نەھەد ئېرۇر مەندىن.

مۇستەفا ھورمەتىدىن ئى بارا،
بارچە مۇشكۇل ئىشىمغە بەر يارا.
ھەممە مۇشكۇللىرىمنى ئاسان ئەت،
ئىشق، فەيز، فۇتۇھ ئىھسان ئەت.
بولماسام ئىشقىڭە ئەگەر لايىق،
سەدقە قىلغىل، ئەتا بولاي سادىق.

**ھەزرەت يۇسۇف قادىرخان غازىنى كاشەغەر ماۋەرائۇننەھىردىن ھەزرەت ئىماملارىم ھەزرەت ئىماملارىم ماۋەرائۇننەھىردىن كاشغەرغە غەرزەمىنگە ئەلچى قىلىپ ئىبەرگەنلارى، بۇلار قىرىق مىڭ لەشكەر بىلە كاشغەرغە كېلىپ مەسلەھەت قىلغانلارى ۋە كاشغەر خەلقىغە ئىمان دەلالەت قىلغانى**

دىدى مۇنداغ مۇسەننىفى دەفتەر،
شاھلاردىن بېرىپ بۇ نەۋئ خەبەر.
تورت ئىماملارىم ئېردىلار مەدايىن ئارا،
ھازىر ئېردىلار تەمام ئۇمەرا.
ئولتۇرۇب تەخت ئۇزرە شاھانە،
گاھى شاھانە گاھى سىپاھانە.
مەسلەھەت قىلدىلار بۇ تورت ئىمام،
بۇ مەھەلدە زەئىف ئىمىش ئىسلام.
دىن ئۇچۇن جەڭگە كار-زار ئەتسەك،
كۇفر ئەھلىنى خار-زار ئەتسەك.
كەربەلا جەڭلارىنى ئەيلەب ياد،
بۇ تەكەللۇمنى ئەيلەگەچ بۇنياد.
ھەزرەتى يۇسۇف غازى قادىرخان،
پەھلىۋان يىگانەئى دەۋران.
قىلىبان بۇ سەئى ئەبۇدىيەت،
دىدى: ئەي پادىشاھ خۇش نىيەت.
كاشغەر دىب دىيار بار ئېرمىش،
ھەمە خەلقى ئانىڭ كۇففار ئېرمىش.
مۇسۇلمانلارغا پىشۋادۇرلار،
پادىشا جاھانھى پەناھدۇرلار.
ھەزرەتىڭىزنىڭ زەمانىدا نۇسرەت
تاپمايىن، تاپماس ئېردى دىن قۇۋۋەت.
بولسا رۇخسەت فەقىرغە، ئاتلانسام،
ئازغان ئېلنى يولغە باشقارسام.
ھەق تائالا ئىنايەت ئەتسە ئەگەر،

ئەيلەگۇم كۇفر ئېلىنى زىرۇ زەبەر.
بۇ تەكەللۇمنى ئاڭلاغاچ ئول شاھ،
دىدىلار: ئەي سىپاھ بول ئاگاھ،
ھەركىشى بىزگە يار-ياۋەردۇر،
ئالى ھىممەت ئۇلۇغ دىلاۋەردۇر.
قىلدى بۇ ئېر ئەجەب ئەزىم سەفەر،
جەمئ ئېتىب بەرسۇن موڭا كوب لەشكەر.
ھەر مۇبارىزكى ئاڭلاغاچ بۇ سەدا،
دىدىلار جانىمىز يولۇڭدا فىدا.
جەمئ ئۇلۇب قىرق دىلاۋەرلەر،
كاشغەر جانىبىغە قىلدى سەفەر.
قەتئ ئېتىب بىر نەچچە مەنازىللار،
تەي قىلىب مەنزىلى مەراھىللار.
كەلدىلەر كاشغەر دىيارىغە،
تۈشتىلەر قەلئەنىڭ كەنارىغە.
تىكەبان خىمەلەر سەراپەردە،
مەسلەھەت قىلدىلار ئو شۇل يەردە.
ھەزرەتى يۇسۇف غازى قادىرخان،
قىلدىلار كاشغەرغە نامە رەۋان.
نامەنىڭ ئەۋۋەلى بەنام خۇدا،
ئافەرىنندەئى زەمىن-سەما.
بەئدى نەئت رەسۇل ئالى جاھ،
سەرۋەرى ئەنبىيا، ھەبىب ئىلاھ.
تورت يارىغە بەئد ئەزىن ئەلقاب،
ھەر بىرى ئافتاب ئالەم تاب.

قىلدىلار تورت ئىمام چۇن فەرمان،
كاشغەر خەلقى ئەيتسۇن ئىمان.
سەن بۇ ئىشغە بارىب دەلالەت قىل،
بولماسا، جەڭنى بىنەھايەت قىل.
كاشغەر خەلقى بولغاسىن ئاگاھ،
ئەيتغىل: لائىلاھەئىللەللاھ.
مۇستەفانى پەيغەمبەرى ھەق بىل،
تورت يارىنى يار بەرھەق بىل.
قىلساڭ ئانداغ خۇدا رىزا بولغاي،
رازى مەجمۇئ ئەنبىيا بولغاي.
بولامىز بىزمۇ بارچە بەھىل،
بولماغايسىزلار ئاخىرەتدە خىجىل.
قىلماساڭلار بۇ سوزلەرىمنى قەبۇل،
بىل ئۇزۇڭگە ئۇزۇڭ زۇلم جەھۇل.
جەڭ قىلىب قانلارىڭ ئاقىزغايمەن،
ساي تاشدەك باشىڭنى تىزغايمەن.
مۇلكۇڭىزلارنى ئەيلەبان ۋەيران،
بارچەڭىزلارنى قىلغامەن ھەيران.
ئۇشبۇ مەزمۇندا يازدۇرۇب نامە،
بىرگە بەردى تەمام ئىتىب خامە.
نامەنى ئالدى، قوپتى، بولدى رەۋان،
قەلئەگە كىردى خۇررەم، خەندان.
جەمئ كافرلار ئولتۇرۇب ئىردى،
نامەنى كەلتۇرۇب ئوقۇب بەردى.
ئىشتىب نامەنى بولۇب دىلگىر،
مەسلەھەت ئەيلەدى بۇلار بىر بىر.
بولدى بۇ ئىشدا بارچەسى ھەيران،
ئاقىبەت دىدى ئەيتالى ئىمان.
بولسا لېكىن پەيغەمبەر ئەۋلادى،
كۇفردىن بىزنى قىلسا ئازادى.
بىز ئۇلارنىڭ جەمالىنى كورسەك،
دۇلدۇلىنىڭ ئىزىدىن ئويرۇلسەك.
بىر ئاڭا ئەيلەسەك فىدا جانلار،
ئوقۇساق دەرگەھىدە ئىمانلار.
بولدى خوشۋەقت قاسىدى ئىسلام،
شەھ جەنابىغە قۇشدەك ئەتتى خىرام.
ئالدى چۇن شەھ جەنابىغە ئوزىنى،
قىلدى شەھ تۇتىدەك ئادا سوزىنى.
ھەزرەت يۇسۇف غازى قادىرخان،
مۇنى ئاڭلاب، بولۇب بەسى خەندان.
رەھبەرى مۇئمىن سەرۋەرى غازى
قىلدى مۇنداغ تەكەللۇم ئاغازى:
كاشغەر خەلقى دىب يۇرۇب بۇ رەڭ،
خوب ئىمەس بىزگە ئەيلەمەكلىك جەڭ.
ئىبەرەي شاھلارغە بىر نامە،
ئاڭلاسۇنلار بۇ نەۋئ ھەنگامە.

**ھەزرەت يۇسۇف قادىرخان غازى كاشغەر خەلقىنىڭ ئەرزىنى ئىماملارىمغە نامە پۇ-تۇب ئىبەرگەچ يۇز قىرق مىڭ كىشى بىلەن ئىماملارىم ئەندىجان تاغىغە كېلىب تۇشكەنلەرىنىڭ بايانى**

دىدى مۇنشىنى ھازىر ئەت مۇندا،
نامە يازغاي بۇ نەۋئ مەزمۇندا:
ئەي نەبۇۋەت سىپەھرىنىڭ ماھى،
ئەي ۋىلايەت سەرىرىنىڭ شاھى.
نەزەرىڭ تۇشسە دەشت ئولۇر گۇلشەن،
سۇفەتىڭدۇر قوياش كەبى روشەن.
ئەمر قىلدىڭ، بۇيان قەدەم چەكتىم،
نەچە كۇن مىھنەتۇ ئەلەم چەكتىم.
شۇكرى لىللاھ ئىشىم بولماغاي زايە،
دىن بولۇر بۇ دىيار ئارا شايە.
مۇنشى چۇن نامەنى تەمام ئەتتى،
ئالدى قاسىد، قوپۇب خىرام ئەتتى.
روز- شەب يولدا پۇيەلار ئۇردى،
ئوزىنى شاھلارغە يەتكۇردى.
ئىش ئۇلارغە ئىدى شىكار ئەتمەك،
ۋەھشىلەر باغرىنى فىگار ئەتمەك.

نامەنى كەلتۈردى قاسىدى غازى،
ذىمە قاسىد، مىسال شەھبازى.
نامەنى بەردى، قىلدى شاھغە سەلام،
ئالدىلار خەتنى قوللارىغە ئىمام.
بولدى مەزمۇنىدىن ئوقۇب ئاگاھ،
بۇ سۇفەت ئەمرى قىلدىلار ئول شاھ:
كاشغەر خەلقى دىنگە زار ئىرمىش،
لىك بىزلارغە ئىنتىزار ئىرمىش.
بىز بارۇرمىزكى ئەزبىرايى غەزات،
بىزگە مىراس رەزمگاھى غەزات.
كىمكى ئول جەڭنى ئىختىيار ئەتكەي،
ھەق ئۇچۇن جانىنى نىسار ئەتكەي.
ھەركىشى بۇ سوزۇمنى قىلسا قەبۇل،
ئاڭا قىلغاي مەدەد خۇدا ۋە رەسۇل.
ئاڭلاغاچ ھەركىمەرسە ئۇشبۇ مەقال،
دىدى ئەي پادىشاھ فەررۇخ فال.
بولسا مىڭ جان ساڭا فىدا بولغاي،
ھەرنە ئەمر ئەيلەسەڭ رەۋا بولغاي.
سىغىنىب بارچە ھەق تەبارەككە،
يۈردىلار رەۋزەئى مۇبارەككە.
رەۋزەنى قىلدىلار زىيارەتلار،
بارچە ئىل تاپتىلار بىشارەتلار.
كاشغەر فەتھ بولغۇدەك بۇ مەھەل،
ئىچەدۇر بارچە ئاندا شارابى ئەجەل.
رەۋزەنى نەچچە قاتلا ئايلاندى،
توۋۇف ئىتىب بارچە ئارقىغە ياندى.
تۇرفە خۇشھال ئولۇب بۇ تورت ئىمام،
يۈردىلار كاشغەرغە بىرەۋۇق تەمام.
نەچچە كۈن يول يۈرۈب تەمام سىپاھ،
ئەندىجان تاغىغە كېلىب ناگاھ.
بارگاھلارنى ئاندا تىكتىلار،
ھەممە لەشكەر بۇ يەرگە تۈشتىلار.
باقتىلار سەر ھىساب لەشكەرگە،
بىر نوخۇد سالدى ئون دىلاۋەرگە.
باقتىلار تارتىب، كەلتۈرۈب مىزان،
چىقتى بىر چارەك، قالدىلار ھەيران.

يۈز قىرق مىڭ كىشى ئىكەن سانى،
ھەر بىرسى گويا تەھمەتەن سانى.
دىدى شەھ مۇنچە ئىل كېلىبدۇرلار،
بىزنى دېب مۇنچە ئەمگەكلىنىبدۇرلار.
بەزى ئىل ئوز مەيلى بىرلە كەلگەندۇر،
بەزەسى قورقۇنچى بىرلە كەلگەندۇر.
كىمكى كوڭلىدا يانماق ئولسا ھەۋەس،
ئانى ئەمگەلتمەك بىزگە خوب ئىرمەس.
يانغۇسى باركىشى، بۇگۈن يانسۇن،
بارغۇسى بار خەلايىق ئاتلانسۇن.
ھەركىشى ئاڭلاغاچ بۇ نەۋۇ سورۇش،
جەمئ بولدى چېكىب فىغان خۇرۇش.
تاشلادى يەرگە يىغلابان ئوزىنى،
سۇرتىبان شەھ ئاياغىغە كوزىنى.
دىدى ئەي پادىشاھ بۇزرۇكۋار،
جانىمىز ئالدىڭىزدا بولسۇن نىسار.
لازىم ئولسا ئەدۇۋغە ئاتماق تاش،
تاشنىڭ ئورنىدا ئاتقاسەن بۇ باش.
تا تىرىكدۇرمىز، بىلله يۈرگەيمىز،
ئارزۇمىز: ئالدىڭىزدا ئولگەيمىز.
ھەزرەتىڭ پادىشا، بىز بەندە،
قاندا شەھ بولسا، قۇل كېرەك ئاندە.
جان بېرۇرمىز ۋەلىك يانماسمىز،
بارمايىن ئارزۇمىزغە قانماسمىز.
جەمئ بولساق ئەگەر قىيامەتكە،
باباڭىز ئولتۇرۇر شەفائەتكە.
ئاندا شەرمەندە بولغۇچە ھەممىز،
باربان ئالدىڭىزدا جان بىرەمىز.
يىغلابان زار-زار، ئۇرغاچ ئاھ،
بولدى مەلۇم ئىتىقادى سىپاھ.
شاھ لەشكەردىن ئاڭلاغاچ بۇ خۇرۇش،
سىنەلەرگە مۇھەببەت ئۇردى جۇش.
باشلارىنى يالاڭ قىلىب ئول شەھ،
يۈزىنى ئەيلەب بىجانىبى قىبلە.
قول كوتەردى دۇئاغە تورت ئىمام،
يىغلاب، ئامىن! دەر ئىردىلار بەتەمام.
دىگەچ "ئاللاھ ئەكبەر!" ئول شاھى،

كوردىلار بارچە ئەرش بىلە ماھى.
بولدىلار ئەۋلىيا زەبەردەستى،
ھەمە يادى خۇدا بىلە مەستى.
ئەي ئىگىزلارنى قىلغۇچى پەستى،
بارنى يوق، يوقنى قىلغۇچى ھەستى.
زىكرىڭە جارى قىل زەبانىمنى،
شۇكرىڭە قارى قىل لىسانىمنى.
سالمە كوڭلۈمگە غەير يادىنى،
بەر بۇ ئاجىز قۇلۇڭ مۇرادىنى.
كوڭلۈمە ئىلم ئىشق توشقارغىل،
بەر ئەمەل، راست يولغە باشقارغىل.
جان بېرۇر چاغدا دۇشمەنىم شەيتان،
ئەيلەسە قەسد غارەتى ئىمان.
گوردە قويسا ھەزىن تەنىمنى بۇ ھال،
قىلسا مەندىن فەرىشتە بۇ سۇئال.
ھەشردە بەرگىل ئوڭ قولۇمغە پىتىك،
قىل تەرازۇدە يازۇقۇمنى يىنىك.
رەھم ئىتىب يا رەھىم، يا رەھمان،
بەر ئاسىغە جەننەت ئىچرە مەكان.
ئانى ئاشىقلارىڭغە ھەمدەست ئەت،
دايىما يادى ئىشقىڭە مەست ئەت.
مەغفىرەت قىل گۇناھىم، ئەي غەففار،
قىل بۇ قۇلنى مۇشەررەفى دىدار.
رۇشد ۋە تەۋفىق بەر نىيازىمغە،
قىل كەرەم ئۇشبۇ شەرمسازىمغە.

**ھەزرەت ئىماملارىم يۈز قىرق مىڭ ئەۋلىيا بىلەن لەشكەر كەشلىك قىلىب كاشغەر شەھرىنى قورشاب چۇشكەنلەرى، كاشغەر خەلقى پېشباز چىقىپ، بۇ (بىر يۈز) قىرق مىڭ ئەۋلىيانىڭ قەدەم ھۇمايون بەركاتىدىن ئىسلامغە مۇشەررەف بولغانى، ھەزرەت يۇسۇف قادىرخان غازىنىڭ كاشغەرغە پادشا بولغانى**

دىدىلار راۋى بۇ رىۋايەتنى،
مۇنداق، ئەلقىسسە، بۇ ھىكايەتنى.
ھەزرەت يۇسۇف غازى قادىرخان،
ئول كۈنى شەھغە قىلدى نامە رەۋان.
تاكى بۇ ۋەقت ئىنتىزار ئېردى،
شاھلار مەقدەمىگە زار ئېردى.
بىر جەۋانىبدىن ئولدى گەرد پەدىد،
گەرد ئارا توغ - ئەلەم ئېردى سەفىد.
تورت مىڭ ئەرنىڭ نىشانەسى ئېردى،
نۇركانى پىشانەسى ئېردى.
شەھسۇۋارى چىقىپ يېتىب كەلدى،
بارچە ئالەمنى تىترەتىب كەلدى.
باد پايى ئىراقىلارنى مىنىب،
ھەممە شاھانە جامىلارنى كىيىب.
باشلارىغە قويۇب مورەسسەئ تاج،
كۇفر ئېلىگە جەھاننى ئەيلەب راج.
ھەم مۇرەسسەئ جەرانەلار باغلاب،
يالغۇزدىن فەتھ قىلغالى چاغلاب.
شىردەك كورگۈزۈب شىجائەتلەر،
دەم ئۇرۇب ئۆزلارىڭە ئايەتلەر.
ئوقۇب ئەبيات، ئەيتىشىب مەئنى،
نامە بۇ شەھسۇۋارغە يەئنى.
ھەزرەت سۇلتان شاھ قاسىم ئۇش،
يەر ۋە كوككە سالىب سەدا ۋە خەرۇش.
ھەزرەت يۇسۇف غازى قادىرخان،
ئالدىغە پېشباز بولدى رەۋان.
ھەم كەنارە ئالىب كورۇشتىلار،
ھال - ئەھۋال سوراشتىلار.
دىدى ئەي شەھزادەئى ئىسلام،
ئېردىڭىز قايدا، قاندا قالدى تورت ئىمام؟
دىدىلار شەھزادە باھۇشى،
ھەزرەت شاھ قاسىمى ئۇشى.
ئەندىجان تاغى ئوزرە كەلدىلەر،
مېنى ئوزدىن بۇرۇن ئىبەردىلەر.

ئەمرى قىلدىلار: ئىلگىرى بارغىل،
يۇسۇفى عازىيە خەبەر بەرگىل.
ئاڭلابان بۇ خەبەرنى شاد ئولدى،
دىدى مۇشكۇل ئىشىم كۇشاد ئولدى.
هەزرەت يۇسۇف غازى قادىرخان،
بولدى بىسيار خۇررەمۇ خەندان.
تەكلىف ئەيلەب بۇ مىهمانلارنى،
مەسكەن ئەتتى ئاڭا ماكانلارنى.
مۇسۇلمانلار سويۇندى يەكبارە،
چالدىلار شادىيانە نەققارە.
بارچە ئىردى ئىمام ئۇچۇن شەيدا،
يەنە بىر گەرد بولدى چۇن پەيدا.
يەر-كوك تىترەبان هەراسىدىن،
تۇغلا بىلكوردى تۇغ ئاراسىدىن.
يەنە هەم تورت ئاق ئەلەم كوردى،
تورت مىلك ئەرنىڭ نىشانەسى ئىردى.
بولدىلار بارچە ئىل خەبەردارى،
كىم ئىكىن دىيب سىپاه سەردارى.
شاه مەنسۇر هەزرەت ئۇشى،
هەزرەت خوجە ئەهمەدى ئۇشى.
يەنە خوجە سەئىد، خوجە ئەزىز،
ئۇشلار يەتتى باد يەڭلىغ تىز.
بۇ هەمە توپچاق، ئىراق سۇۋار،
هەيبەتىدىن كەتتى كورگەچ ئۇنى كۇففار.
كىيەنىبدۇر سەلاه شاهانە،
گاه شاهانە، گاه سىپاهانە.
قىلىبان تىغلار هەمايىلۋار،
مەرد-مەردانەلىك قىلىب ئىزهار.
جىلۋەلەر بەردۇرۇب ئەلەملەرىگە،
لەئل، زەر چاشتۇرۇب قەدەملەرىگە.
پىشباز ئالدىغا كورۇشتى بارىب،
سوردىلار: كەلدىڭىز يەنە هارىب.
شۇكرى لىللاه دىبان بۇلار بەتەمام،
شاهلاردىن دىدى دۇئا ۋە سەلام.
تىكىبان تۇشتىلار بۇلار خىمە،
بولدى كۇفر ئەهلى كوب سەراسىمە.

روزنىڭ لاچىنى قىلىب پەرۋاز،
زاغ شەب نەۋهە ئەيلەدى ئاغاز.
بولدى خۇرشىد مۇهست ئىچرە نەهان،
هىند يەڭلىغ قاراڭغۇ بولدى جەهان.
قالغاچ زۇلمەت ئىچرە ئىسكەندەر،
بولدى چۇن سۇبه خىزرىسى رەهبەر.
روشەن ئەتمەك ئۇچۇن جەهاننى قوياش،
جانىبى شەرقدىن چىقاردى باش.
مىهر چىقتى جەهاننى يورۇتتى،
لەشكەرى هىند ئوز يولىن تۇتتى.
ۋەقت، ئەلقىسسە، چاشتگاه ئىردى،
ئەندىجان سارىدىن يەنە گەردى.
يەنە توققۇز ئەلەم ئەيان ئولدى،
مىلك كىشىگە بىرى نىشان ئولدى.
هەممە زەربەفت جاھلارنى كىيىب،
زىن زەر ئارغىماق ئىراق مىنىب.
ئوقيايى قىلىچ ئۇمۇد سۇپەر،
مىلتىق، نەيزە، بىركتىب خەنجەر.
شىردەك هەر بىرى شىجائەتلىك،
هەممە پەهلىۋان هەيبەتلىك.
كوك تومۇر بىرلە قورشىنىب جىسىم،
يەئنى بۇ شەهزادەلەر بۇ ئىسىم:
هەزرەت سۇلتان سەنجەرى كاسان،
هەزرەت سۇلتان هەيدەرى كاسان.
هەزرەت سۇلتان خوجە ئىسمائىل،
ئىردىلار كوب مۇبارىز قابىل.
خوجە يۇسۇف خۇنرىز زەمان،
خوجە يەئقۇب مىسال بەبرى بايان.
ئالى هىممەت دىلىر خوجە هەسەن،
هەر ئىشىغە ئولۇس قىلۇر ئەهسەن.
هەزرەت خوجە سۇلەيمانى،
بۇ هەمە پەهلىۋان كاسانى.
گەهى هۇشيار ئىدى، گەهى مەست،
هىممەتىدىن توقۇز فەلەك ئىدى پەست.
هەزرەت يۇسۇف غازى قادىرخان،
يۇردى ئالدىغە خۇررەمۇ خەندان.

كوب نەۋازىش قىلىب بىر بىرىگە،
تۇشتىلار خىمە تىكتۇرۇب يېرىگە.
كاشغەر خەلقى قالدىلار ھەيران،
كوزلەرىگە قاراڭغۇ بولدى جەھان.
ئەيش - ئىشرەتكە مۇبتەلا بولدى،
ئولتۇرۇپ كۇن، جەھان قارا بولدى.
چەشم زۇلمەتدە مېھر بولغاچ گۇم،
ئالدى ئۇزنى لەشكەرى ئەنجۇم.
سۇبھە ئاتلاپ يەقاسىنى يىرتىپ،
سارغىرىپ، قىزارىپ، يۇزىن چىرتىپ.
بۇ ئەلاماتنى قوياشغە قىلدى خەبەر،
قالغاچ ئوق قاچتى لەشكەرى ئەختەر.
چىقتى كۇن كەتتى خەيلى زۇلمانى،
قىلدى ئالەم يۇزىنى نۇرانى.
چاشتگاھ بولۇب ئىدى بارى،
يەنە بىر گەرد بولدى ئىزھارى.
قىلدى لەشكەر ئۇلارغە نەززارە،
ئەلەم ئېردى ئون ئىككى پەركارە.
ھەر ئەلەم ئىككى مىڭ كىشگە نىشان،
تىترەبان ھەيبەتىدىن ئىككى جەھان.
ئارغۇماق ئىراق ئەسبلارى،
تۇگەمەس دىسە قانچە ۋەسفلارى.
كوك تىمۇردىن كىيىب تامام لىباس،
سالىبان مۇددەئىغە بىم، ھەراس.
ھەربەلەر ئۇستۇۋار ئىتىب ئوزىگە،
قىلسا تەئرىف سىغماغاي سوزىگە.
سەرۋەرى سۇلتان ئوبۇل مۇزەففەردۇر،
يەنە سۇلتان ئوبۇل غەزەنفەردۇر.
ھەزرەت سۇلتان قاسىم خارەزمى،
ھەزرەت سۇلتان ئەئزەم خارەزمى.
خوجە كوچەك ۋە خوجەئى شەھباز،
ھەر بىرى شاھلارغەدۇر دەمساز.
بۇ ھەممە پەھلىۋان خارەزمى،
رەزمىدۇر بۇ دەلىرلەر بەزمى.
قارار ئېردى، سىپاھ ھەرسارى،
بولدى گەرد يەنە نەمۇدارى.

سەرۋەرى ھەزرەت جەلالىدىن،
ھەزرەت سۇلتان شەيخ سەئىددىن.
بەئىدازان ھەزرەت زىياﺋﯘددىن،
مەرد ئالى گەھى ئەلائۇددىن.
دۇررى ناياب خوجە شەمسىددىن،
خوجە سۇلتان ھەسەن زىياﺋﯘددىن.
خوجە مەھمۇد مەھەممەدى تاھىر،
خوجە يەھيا، خوجە ئومەر ناسىر،
خوجە مەنسۇر، خوجە ئابدىلكەرىم،
خوجە ئابدۇل غۇفۇر، ئابدۇررەھىم.
بۇ ھەممە پەھلىۋان بەغدادى،
كەلدى چالىب نەققارەئى شادى.
ئوك ۋە سول چاپىشىب مۇبارىزلار،
كىيىبان جامەھاي قىرمىزلار.
يەر ۋە كوك تىترەب ئات سەداسىدىن،
نەۋجۇۋان مەردلار ھەراسىدىن.
بەگلەرىنىڭ باشىدا زەررىن تاج،
پۇيە بىرلە شەمالدىن ئالىب باج.
كوردىلار ئانى يۇسۇفى غازى،
يۇردىلار ئالدىغە بۇ شەھبازى.
قىلدى تەئزىم غازى قادىرخان،
سوردىلار ئەھۋال ھەزرەت سۇلتان.
دىدى قاي تەرەپكە بىز تۇشەمىز،
بىزگە ئوز جايىمىزنى كورسەتىڭىز.
تىكتۇرۇب تۇشتىلەر بۇلار خىمە،
بولدى كۇفر ئەھلى كوب سەراسىمە.
مەسلەت قىلدى ئەيتمايىن ئىمان،
قۇتقارالماسمىز مۇنچە ئېلدىن جان.
يا كېلىب بولمادى ۋە يا بولدى،
ئەمما لەشكەرگە كاشغەر تولدى.
نەيزەگە - نەيزە چاقىشۇر ئېردى،
تىغقە - تىغلار چاپىشۇر ئېردى.
ناگېھان قامچى قولدىن يەرگە تۇشەر
پەھلىۋانىغە ۋەيا ئىگەرگە تۇشەر.
كۇفر ئەھلىغە ئۇشبۇ ئېردى جەدەل
بولدى كۇندۇز يەنە كېچەگە بەدەل

كۇن چىقىب ۋەقت چاشتگاھ ئىردى،
ئىل كۆزىگە كورۇندى بىر گەردى.
گەرد ئارا بولدى تۇغ - ئەلەم ئىزھار،
ئەلەم ئىردى يىگىرمە بەش پەرگار.
ھەر ئەلەم ئىككى مىلك كىشىگە نىشان،
تىترەبان ھەيبەتىدىن ئىككى جەھان.
بادپايى ئىراقىلارنى مىنىب،
ھەممە شاھانە جاملارنى كىيىب.
باشلارىغە قويۇب مۇرەسسەئ تاج،
كۇفر ئىلىگە جەھاننى ئەيلەب راج.
ھەربىرى ھىممەت ئىچرە مىسىل ئەسەد،
مۇددەئىلار كورۇب يەر ئىردى ھەسەد.
بىركىتىب رەڭ - بەرەڭ جەلاجىلالار،
تىغلارىنى قىلىب ھەمايىللار.
شوخ شەھزادە ھاي شەھبازى،
كورسەتىب شەھ قاشىدا جانبازى.
ئارەزى ئاي، قامەتى شەمشاد،
كىيىنىب غەرق ئاھەنىن پولاد.
قويۇبان باشىغە تاج شاھانە،
بەلگە باغلابىدۇر كەمەند كىيانە.
بىركىتىب چەبراست خەنجەرلەر،
ئالىبان قولىغە مىسىر شەمشەرلەر.
يەتتە مىلك شەھزادە ئوڭ قولىدا،
قىرق مىلك مىرزا يەنە سول قولىدا.
ھەزرەت يۇسۇف غازى قادىرخان،
كوردىلار كەلدى پادىشاھى جەھان.
قاتىغ ئۇن بىرلە دىدىلار ئول شاھ،
كاشغەر خەلقى بولغاسىن ئاگاھ.
يەتتە شاھىن شەھى جەھانگىرلار،
يۇرگىل ئالدىغە بارچە كافىرلار.
ھەم ئامان تابغىل ئەيتىبان ئىمان،
دىدى شەھ قاشىغە بولدى راۋان.
ۋەقتى ئول شاھلارغە يەتتى يېقىن،
تاشلادى يىغلاب ئۇزىنى ئاتدىن.
يەر ئوپۇپ شاھلارغە قىلدى سەلام،
ھال - ئەھۋال سوردى تورت ئىمام.
شۇكرى لىللاھ دىدى، ئىسەن تۇردۇم،
ھەر نىچۇكدۇر جەمالىڭىز كوردۇم.

ئۇزىنى شەھلەرغە قىلدى پەرۋانە،
قىلدى شەھ ئىلتىفات شاھانە.
كاشغەر خەلقى كەلدىلەر ئۇچاغ،
بىركىتىبدۇر بويۇنلارىغە سەداغ.
پىشكەشلەر بىلەنىھايە ئالىب،
قىلدى تەئزىم شاھلارغە كېلىب.
بەرمەدىلەر سەلاملارىغە جەۋاب،
سوردىلار يۇسۇف غازىغە قاراب.
ئۇشبۇ ئىل مۇسۇلمانمۇ، كافىرمۇ،
دىن دىيارى ئارا مۇسافىرمۇ؟
دىدىلار يۇسۇف غازى قادىرخان،
كەلتۇرۇرگە كېلىب دۇرۇر ئىمان.
دىدى ئۇزمەيلى بىرلە كەلمىشمۇ،
ياكى قورقۇنچى بىرلە كەلمىشمۇ؟
سوردى ئىلدىن ئايا نىچۇك سىزلار،
مۇڭلۇغ ئىردۇك دىيىشتىلەر بىزلار.
ئۇشبۇ سوزنى ئىمام ئىشىتتىلەر،
ئاتلارىدىن تەمام تۇشتىلەر.
ئەرز قىلغاچ بۇ خەلقىغە ئىمان،
سىدق دىل بىرلە بولدى مۇسۇلمان.
قول كوتەردى دۇئاغە تورت ئىمام،
خەلق ئامىن دەر ئىدى بەتەمام.
كۇفردىن قالمادى كوڭۇلدا ئەسەر،
ئۇز ۋۇجۇدىدىن بارچە تاپتى خەبەر.
شاھلار قىلدىلار مۇبارەكباد،
كاشغەر خەلقى بولدى خۇررەم شاد.
قەلئەگە تەكلىف ئەتتى ئول فۇرسەت،
بارچە ئۇز مەيلىچە قىلىب ئىززەت.
يۇسۇف غازى خان پادىشاھ بولدى،
كاشغەر خەلقىغە پەناھ بولدى.
كاشغەر خەلقى قىلدىلار خىزمەت،
قويدى جانىغە يۇز تۇمەن مىننەت.
تۇردىلار كاشغەردە نەچچە مەھەل،
شاھلار مەقدەمىغە شاد بۇ ئەل.
ساقىيا، كەل كوڭۇلنى ئاباد ئەت،
فەيز جامى بىلە مىنى شاد ئەت.
بۇلبۇلى مەست ئولۇب، قىلىب پەرۋاز
ئەيلەيىن ئۇزگە داستان ئاغاز.

### ھەزرەت ئىماملارىم كاشغەردىن يارکەندگە کەلگەنلەرى، يارکەند خەلقى ئالدىلارىغە چىقىپ دىن ئىسلامغە مۇشەررەف بولغانى

ھۇشمەند بول بۇ قىسسەدىن ئاگاھ،
كاشغەر ئىچرە شاھلار ناگاھ.
مۇددەتى تۇتتىلار مەقام ئاندا،
گەردلەر بىرلە تورت ئىمام ئاندا.
ھەزرەت يۇسۇف غازى قادىرخان،
بولدىلار بۇ دىيارىغە سۇلتان.
قىلدىلار ئاڭا كوب نەسىھەتلەر،
يەنە ھەم بۇ سۇفەت ۋەسىيەتلەر.
ئەدل بىرلە جەھاننى قىل ئاباد،
ھەم يەتىم، بىۋەلەرنى قىلغىل شاد.
مۇئتەبەر تۇت شەرىئەت غەررا،
شەرئى تىغىنى ساقلاغىل بۇررا.
نۇش قىلساق ئەجەل شەرابىنى بىز،
جىسمىمىز تۇزدە قالماسۇن ھەرگىز.
قىلىڭىز ۋەقف يەر، سۇ، شەمئ، قازان،
ئەيلەڭىز داشمىزنى ئاۋىزان.
شەيخ قويغىل، دۇئادا ياد ئەتسۇن،
روھ - ئەرۋاھىمىزنى شاد ئەتسۇن.

يەنە ئەيلەب ۋەسىيەتى چەندان،
يارکەند تەرەفكە بولدى رەۋان.
بۇ دىيار ئىچرە نەچچە يۇز مەردى،
يەرنى كولاب مەقام ئىتىب ئېردى.
توھپە، پىشكەش بىلەن چىقىب بەتەمام،
چىقىبان شاھلارغە قىلدى سەلام.
چۇن ئاڭا ئەرز قىلدى ئىمانى،
سىدق دىل بىرلە بولدى مۇسۇلمانى.
شەھ دۇئا قىلدىلاركى ئۇشبۇ ۋەتەن،
بولسا دېب پايتەخت مۇلكى خوتەن.
ئېل بىلە خەيرباد ئېتىب ئاندىن،
يۇردى شەھ بەجانىبى ماچىن.
ئۇچرادى شەھغە نەچچە پارە كىشى،
بەئىز ئەركەك ۋە بەئىز تىشى.
ئوقۇدى بەئىزىسى ئاڭا ئىمان،
بەئىزىسى قاچتى، قالدى ئانىڭ گۇمان.
بۇ مەسەل گۇمادا گۇمان قالدى،
چىقتىمدى مەۋجى بەتەمام قالدى.

### ھەزرەت ئىمامى مۇھەممەدى شاكىر پادىشاھىم ھەممە لەشكەرلەرنىڭ پېشرەۋلەرى ئېردىلار، خوتەن يولىدا جۇقتە رەشىد، نوكتە رەشىدنىڭ قاراۋۇللارى بىرلە جەڭ قىلىب دەرەجەئى شاھادەت تاپقانلارى

ئول ئىمامى مۇھەممەدى شاكىر،
سەرۋەرى شەھىد ئېرۇر بۇ دەلىر.
تۇرفە مەردانە شەھسۇۋارى ئىدى،
گەردلەر ئىچرە نامدارى ئىدى.
سەرۋەدەك قەدلارى، يۇزلارى ماھ،
كورسە ناگاھ ئولۇس چىكەر ئىدى ئاھ.
تەھمەتەن ئېردىلار شىجائەتدە،
ئېردى ئاراستە زىيافەتدە.
شاھدىن ئىلگەرى يۇرۇر ئېردى،
تەڭرى يادى بىلە بارۇر ئېردى.

ئىككى كافىر خوتەنگە شاھ ئېردى،
خوتەن ئەھلى ئاڭا سىپاھ ئېردى.
بىرىسىنى دەر ئىدى جۇقتە رەشىد،
يەنە بىرىنىڭ ئاتى نوكتە رەشىد.
نەچچە كافىرنى ئول قاراۋۇلغە،
قويۇب ئېردى بۇلار ئوتەر يولغە.
ئۇشبۇ بەش يۇز جەھەننەمى نادان،
ئېردى بىر قۇم ئاراسىدا پىنھان.
ناگىھان يەتتىلەر ئو شۇل رەھبەر،
ئۇشبۇ ئىشدىن ئاڭا يوق ئېردى خەبەر.

چىقتى ئالدىغه كۇفر ئەهلى تەمام،
ئەيلەدى جەڭ لەشكەرى ئىسلام.
كەلدى شاكىر ئىماىغە توقنۇش،
ئاقىبەت قىلدى مەرگ شەربەتى نۇش.
بۇ ئەلاماتلارنى كوردى سىپاھ،
زار يىغلاب تەمامى چەكتى ئاھ.
كۇفر ئەهلىن ئاراغە ئالدىلار،
ئولتۇرۇپ ماجراغە سالدىلار.
هەرتەرەف قانى جۇدەك ئاقتى،
باشى سايىنىڭ تاشىدەك ياتتى.
شەفەق ئالۇد قىلدى يەرنى قانى،
بەند بولدى بارىب تومۇغقە جانى.
ئاشكار ئەيلەگەچ قىيامەتلەر،
قالمادى هىچ بەد دىيانەتلەر.
بارچە كافىرلار تومۇغ سارى باردى،
بىر پەلىد ئوز جانىنى قۇتقاردى.
دەرمەهەل شەهرىگە كىلىب كافىر،
قاراۋۇل ئولگەنىن قىلىب تەقرىر.
بىر نەچە پەهلىۋان كەلدىلەر،
قاراۋۇللار باشىنى ئالدىلار.
كوردۇم بۇ ئىشنى، يۇردۇم قاچماقغە،
كەلگەن ئىرمىشلار ئىسلام ئاچماقغە.
كەلدى جۇقتە رەشىدغە، قىلدى خەبەر،
هۇشىدىن قالمادى بۇ سەگدە ئەسەر.
كىشى چاپتۇردى هەر جەۋانىبغا،
بولدى يارۇق جەهان قاراڭغۇ ئاڭا.
قەلئەنى قىلدۇرۇب بۇ سەگ مەهكەم،
جەڭنى قىلماقغە بولدى مۇستەهكەم.
تۇشتى ئول شاهلارغە بۇ قىسسە،
كىلۇر ئىردىلار يولدا ئەلقىسسە.
مۇددەتى راهلار تەي ئەتتىلەر،
ئاقىبەت قۇم رەباتغە يەتتىلەر.
كوردىلەر شاكىر ئىمامنى ئاندا،
يەر يۇزىنى بويابدۇرۇر قاندا.
قاندىن ئاچىلدۇرۇپ گۇلى-گۇلزار،
جانىن ئەتمىش خۇدا يولىدا نىسار.

پاك جىسىم نەهان غۇبار ئىچرە،
گۇل مەسەللىك مەكانى خار ئىچرە.
لەئىللار ئۇشبۇ لالەدەك قاندىن،
رەڭ ئالىبدۇر تۇرۇب بەدەخشاندىن.
لالەلار تاغ ئارا قىلىب نالە،
قان ياشىن مىسلى ئەيلەمىش ژالە.
باغ ئارا گۇل ئەمەس ئۇزە شەبنەم،
باغ ئارا يىغلامىش قىزىل گۇل هەم.
شادلىق بولسا گۇلغە ئاچىلماق،
ئەندەلىبلارغە ئىش نەۋا قىلماق.
ناگىهان گۇلنى كورسە ئول غەمكىن،
ئەشك توكمەك ئانىڭ ئىشى غەمدىن.
قانغە ئويرۇلسە ئەندەلىب ئەشكى،
زاغنىڭ كەلگۇسى ئاڭا رەشكى.
گۇلنى كورسە بۇ نەۋ مەهزۇنراق،
بولغاي ئانىڭ فىغانى ئەفزۇنراق.
زاغ رەشكىدىن ئەندەلىبغە نەغەم،
رەشكىدىن ئەشك بولماس ئانىڭ كەم.
هەجرىدىن باغرىن ئەيلەگەي يازە،
دەردى جىسمىن ئەيلەمىش پارە.
دەهر باغىدا هەر گۇل ئاچىلادۇر،
ئاقىبەت يەر يۇزىگە ساچىلادۇر.
نە تىكەن باقى قالغۇسى، نە گۇل،
قالغۇسىدۇر نە زاغ ۋە نە بۇلبۇل.
ئاقىبەت مەرگ سەرسەرى يەتمەك،
گۇل جەبىنلار ئىشى توزۇب كەتمەك.
بۇلبۇلى بولسا گۇلدىن ئايرىلماق،
ساغەرى بولسا مۇلدىن ئايرىلماق.
بولسا گۇللەر، ياندا خارى بار،
شادلىق مەيدە بار خۇمارى بار.
نەچچە خۇشاۋۇق، ياندا غەم بىللە،
كۇندۇزى بولسا كىچە هەم بىللە.
بار تىرىكلىك، ياندا ئولمەكلىك،
بىر-بىرىدىن بولۇرمۇ بولمەكلىك.
هەر بىرىدىن تو ئامان بىر-بىرىگە،
ئەمما بارغاي تەمام ئوز يىرىگە.

مەي ئەجەل جامىدىن تۇتار ساقى،
قالماغاي ھېچبىرى ئانىڭ باقى.
ئول ۋەفا باغىنىڭ گۇلى ئېردى،
گۇللەر ئانىڭكى بۇلبۇلى ئېردى.
تۇندبادى ئەجەل خەزان ئەتمىش،
گۇل يۈزىن قان ئارا نىھان ئەتمىش.
كوردىلەر چۇن بۇ ھالنى ئول شاھ،
تەئزىيەت تۇتتىلەر تەمام سپاھ.
لالەنى كوردىلەر بولۇب ۋالە،
ئەيلەدىلەر تۈمەن - تۈمەن نالە.
ئول زەمان چىقتى جىسمىدىن جانى،
سۇد قىلغايمۇ ئاھ - ئەفغانى.
پارە ئەيلەب يۈرەكنى ئۇرسا بەدەر،
شەمە يوقتۇر ئولۇككە ھېچ خەبەر.
دەفن ئەيلەب ئىمام شاكرنى،
ئوقۇدىلار دۇئا ۋە تەكبىرنى.
دىدەدىن ئاقىزىب يۈزىگە سۇلار،
شەھرى ماچىنغە ئەزم قىلدى بۇلار.
شەھ ئاخىر شەھەرگە يەتتىلەر،
قەلئە ئالدىدا مەسكەن ئەتتىلەر.
بولدى جۇۋقتە رەشىد پەلىد ھەيران،
ئوزگە كافىرلار بولدى سەرگەردان.
بار ئىدى بۇ شەھەردە بىر ساھىر،
دوزەخىلىق نىشانەسى زاھىر.
كەلدى جۇۋقتە رەشىدنىڭ قاشىغە،
سىلدى، بىر غەم تۇشۇبدۇر باشىغە.
دىدى ئەي شەھ نەدۇر بۇ غەم سەندىن،
مەن ئىلاج ئەيلەي، بولماغىل غەمگىن.
دىدى مەن كوڭلۇڭىزنى توق قىلايىن،
قەلئەنى سىھرى بىرلە يوق قىلايىن.
قىلدى ساھىرغە ۋەئدەلەر چەندان،
بولدى كافىرلار خۇررەمۇ خەندان.
شاھلار ئەمما قىلدى چۇن فەرمان،
ئەلچى كىرسۇن شەھەرگە ئەي ياران.
دەخل قىلمايلى بولسا مۇسۇلمان،
قىلالى جەڭنى ئەيتماسا ئىمان.

بىر كىشىنى شەھەرگە بۇيۇردىلار،
سەن ئەيتقاسەن بۇ كەلگەنلار.
ماۋەرائۇننەھردىن كېلىبدۇرلار،
دىن ئۇچۇن مۇنچە ئەمگەلىبدۇرلار.
يۈز قىردق ملك دىلاۋەر بار ئانىڭ،
ئىسلام ئاچماقلىق ئىختىيار ئانىڭ.
مۇسۇلمان بول، خۇداغە تائەت قىل،
شاھلارغە ھەم ئىتائەت قىل.
گەر قوبۇل قىلماساڭ بۇ سوزلەرنى،
ئوردىڭىزلار تومۇغقە ئوزلەرنى.
يەتمەسەڭ بۇ گوھەر باھاسىغە،
باقماساڭ ئىشنىڭ ئىنتىھاسىغە،
كەتكەنىڭ - كەتكەن سەن جەھەننەمگە،
قالغانىڭ - قالغان سەن تۈمەن غەمگە.
چىقماي ئالدىغە بەد دىيانەتلەر،
قىلدى شەھ سۇفەت سىياسەتلەر.
شاھدىن ئاڭلابان بۇ نەۋئ كەلام،
قوپتى ئەلچى شەھەرگە قىلدى خىرام.
ئەلچى شەھنىڭ سوزىنى چۇن بىر - بىر،
قىلدى جۇۋقتە رەشىدغە تەقرىر.
بولدى يارۇق جەھان قاراڭغۇ ئاڭا،
سوزلەمەس ئېردى بۇ ئاڭا، ئۇ مۇڭا.
سالدى باشىن تۇبەن تەفەككۇرغە،
توكتى ياشىن، قالىب تەھەييۇرغە.
فىكىر - ئەندىشەلەر قىلۇر ئېردى،
جادۇ ئانىڭ قاشىغە تىز كىردى.
ئەمما جۇۋقتە رەشىد، توكتە رەشىد،
زار - زار يىغلابان بۇ ئىككى پەلىد.
ھال - ئەھۋالنى بەيان ئەتتى،
ئەلچىنىڭ سوزىنى ئەيان ئەتتى.
بۇ لەئىننىڭ ئاتى ئىدى شەمئان،
قىرق شاگىردى ھەر بىرى شەيتان.
جەمئ بولدى ھەمە بۇ جادۇ قاشىغە،
بىر ياشىل ئوردا تىكتى باشىغە.
ئورداغە جەمئ ئولدى قىرق بىر جادۇە
كىچە - كۇندۇز قىلۇر ئىدى جادۇ.

مەسلەھەت قىلدى ماچىنلار بىر - بىر،
ئاقىبەت قىلدى بۇ سۇفەت تەدبىر.
دىدى بىز مۇسۇلمانمۇ بولماسمىز،
كۇفردىن ئۆلمەگۇنچە يانماسمىز.
ئاغزىغە يۇز تومەن كەلۇخ - سەفال،
ئەلچىگە دەر ئىدى بۇ نەۋئ مەقال.
ئەلچى ئاڭلاپ بۇ سوزنى، ئاتلاندى،
شاھلارنىڭ جانىبىغە ياندى.
بۇسە قىلدىلار شەھ جەنابىنى،
دىدى ماچىنلار جەۋابىنى.
شەھلەر ئەمىر ئەتتى تەبەل جەڭ ئۇردى،
پەھلىۋانلارمو سەف تۇزۇپ تۇردى.
يۇز قىرىق تورت مىھتەر ئىردىلار،
جاروب يەمەنى سەر ئىردىلار.
ئەبىر مەيدان يۇزىنى ئەيلەدى نەم،
باد فەرراشلىقە قويدى قەدەم.
جەڭنى قىلماقغە ئىردىلار شەيدا،
دىدەدىن قەلئە بولدى نا پەيدا.
بارچە ئوز جايلارىدا تۇتتى مەقام،
ھەم تەۋەججۇھ قىلۇر ئىدىلەر ئىمام.
قەلئە بولدى يەنە نەمودارى،
مىندىلار ئەسىب تىز رەفتارى.
مەردلار ھەر تەرەف قىلىب جەۋلان،
تاشلاب ئەفلاكغە ئۇمۇد گەران.
غارقىراب تۇشسە گۇرزە شاباشلاپ،
چەپ قولىدا تۇتۇپ، يەنە تاشلاب.
رەڭ - بەرەڭ لەئەب كورسەتىب بازى،
ۋەرزىش ئەيلەب قىلۇرغە جانبازى.
ئىردى ئەزپەي شەھەرگە ئات سالماق،
ھەملە قىلماق، قەلئەنى ئالماق.
كوردىلەر قەلئە ناپەدىد ئولدى،
كەچ بولۇپ يارۇدى، پەدىد ئولدى.
بولدىلار شاد لەشكەرى ئىسلام،
يەنە ئاتلاندى مەردلەر بەتەمام.
ئات سالۇر چاغدا قەلئە بولدى نىھان،
ئىردىلار بۇ ئىشغە مەردلەر ھەيران.

قىلدى لەشكەر نالەئى زارى،
يەنە بولدى شەھەر نەمۇدارى.
شاد ئولۇب، ئاتلانىب تەمام لەشكەر،
قىلماق ئەزپەي شەھەرنى زىر - زەبەر.
بولدى كوزدىن شەھەر يەنە پىنھان،
ئۇشبۇ يەڭلىغ ئىش ئىردى نەچچە زەمان.
تۇردىلەر بۇ دىيار ئارا بۇ تەرىق،
قىرق يىل، بەزى راۋىدا كۇن قىرق.
قىرق كۇن ئىردى شاھ خەلقىغە،
قىرق يىل ئىردى كۇفر ئەھلىغە.
كۇفر ئەھلىغە تومۇغ مىسال شەھەر،
سائەتى قىرق يىلدىن ئىردى بەتەر.
بىخەبەر ئىردى دىن ئىسلامدىن،
كۇنى بىر يىلدىن كورۇنمەكى ئاندىن.
ھەددى بولغايمۇ جادۇ قىلماقغە،
بار سەبەب قەلئە غايىب ئولماقغە.
غايىب ئولغايمۇ جادۇ قىلغانغە،
سالغانى ئوزىنى ئوزى زىندانغە.
كورمەگەن چاغدا شىرنى تۇلكى،
ئاڭا ئوز ئالدىغە ئويۇن - كۇلكى.
ناگىھان يەتسە باشى ئوزرە ئەسەد،
ئاڭا ئانىڭ كورۇنمەكى نەھەد.
جايى ئانىڭ قاراڭغۇ بولسا ئىچى،
خىيلى ئانىڭ مىسال بولسا قىچى،
كوڭلى ئوز مەيلىچە قارا بولسا،
قارالىق بىرلە ئول فەنا بولسا،
خالىقون كۇللۇ شەيئى كەۋن - مەكان،
رەھمەتى ئەبرىدىن چىكىب باران.
ئىرسە ئول ھەزرەت ئىمام زەمان،
ئاشكار ئەتكۇچى دۇررى ئىمان.
شەھرى ماچىن ئارا تەمام سىپاھ،
مۇددەتى مۇنداغ ئولدى پابەر جاھ.
كۇفر ئەھلىغە سەخت بولدى قەبەل،
بىر كىچە قاچتى، ئەزم قىلدى جەبەل.
ئول كۇنى بولمادى شەھەر غايىب،
بولدى ئاتلارغە مەردلەر راكىب.

پەھلىۋانلار شەھەرگە بولدى قەرىب،
بەرگەن ئۇخشايدۇر كۇفر ئەھلى فەرىب.
ئاز كىشى قىلادۇر شەھەردە غەرووۋ،
بۇ مەھەل ئۇچرادى بۇلارغە بىرووۋ.
سوردىلار بار شەھەردە نە ۋاقىئە،
قىل بەيان، ئاڭا بولالى سامىئە.
دىدى جۇقتە رەشىد، نوكتە رەشىد،
بىھەيا دوزەخى لەئىن، پەلىد.
جادۇغە جادۇ قىلدۇرۇب ئىردى،
ئاڭا كوزىدىن شەھەر نىھان ئىردى.
قەلئە غايىب ئىدى ئاڭا مۇنچە،
قاچتى ئوز لەشكەرى بىلە بۇ كىچە.
قالمادى بۇ شەھەردە ساھىرلار،
قاچتى تاغ تەرەفگە كافىرلار،
بۇ سەبەبدىن شەھەر ئىمەس پىنھان،
مەن كەبى خەستەلەرمۇ بار چەندان.
مەنى ئازاد ئىتىلىڭ تەرەھھۇم ئىتىب،
كەلتۇرەي ئىلنى مەن تەكەللۇم ئىتىب،
ھەر يامانلىقكى بولسا مەن تاشلاي،
بارچەنى شەھ جانىبىغە باشلاي.
ئۇناماي ھەيدەب ئالدىلار ئانى،
شەھ جانىبىغە كەلتۇرۇب ئانى.
شاھغە ئەيلەدى كىلىب كورۇنۇش،
سەلتەنەت ھەيبەتىدىن ئىدى بىھۇش.
شەھ ئاڭا دىدىلار ئەيت ئىمان،
ئوقۇبان بولا قويدى مۇسۇلمان.
دىدىلەر بار شەھەردە نەچچە كىشى،
بىللە قاچتى ئەيتىغىل قانچە كىشى؟
دىدى ئون ئىككى مىڭ كىشى دايىم،
خىزمەتىدە تۇرار ئىدى قايىم.
كىچە - كۇندۇز ئاڭا مۇلازىم ئىدى،
بىللە قاچماقلىغىدا ئازىم ئىدى.
قالىب ئىردۇك شەھەر ئارا بىزلار،
تولادۇر بىزگە ئوخشاش ئاجىزلار.
دىدىلار مۇسۇلمان بولۇرمۇ ئۇلەر؟
دىدى يوقتۇر ماڭا بۇ ئىشتە خەبەر.

قالغانىنىڭ چوڭى ئىرۇر ئەلھال،
بىر مۇبارىز ئاتى ئىرۇر خەلخال.
قەلئە سەردارى ئىردى تۇرفە ھەرىب،
بۇ مەھەلدە ئىرۇر ۋەلىك زەئىب.
كىشىلەر بار ئاڭا ئىرۇر تابىئە،
قىلۇر ئىكىن ئايا نىچۇك ۋاقىئە.
بۇ كىشى قىلدى چۇن سوزىنى تەمام،
بۇ سۇفەت ئەمر ئەيلەدىلەر ئىمام:
كىرسۇن ئەۋۋەل شەھەر ئىچىگە رەسۇل،
ئەلچىنىڭ سوزىنى قىلۇرمۇ قوبۇل.
قەلئە ئەھلىنىڭ سوزلارىگە باقىب،
بولالى جەڭ قىلغالى راغىب.
بار ئىدى لەشكەر ئىچرە بىر مەردى،
ئاتى قەيتۇس مەغرەبى ئىردى.
ئىردى ھىممەتدە گويا ئۇ رۇستەم،
قىلماغان قامەتىنى ھىچكىم خەم.
ئاڭلابان ساچراب ئورنىدىن قوپتى،
پەسكە تۇشتى، داغى يەر ئۇپتى.
دىدى يا پادىشاھ شاھى ئەجەم،
ماڭا ئەمر ئەت، چىكەي شەھەرگە قەدەم.
مۇسۇلمان بولسا بىللە چىقايىن،
بولماسا كۇفر ئىلىنى يىقايىن.
جەڭ قىلىب قانلاردىن قىلۇرمەن جوي،
باشىن ئول كوك ئارا قىلۇرمەن گوي.
رۇخسەت ئالدى، كامران ئولدى،
بىر كىشى باشلادى رەۋان ئولدى.
كىردى خەلخالنىڭكى قاشىغە،
ئەزرائىل يەتتى مىسلى باشىغە.
بارچە ئەزاسى تىترەدى ئانىڭ،
ھەر تەرەف خەيل پىترەدى ئانىڭ.
كەتتى خەلخالنىڭ باشىدىن ھوش،
ھەممەدىن بەلكى بولدىلار بىھوش.
تاپتى ھۇش ئوز تەبرى كەلامىدىن،
ئەندەك ئويغاندى بىم خابىدىن.
سوردى قەيتوستىن سۇئالى ئول،
ئاڭا بەردى بۇ رەڭ جەۋابى ئول.

کەلمشەم شاھلار جانىبىدىن،
بولغىل ئاگاھ سوز جەۋابىدىن.
بول مۇسۇلمان، خۇداغە تائەت قىل،
ھەق تەئالانى بىل، ئىبادەت قىل.
بولماسا بۇ سوزۇم ئەگەر مەئقۇل،
قىلماساڭ بۇ نەسھەتىمنى قوبۇل،
ئات ئاياغىدا مۇلكىڭىز قالغاي،
ئەھلى ئەۋلادىڭىز ئەسىر ئولغاي.
دىگەچ ئانداق ئو شۇل ھەربىر زەمان،
بولدى خەلخالغە قاراڭغۇ جەھان.
كوردى چۇنكىم قاراڭغۇ ئالەمنى،
دىدى خەلخال تۇت بۇ ئادەمنى.
تۇتقالى قەسد ئېتىب نەچچە ئەدلەھ،
ھەر تەرەفتىن قىلۇر ئىدى ھەملە.
كوركى قەيتوس مەغرەبى يانە،
ئاڭلادىلار بۇ نەۋئ ئەفسانە.
تارتىبان نەئرھاي جەرراجەر،
قولغە ئالدى غىلافىدىن خەنجەر.
ئۇردى بىر خەنجەر ئولدى يەتتە كىشى،
ھەر ئۇرۇ‌ىدا بۇ ئېردى ئانىڭ ئىشى.
چىنلار ئېردى مىش، بۇلار ئىدى شىر،
يەنە ئالدى غىلافىدىن شەمشىر.
بولدى غەيرەتدە مەست - مەستانە،
ئېردى ھىممەتدە مىسلى دىۋانە.
ئۇردى كۇفر ئەھلىغە يەنە ئوزىنى،
قانغە ئاغۇشتە قىلدى يەر - يۇزىنى.
ساچراغان قان جۇيدەك ئاقتى،
باشى سايىنىڭ تاشدەك ياتتى.
قىلۇر ئېردى يەنە بۇ نەۋئ سەدا،
يۇز جانىم بولسا شاھلارغە فىدا.
قىلدى ماچىنلارنى زىرو زەبەر،
گويا شاھلارغە بەردى خەبەر.
دىدى قەيتوس مەغرەبى ئاندا،
قەلئەنى غايىب ئەيلەمىش قاندا.
ئۇشبۇ سوز شاھ سەمئىغە يەتتى،
شاھ لەشكەرگە ئانداغ ئەمر ئەتتى.

بەر خەبەر شاھ قاسىم ئوشىغە،
يار بىرىلسۇن ئانىڭ ئۇرۇشىغە.
ئاڭلاب، ئاتلاندى شاھ قاسىم ئوش،
نەئرە تارتىب چېكىب فىغان، خەرۇش.
ئات يۇگۇرتۇب شەھەرگە يۇزلەندى،
يارۋەرى بىرمىلڭ يەتتە يۇز ئېردى.
كوردىلەر قەلئەنى ئەجەب مەھكەم،
بەلكى دەرۋازە تۇرفە مۇستەھكەم.
يەتكەچ ئوق، ئۇردىلار سىپاھغە ئومۇد،
تولدى توققۇز فەلەككە گەرد ئىلە دۇدە
چاپتى دەرۋازەلارنى مەردانلار،
سالدى ماچىنلارغە ئەفغانلار.
پەھلىۋان بار ئىدى شاھ يەمەنى،
ئېردى قەيتوس مەغرەبىغە ئىنى.
ئاڭلىغاچ ئول بۇرادەرى ئىشىنى،
قىلدى ھەمراھ يەتتە يۇز كىشىنى.
كەلدى ئول پەھلىۋان ئۇرۇب نەئرە،
پارە ئەيلەب، سىپەلنى ئاچتى رەھ.
ئەيلەدى جەڭ بىنەھايەتلەر،
ئاشكار ئەيلەگەچ قىيامەتلەر.
يوق ئوغۇلنىڭ ئاتاسىدىن خەبەرى،
تاپمايىن قىز ئاناسىدىن ئەسەرى.
ئاقتى دەريا بولۇب مەگەر قانلار،
كەتتى دوزەخقە بىئەدەد جانلار.
قىلدىلار كۇفر ئېلىنى زىرو زەبەر،
گويا كىم ئولۇككە تولدى شەھەر.
ماچىنلار ئەلئامان دىبان بارى،
قىلدى ئەفغان نالەئى زارى.
پەھلىۋانلار بىرىب بۇ ئېلگە ئەمان،
شاھلار دەرگەھىغە بولدى رەۋان.
بولدىلار چۇن مۇقەررەبى دەرگاھ،
ئەيلەدىلەر ئادا تەھىيەت شاھ.
دىدى پادىشا قاسىمى ئوشى،
بىزدىن ئولدى شەھىد نەچچە كىشى.
دىدىلار ئىككى يۇز يىگىرمە غەرىب،
بولدىلار كەربەلا ئېلىگە قەرىب.

بەش يۇز ئاتمىش جەھەننەمى جاھىل،
ئۇلدى، بولدى تومۇغ ئارا داخىل.
ساغداقىن بوينىغە ئاسىب خەلخال،
قەلئە خەلقى بىلە چىقىب بۇ ھال.
كوب خىجالەتدە ئۇزرلەر باشلاب،
كوڭلىدىن بار ئەداۋەتىن تاشلاب،
شاھ ئاياغىغە تۇشتىلار بەتەمام،
مۇسۇلمان بول دىدى بۇلەرغە تمام.
شاھلار ئەرز قىلدىلار ئىمان،
سىدق دىل بىلە بولدى مۇسۇلمان.
بولدى ماچىنغە پادشا خەلخال،
ياندى خەلقى بىلە بولۇب خۇشھال.
ئاتلاسى توھفە، پىشكەش راستلاب،
چىقتى قالغان ئىبلىنى ھەم باشلاب.
دىدى ئەي پادشاھ نىك سفات،
كەنتىمىز بار ئاتلارى ئۇجات.
زاھىرەن دىنغە قىلۇر ئىقرار،
لىك كوڭلىدا كوب ئەداۋەت بار.
دىدىلار ئانداغ ئۇلسا ئەھلى ئۇجات،
تاپماغايلار ئىككى جەھاندا نەجات.
بارھا لۇتفى قىل ماڭا جاي،
يەتكەي ئىككى جەھاندا ئاراي.
كوڭلۇمە تۇشكەي زەررە پەيز، فوتۇھ،
نەشئەسىدىن ھايات تاپسۇن روھ.
گۇلشەنى نەزم ئارا قىلاي پەرۋاز،
ئەيلەيىن ئۇزگە داستان ئاغاز.
دىدىلار راۋى بۇ رىۋايەتنى،
مۇنداغ، ئەلقىسسە، بۇ ھىكايەتنى.
قاچتى جۇقتە رەشىد، نوكتە رەشىد،
بەردى شاھلارغە قەلئە خەلقى نەۋىد.
ئاڭلابان بۇ خەبەرنى شاھىنشاھ،
دىدىلار يۇرۇگىز تەمام سىپاھ.
كۇفر ئەھلىنى ئانچە قوغلايلى،
ئانى ھەر يەردە تاپساق ئۇڭلايلى.
شاھ ئاياغىغە تۇشتىلار بەتامام،
كوھسار تەرەفغە قىلدى خىرام.

ئالىبان قوللارىغە بىر تاشنى،
تاشلاشىب بىر - بىرىگە ئۇل تاشنى.
ئويناشىب كېلۇر ئىدى ناگەھ،
تۇشتى تاش قوللارىدىن ئۇل يەرگە.
ئاتى ھالا «سەقايە» ئۇل يەرنىڭ،
تۇشتى ئاتدىن بىرىسى لەشكەرنىڭ.
قەسد قىلدى ئالىب بىزوگە بۇ ئەر،
دىدىلار قويغۇسىن ئەزىز بۇ يەر.
قالدى ئۇل يەردە يەرگە توشكەن سەڭ،
يۇردىلار يەنە بىر نەچچە فەرسەڭ.
ئۇچرادى شاھلارغە بىر كافىر،
يوتەلەبدۇركى ناقەئى لاغىر.
ئۇزى مانەندە نە ئىش ئانى،
تۇۋاتى تازە ئۇزگە جىسىم يەغىر.
..................................................
..................................................
راستلانىب ئاندا، مۇندا قالغان تۇك،
ئاڭا چۇن تاغدىن ئاغىرراق يۇك.
ئۇستىخان بار، ئانىڭدا جان، تىرە،
ئاڭا ئانى كوتەرمەك ئېردى كەرە.
قوپسا ياتماقىغە بىمەجال ئېردى،
ياتسا قوپماق ئاڭا مەھال ئېردى.
بىر قەدەم ئالسا يوتكەگۈنچە قەدەم،
بولۇر ئېردى تۇمەن ۋۇجۇدى ئەدەم.
ھەر قەدەم يەردە دەر ئىدى يۇز بوھ،
بەلكى ئۇز ھالىغە قىلۇر ئىدى نوھ.
ھالى مۇنداغ ئىدى ئانىڭ بارى،
يەنە بۇنابكار خۇنخارى.
ئاڭا يوكلەبدۇرۇر نەچچە جارۇق،
جارۇقى كوھنە، تىرەسى ئارۇق.
شاھلار سوردىلار سوئال ئاندىن،
قەلئە خەلقى سۇنى ئىچەر قاندىن.
دىدى دەريا بىلەن كىرەدۇر سۇ،
نەقبە قىلغان ئىچىدە بار مىس نو.
ئىزدىبان تاپسا سۇنىڭ ئاغزىنى،
پىرك بىر كىتسە نونىڭ ئاغزىنى.

ئاسان ئولغاي بۇ قەلئەنى ئالماق،
بولماسا شەھەر تاشىدىن يانماق.
بىلدىلار بۇ پەلىد ئىرۇر جاسۇس،
باشىنى كەسكەلى قىلىب نامۇس.
ھەر كىشى ئالدى تاش ئاڭا سالدى،
تىۋە بىرلە تاش ئاستىدا قالدى.
ئوتسە ھالا بۇ يول بىلە قىرى، ياش،
شەرتدۇر تاشلاماق بۇ سەگ ئوزە تاش.
ئوتۇب ئاندىن بۇ شاھ ئالەمگىر،
يۇردىلار، بولدى بىر قارا زاھىر.
دىدى ئەي سۇلتان شاھ قاسىم ئوش،
سىز بارىب توختاتىڭ، بۇلار دىدى خوش.
بۇ مۇبارىز قەپاسىدىن يەتتى،
چىنلار بىرلە سەخت جەڭ ئەتتى.
ئاقىبەت چىنلار قارار ئەيلەب،
بەلكى قاچماقنى ئىختىيار ئەيلەپ.
چىنلار بىر چەقىنغە چىقتىلار،
شاھلار بىر ئاقىنغە چىقتىلار.
دىدى لەشكەرگە شاھ يارانلار،
ئەيشكە چىقتۇق ئەي مۇسۇلمانلار.
تۇرفە شاد ئولدى لەشكەرى ئىسلام،
ھەر تەرەفدىن قىلىشتى گۇفت - كەلام.
لالەزارىگە ئوترادۇر دەريا،
جانۇەرلەر لەبىدە نەغمە سەرا.
سەبزەلەر ھەر تەرەفدە ئال - ياشىل،
سەردەرەختكە مىۋەلەر ھەر خىل.
گۇللەر ئاچىلمىش ئاندا رەنگا - رەڭ،
ئىككى ئەترافى بار يارىم فەرسەڭ.
ھەممە دەريا لەبىگە تۇشتىلار،
تەشنە بولغان كىشى سۇ ئىچتىلار.
ھەزرەت شاھ كىميا تەئسىر،
..........................................
ھەر قاچان بەھرىغە باقار ئىردى،
شاھ ئولۇب سۇ سۇزۇك ئاقار ئىردى.
دىدىلار چىنلار ئىزدىن باقالى،
پەلكى تۇشكەن مەكانىنى تاپالى.

ھەر تەرەف بۇ سىپاھ چاپتىلار،
ئاقىبەت چىلارنى تاپتىلار.
بىر شەھەر تاش بىلەن بەنا قىلمىش،
ئوزگە ئول قەلئەنى پەناھ قىلمىش.
تىكتۇرۇب ئاندا خىمە بارگاھلار،
قەلئە تاشىغە تۇشتىلار شاھلار.
قىلدىلار يەنە ئاندا جەنگى - جەدەل،
كۇندۇزىن قىلادىلار كىچەگە بەدەل.
يەنە كىردى شەھەرگە بۇ سەگلەر،
جاھىل بەد سەرىشت بەدرەگلەر.
تۇشتى ئول يەرگە لەشكەرى ئىسلام،
مەشۋەرەت قىلىشتىلار بەتەمام.
ھەر كىشى قىلادى بىر بولەك تەدبىر،
دىدى يا پادىشاھى ئالەمگىر.
نەچچە مۇددەت بۇ يەردە بولغايمىز،
نە يوسۇنلۇق شەھەرنى ئالغايمىز.
ئاقىبەت ئىدى بەرمەسەك سۇنى،
ئاسان ئالغالى بولغۇسى مۇنى.
بۇ مەھەل بىر كىمەرسە ئاتلاندى،
قەلئەنىڭ چورەسىنى ئايلاندى.
كەلدى بىر كىشى ئالدىغە ئوچراب،
ھەيدەپ ئالدى ئىككى قولىن باغلاب.
شاھلار جانىبىغە يۇردى ئالىب،
كورۇنۇش قىلدى شاھلارغە كىلىب.
شاھلار سوردىلار سۇئال ئاندىن،
قەلئە خەلقى سۇنى ئىچەر قاندىن.
دىدى دەريا بىلە كىرەدۇر سۇ،
نەقبە قىلغان ئىچىدە بارمىش نو.
ئىزدىبان تاپسا سۇنىڭ ئاغزىنى،
بىرك بىركىتسە ئۇنىڭ ئاغزىنى.
دىدى جاسۇس قىلسالار مۇنداق،
ئاسان ئولغاي بۇ قەلئەنى ئالماق.
شاھلار بىر كوسەينى ئالدىلار،
ئانى دەريا لەبىگە سالدىلار.
كوكلەب ئولدەم چىچەكلەدى بۇ شەجەر،
مىۋەسى پىشتى ئالما ئىردى مەگەر.

بۇ مەھەلدە ئانىڭ ئاتى غەزىمەت،
يىسە ھەم بىرەدۇر ئەجەب لەززەت.
بۇ كەرامەت مىۋەدىن ئالدى،
بىر ئىتەك مىۋە دەرياغە سالدى.
مىۋە سۇ يۇزىدە ئاقىب يۇردى،
نونىڭ ئاغزىدە چورۇلۇپ تۇردى.
چورۇلۇپ، چورۇلۇپ تۇرۇپ يەتتى،
نونىڭ ئاغزىنى تاپتى، بىركىتتى.
قىلماغاچ جەڭ ھىرىب نەچچە مەھەل،
كۇفر ئەھلىغە بولدى سەخت قەبەل.
قاچتى بىر كۇن يەنە بۇ كافرلەر،
ئەھلى ئىسلامغە يوق ئىردى خەبەر.

شاھلار سورىدىلار دىماغىمىغە،
بۇيى خۇش كىلەدۇر مەشامىمىغە.
بۇيى غەير ئىمەس، بۇرادەر ئىسى،
كىم ئىكەن تاپالى بۇ بۇي ئىگەسى.
ئۇشبۇ بۇينىڭ بويىچە يۇردىلەر،
مەھدى ئىمام مەنزىلىگە كەلدىلەر.
ھەزرەت مەھدى ئىمام زەمان ئاخىر،
ھازىر ئولدىلار قىلمايىن تەئخىر.
بىر - بىرىگە قىلىب نەۋازىشلار،
قىلدىلار بىر - بىرىن سىتايىشلار.
بىر - بىرىن كورۇشۇب بۇ تۇرت ئىمام،
تۇتتىلار ئاندا ئاشىقانە مەقام.

**قوبۇرغە بۇلاقىنىڭ خۇش ھاۋالىقىنىڭ بايانى**

نە ئەجايىب مەقام ئىكەندۇك ئول،
ھەممە ئەتراف گۇل بىلە بۇلبۇل.
فەيز دەرياسى ھەر مەھەل جارى،
جارىدۇر ئانچە بەھر ئىزھارى.
قىش بىلە يازغە فەرق يوق ئاندا،
يەنە ئانداغ مەقام خۇش قاندا.
ئىشتۇر رەڭ - بەرەڭ سەدانى قۇلاق،
ئاب زەمزەم سۇفەت يانىدا بۇلاق.
ئاب زەمزەم دىسە ئاقىب تۇرادۇر،
كورگەن ئىل داغ بولۇپ باقىب تۇرادۇر.
ئاب ھەيۋان ئۇشبۇل مىكىن ئايا،
چىقتى كەۋسەر سۇيىدىن ئول گويا.
ئىچسە بىر ئولگۇچە بىرۇر لەززەت،
سۇچە يوق ئانىڭ ئالدىدا شەربەت.
شەربەتى بولسا ھەمدە قەند شەكەر،
كورسە بۇ سۇنى شەربەتىنى توكەر.
زاغى شەھ تۇتىدىن ئىرۇر گويا،
تۇتى ئالدىدا زاغدۇر گويا.
زاغى ئاغزىدا ئىسم ھەق جارى،
ھەق دىمەكلىكدە سۇفىدۇر قارى.

سوفىلار بارسا ئاندا ھەر قاندىن،
ھەق دىمەكلىكنى ئورگەنۇر ئاندىن.
كەكلەر سىنەسىگە قويغالى داغ.
كەباك يەڭلىغ خىرام ئىتەر ھەر زاغ.
تۇتىلاردەك مىسال دەفتارى،
شوخلاردەك لەتىف گۇفتارى.
نەچچە مىلڭ يىل سىفاتىن ئەتسە بەيان
بولماغاي مىڭدىن بىرسى ئەيان.
ھەممە ئەترافىدۇر گۇل - گۇلشەن،
بەس ئىمام ئاندا تۇتتىلار مەسكەن.
لال ئولۇب كى فىراق شىددەتىدىن،
شاد ئولۇب كى ۋىسالى دولەتىدىن.
گاھ قىلمىشلارىنى ياد ئەيلەب،
گاھ ئولگەن كوڭۇلنى شاد ئەيلەب.
مۇنداغ ئىردى بۇلارغە مۇڭداشماق،
يىقىن ئولدىكى، ئەمدى ئاجراشماق.
ئەلۋىداع - ئەلۋىداع دىيىشتىلار،
بىر - بىرىدىن جۇدا بولۇشتىلار.
شاھلار خوبلاشىب، رەۋان ئولدى،
مەھدى ئاخىر زەمان نىھان ئولدى.

## هەزرەت ئىماملارىم قوبۇرغە بۇلاقدىن يانىب هەزرەت ئىمام جەئفەرى تەيران پادشادىمغە مۇلاقات بولۇپ ئۇلارنىڭ ئەرۋاهلارى بشارەت تاپقانلارى

بارۇر ئىردىلار ئەيلەبان تەئكىد،
كەلدى شاهلار دىماغىغە بىر يىد،
نافەئى مۇشكدىن ئىدى خۇشبۇي،
بەلكى ئاندىن هەم ئىردى بۇ خۇشبۇي.
شاهلار يۇردىلار بولۇب هەيران،
تاپتىلار جايى جەئفەرى تەيران.
ئەيلەدىلەر تەۋەججۇه زارى،
بولدى هازىر ئۇلارنىڭ ئەرۋاهى.
شاهلار سوردىلار نشانە نەسەب،
مۇندا ياتماقلارىغە نىمە سەبەب.
قىلدى مۇنداغ ئىمام گۇفتارى،
مۇستەفانىڭ ئىدىم ئەلەمدارى.
بولۇب ئىردىم شەهىد جەڭ ئوهۇد،
زەرب ئۇرۇب ئىردى بىر نەچچە مەردۇد،
كەستى بىركافر ئەۋۋەل ئوڭ بىلەكىم،
تۇتتى مەهكەم ئەلەمنى چەپ ئىلىگىم.
بۇ مەهەل بىرلەئىن بەدمەستى،
تىغ ئىلە چەپ قولۇمنى هەم كەستى.
ۋەقتى ئىككى قولۇمنى كەستۇردۇم،
ئوقراكىمگە ئەلەمنى قىستۇردۇم.
كەستى ئاندىن باشىمنى بىركافىر،
هەق ئەتا ئەيلەدى ماڭا شەهپەر.
ئول زامان مەن هەۋانى تەير ئەتتىم،
قولغە ئالىب باشىمنى سەير ئەتتىم.
جاي قىلدىم ئوزۇمگە ئۇشبۇ مەكان،
بۇ سەبەبدىن دىدى مىنى تەيران.
مۇندا ياتماقلىقىمغە بائىس ئول،
بىر كۈنى دىب ئىدى هەدىس رەسۇل.
دىب ئىدىلار مىنىڭكى نەسلىمدىن،
فاش ئىتەر كاشغەر دىيارىدا دىن.
مەنمۇ نىيەت قىلىب ئىدىم بارى،
بىرەيىن دىب ئۇلارغە مەن يارى.
بۇ سەبەبدىن بۇ يەردە جاي ئەتتىم،
شۇكرى لىللا مۇرادىمە يەتتىم.
قىلادىڭىزلار ئەجەب ئۇلۇغ هىممەت،
هەق تەئالا ئەتا قىلۇر رەهمەت.
بارچەڭىزلارغە تەڭرى يار دۇرۇر،
مەنزەلىڭلار ئۇشبۇ دىيار دۇرۇر.
مەسەۇ سىزلار ئۇچۇن بولاي تالىب،
دىدىلار، بولدىلار ئۇلەر غايىب.
ئەشلىك بىرلەن بۇ يەرنى ئەيلەدى نەم،
قىلدى شاهلار نشانە توغ ـ ئەلەم.
خەتمە قۇرئان، دۇئانى قىلدىلار،
بارچە مەنزىللارىغە ياندىلار.
شاهلار مەقدەمىغە بولغاچ شاد،
قىلدى لەشكەر كىلىب مۇبارەك باد.
ساقىيا، بۇ كوڭۇلنى ئاباد ئەت،
فەيز جامى بىلە مىنى شاد ئەت.
بولايىن ئانچە مەست لايەئقۇل،
سوز گۇلۇستانىدا بولاي بۇلبۇل.
بەهجاب بولۇبان فىغان ئىتەيىن،
غۇنچە يەڭلىغ يۇرەكنى قان ئىتەيىن.
بۇ سۇخەن دەشتىنى تەي ئەتكەنلەر،
مەقسەدى گولشەنىگە يەتكەنلەر،
ئۇشبۇ مەكتۇبىنىڭ سۇخەن سازى،
قىلدى بۇ نەۋئ قىسسە ئاغازى:
شاهلار قاشلارىغە كەلدى سىپاه،
دىدى هەزرەتلارى كىتىب ناگاه،
چىنلار قورغانىدىن هەربارە،
كىلۇر ئىردى سەدايى نەققارە.
نەۋجۇۋانلار بارىب ئىدى بىر كۈن،
كەلمەدى كۇفر ئەهلىدىن هىچ ئۈن.
ئاقىبەت قەلئەگە كىرىب باقتۇق،
تەبل ئاۋازى بار، زىبجان يوق.
بارچەمىز سەر ـ بەسەر بولۇب هەيران،
پۇيە ئۇردۇق شەهەر ئارا هەريان.

بىر قوتور مەست تىۋە تىزلابدۇر،
تەبلنى دۇمبەسىگە باغلابدۇر.
تەبل بازىغە تىۋە ئۇرغاچ دۇم،
چىققان ئىرکەن سەداسى دۇم - باك - دۇم.
ئاڭلابان ئۇشبۇ سوزنى شاھ جەھان،
ئەيلەدىلەر بۇ نەۋئ ھوكم رەۋان:
ئاتلانىڭلار تەمام گەردانلار،
تەڭرى ھەققدە بىرەلى جانلار.
يۇردىلار كۇفر ئەھلى قەفاسىدىن،
ئاڭلا سوزلار جەھان ۋەفاسىدىن.
ھەزرەت شەھزادەئى مەنسۇر،
بارۇر ئىردى بەيادى رەببى غەفۇر.
بارچە لەشكەردىن ئىردى لىك بۇرۇن،
ئاڭا جەڭ قىلماق ئىردى مىسل ئويۇن.
بىخەبەر بارۇر ئىردىلار ئوزىدىن،
يەردىن ئوزگە نىھان ئىدى كوزىدىن.
نەۋجۇۋان ئىردى تۇرفە مەرددەلىر،
سۇدا گويا نەھەڭ، قۇرۇغ ئۇزەشىر.
ناگىھان بىر نەچچە پەلىد، لەئىن،
بىر جەۋانىبدا قىلمىش ئىردى كەمىن.
چىقتى بوقتاماسىدىن سەگلەر،
بىخەبەرلىكدە ئەيلەدى جەڭلەر.
ئاخر ئول پەھلىۋان شەھزادە،
بولدى جەننەت ئىشىغە ئامادە.
دەھر دونلۇقنى ئاشكار ئەتتى،
ئەمما شەھزادە جان نىسار ئەتتى.
بىۋەفا دەھردىن كوڭۇل ئۇزدى،
ھورلەر بىرلە ئەنجۇمەن تۇزدى.
ئارقادىن سۇلتان شاھ قاسىم ئوش
يەتتى، بۇ ئىشنى كوردى، كەتتى ھۇش.
ئاللەلار باشلارىن قويانلارىدىن،
قوللارىن سالىب بويانلارىغە.
يەقاھ چاك ئەيلەبان قلىب فەرياد،
بۇ سۇفەت نەۋھە ئەيلەدى بۇنياد.
ئەي شەھىدىم، غەرىبىم ۋە زارىم،
نەۋ بەھارىم، رەفىق، غەمخارىم،

ئۇنسىم، مۇنسىم، قىرىنداشىم،
بولسۇن باشلىك فىداسى بۇ باشىم.
جانىڭە جان فىدا قىلاي ئاخىر،
ئەمدى ئوزرۇك نىيەت قىلاي ئاخىر.
مەنمۇ سەندىن بەتەر غىرىبدۇرمەن،
ئەمدى سەنسىز يالغۇز قالىبدۇرمەن.
ياۋەرىم، فۇرقەتىك ئىمەس يالغۇز،
كېچە يەڭلىغ ئىرۇر ماڭا كۇندۇز.
ساڭا جەننەتدە ھەق جەزا بەرسۇن،
ماڭا ھەم سەبر ئىلە رىزا بەرسۇن.
دىب بۇ يەڭلىغ فىغان، نالە قىلىب،
كوز ياشىنى مىسال ژالە قىلىب.
ئەمما سوك ئىچرە ناتەۋان ئولدى،
كۇفر ئىلى كەينىدىن رەۋان بولدى.
يەتتى بىر قىر ئۇچىغە ئول سۇلتان،
ئاندا پىنھان ئىدى نەچە نادان.
ھەملە قىلدى چىقىب بىيەكبارە،
جەڭگە كىردى بۇ ئەر ئۇرۇب نەئرە.
گويا ھەشر ئاشكار ئولدى،
چىنلار قانى جويدار ئولدى.
زەرب شەمشەر بىلە كەسكەن باش،
تاغلار دامەنىدە ياتقان تاش.
چىنلارنىڭكى نىمجان جىسمى،
قىلۇر ئىردى فىغانلار ھەرقىسمى.
بولدى جەڭ قويىغە بورى چاپقاندەك،
يا قومۇشلۇقغە ئوت تۇتاشقاندەك.
ئاقىبەت سۇلتان شاھ قاسىم ئوش،
قىلدىلار شەربەتى شەھادەت نۇش.
گۇل يۇزى مىسلى زەئفران ئولدى،
غۇنچە ئاچىلمايىن خەزان ئولدى.
سەرۋ ئەر - ئەر ئىدى يىقىلدى دەرىغ،
جىسمىدىن رەڭگى ئوچتى، بولدى سارىغ.
ئەي فەلەك ۋاژگون كەجرەفتار،
بىۋەفايى ئەجۇزەئى غەددار،
كىمگە قىلدىڭ ۋەفاسەن ئەي دەۋران،
ساڭا بەرگەن كوڭۇل ئىرۇر نادان.

ئەي ستەمگەر جەھان فەنادۇرسەن،
تۇرفە مەككار بىۋەفادۇرسەن.
پەرۋەرىش ئەيلەبان ئۇزۇك ئىباگە،
ئۆمرنى بىرەسەن يەنە يەلگە.
تەن ئارا ئاسرابان ئەزىز جانىن،
ئاقىبەت توكەسەن ئانىڭ قانىن.
يەتتىلار بۇ مەھەلدە تورت ئىمام،
كوردىلەر ئۇشبۇ ھالنى بەتەمام.
شاھلار ئەمما "سوليا" غە يەتتى،
شاھ مەنسۇرنى ئاندا دەفن ئەتتى.
خەتمە قۇرئان دۇئا قىلىب ئازىم،
كوردىلەر پەھلىۋان شاھ قاسىم.
جىسمىدىن جان قۇشى ھەۋا قىلمىش،
قەفەسى تەننى بىنەۋا قىلمىش.
تەندە جان بولماسا نەدۇر ھالى،
بىر موزەھھەپ قەفەس ئىرۇرخالى.
پەھلىۋانلار فىغان زار ئەيلەب،
ئەشكى ھەسرەتنى جۇيبار ئەيلەب.
ھەممە ئەفسۇس ئىلە دەرىغ يىدىلار.
ئانى شول يەردە دەفن ئەيلەدىلار.
شاھلار دىدىلار بۇ نەۋئ كەلام،
بىزگە ھەم بولغاي ئۇشبۇ يەردە مەقام.
غەرق قان كورەنۇر بۇ يەر بىزگە،
دىدىلار، تۇشتىلار ئۇشۇل تۇزگە.
ئەيلەدىلەر تەۋەججۇھى بىسيار،
بولدى ئەندەك بىشارەتى ئىزھار.
جەزىم قىلدىلار ئىش يىقىن يەتمىش،
بىلدىلار ئۆمرى مەۋسىمى كەتمىش.
مەشغۇل ئولدى نەمازغە تورت ئىمام،
قوپتىلار ئاشىغە لەشكەرى ئىسلام.
شاھ نەمازدىن بولغىچە فارىغ،
سەف تۇزۇپ تۇردى چىنلارمۇ ئەرىغ.
پىشمادى ئاش بولمادى تەييار،
پەھلىۋانلارمۇ تۇزدى سەف ناچار.
ئول كۇنى سەخت جەڭ قىلدىلار.
كۇفر ئەھلىنى تەڭ قىلدىلار.

كۇفر ئىلى تولاسى ھەلاك بولدى،
بەئىزىسى ھەم زەخمناك بولدى.
كوب ئىدى بۇ پەلىد بەددىنلار،
تولا بولدى شەھىد مۇئمىنلار.
ئاقىبەت تەبىل باز گەشتنى چالىب،
تۇشتىلار ھەر ئىكى سىپاھ يانىب.
ئۇماچ ئەتكەن ئىكەن بۇ گۇمراھلار،
ئۇماچى ساغوماس دىدى شاھلار.
بولدى پەيدا بۇ ئاخشامى ئىكى سەگ،
خاجاشۇر ئىردى ئاندا - مۇندا سوگەك.
ۋەقتى ئول بارگاھغە يەتتى ياۋۇق،
بىر ئىمام ئالدى قولغە يا بىلە ئوق.
ئوقنى ئەزپەي بۇ سەگگە ئاتقايلار،
دوزاخلارغە ئانى قاتقايلار.
يەنە بىر شاھ دىدىلار زىنھار،
ئۇشبۇ سەگلەرگە بەرمەگىز ئازار.
سەگبۇ ھەم بولسا ئالسۇن ئارامى،
قويدىلار يانلارىدا ئوقيانى.
ئىردى جاسۇس، سەگ ئىمەس ئىردى،
ئەمما سەگدىنمۇ كەم ئىمەس ئىردى.
كىچەسى ئۇشبۇ ئىككى بەدمەستى،
ئوقيالارنىڭ چەللەسىن كەستى.
ھەم قىلىچلارنى يەملەدى ئىككى شۇم،
تىغتى مىلىتەلار ئىچىگە قۇم.
ئوك تەرەفتىن ئۇزەنگۇنى كەستى،
مۇختەنىم بىلدى ۋەقتنى، كەتتى.
ئىرسە تاڭ ئاتتى، ئوقىدى ئەزان،
تۇردى لەشكەر نەمازغە بۇ زەمان.
يۇز يەتمىش سەف ئىردى مۇئمىنلەر،
كەلدى بۇ چاغدا جەمئ بەد دىنلەر.
خوجە ئابدۇللا ئىردى ئەللامە،
پىش ئىمام باشلارىدا ئەممامە.
كەلمەدى خاتەرىغە ھىچ سورە،
ئوقودىلاركى سورەئى بەقەرە.
جارى بولدى زەبانىغە ناگاھ،
سوگنى رەكەئەتدە سورەئى تاھا.

بولغىچە بۇ نامازدىن فارىغ،
مۇسۇلمانلار شەھىد بولدى دەرىغ.
بەردىلەر ۋەقتى ئۇلۇك تەرەفكە سەلام،
كوردى ئۇچ سەف كىشى قالىبدۇر ئىمام.
سول تەرەفكە سەلامنى بەردىلار،
بىر يېرىم سەف كىشىنى كوردىلار.
دەرغەزەپ بولدى شاھلار بىسيار،
دىدى دۆلدۆلنى ئەيلەگىل تەييار.
چىقماغۇنچە بۇگۇن ئۇزەنگۇغە قان،
بەرمەگەيمەن بۇ چىنلارغە ئامان.
ۋەقتى دۆلدۆلغە شاھ يەتتى ياۋۇق،
كوردىلار ئاتنىڭ ئۇلۇك ئۇزەنگۇسى يوق،
تىغلار يەملىك، يادا يوق چەللە،
دىندىلار ئاتلا نوردا يازەبھە.
ئول كۇنى ئاسمان فەرەشتەلارى،
قىلدى نەززارە بارچە ھور-پەرى.
تىترەدى بەلكى ئاسمان-زەمىن،
نالە ئەيلەر ئىدى ماكان-مەكىن.
بولدى جەڭ ئۇتغە سۇ ئالىشقاندەك،
نىستانلىققە ئوت تۇتاشقاندەك.
ياكى تاپقان كەبى ئىگىن يالاڭغاچ،
ياكى چاپقان كەبى تەئامغە ئاچ.
يا كالا، قويغە بورى چاپقاندەك،
تامۇرادلار غەزىنە تاپقاندەك.
باد فەرراشلىق بەيان ئەتتى،
ئەبر سەققالىق بەيان ئەتتى.
ئاقتى دەريا بولۇپ مەگەر قانلار،
كەتتى دوزەققە بىتەدەد جانلار.
كۇشتەدىن پۇشتەلەر قوپاردىلار،
پەھلىۋانلار قانىنى ئالدىلار.
چىنلارنى چۇنان چاپار ئېردى،
قان ئۇزەنگۇ بىلەن ئاقار ئېردى.
گەھى ھۇشيار ئىدى بۇلەر، گەھى مەست،
ئاقىبەت كۇفر ئەھلى تاپتى شىكەست.
چىنلار قاچتى، تۇتتى بىر ۋادى،
قوغلادى پەھلىۋان بەغدادى.

ھەززەت شەيخ مىر جەلالىددىن،
نۇر زاھىر ئىدى جەمالىددىن.
ئېردىلار ئەۋلىيايى پۇر قۇۋۋەت،
پەھلىۋانلار ئىچىدە پۇر ھىممەت.
جەڭ قىلۇر كۇنلەرىدە ئەگەر رۇستەم،
قىل جەنابىدا پەشەدىن ئىدى كەم.
يەتسە ناگاھ ئەجەل سە مۇمى سەتىز،
پەشە ئالدىدا قىل بولۇر ئاجىز.
قوغلابان كۇفر ئېلىنى كەتتىلەر،
ناگىھان بىر چۇقۇرغە يەتتىلەر.
بار ئىدى ئاندا نەچچە يۇز قارە،
ھەملە قىلدى چىقىپ بىيەكبارە.
تۇتتى ساقى ئەجەل بۇلارغە تەرەف،
قىلدىلار جامغە جانىنى سەرف.
ئىچتىلار جۇرئە مەي مەست ئولدى،
جىسمى تۇفراققە پەست-پەست ئولدى.
ئولاشىب بىر نەچە لەئىن، پەلىد،
قىلدى سۇلتانىنى ھەم بۇ يەردە شەھىد.
قوغلابان كۇفر ئېلنى قالغان ئەل،
مەرد-مەردانە قىلدى جەڭگى جىدەل.
شاھلار ئەمما ئوقۇماققە نەماز،
ئەيلەدىلەر تەھارەت ئاغاز.
بىر كوسەينى ئالىب قولغە ئىمام،
سالدى ئول يەرگە كوكلەدى بەتەمام.
توبى يەگلىغ دەرەخت ئېرۇر ھالا،
ئەسلى فەرئى ئانىڭ ئېرۇر بالا.
كىمكى ئىش قىلسا، بىدئەت گۇستاخ،
ئاڭا ھاجەت تىلەب بىرۇر بىر شاخ.
بارچە ھاجەتكە ئول دەۋا بولدى،
تولا ئېل ھاجەتى رەۋا بولدى.
تۇردى شاھلار نەمازغە ئاندا،
چىنلار ياتمىش ئېردى پىنھاندا.
شاھلارنى كورۇب نەماز ئىچرە،
ئەيلەدى زەبھ سەجدەگاھ ئىچرە.
كۇن تۇتۇلدى، قاراڭغۇ بولدى جەھان،
يەر-كوك ئەيلەدى خۇرۇش، فىغان.

ۋەھشىلەر ئەيلەبان فىغان، خۇرۇش،
يىغلاماقدىن بولۇر ئىدى بىھۇش.
ئاھ، ئەفغان چېكىب مەلائىكلەر،
ئوقۇدى كوللۇ شەيئى هالىكلەر،
بارچە شاھلارنىڭ ئېردىلار تاجى،
ئېردى شاھلار ئۇلارغە مۇھتاجى.
ئېردى ئالەم ھەدىقە ئارا گۇل،
گۇللەر ئىشكىدە ئېردى كەمتەر قۇل.
شاھلار ھەر بىرى ئىدى غۇنچە،
قويمادىلار ئانى ئاچىلغۇنچە.
سەرسەرى مەرگ ئىلە خەزان ئەتتى،
بەرگى شاخى بىلە نىھان ئەتتى.
كىمگە قىلدىڭ ۋەفا سەن ئەي دەۋران،
ساڭا بەرگەن كوڭۇل ئېرۇر نادان.
دەھرنىڭ ھوسۇلى فۇسۇن فىرىب،
ئېلنى قەيد ئەيلەبان فەرىب بىرىب.
بىرنى ئەيلەب جەمالىغە مەغرۇر،
بىرنى دەھر مالىغە مەغرۇر.
بىرگە ئېھسان ئېتىپ زەن، فەرزەند،
سالىب ئانىڭ مۇھەببەتى بىلە بەند.
بىرنى شاھلىققە پايمال ئەيلەب،
بىرنى زەر ھەسرەتىدە لال ئەيلەب.
بىرى نامۇراد، ھەمىشە يۇزمىڭ غەم،
بىرى زەردار ئېمەس ئاڭا ھەمدەم.
بىرسىگە ئەتا قىلىب گەنجى،
ئاڭا ئاخىر سالىب ئۇلۇم رەنجى.
تاپتى ھەرسوز بۇ سەفھەدە مەزكور،
ھەممەسى فانى، باقى ئېرمەستۇر.
دەھر فانى، ھوسۇلى ھەم فانى،
قالماغاي باقى ھىچ زىدجانى.
ئېرسە جۇقتە رەشىد، نوكتەرەشىد
ھەزرەت شاھلارنى قىلدى شەھىد،
تۇغىچىغە قەسد قىلدى كافرلار،
بەرمەدى توغنى ھىچ كىشىگە بۇ ئېر.
تۇغچىنىڭ ئىككى ئېلگىنى كەستى،
تۇغنى مەھكەم تىزغە ئۇل قىستى.

تىزنى كەستى، قىستى بوينىغە،
يەنە بىر تىغ چاپتى بوينىغە.
غايىب ئولدى ھەۋاغە توغ ئورلەب،
كوكدىن ئاۋاز كەلدى، يەر تىترەب.
چىنلار چىن تەرەفكە بولدى رەۋان،
ئۇچ كېچە، كۇندۇز ئولدى تىيرە جەھان.
بولدى ئاندىن كېيىن جەھان روشەن،
قالىب ئېردى ھايات قىرق بىر تەن.
باشقە تۇفراق ساچىب، بولۇپ سەھۇش،
كوككە يەتكۇردى فىغان، خەرۇش.
چىداماي شاھلار فىراقىغە،
يۇزنى سۇرتۇپ ئىمام ئاياقىغە.
دەر ئىدى زار-زار يىغلاب كاش،
بەرگەي ئېردۇك بىز سەندىن ئىلگىرى باش.
ھەر جەفا كەلسە ئىلگىرى كورسەك،
كورمەس ئېردۇك بۇ ھالنى ئولسەك.
ئاھ، غەرىبچىلىق، يېتىمچىلىك، ئاھ،
ھەزرەتىڭدىن بولەك يوق ئېردى پەناھ.
بۇ غەرىبلىقدا نىچۇك ئەتكەيمىز،
باش ئالىب نە تەرەفكە كەتكەيمىز.
بۇ سۇفەت نەۋھە ئەيلەگەچ ئاغاز،
كەلدى ناگاھ قۇلاقىغە ئاۋاز.
ئەمدى غايىپ بولۇپ يۇرۇڭلار دېب،
لىك بىزلارنى جۇرۇڭلار دېب.
قىرىق كىشى بولدى دىدەدىن غايىپ،
بىر كىشى قالدى، بولماي غايىب.
دىدى يىغلاپ ئايا شەھەنشاھىم،
نىلەيىن يوق مېنىڭكى ھەمراھىم.
بۇ دىيار ئىچرە مەن غېرىبدۇرمەن،
فۇرقەتىڭ بىرلە سارغېرىبدۇرمەن.
خىزىر ئېردى بۇ كىمسەنىڭ ئىسمى،
قىلۇر ئېردى فىغان ھەر قىسمى.
شاھلاردىن بىشارەتى بولدى،
ئاڭا مۇنداق ئىشارەتى بولدى.
سەن بىزنىڭ خەبەرچىمىز بولغىل،
يۇسۇفى غازىغە خەبەر بەرگىل.

بۇ بشارەتنی تاپتی چۇن ئۇلدەم،
كاشغەر جانببغە قويدی قەدەم.
ئاه ـ ئەفغان بلەن بارۇر ئبردی،
يۇسۇفی غازىغە خەبەر بەردی.
هەزرەت يۇسۇف غازی قادىرخان،
قلدی ئاگلاب تۇمەن ـ تۇمەن ئەفغان.
ئاتلانىب ئول تەرەفكە يۇردلەر،
كبلىبان شاهلارنی كوردلەر.
كەربەلا دەشتی لالەزار ئولمش،
گوياكی بىر يىگى باهار ئولمش.
باشلاری جسمىدىن جۇدا ئاندا،
تەنلاری غەرق ئىرۇر قىزىل قاندا.
بولدىلار سۇلتان ئانچە بىتاقەت،
هۇشىدىن كەتتی بىرنەچچە سائەت.
نەچچە مۇددەتتە كەلدی هۇشغە،
يەر ۋە كوك تىترەدی خەرۇشغە.
قىلدی نەززارە ئاچىبان كوزىنی،
قۇرۇتۇبدۇر ئولۇك زەمىن يۇزىنی.
هەممە دەريايى قان ئارا غەرقی،
كافرو مۇسۇلمانغە يوق فەرقی.
باشنی سەجدەگە قويۇب سۇلتان،
دىدىلار يارەهىم، يارەهمان.
مەخفىلار هەزرەتىگە ئەياندۇر،
ماڭا مۇشكۇل، ئۇزۇڭگە ئاساندۇر.
مۇسۇلمان قايسى، قايسىدۇر كافىر،
هىچ بىرىنی قىلالمىدىم زاهىر.
چۇن مۇناجاتنی تەمام ئەتتی،
تاغلاردىن هەر تەرەفكە سەل كەتتی.
ئاسماندىن يەنە ياغىن ياغدی،
كۇفر ئەهلىن يۇز تۇبەن قىلىب سالدی.
چولگە كۇفر ئەهلىنىڭ باشى ئاقتى،
بارچە مۇئمىنلار قىبلەغە باقتى.
مۇسۇلمانلارنی فەرق قىلدىلار،
بۇ شەهىدلەرنی دەفن قىلدىلار.
ساندۇق چاپتۇرۇب جەسەدلارىگە،
قويدی شاهلارنی هەم لەهەدلارىگە.

ۋەقف ـ ئەۋقافلار قىلىب تەئيىن،
توغ ـ ئەلەم باغلابان، بىرىب تەزيىن.
كەلتۇرۇب قويدىلار چىراغ، قازان،
ئەيلەدىلار بۇلارنی ئاۋىزان.
كاشغەردىن قۇمۇلغە نەچچە شەهەر،
ئاشلىقۇ چارپاي لەئىل ئىلە زەر.
نەزر قىلدی زەكات دىيىكنی،
تورت ئىماملارىمغە ئۇشبۇ هەرىكنی.
قىرق ئويلۇكنی ئەيلەبان دارخان،
ياندىلار يۇسۇف غازی قادىرخان.
كېلىبان يىلدا قايناتىب داشنی،
يىغلابان كوزىدىن ئاقىزىب ياشنی.
هەركىشىنىڭكى هاجەتی بولسا،
شاهلارنىڭ مەزارىغە كەلسە،
رەۋزە باشغە جۇغلاشىب هەركۇن،
ئىككى ـ ئۇچ كۇن يىغلاشىب هەركۇن،
سىدق ئىلە ئەرز قىلسا دادىنی،
داشغە نەزر قىلسا مالىنی،
بولسا هەر هاجەتی رەۋا بولغاي،
بىشەك ئول دەردىگە دەۋا بولغاي.
كىمكی ئالتە ـ يەتتە كۇن ياتادۇر،
بولسا هەر مەقسەدی ئانی تاپادۇر،
بەئىزى مۇئمىن تەۋاب قىلالمايدۇر،
يول يىراق توشەسىز كېلەلمەيدۇر،
ياكی بىر فىتنەئی زەمانەسی بار.
ياكی بىر ئۇزرەئی بەهانەسی بار.
سىدق ئىخلاس ئىلە نىياز ئەتكەي،
تورت ئىمام ئانی سەرەفراز ئەتكەي.
بولسا ئانىڭ نەقسىم مەقسۇدی،
يەتكۇرۇر مەقسىدىغە مەئبۇدی.

تورت ئىماملارىم ياتىب بۇ ۋادىغە،
شول زەمان يىتەدۇر مۇرادىغە.
دەهردىن هەر بەلا ئاڭا يەتسە،
ياكی بىر زالىمنی ئەزاب ئەتسە،
ياكی ئانىڭ مالىنی دۇز ئالسا،
ياكی بىر غەم رەنجىغە قالسا،

يا ئۇرۇب دۇشمەنى ئاڭا نشى،
بولسا هەر قسمى ۋەهمى ئەندىشى.
ئۇشبۇ تەزكرەنى تاپپ ئوقۇغاي،
دۇشمەنلىك كى جانغە توقىغاي.
ئۇشبۇ تەزكرە بولسا هەرقاندا،
بەركەتى نازىل بولغۇسى ئاندا.
ئۇشبۇ تەزكرەنى ئوقۇب قىرى ياش،
يغلاسا، چىقسا كوزلارىدىن ياش،
سدق ئىخلاس ئىلە دۇئا قىلادۇر،
تورت ئىماملارىم هاجەتىن رەۋا قىلادۇر،
تاپادۇر هەرمۇرادىنى بىشەك،
مەقسەدىگە يىتەركى، يوق هىچ شەك.
جەمئ بولغاندا ئىل قىيامەتكە،
ئول سەزاۋار ئولۇر شەفائەتكە.
كىمكى شاهلارغە ئىتىقاد ئەتسە،
غافىل ئولماي، دۇئادا ياد ئەتسە،
ئۇشبۇ دۇنيادا بەركەت تاپقاي،
ئىززەت، جاه، مەنزەلەت تاپقاي.
سوداگەر بولسا يۈردى سوداسى،
پاتماس ئالەمگە مال دۇنياسى.
بۇ كتابەتنى ئوقۇغان دىهقان،
بەركەت تاپغاي بىرىگە مىڭ دان.
مالدار ئولسا پۈر بولۇر مالى،
قىلغۇسىدۇر تەرەققى ئەهۋالى.
نامۇراد بولسا، ئول غەنى بولغاي،
سىم - زەردىن خەزىنەلەر تولغاي.
هەر كىشىكىم ئوقۇب دۇئا قىلسا،
تورت ئىماملارغە ئىلتىجا قىلسا.
دەرمەهەل مەقسەدىغە ئول يىتەدۇر،
مەئرىفەت توشەسىن منىپ چاپادۇر.
مۇندا ئەيلەب ئاڭا ئىنايەتلەر،
تاڭلا قىلغاي ئاڭا شەفائەتلەر.
روز مەهشەردە قىيامەت ئولغۇسىدۇر،
بارچە ئىلگە نەدامەت ئولغۇسىدۇر.
كەلگۇسى ئافتاب نەيزە بويى،
قىلغۇسى كۈن ئوك يۈزىنى قويى.

ئاسمانۇ زەمىن بولۇر چوغدەك،
تىيرە تۇفراق قىزىل بولۇر قوغدەك.
بىلمەس ئول كۈن ئىرەنلەر ئىرلىكنى،
ئۇنۇتۇر بارچە زەنلە زەنلىكنى.
يوق ئوغۇلنىڭ ئىشى ئاتاسى بىلە،
قىزلار تونۇشماغاي ئاناسى بىلە.
بارچە ئىل هەسرەتو نادامەت ئىلە،
قالغاي ئەندىشەئى قىيامەت ئىلە.
ئاندا هازىر مۇزارىئو مازى،
هەق تائالا ئوزى بولۇر قازى.
بەندەلەر ئاندا ئاجىزۇ هەيران،
هەركىم ئوز هالىغە بولۇر گىريان.
تۈشكۈسى ئادەم ئوغلىغە مىڭ غەم،
هىچكىمە يوق ئاندا بىر هەمدەم.
يازۇقىنگىكى ۋەهمە ئەندىشى،
بىر بولەك هەشرەنىڭ تەشۋىشى.
هىچ شەك يوق ئەسكىرى ئىنسان،
بولغۇسىدۇر غىرىب سەرگەردان.
قىلغۇسىدۇر رەسۇل ئەلەيهى سەلام،
ئەرشىنىڭ سايەسىدە جاي، مەقام.
تەبرەگەي ئەرش - كۈرسى لەۋه، قەلەم،
كوتەرىب باشلارىدا نۇر ئەلەم.
يىغىلىب ئاندا خىش ئەفرادى،
جەمئ ئولۇرلەر سەييد ئەۋلادى.
قول ئاچىب ئىلتىفات رەهمەتكە،
رەهبەر ئولغاي بۇ ئاسى ئىممەتكە.
باشقا - باشقا شەفائەت ئەتكەيلەر،
باشلابان جەننەت ئىچرە كەتكەيلەر.
بولسا كىم خانىدان هەۋادارى،
تورت ئىماملارىم بولۇر ئانىڭ يارى.
ئاندا بولغاندا تەشنەلىكدە خەرراب،
هەۋز كەۋسەر بىلە قىلۇر سىراب.
تاپماغان چاغدا ئىل پەناهىنى،
هەق تائالا ئوتەر گۇناهىنى.
بارچە يازۇقلارنى ئەفۇ ئەتكەي،
مەنزىل ئىچرە جاي كورسەتكەي.

ئۇشبۇ تەزكىرەنى ئوقۇغۇچىلار،
ھەم شەرىئەت يولىن تۇتقۇچىلار،
ئول كۈنى كورمەگەي ئازاب ـ ئەلەم،
يەتمەگەي ئاڭا ھىچ زۇلۇم ـ ستەم.
شۇھىدالار بولۇپ ئاڭا يار،
يەتمەگەي ئىنشائاللا ھىچ ئازار.

مەن گۇنەھكار بەندە ئەي خالىق،
قىلمادىم ھىچ تائەتى لايىق.
بەنى ئادەم ئىچرە ھىچ بەندە،
يوقتۇر ماڭا ئوخشا شەرمەندە.
يا ئىلاھى بىھەق ئالى رەسۇل،
قىل نىيازىنى قۇللۇغۇڭغە قوبۇل.

## شائىر موللا نىياز خوتەنىنىڭ ئۇشبۇ كىتابنى نەزىم قىلغانىنىڭ بەيانى

ئوزر تەقسىر سىزگە ئەي ئاقىل،
مەن ئېرۇرمەن كەمىنەئى غافىل.
ئېردى ياشىم كىچىك، ئوزۇم نادان،
ئەيب نۇقسانىم باردۇر چەندان.
ئىش كىچىكلەرگەدۇر خەتا قىلماق،
ئانى چوڭلار ئىشى ئەتا قىلماق.
يوق ئىدى قابىلىيەتىم ئانچە،
مۇنچە سوزلارنى نەزم قىلغۇنچە.
ئانامۇلك خوتەن ئاتا تاغى،
تورت ئىماملارىم نىيازى مەن داغى.
تۇفراغىم ئۇشبۇ ئاستانىدىندۇر،
نەسەبىم ئۇشبۇ ئاشيانەدىندۇر.
مەنزىلىم ھەم بۇ مەشھەد پاكى،
تەكياگاھىم بۇ ئاستان خاكى.
ھەشت پۇشتۇم بۇيەردە ئوتكەن ئىكەن،
مۇندا مەقسەدلارىغە يەتكەن ئىكەن.
قىرق ياشغە ئاتام يېتىپ ئەمدى،
يوق ئىكەن ئەمما ھىچ فەرزەندى.
بىر كۈنى رەۋزەگە كېلىبدۇرلار،
تۇنەب ئاندا تەلەب قىلىبدۇرلار.
بۇدلۇق يېتىبان نەبۇدۇمغە،
پات يېقىن كەلمىشەم ۋۇجۇدۇمغە.
ئاقىبەت بىر كۈنى تۇغۇلمىشمەن،
بىر نەھىف ھەم زەئىف ئوغۇلمىشمەن.
شۇكر ئېتىپ تەربىيەت قىلىبدۇرلەر،
رۇز ـ شەب مەرھەمەت قىلىبدۇرلار.
قويۇب ئېركەن ئاتىمنى مۇللا نىياز،

مېنى قىلمىش ئىماملارىمغە نىياز.
بەردى مەكتەبكە تورت ياشىمدا،
ئاتام ئېردى ھەمىشە قاشىمدا.
مېنى دەب كۈندە داخىلى مەكتەب،
ئورگەتۇرگە ماڭا ئىلىم ـ ئەدەب.
ياشىم ئالتە ـ يەتتىگە يەتمىش،
بىۋەفا دۇنيادىن ئاتام كەتمىش.
باشىغە تۈشمىش بۇ دەرد، غەم تاغى،
كوڭلۇمە بۇ يېتىمچىلىك داغى.
يوق ئاتام ھەرقايان باقۇر ئېردىم،
روز ـ شەب يىغلابان ئوقۇر ئېردىم.
پات فۇرسەت سەۋادىم ئاچىلمىش،
باب گەنجى مۇرادىم ئاچىلمىش.
لىك بۇ سوز كوڭۇلغە يەتكەچ پات،
نەزىم ئەيلەب قىلۇر ئىدىم ئەبيات.
تولا ئەبيات ئەيلەگەچ زاھىر،
ماڭا ئات قويدى چوڭ ـ كىچىك شائىر.
تا بۇدەم كەمىنە شىكەستەئى لال،
كوڭلۇمە ئېردى بىر ئەجىب خەيال.
بىر ئىشى مەندىن ئاشكار ئولسا،
ئەھلى ئالەمگە يادىگار ئولسا،
كۈندە باشىمدا يۈز خەيال ئېردى،
لىك بۇ ئىش ماڭا مەھەل ئېردى.
بۇ تەفەككۇر بىلە قاتىب باشىم،
يەتتى ئاخىر يىگىرمەگە ياشىم.
كەلدى ئاخىر بۇ ئىش خەيالىمغە،
ساغىنىپ ھەيبۇ زۇلجەلالىمغە.

ئاقىبەت رەۋزە سارى ئەزم ئەتتىم،
تورت ئىماھلارىم جانىبىغە يەتتىم.
نەچچە كۈن ئاندا ئىستىخارە قىلىب،
ئاھ، ئەفغان، نالە، زارە قىلىب.
تەلەبىم بۇ ئىدىكى شام - سەھەر،
نەزرىم تارىغە باغلاسام بۇ گوھەر.
كېچە - كۈندۈز ماڭا بۇ ئېردى جەدەل،
كورمىشەم تۈشدە بىر رەفىئ جەبەل.
مۇر يەڭلىغ ئاڭا قەدەم قويدۇم،
كوھ غەمنى باشىمغە ھەم قويدۇم.
كەلدى بىر سەييىدى ھەمىد سىفات،
دىدى غەمدە كەچۈرمەگىل ئەۋقات.
تۈتتى ئىلكىمنى دەستىگىر ئولدى،
مۇر تاغ ئۈزرە چىقتى شىر ئولدى.
شاد ئولدۇم يۈز ئانچە غەم چەكتىم،
ئويغانىب ئاھ دەمبەدەم چەكتىم.
ھەق تەئالا زەبانىمە يارى،
بەردى تىل بولدى نەزمىغە جارى.
شاھلار ياربەردى، جەزم ئەتتىم،
قوۋۋەتىمنىڭ بارىچە نەزم ئەتتىم.
نەچە كوب بولسا ئەيىب نۇقسانى،
ئەفو ئېتىڭ، ئەيىب كورمەيىن ئانى.
ئەمما نەيلەي بۇ چەرخ كەجرەفتار،
كىمكى تەبئ ئەھلى بولسا ئەيلەدى خار.
شوئىرالارغە يوق خەرىدارى،
كەساد ئولمىش بۇ لەئل بازارى.
نەزم، ئەشئارنى خاھلامايدۇر ئېل،
گەنج ۋەيرانەنى تونۇمايدۇر ئېل.
بۇ سەبەبدىن بەسى مەلال ئېردىم،
ئوز - ئوزۇم بىرلە پايمال ئېردىم.
گاھ ئۇششاق ئارا موقامىم ئىدى،
خەمسە بىرلە نەۋايى كامىم ئىدى.
مېنى قىلغان مۇنچە سۇخەندانى،
مىر ئەلىشىرنىڭ نەمەكدانى.
تۈزى يوق بولسا نەچچە تاتلىغ ئاش،
ياخشى ئاندىن قۇم ئۈزرە قاتتىغ تاش.
ئوزنى ئول شاھغە تەئەللۇق ئېتىب،
يۈز تۈمەن ئوزر ئىلە تەئەللۇق ئېتىب.
ئاستانە بوشلۇغىدا ياتمىش ئىدىم،
دەرد، غەم بالچىقىغە پاتمىش ئىدىم.
ھالىم ئەيتۇرغە ھېچ كىشىم يوق ئىدى،
ئالەم ئەھلى بىلە ئىشىم يوق ئىدى.
نە ئاتا، نە ئانا، زەنو فەرزەند،
نە قېرىنداش، نە ياۋەرو دىلبەند.
دەشت غۇربەت ئارا ئىدىم مەجنۇن،
ئەشك ھەسرەت ئارا ئىدىم جەيھۇن.
بۇ سۇفەت زار، ناتەۋان ئېردىم،
ئوز - ئوزۇم بىرلە پايمال ئېردىم.
دەھر ئېلىدىن كۆلفەتىم بار ئىدى،
ئوز - ئوزۇم بىرلە ئۇلفەتىم بار ئىدى.
بىرنەچە ئەيلەدىم خىيالاتى،
فانىدۇر دەھرنىڭ ھوسۇلاتى.
ئومر كورسە كىشىكى لوقماندەك،
دولەتى بولسا گەر سولەيماندەك.
بولسا رۇستەم ئەگەر نەدىمى ئانىڭ،
بولسا ھورى - پەرى ھەرىمى ئانىڭ،
گاھى يەر بولسا جايى، گاھ فەلەك،
خىزمەتىن ئەيلەسە جەمئى مەلەك.
كوڭلى گەر مېھرىدىن ئېرۇر سافى،
سىغماسا سەفھەلەرگە ئەۋ سافى.
ئاقىبەت بىر كۈنى ئەجەل يەتكەي،
ھېچ بىرسىگە باقمايىن كەتكەي.
باقغالى بولماغاي ئىلاجى ھەم،
سۇد قىلماس بۇ تەخت تاجى ھەم.
بىر نەفەس تۇرمايىن بەدەر كەتكەي،
سائىلى دەھردىن بەتەر كەتكەي.
قىلسا بىر ياخشى ئىش جەھاندا كىشى،
باقى قالغاي ئانىڭ بۇ ياخشى ئىشى.
مەسلەن مەدرەسە ۋەيا لەنگەر،
مەسجىدۇ كول بىنا قىلۇر ھەر ئەر.
فانى بولسا ئەگەر ئۇشۇل فانى،
ئەمما بولماس ئانىڭ ئاتى فانى.

ياخشى ئات بىرلە ياد ئەيلەرلەر،
روھ ـ ئەرۋاھىن شاد ئەيلەرلەر.
ئانى قىلماقغە مەندە يوق مەقدۇر،
ھىچ ئىش مەندىن باقى قالمابدۇر.
مۇددەتى باقى سوز گۇلۇستانى،
ئۇشبۇ ھەم ئاقىبەت بولۇر فانى.
ياد تۇتغىل كوڭۇلدە ئەي ياران،
ئايەتى "كوللۇمەن ئەلەيھافان".
ياد ئىتەرلەر دەپ فانى بولغۇنچە،
سوزلەدىم نەزم ئاڭا بىرمۇنچە.
ئەيب بولسا سوزۇمدە يا خەتدە،
ياد ئېتىڭلار دۇئادا ئەلبەتتە.

ئېردى تارىخ ئۇچ يۇز توقسان،
ئونى زۇلھەججەدە شەھىد بولغان.
يەنە تارىخ بولمىش ئېردى غەرىب،
نەشىردىن تاپتى نەزمغە تەرتىب.
ئاي ھەمەل ئېردى، يىلى ھەمدۇنە،
ھەم تەمام ئولدى روز ئازىنە.
پۇتۇلۇب نەزم بولدى بۇ تاغدا،
گاھ ئىماملاردا، گاھ سايىباغدا.
بەئىدازان بۇ كىتابنى قىلدى تەمام،
توختى ئاخون ئوزى خەتىب ۋە ئىمام.
بىر مىڭ ئۇچ يۇز ئېردى تارىختە،
يادگار قويدىلار ھەممە خەلققە.

لۇغەت

ئ

ئافەرىنەندە — ياراتقۇچى
ئافەرىنەندەئى زەمىن — يەر ۋە ئاسماننى ياراتقۇچى
ئامادە — تەييار بولماق، تەييارلانماق
ئاۋىزان — ئېسىلىپ تۇرماق
ئاھەن — تومۇر
ئەزپەي — ئارقىدىن
ئەمگەكلەنمەك — جاپا تارتماق
ئەمگەلتمەك — جاپاغا سالماق
ئەسەد — شىر
ئەفراد — كىشىلەر
ئەۋساف — بىراۋنىڭ ياخشى سۇپەتلىرى، ماختاشقا لايىق ئارتۇقچىلىغى، تەئرىپى
ئەۋقات — ۋاقتىنىڭ كوپلۇگى، ئوتۇپ تۇرغان ۋاقىت
ئالەمتاب — ئالەمنى يۇرۇتۇپ تۇرىدىغان
ئالى جاھ — يۇقۇرى مەرتىۋىلىك
ئەمرىدىن غەير — بۇيرۇغىدىن تاشقىرى
ھەفتە — ئاچقۇچى

ئەبۇدىيەت — قۇللۇق
ئالەمگىر — جاھاننى بويسۇندۇرغۇچى
ئىپتىنا — غەمخورلۇق
ئوھود — تاغنىڭ ئىسمى
ئىراقى — نەسىللىك چاپقۇر ئات

ب

باز گەشت — قايتىش، قايتىپ كېتىش
بالا — ئىگىز
بەنام خۇدا — خۇدانىڭ نامى بىلەن
بى سۇتۇن — تۈۋرۈكسىز
بەبر — يولۋاس
سيەكبارە — بىردىنلا، پۈتۈنلەي
بۇسەئى ئەبۇدىيەت — يەر ئوپۇش، قۇللۇقنى بەجا كەلتۈرۈش
بىلانىھايە — چەكسىز
بىچۇن - بىمەگۇنە — سوزسىز، ئېتىراز قىلىپ بولمايدىغان
بەدەل — ئۆزگەرتىش، ئالماشتۇرۇش، ئورنىغا قويۇش
بىشەبەھ — گۇمانسىز، شەكسىز

پ

پابەرجاھ — جايىدا دەسسەپ تۇرۇش، بىر جايدا تۇرۇپ قېلىش

ت

توۋف — تاۋاپ قىلىش، ئايلىنىپ زىيارەت قىلىش
تەمىز — ئەقىل، ئىدراك، پەم - پاراسەت
تەئكىد — قاتتىق تاپىلاش، كۈچەش
تەزيىن — زىننەتلەش، بىزەش
توئامان — قوشكېزەك
توئاما — بىرلىكتە

تەھمەتۆن — «شەھنامە» دىكى رۇستەمنىڭ لەقىمى
توپچاق — چاپقۇر، يۈگرۈك ئات

ج

جو — ھاۋا، ئېرىق
جەررا - جەر — ياڭراق
جاروپ — سۈپۈرگە
جەلاجىل — كولدۇرما، قوڭغۇراق

چ

چەللە — ئوقيانىڭ يىپى
چۇ شەمئ — چىراقتا ئوخشاش

ھ

ھەست — بار، بار بولۇش
ھومايون — مۇبارەك، بۈيۈك پادىشالارغا خاس
ھەمايىلۋار — بوينىغا ھەربى جابدۇق ئاسقان
ھەدىقە — باغچا، باغ
ھالىك — ھالاك قىلغۇچى

خ

خەستە مۇر — توكۇر چۈمۆلە
خەبىر — ھەممىدىن خەۋەردار بولغۇچى، بىلگۈچى
خاب — ئۇيقۇ
خەير - شەر — ياخشى - يامانلىق

د

دەست — قول
دوز — ئوغرى
دۇم — قۇيرۇق

ر

راكىب — مىنگۈچى، ئاتلىق، ئۇلاغلىق
راغىب — رىغبەتلەنگۈچى، قىزىققۇچى، خالىغۇچى،

روٗشىد — تەشنا بولغۇچى ئۇسۇش، يېتىلىش

## ز

زىجان — جان ئىگىسى، جاندار
زەربەخت — كىمخاپ، تەتىللا
زۇلمانى — جەۋرى - زۇلۇم بىلەن
زەبھ — قۇربانلىق، قۇربان قىلىش

## س

سۇببۇھ — ئەڭ ماختالغۇچى خۇدا
سەرھىساب — ياخشى خەۋەر تېپىش، پۇختا، ئىنچىكىلەپ ئىش كورۇش
سەرا پەردە — چېدىر - بارگاھ
سۇنئ — يارىتىش، بارلىققا كەلتۈرۈش. ياساش
سىرەت — خۇلق - مىجەز، ئىچكى دۇنيا
سەر — باش
ساھىر — سېھىرگەر
ستايىش — ماختاش، مەدھىيىلەش
سەققالىق — سۇ يەتكۈزۈش

## ش

شايەد — تارقىلىش، يېيىش، داڭقى چىقىش
شايەد قىلماق — يايماق، تارقاتماق
شەھپەر — قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز
شۇئەرا — شائىرلار
شەخس بەدكار — يامان قىلىقلىق ئادەم

## ك

كەۋن — بار بولۇش، مەۋجۇت بولۇش، بارلىققا كەلتۈرۈش
كىيا — خوجا، ئىگە
كەرەھ — يىرگىنىشلىك

كەمىن — پىستىرما، بوكتۇرمە
كۇشتەدىن پۇشتە قوپارماق — ئۇلۇكتىن تاغ ياسىماق

## گ

گۇك — تىلسىز، گاچا
گۇل چەبىن — گۇل يۇزلۇك، گۇزەل
گەران — ئېغىر، ئاساسلىق، موتىۋەر، مۇھىم
گەردان — ئايلىنىپ تۇرىدىغان

## ف

فەرسەڭ — تەخمىنەن 7 - 8 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى مۇساپە
فەررۇخ — مۇبارەك، ياخشى
فەررۇخ فال — خەيرلىك پال
فەرئ — شاخ
فەرراش — هويلا سۇپۇرىدىغان خىزمەتكار
فەرداشلىق — سۇ سېپىپ سۇپۇرىدىغان خىزمەت
فۇسۇن — هىلىگەرلىك، جادىگەرلىك، سېھرى كۇچ
فىرىب — ئالداش، يولدىن ئازدۇرۇش

## ق

قەۋى — كۇچلۇك، قۇۋۋەتلىك
قەتئ — ئۇزۇش، كېسىش، قىسقارتىش
قەفا — ئارقا، كەينى
قۇددۇس — ئۇلۇغ
يا قۇددۇس! — ئەي ئۇلۇغ پەرۋەردىگار

## ل

لاغەر — ئورۇق (ئات - توگە)
لەم يەزەل — ئەبەدى، ئولمەس
لىسان — تىل

## م

مۇتىئ — بويسۇنغۇچى، ئىتائەت قىلغۇچى
مۇجىب — زەرۇر، نەتىجە، سەۋەپ، بانا

مەقھۇر — قەھرى ـ غەزەپكە ئۇچرىغان، يېڭىلگەن، بويسۇنغان

مۇبدى — ياراتقۇچى

مۇسەننەف — كتاپ تۈزگۈچى، ئاپتور

مالىكول مۇلك — جاھاننىڭ ئىگىسى

مۇرەسسەئ — ئورنىتىلغان، قادالغان، بېكىتىلگەن

ماچىن — خوتەن

مىش — قوي

مەشام — دىماغ

مۇزەھھەب — ئالتۇن ھەل بېرىلگەن

موغتەنىم — پۇرسەتتىن پايدىلانغۇچى، پۇرسەت كەلدى دەپ بىلگۈچى

مۇزارىئ ـ مازى — ئوتۇپ كەتكەن ۋە كېلىدىغان

موقەررەب — ئەڭ يېقىن، سىرداش

موتەببەق — قات ـ قات

## ن

نىك — ياخشى

نەقبە — يەر ئاستىدىن كولانغان (ئېرىق)

نەۋت — خوشخەۋەر

نافەئى مۇشك — ساپ مۇشك، ئىسىل ئىپار

نابكار — رەزىل، يارىماس

نەۋھە — يىغا

نەبۇۋەت — پەيغەمبەرلىك

نافىئ — پايدا يەتكۈزگۈچى، پايدىلىق

## غ

غەبرا — يەر، زېمىن

غەرىۋ — ھۇررا ئاۋازى، چۇقان

## ي

يىد — ھىد، پۇراق



نەشرگە تەييارلىغۇچى:  قۇربان بارات

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن:

مانجۇ ھاكىمىيىتى 18-ئەسىرنىڭ 50-ۋە 60-يىللىرىدا، ئۇستۇن ئەسكىرىي كۈچ ۋە رەھىمسىز ئاممىۋى قىرغىن ۋاستىلىرى بىلەن جۇڭغار خانلىقىنى يوق قىلغان ۋە يەتتە شەھەرنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ سىياسىي ھوكۇمرانلىقى ۋە مەمۇرىيىتىنى شىنجاڭدا ھە دىگەندە مۇستەھكەم تەرزدە ئورنىتىپ كېتەلمىدى. ئۇيغۇر خەلقى مانجۇ قوشۇنلىرىنى تەكرار قارشىلىق سوقۇشلىرى ۋە ئومۇمى قوزغىلاڭلار بىلەن كۈتتۈۋالدى.

بۇ خىل ئەھۋالدا، مانجۇ خاندانلىقى ئىككى مىڭ يىلدىن كوپرەك ۋاقىتتىن بۇيانقى خاندانلىقلار تارىخىدا توپلانغان ۋە تەكرار سىناقلاردىن ئۆتكەن سىياسىي باشقۇرۇش ۋاستىلىرىنى بۇ يېڭى مۇھىتقا تەتبىق قىلىپ، بولۇپ پارچىلاش، تەبەقە ۋە مەھەللىي زىددىيەتلەردىن پايدىلىنىش، ئىچكى نىزاھلار قوزغاپ بىرىنى بىرىگە بەنت قىلىپ قويۇش، فېئودال يۇقۇرى قاتلام كىشىلىرىنى ۋە نوپۇزلۇق دىنىي زاتلارنى سېتىۋېلىش، ئەمەل-مەنسەپ بىلەن بويسۇنۇشقا قىزىقتۇرۇش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەشكە تىرىشتى. ئالدى بىلەن تەسلىم بولغان ۋە ئۇلارنىڭ باسقۇنچىلىق ئۇرۇشىغا ياردەم بەرگەن يەرلىك فېئوداللارغا ۋاكىلىق ئىمتىيازى بەردى. قۇمۇلدا، لۈكچۈن-تۇرپانلاردا ۋە كۇچاردا بەرپا قىلىنغان ۋاكىلىق ئىمتىيازى مانا مۇشۇ دەۋرنىڭ تارىخىي مەھسۇلى بولۇپ ھىسابلىنىدۇ. ئۇندىن تاشقىرى، ئۆزى ئارقىلىق ئۆزىنى باشقۇرۇش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، جايلارنىڭ يەرلىك مۇلكى ئەمەلدارلىرىنى ساتقىن فېئودال ئاقسۇڭەكلەردىن ۋە ئىبتىقات تۈپەيلى خەلقنى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئالداش كۈچىگە ئىگە بولغان تەسىرلىك روھانىلاردىن تەيىنلىدى. مانجۇلار سىياسىي، ھەربى، ئىقتىسادىي چوڭ ھوقۇقلارنى ئۆز قوللىرىدا چىڭ تۇتقاندىن تاشقىرى، باشقا مەھەللىي ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى

ھەم پارچە-پۇرات ھوقۇقلارنى ئۇلارغا ئۇتكۇزۇپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن، مانجۇ قوشۇنلىرىنىڭ تومۇر تاپىنى ئاستىدا، ئۇلارغا سادىق بولغان، ئۇلارنىڭ قانلىق نەيزىلىرى ۋە زەمبىرەكلەرىنى ئارقا تىرەك قىلغان بىر يەرلىك ئەمەلدارلار تائىپىسى بارلىققا كەلدى.

شۇنداق قىلىپ، ئەينى زاماندا ۋە ئۇندىن كېيىنكى دەۋرلەردە، يەرلىك مۇلكى ئەمەلدارلارنى فېودال بەگلەر ۋە ساتقىن روھانىلاردىن، جۇملىدىن ۋاڭ ئەۋلاتلىرىدىن تەيىنلەش ياكى ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى باشقا مۇسۇلمان مىللەتلەردىن بولغان سادىق ئەمەلدارلارنى يوتكەپ كېلىش ھىساۋىغا تولۇقلاش ئادەتكە ئايلانغان ۋە بۇ ئادەت بەزى دەۋرلەردە مانجۇ ھاكىمىيتى ئۇچۇن مۇئەييەن دەرىجىدە ئۇنۇم بەرگەن ئىدى.

بۇ ئەمەلدارلارنىڭ مۇتلەق كوپچىلىگى خەلق ئاسىيلىرىدىن بولۇپ، ئىنتايىن ئاكسىز ۋە رەزىل كىشىلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ مانجۇ دائىرىلىرىنىڭ كەڭ ئەمگەكچى خەلق ئۇستىدىن دەھشەتلىك مىللى زۇلۇم ۋە سىنىپى زۇلۇم يۇرگۇزۇشىدە ئوينىغان رولى ئاز بولغان ئەمەس. ئوز خەلقىنىڭ مىللي مەنپەئەتلىرىنى سېتىش ھىساۋىغا ئەمەل ۋە بايلىق ئىزلىگەن بۇ قولچوماقلار ئەينى ھالدا فېودال ئەكسىيەتچى خاندانلىقنىڭ ئۇيغۇر خەلقىنى روھى جەھەتتىن كاردىن چىقىرىش، بولۇش-پارچىلاش، ئۇلارنى دىني خۇراپاتلىق ۋە جاھالەت ئىچىدە داۋاملىق ئاكسىز ھالەتتە قالدۇرۇش ئۇچۇن قوللانغان بىر قاتار ئىستىراتىگىيلىك تەدبىرلىرىنىڭ ئىجراسىغا ئاكتىپ ياردەم بەرگەن، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر خەلقى 18-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ ئارقا-ئارقىدىن دۇچكەلگەن بىر قاتار تارىخي پاجىئەلەردە باش تارتىپ بولمايدىغان جىنايى جاۋاپكارلىقى بار ئەلۋەتتە.

لېكىن، ئۇلارنىڭ ئىچىدە، ناھايىتى ئاز ساندا بولسىمۇ، مانجۇ ھاكىمىيتىنىڭ ئۇزلىرىگە بولغان ئىشەنچى ۋە بەرگەن ئىمتىيازلىرىدىن پايدىلىنىپ، خاندانلىق بەلگىلىگەن ھوقوق چېگىرىلىرى دائىرىسىدە، ئوز خەلقى ئۇچۇن، ياكى ئۇ، ياكى بۇ ساھەدە، ياكى ئۇ، ياكى بۇ ئىشتا ئاكلىق يوسۇندا بەزى ياخشى ئىشلارنى قىلغان شەخسلەرمۇ بولغان. تارىخي ماتېرىيالىزىم بىزنى تارىخي ۋەقەلەر ۋە تارىخي شەخسلەرگە نىسبەتەن دىيالېكتىك يوسۇندا قاراشقا، ئۇلارغا تۇرلۇك تارىخي چەكلىمىلىكلەر ۋە ئىمكانىيەتلەرنى ھىساپقا ئېلىپ تۇرۇپ باھا بېرىشكە، ئۇلارنىڭ ياخشى تەرەپلىرىنى ۋە يامان تەرەپلىرىنىمۇ كورۇشكە ئۇگىتىدۇ.

شائىر زوھورى — زوھورىدىن ھاكىم بەگ مانا شۇخىل ئەمەلدارلار خىلىغا كىرىدۇ. ئۇ، تۇرپاندىكى ۋاڭ ئەۋلاتلىرىدىن بولۇپ، 19-ئەسىرنىڭ 30- ۋە 40- يىللىرىدا قەشقەردە ھاكىم بەگ بولۇپ تۇرغان، مانجۇ خاندانلىقىنىڭ تەيىنلىشى بىلەن قەشقەرنىڭ يەرلىك ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى يۇرگۇزگەن.

يولداش ھاجى ئەخمەت «زوھورىدىن ھاكىم بەگ دەۋرىدە قەشقەر رايونىنىڭ مەدەنى ھايات ۋە ئەدەبىيات» ناملىق ئىلمي ماقالىسىدا بۇ ئادەمنىڭ تەشەببۇسكارلىقى ۋە سەۋەبى تۇپەيلى، 19-ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىدا ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىدا يېڭى يۇكسىلىش دەۋرى بارلىققا كەلگەنلىكى توغرىسىدا تەپسىلى توختالدى (بۇ ماقالا «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ 1982-يىل 1-سانىدا ئېلان قىلىنغان). يولداش ھاجى ئەخمەتنىڭ يېزىشىچە، زوھورىدىن ھاكىم بەگ ئىلىم-مەرىپەتنى سۆيىدىغان ۋە ئىلىم ئەھلىگە ئېتىۋار بېرىدىغان كىشى بولغان.

ئۇ، ئىلىم - پەن بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئىقتىدارلىق كىشىلەرگە ماددى ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ياردەم بەرگەن، ئۇلارنى ئىلمىي ئىجادىيەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا رىغبەتلەندۈرگەن ۋە ئۇلارغا ئىمكانىيەت تۇغدۇرۇپ بەرگەن. ئۇ ئابدۇرېھىم نىزارى، ئىمىر ھۈسەيىن سەبۇرى، تۇردى نازىم (غېرىبى)، نورۇزاخۇن كاتىپ (زىيائى) قاتارلىق ئۆز دەۋرىنىڭ ئاتاقلىق يازغۇچى - شائىرلىرىنى، ئىلىم - پەننىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدىكى موتىۋەر ئالىملارنى ۋە ئۇستا سازەندىلەرنى ئەتراپىغا توپلاپ، ئۇلارغا ئۆز مەھكىمىسىدە خىزمەت ۋە ئىمتىياز بەرگەن.

ئەلىشىر ناۋايىدىن كېيىن، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا يېڭى يۈكسەك پەللە ياراتقان يىرىك ئۇيغۇر شائىرى ئابدۇرېھىم نىزارى ئۆز ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن دەۋرىنى زوھۇرىددىن هاكىم بەگنىڭ ئوردىسىدا ئۆتكۈزگەن. ئۇ 1837 - 1838 - يىللىرى زوھۇرىددىن هاكىم بەگنىڭ تەشەببۇسى بىلەن 48 مىڭ مىسرالىق داستانلار سىكىللىنى يېزىپ چىققان. بۇ داستانلار سىكىللى 18 داستاننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شائىر 1839 - يىلى «دوررىلناجات» («نىجاتلىق ئۈنچىلىرى») ناملىق ئەسىرىنى يازغان. يولداش هاجى ئەخمەت شائىرنىڭ بۇ ئەسەرنىمۇ زوھۇرىددىن هاكىم بەگنىڭ تەشەببۇسى بىلەن يازغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

زوھۇرىددىن هاكىم بەگ كەمبەغەللىكتە قالغان شائىر ئىمىر ھۈسەيىن سەبۇرىنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن قوللاپ قۇۋۋەتلەيدۇ، ئۇنىڭغا ھەرەمباغ يېزىسىدىن يەر ئاجرىتىپ بېرىدۇ. سەبۇرى زوھۇرىددىن هاكىم بەگنىڭ مەسلىھىتى بىلەن ئۆزىنىڭ «ماقالات» ناملىق يىرىك ئەسىرىنى يېزىپ چىقىدۇ. ئۇ يەنە زوھۇرىددىن هاكىم بەگنىڭ تەشەببۇسى بىلەن 1840 - يىلى «ناۋايىنىڭ ئادالەتپەرۋەرلىكى توغرىسىدا» ناملىق ئەسىرىنى يازغان.

19 - ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يەنە بىر مەشھۇر ۋەكىلى بولغان تۇردى نازىم (غېرىبى) «كىتابى غېرىب» ناملىق ئەسىرىنى زوھۇرىددىن هاكىم بەگنىڭ تەۋسىيىسى بىلەن يېزىپ چىققان. يولداش هاجى ئەخمەت ئۆز ماقالىسىدا، شائىر زۇلمەتلىك جەمىيەت تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىش ئارزۇسىدا يۈرگەندە، ئۇنى زوھۇرىددىن هاكىم بەگنىڭ چاقىرتىپ، ئۇنىڭغا ھۈنەرۋەن كاسىپلارنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا بىر ئاممىباپ ئەسەر يېزىپ چىقىشنى تەۋسىيە قىلغانلىقىنى يازغان. شائىرمۇ ئەسەردە كىتابنى "ئەمىرنىڭ ھۆكمى" بىلەن يازغانلىقىنى ئېيتىدۇ. شائىرنىڭ بۇ ئەسىرىدە، يولداش هاجى ئەخمەت توختالغان نۇقتىلاردىن تاشقىرى، يەنە ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان بىر تەرەپ بار. ئۇ بولسىمۇ، بۇ ئەسەردە تىپىك ئۇتوپىك (خىيالى) سوتسىيالىزىم ئىدىيىلىرىنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈلگەنلىكىدۇر. شائىر ئۆز ئەسىردە كىشىنى ئەزمەيدىغان، زۇلۇم ۋە ئادالەتسىزلىك بولمىغان، بارلىق ئەمگەكچىلەر تەڭ باراۋەر بولغان، ئەمگەك ۋە ئەمگەكچىلەر قەدىرلەنگەن ئەقىلغا مۇۋاپىق بىر جەمىيەت تۈزۈلمىسىنى ئارزۇ قىلىدۇ. بۇ دەل ئۇتوپىك سوتسىيالىزىم ئىدىيىلىرىنىڭ — تېخى خىيال ۋە ئارزۇ تەرىقىسىدىكى ئىدىيىلەرنىڭ دەل ئۆزى بولۇپ، بۇ هال، بۇ ئىدىيىلەرنىڭ يالغۇز ياۋروپا مىللەتلىرىدىلا بارلىققا كەلگەن بولماستىن، بەلكى شەرق خەلقلىرىدىمۇ ئەينى هالدا، ھېچقانداق ئۆزئارا باغلىنىشسىز، تەبىي، ئىستىخىيىلىك يوسۇندا بارلىققا كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئالاھىدە هادىسە بولغان چاغاتاي ئارىلاشما

تىلى ۋە چاغاتاي يازما ئەدىبىياتى 19 - ئەسىردە ئۆز تەرەققىياتىنىڭ 3 - دەۋرىگە كىرىپ، ئابدۇرېھىم نىزارى، ئىمىر ھوسەيىن سەبورى، تۇردى نازىم (غېرىبى)، مۇھەممەت سادىق قەشقىرى، نورۇزاخۇن كاتىپ (زىيائى) قاتارلىقلارنىڭ ئەمگەكلىرى نەتىجىسىدە يۇقۇرى دول - قۇنغا كوتىرىلدى ۋە مول مەھسۇلاتلار بەردى. بۇ دەۋر ئەدىبىياتىدا دۇنياۋى رىيالىستىك تېمىلارغا بۇرۇلۇش، ئۆز دەۋرىنىڭ ئىجتىمائى مەسىلىلىرىنى يورۇتۇش، خەلق قوشاقلىرى ئامىللىرى ۋە ئۇيغۇر جانلىق تىلىدىن كەڭرەك پايدىلىنىشقا ئوتۇش — خاراكتىرلىق خۇسۇسىيەت بولغان ئىدى. ئۇيغۇر ئەدىبىياتى تارىخىنىڭ بۇ بىر تەشكىلى قىسمىنى يارىتىشتا زوھورىددىن ھاكىم بەگنىڭ تەشكىلاتچىلىق رولىنىڭ ۋە قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىنىڭ مۇھىم ئامىللاردىن بىرى بولغانلىغىنى كورۇپ ئوتتۇق. بۇ، مانجۇ خاندانلىغى ئولتۇرغۇزغان بۇ يەرلىك ئەمەلدارنىڭ ئۆز خەلقى مەرىپىتى ئۈچۈن قىلغان بىر ياخشى ئىشى، بەلكى ئۇنىڭ تارىخىي توھپىسى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. مانا مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇ ھاكىم بەگنىڭ نامى تارىخ بېتىدە ساقلىنىپ قالغان.

زوھورىددىن ھاكىم بەگ ئۆز خەلقىنىڭ مەدەنىيەت - مەرىپەت ئىشلىرىغا نىمە ئۈچۈن مۇنچىۋالا كويۇندى؟ ئۆز دەۋرىنىڭ مەشھۇر ئەدىپلىرىنى نىمە ئۈچۈن مۇنچە زور قىزغىنلىق بىلەن قوللاپ - قۇۋۋەتلىدى؟ بۇ مەسىلە تېخى بىزنىڭ تەتقىقاتىمىزدا ھازىرغىچە يورۇ- تۇلماي كەلگەن ئىدى. ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ شېئىر دىۋانىنىڭ پايقىلىشى بىزگە بۇ مەسىلىنى خېلىلا دەرىجىدە روشەنلەشتۈرۈپ بەردى. دىۋاندىكى شېئىرلىرىغا قارىغاندا، ئۇ ئۆزىمۇ ئۆز دەۋرىنىڭ يىتۈك شائىرلىرىدىن بىرى بولغان ئىكەن.

دىۋان «دىۋان زوھورى» نامى بىلەن 50 - يىللاردىن تارتىپ ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلىنىپ كەلگەن. تېخى قولىيازما ھالەتتىكى بۇ دىۋان 68 بەت بولۇپ، دىۋانىنىڭ ئۇزۇنلۇغى 22 cm، توغرىسى 13 cm، ساقلىنىش نومۇرى — 42. دىۋاندا كوچۇرگۇچى كاتىپ ۋە كوچۇرۇلگەن ۋاقىت ئىلاۋە قىلىنمىغان.

دىۋانىنىڭ سەۋىيىسىدىن قاراپ، زوھورىددىن ھاكىم بەگ — شائىر زوھورىنىڭ ئۆز زامانىسىغا كورە يۇقۇرى مەلۇماتلىق، ئەتراپلىق، مول بىلىمگە ئىگە، مۇئەييەن دەرىجىدىكى ئەدىبىيات ئىستىداتىغا ئىگە بولغان مەرىپەتلىك كىشى بولغانلىغىغا ھوكۇم قىلىشقىلى بولىدۇ. دىۋاندىكى غەزەللەرنىڭ تىلىدىن قارىغاندا، ئاپتور ئەرەپ، پارس تىللىرىنى ئوبدان بىلسە كېرەك.

دىۋان پۈتۈنلەي غەزەل شەكلىدىكى شېئىرلاردىن تەشكىل تاپقان. ئەنئەنىۋى ئادەت بويىچە، غەزەلنىڭ ئاخىرىدا شائىر ئۆز تەخەللۇسىنى ياكى ئۆز ئىسمىنى ئاتاپ خىتاپ قىلىدىغان جايىدا، ئاپتور ئۆز تەخەللۇسى "زوھورى" نى كوپرەك ئىشلەتكەنىدىن تاشقىرى، يەنە ئۆز ئىسمى "زوھورىددىن" نىمۇ قوللانغان. بەزى غەزەللەردە ئۆزىگە "شاھ"، "شاھا" دەپ خىتاپ قىلغان. بۇ ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ جەمىيەتتىكى مەرتىۋىسىنى تەكىتلەش ئۈچۈن بولغان بولسا كېرەك. ئۇندىن تاشقىرى، زوھورىددىن ھاكىم بەگ ئۆز غەزەللىرىدە كوپ قېتىملاپ ئۆزىنىڭ گەرچە "شاھ"، "تاج ئىگىسى" بولسىمۇ، يەنىلا "پەقىرلىق" نى خىيالىيدىغانلىغىنى بىلدۈردۇ. ئۇنىڭ غەزەللىرىدە ئۇيغۇر جانلىق تىلىنىڭ قەشقەر - تۇرپان دىئالىكتىغا مەنسۇپ بولغان مەھەللىي سوزلەر (مەسلەن، ئايلىدا (ئالدىدا)، دام (ماختىنىش)، ئۆز (چىرايلىق)......

قاتارلىقلار) مۇ كوپ ئۇچرايدۇ.
شائىر "ھەدىس" رادىفلىق غەزىلىدە:

زاھىدا دام ئۇرماغىل مەن كوفرىدىن تاپتىم راۋاج،
كوفىر ئەھلىگە خوش ئېرمەس ئەيلەسە مۇئمىن ھەدىس.

.................................................
.................................................

كوفرىدىن دىن سوزلادىم، مەن كوفرىدىن بىزار ئىدىم،
خەيل كوففار ئايلىدا ۋە ئەيلادىم خۇدبىن ھەدىس.

دەپ يازسا، "مۇنىس" رادىفلىق غەزىلىدە:

گاداي ئىشقى مەنۇ ئوردا ئەھلىغە ھەمراھ،
كى تەقۋى تەرك ئىتەيىن گەر سافا ئېرۇر مۇنىس.

دەپ يازىدۇ.

بۇ بايانلار دىۋانىنىڭ دەل شۇ زوھورىدىدىن ھاكىم بەگنىڭ ئىجادىي مىۋىسى ئىكەنلىكىگە، "زوھورى" نىڭ ئۇنىڭ شائىرلىق تەخەللۇسى بولغانلىقىغا بىر دە شۇبھە قالدۇرمايدۇ.

بىز زوھورىنىڭ دىۋانىدا چاغاتاي شېئرىيىتىگە خاراكتېرلىق بولغان ئەنئەنىۋى ئىشقى-مۇھەببەت تېمىسىغا دۇچ كېلىمىز. شائىرنىڭ دىداكتىك خاراكتېردىكى غەزەللىرى ئىنتايىن ئاز. ئۇنىڭ دىۋانىنىڭ مۇتلەق كوپ قىسمى گۇزەل يارنى سۇرەتلەش، يار ۋىسالىغا ئىنتىلىش، سويگۇ ئارزۇسى، جۇدالىق قايغۇسى، رەقىپلەرگە غەزەپلىنىش، قېيداش، رەنجىش، ۋاپاسىز يارغا بولغان تاپا-تەنىلەر، ئۈمىت، ئۈمىتسىزلىك، ئومۇردىن پۇشمان قىلىش، ئەجەل ئەندىشىسى، تووۋە-ئىستىغپار قاتارلىق مۇرەككەپ تۇيغۇلار ۋە ئىچكى كەچۈرمىلەرنى گۇزەللەشتۇرگەن لىرىك غەزەللەردىن ئىبارەت. شائىر چاغاتاي شېئرىيىتىنىڭ پۇتۇن تارىخىغا ئومۇمىي بولغان تېمىلاردا ئوزىنىڭ شېئرىي ئىپادىلەش ئىستىداتىنى نامايىش قىلىدۇ. بۇ لىرىك غەزەللەردە شائىرنىڭ ئوزىگە تەۋە بولغان نەرسىلەر — پىكىرلەر، بەدىي ئىپادىلەش ۋاستىلىرى، ئوخشىتىشلار، سۇپەتلەشلەر ۋە يېڭى قاپىيىلەر تۇزۇلمىسى قاتارلىقلارمۇ ئاز ئەمەس.

لېكىن شۇنىمۇ كورۇش كېرەككى، بۇ لىرىك غەزەللەردە چاغاتاي شېئرىيىتىنىڭ ئومۇمىي ئاجىزلىقى بولغان نەرسىلەر — تېما، مەزمۇن، پىكىر ۋە بەدىي ئىپادىلەش ۋاستىلىرىنىڭ تەكرارلىقىمۇ خېلىلا كوپ. بۇ، ئىجادىلىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا، شائىرنىڭ ئوزىگە تەۋە بولمىغان تەركىپ بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. شائىر ئوزىدىن ئىلگىرى ئوتكەن شېئرىيەت ۋەكىللىرىنىڭ بۇ تېمىلاردا يازغانلىرىنى ئوزلەشتۇرگەن ۋە ئوز ئۇسۇلى بىلەن تەكرارلاپ بەرگەن خالاس. بىز بۇ ئاجىزلىقنى چاغاتاي شېئرىيىتىنىڭ باشقا چوڭ-كىچىك ۋەكىللىرىدىمۇ ئوخشاشمىغان دەرىجىدە ئۇچرىتىمىز.

مېنىڭچە، چاغاتاي شېئرىيىتىدە مۇنداق ئىككى چوڭ تارىخىي ئىللەت يۈز بەرگەن:

1) ئۇيغۇر شېئرىيىتىنىڭ ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى قەدىمقى مىللىي شەكىللىرى ۋە ۋە-
زىنلىرى چەتكە قېقىلغان. شېئرىيەت بۇ شەكىللەر ۋە ۋەزىنلەر ئاساسىدا، ئۆز ئانا تىلىمىز
بايلىقى زېمىنىدا تەرەققىي قىلىشىنىڭ ئورنىغا، تامامەن باشقا يولغا كىرىپ، ئەرەپ ۋە پارس
مىللەتلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى شېئىر شەكىللىرى ۋە ۋەزىنلىرىنى قوبۇل قىلغان. شېئرىيەت تىلىمۇ
ھەر خىل دەرىجىدە شالغۇتلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئەرەپ، پارس ۋە ئۇيغۇر ئىبارىلىرى ئارى-
لاشمىسىدىن ئىبارەت بولغان ئالاھىدە بىر خىل شېئرىيەت تىلى قېلىپلاشتۇرۇلغان. بۇ تىل
ئىسلامىيەت شارائىتىدىكى ئۇيغۇر يازما ئەدەبىيات تىلى بولۇپ شەكىللىنىپ، بارا-بارا
ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتكەن. بۇ تىلنىڭ ئۇيغۇر جانلىق تىلى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئانچە
زىچ ئەمەس، كەڭ خەلق كۆپچىلىكى ئۇنى ئوقۇپ چۈشىنەلمەيدۇ. بۈگۈنكى كۈندىمۇ
توغرا «ترانسكرىپسىيە» قىلماي تۇرۇپ ۋە قوشۇمچە لۇغەتسىز ئۇنى تولۇق ئوقۇپ چۈشىنىش
مۇمكىن ئەمەس. بۇ، ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىدا، ئىسلامىيەت شارائىتىدا يۈز بەرگەن چالا
ئاسسىمىلاتسىيىلىك ھادىسە بولۇپ، ھەرقايسى دەۋرلەردە ئۆتكەن ئەدىپلەر ئۆز ئانا تىلىغا
نىسبەتەن ھەر خىل دەرىجىدە مىللىي ئىنكارچىلىق پوزىتسىيىسىدە بولغان ياكى ئۇمۇمى ئادەت-
كە بويسۇنۇشقا مەجبۇر بولۇشقان.

2) ئەرەپ، پارس مىللەتلىرى شېئرىيىتىنىڭ ئەنئەنىۋى شەكىل ۋە ۋەزىنلىرىنى ئومۇمە-
يۈزلۈك قوللىنىش نەتىجىسىدە، ئۇيغۇر شېئرىيىتىدە قېلىپبازلىق، ناتۇرالىزىملىق، قاتماللىق
ھادىسىسى كېلىپ چىققان. بۇ ھادىسىلەر بۇ خىل شەكىل ۋە ۋەزىنلەرنىڭ ئەسلى ئۆزىدە
بولغان ئىللەتلەر ۋە ئاجىزلىقلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئەرەپ ۋە پارس مىللەتلىرىدە
ئوتتۇرا ئەسىرلەردە كەڭ قوللىنىلغان بۇ شەكىل ۋە ۋەزىنلەر ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىغا
ئۆزىدىكى بۇ ئىللەتلەرنى ۋە زور دەرىجىدىكى چەكلىمىلىكلىكىنىمۇ بىللە ئېلىپ كىرگەن.
قاتتىق قېلىپلاشقان شەكىل ۋە ۋەزىنلەر دائىرىسىدە، قېلىپلاشقان شالغۇت شېئرىي ئىبارىلەر،
قېلىپلاشقان قاپىيە ۋە رادىفلىق قاپىيىلەرنىڭ ئىنتايىن تار ئىمكانىيىتىدە، شائىرلار ئۆچۈن
ئۆزلىرىگە خاس بولغان ئىجادىيلىقنى تولۇق نامايەن قىلماق، يېڭى-يېڭى شېئرىي پىكىرلەرنى
ئوبرازلىق ۋە ھەسسىياتلىق قىلىپ ئىپادە قىلماق تولۇق مۇمكىن بولمىغان. بۇنىڭ بىلەن، يۇ-
قۇرىدا توختىلىپ ئۆتكىنىمدەك، بۇرۇنقىلارنىڭ يازغانلىرىنى كېيىنكىلەر، ئۇنىڭكىنى بۇ تەكرارلايدى-
غان، ئۆزلەشتۈرۈپ قايتا بايان قىلىپ بېرىدىغان تەقلىدچىلىك ۋە قېلىپبازلىق ئەۋج ئالغان.
شائىر زوھورىنىڭ دىۋانىدىكى ئۇنىڭ ئۆزىگە تەۋە بولمىغان تەركىپىنى مانا شۇ سەۋەپلەر
كەلتۈرۈپ چىقارغان ئەلۋەتتە. بىز چاغاتاي شېئرىيىتىنى تەتقىق قىلغىنىمىزدا، ئۇنىڭ زاما-
نىسىغا يارىشا ئىلغارلىق بولغان تەرەپلىرىنىمۇ، جۈملىدىن يۇقۇرقى ئىللەتلىرىنىمۇ كورۇشىمىز،
شاكىلىنى تاشلاپ مېغىزىنى قوبۇل قىلىشىمىز لازىم.

شۇڭلاشقا، زامانىۋى ۋە مىللىي تەرەققىيات ئېھتىياجىدىن، قېرىنداش تۈركىي خەلقلەر-
دىن تۈركلەر مۇشۇ ئەسىرنىڭ 10 - 20 - يىللىرىدا، تاتارلار 20 - 30 - يىللىرىدا، ئۆز-
بېكلەر 30 - 40 - يىللاردا شېئرىيەتتە ئەنئەنىۋى ئەرەپ - پارس شەكىللىرى ۋە ۋەزىنلىرى-
دىن قول ئۈزۈپ، قەدىمقى تۈركىي مىللىي ۋەزىنلەر زېمىنىدا، ئۆزلىرىنىڭ ئىستېمالدىكى
جانلىق تىلى ئاساسىدا يېڭى شېئرىيەت يارىتىش يولىغا ئۆتتى، بۇ خىل ئىنقىلاۋى بۇرۇلۇش

ئۇلاردا يېپ-يېڭى ئىجادىي شېئىرىيەتنى ۋە بۇ شېئىرىيەتنىڭ كۆپلىگەن مۇنەۋۋەر ۋەكىللىرىنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇ شائىرلار ۋە ئۇلار ياراتقان يېڭى شېئىرىيەت مىۋىلىرى بىلەن كەڭ ئۇيغۇر كىتابخانلىرى ئوبدان تونۇشىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا شېئىرىيەتكە بۇ خىل ئىنقىلاۋى ئىنتىلىشنى ئۆمەر مۇھەممەدى، نۇر ئىسرائىلى، لۇتپۇللا مۇتەللىپ قاتارلىق شائىرلار ئېلىپ كىردى. بۇ خىل يېڭى، مىللى شېئىرىيەت شۇنىدىن باشلاپ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندى ۋە ھەرقايسى دەۋرلەردە ئۆزىنىڭ زور ئىجادىي كۈچكە ۋە بەدىي تالانتقا ئىگە بولغان يېڭى-يېڭى بوغۇنلىرىنى بارلىققا كەلتۈردى.

لېكىن، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە، ئەنئەنىۋى ئەرەپ-پارس شېئىرىي شەكىللىرى ۋە ۋەزىن سېستېمىلىرى 20-ئەسىرنىڭ 80-يىللىرى بولغان بۈگۈنكى كۈندىمۇ خېلىلا كەڭ تۈردە ساقلىنىپ كەلمەكتە ۋە داۋام قىلماقتا. بۇ خىل شەكىل ۋە ۋەزىنلەر ئۆزلىرىنىڭ تار ئىمكانىيەتلىرى، قېلىپبازلىق، ناتۇرالىزىملىق، تەقلىدچىلىك ئىللەتلىرى بىلەن زىرىكەرلىك ۋە قۇرۇق بىرخىللىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، شېئىرىيىتىمىزنىڭ سەۋىيىسىنى يېڭى، زامانىۋى پەللىگە كۆتىرىشكە توسقۇن بولۇۋاتىدۇ. بۇ شەكىل ۋە ۋەزىنلەر خەلقىمىزنىڭ ئېڭىدا ۋە ئادىتىدە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئوتتۇرا ئەسىرلەردىن قالغان ھەممە كونا نەرسىلەردەك زامانىۋى روھى مەدەنىيەت يارىتىشنىڭ غالىپ قەدەملىرىگە ئازدۇر-كۆپتۇر پۇتلىكاشاڭ بولۇۋاتىدۇ. بىز ۋەتەن، مۇھەببەت، ئەمگەك، پارتىيە، ئارمىيە ۋە ھەر خىل بايراملار تېمىلىرىدا، ياشلىق، ئىلىم-پەن، ئاتىسىنىڭ بالىسىغا، كونا جەڭچىنىڭ يېڭى جەڭچىگە نەسىھىتى دىگەندەك دىداكتىك تېمىلاردا كۆپلەپ يېزىلغان غەزەللەر، مۇخەممەسلەر، مۇسەددەسلەر، مۇستەھزات، مۇختەممەلات، مەسنەۋىلەر ۋە رۇبائىلارنىڭ بىر-بىرىدىن بولغان ئىجادىي ئۆزگىچىلىكلىرىنى ئانچە كۆپ كۆرەلمەيمىز. قۇرۇق سىياسى ئىبارىلەر ۋە ئاددى سۆزلەرنىڭ تەكرار تىزىلمىسىدىن ئىبارەت بولغان بۇ شېئىرلار كىشىلەرنى بارغانسېرى بىزار قىلماقتا. چۈنكى 50-يىللاردا پارتىيە ھەققىدە يېزىلغان بىر قۇرۇق مۇخەممەسنى ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇغان كىتابخاننىڭ ئۇنىڭ 80-يىللاردىكى باشقا كۆچۈرۈلمىلىرىنى يەنە ئوقۇشنى خالىمايدىغانلىقىغا ئەجەپلەنمىسەكمۇ بولىدۇ. بۇ خىل غەلىتە ھادىسىنىڭ بۈگۈنگە قەدەر داۋاملىشىشىنىڭ سەۋەپلىرىنى خەلقىمىزنىڭ ئومۇمى ئىجتىمائى تەرەققىيات سەۋىيىسىدىن، بۈگۈنگە قەدەر خەلقنىڭ ئېڭىدا يەنىلا قويۇق ساقلىنىپ كېلىۋاتقان خۇراپاتلىق ۋە جاھالەتچىلىكتىن ۋە بىزنىڭ بىر مۇنچە شائىرلىرىمىزنىڭ دىنىي مەكتەپلەردە باغلانغان ئەقىدىلەردىن قول ئۈزەلمەيۋاتقانلىقى، ئەكسىچە ئۆز ئادەتلىرىنى ۋە خاھىشلىرىنى ياشلار ئارىسىدا داۋاملىق يىلتىز يايغۇزۇشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىدىن ئىزلەش كېرەك. تارىخىي ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، بۇ خىل كونا شەكىل ۋە ۋەزىنلەر بىلەن شېئىرىيەتتە يىراققا بارغىلى بولمايدۇ. يېڭى، يۈكسەك ئىجادىي پەللە يارىتىشتىن سۆز ئېچىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. شۇڭلاشقا، بىز چاغاتاي شېئىرىيىتىنى تەتقىق قىلغىنىمىزدا، ئۇنىڭغا قارا-قويۇق ئومۇمى يۈزلۈك ۋارىسلىق قىلىشتىن ساقلىنىپ، ئۇنىڭ ئۆز دەۋرىدە ئىلغار بولغان، ئوتتۇقلۇق بولغان تەرەپلىرىنىمۇ، جۈملىدىن يۇقۇرىدىكىدەك ناچار ۋە پاسسىپ بولغان تەرەپلىرىنىمۇ تولۇق مۇلچەرلىشىمىز لازىم. بۇ خىل پوزىتسىيە يېڭى شېئىرىيىتىمىزنى راۋاجلاندۇرۇشقا، ياشلارنى شېئىرىيەت ئىجادىيىتىنىڭ ساغلام

ۋە داغدام يولىغا يېتەكلەشكە نىسبەتەن پايدىلىق بولدۇ.
شائىر زوھورى — زوھورىددىن ھاكىم بەگ ئۆز زامانىسىنىڭ مەرىپەتلىك كىشىسى بولغىنى ھالدا، 19 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدا چاغاتاي يازما ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى يۈكسىلىشىگە سەۋەپچى بولغان. ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ دىۋانىنىڭ پايقىلىشى ئۇنىڭغا ئۆزى قوللاپ - قۇۋۋەتلىگەن، شارائىت ۋە ئىمكانىيەت تۇغدۇرۇپ بەرگەن شائىرلار ۋە ئەدىپلەر قاتارىدىن ئۆزىگە يارىشا مۇۋاپىق ئورۇن بېرىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ يۇقۇرقى خەلققە پايدىلىق بولغان ياخشى ئىشلىرى ۋە ئۆزىنىڭ شائىرلىقى سەۋەۋىدىنلا ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىن مۇۋاپىق ئورۇن ئېلىشقا مۇناسىپ. لېكىن مانجۇ دائىرىلىرىنىڭ قورچاق ئەمەلدارى بولغىنى ھالدا، ئۇ خەلق ۋە تارىخ ئالدىدا ئۇنتۇپ كەتكەن بىر شەخس بولۇپ، 19 - ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىدا قەشقەردە مانجۇ ھاكىمىيىتىگە قارشى كوتىرىلگەن خەلق قوزغىلىڭى مانجۇ ھاكىمىيىتىنىڭ باشقا سادىق ياردەمچىلىرى قاتارىدا ئۇنىمۇ ئاياپ قويمىغان، ئۇ پەرغانىگە قېچىشقا مەجبۇر بولغان. ئۇنىڭ پەرغانىگە قېچىپ بارغاندىن كېيىنكى شەخسى تەقدىرىنىڭ قانداق بولغانلىقى ھازىرچە بىزگە نامەلۇم.
مەن، بىزدە يېڭىدىن باشلىنىۋاتقان چاغاتاي ئەدەبىياتى تەتقىقاتىغا پايدىلىق بولار دىگەن مەقسەت بىلەن، بىر ئەدەبىيات ھادىسىسى سۈپىتىدە ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتىشكە بولمايدىغان بۇ تارىخىي شەخسنىڭ دىۋانىنى يۇقۇرقى قولىيازمىسىغا ئاساسەن نەشرگە تەييارلاپ، ئىجتىمائى پەن خادىملىرى ۋە كەڭ كىتاپخانلارغا سۇنۇشنى مۇۋاپىق كوردۇم. دىۋانىنى ترانسىپكسىيە قىلىشىمدا ۋە بايان قىلىپ ئۆتكەن تەھلىلى پىكىرلىرىمدە خاتالىقلار بولسا، ئالاقىدار كەسىپداشلارنىڭ كورسىتىپ بېرىشلىرىنى ئۆتۈنۈپ قىلىمەن.

بەسىردۇر كىم سالىبسەن ھەر كىشى باشىغە بىر سەۋدا،
بۇ سەۋدالار بىلە كەۋنەيىن بازارىدا يۈز غەۋغا.

كىرىپ بىر ئەين ئىككى لام ئاراسىغە بولۇپ جانبەخش،
تۇشۇپ خالى قوياشىڭ ئۈزرە بولدى مىلڭ ئەدەد پەيدا.

قويۇپ بىر خەستەنى بارى ئامانەتكە ئەمىن ئەيلەب،
زولۇمەد ۋە جوھۇلەن دەب ئەيتىبسەن ئىشق ئارا شىدا.

ئەجەپ جەھلىكى باردۇر قىرىق ئىشكىلىك نۇرى زۇلمەتدىن،
بارىن فەتھ ئەيلەمەي بولماس لەۋەننى ئىلمىدە دانا.

ئامانەت ھەمزەسىنى جانىم ئىچرە ئاسرادىم ئانداغ،
داغىي مىننەت ساڭا بولغاي تانۇغلۇق جۇملەئى ئەشيا.

قالىبدۇر شامۇ ھىجرانىڭدا مەھزۇن ئەھلى مەغرىب كىم،
كورەي دەب ئاي يۈزۈڭنى ئاينە تۇتمىش سىكەندەرسا.

ئەگەر سۇلتان ئۆزىن پىنھان ئىتۇرگە كوھنە بىر ژەندە،
گەدانىڭ دەلقى ئىچرە شاھنى بىلگەيمۇ كىم ئاياە

جاھان ئىچرە ھەمىشە بارچەلەرگە يارى ھەمراھدۇر،
ئەۋامىنناس ئارا ئول يار پىنھان، غەمزەسى پەيدا.

زۇھۇرى زاتىگە ئانداغ كى بولغاي مۇشتەغىل ھەردەم،
يوق ئەيلەب ئۆزلۈكىدىن قالماغاي ئەۋساف ھەم ئەسما.

× ×

شۇئائى ئاپتابىڭدىن نەسىب ئەت زەررەئى جانا،
تاتۇر ۋەھدەت مەيىدىن قەترە يا رەززاق ۋەرزوقنا.

فىراق ئەندۇھىدىن كەلمەس تىلىم تەقرىر ئەيلەرگە،
نىھان دەردى زەمىرىمغە ئېرۇرسەن ۋاقىفۇ دانا.

قارا زۇلفۇڭ خىيالى بىرلە قالدىم مەن قارا تۈنلەر،
تاپالماي ۋەھ يولۇمنى بولدى زىكرىم رەببى ئەھدىناە

تاپاي مەنسۇر يەڭلىغ كافىرى ئىشقىڭ ئارا نۇسرەت،
ئۇراي دار ئۈزرە فەرياد "ئەنەلھەق" گاھۇ ئۇنسۇرناە

بىرىپ ئانچە جىۋلاسىن ئول جالالىدىن رۇمىغە،
تاپىپ ئىززۇ شەرەپ ئاشىقلار ئىچرە بولدى مەۋلانا.

نې دەرمەن تاپمايىن بىر سوز سىنىڭ ۋەسفىڭنى ئەيلەرگە،
لەبىڭ لەئلۇ، قەدىڭ زىبا، كوزۇڭ شوخۇ ئۆزۈڭ رەئناە

ئىلاھا، بۇ زۇھورى كوڭلىگە سالغىل زۇھۇرىڭنى،
جۇدا قىل ئۆزلۈكىدىن جانىغا جەننەت ئولغاي ئىستىسناە

× ×

ھەمدىڭگە يوقتۇر ھەد ماڭا، زىكرىم دۇرلا ئۇھسى سەنا،
ۋەسفىڭنى قاي تىل بىرلە دەي يوق مەندە لايىق تىل ساڭا.

ئاسيۇ جافى بەندە مەن ئەفۇ كەرەم دەرياسى سەن،
مەھزۇن قۇلۇڭ ئەۋرادىدۇر ھەردەم زەلەمنا رەببەنا.

خەيرۇلبەشەر مىراسىدىن ۋارىسنى مەھرۇم ئەيلمە،
گەنجىنەئ ئەسرار ئىدى ئادەم ئاتا بىرلە ئانا.

ئول ئوتنى ئىشقىڭدىن ھۇرۇپ، تىل سىرنى مەخپىنى قويۇپ،
مېھنەت سۇيىدىن يۇغۇرۇب خاك ئوزرە تۇتتۇڭ ئىنزىۋا.

ئوتۇ ھاۋاۋۇ سۇ بىلە تۇپراغىغە بەردىڭ راۋاج،
گەنجىڭغە مەخزەن ئەيلابان مىسمار ھوسنۇڭدىن يانا.

كەلگەچ نەسىمى سۇبھىدەم تېز ئولدى ئىشقىڭنىڭ ئوتى،
كويسەم كۇلۇمنى ساۋرۇب قىلغىل بۇ كۇي ئىچرە فانا.

ھەركىمكى ھىجرىڭ زەھرىدىن بولسا مەزاقى تەلخە كام،
تىرياك ۋەسلىڭ بولماسا لوقمان ئاڭا تاپماس دورا.

ھۇببۇلۋەتەننى ياد ئېتىب جانىم قۇشى فەرياد ئىتۇر،
زىندان غېمى ئىچرە كورۇب تەندە ئەلەم، جاندا ئەنا.

ھەرنىچە سوز ۋەسلىڭدىن ئول ئەيتۇر ھەممە ھەزيان ئېرۇر،
ئاجىز زوھورى ھالىنى كور ئىشىق ئارا تەگمىش ھەۋا.

× ×

ئەي كىلىبسەن گەۋھەرى يەكتا بىنى ئادەم ئارا،
ھەر دۇرى يوقتۇر سەدەف ئىچرە سىنىڭدەك يەم ئارا.

ئىشق ھىجرى مەۋجىدىن بولمىش مۇقاتىر قەترەلەر،
قەترەئى يوقتۇر سىنىڭدەك دىجلەئى قەلزۇم ئارا.

ئافىرىنىش گۇلشىنىنىڭ بۇلبۇلى خوشخۇانى سەن،
بوستانى ئىلمىگە مالەم تەكون تەلىم ئارا.

پەيرەۋلىغىدىن فەلەكدە مەسكەن ئەتتى ئول مەسىھ،
بولدى مىئراجى ئانىڭ بۇ لەميەكۇن تەئلىم ئارا.

ئول تەماننادىن ئىشكىگگە سۇراي دەب يۇز قوياش،
چەرخ ئەۋجىدىن تۇشەر غەم شامىغە ئالەم ئارا.

نى قارا بولمىش ئەجەپ گەر بىلسەم ئول يەلدا تۇنى،
فۇرقىتىڭدىندۇر قارا قىلمىش ئىكىن ماتەم ئارا.

ئىسمىڭ ئەھمەددۇر مۇھەببەتدىن نىشانى كورگۇزۇب،
كەلدى ھاسىم ئوزرە ئانداغ يوق نىشان ئالەم ئارا.

شەھ كىلىبسەن جۇملەئى شەھلارغە پەيغەمبەرگە ھەم،
جان ئىبرورسەن، ئوزگىلەر تەن خاتا كەبى خاتەم ئارا.

سىدق ئەھلى شەفقىتىڭدىن بولدى يارى باسەفا،
جەھل ئەھلىدۇر ۋۇجۇدىڭدىن ھەمىشە غەم ئارا.

ساپ ئىتەي كوڭلۇم يۇزۇڭ ئەكسىنى سالغايسەنمۇ دەب،
ئۇيلەكىم ئانداغ قوياش ئەكسى تۇشەر زەمزەم ئارا.

ئىتلارىڭدىن ئىلتىماس ئەيلەر زوھورى كاشكى،
قاتقاي ئول ئوز خەيلى ئىچرە زۇمرەئى مەھرەم ئارا.

× ×

جان گۇلشىندە زولفلارىڭ ئەنبەر سارا،
كوڭلۇم يۇزىدە بولدى يۇزۇڭ ئەكسى دىلارا.

روخسارىڭ زۇلفۇڭ مىنى ئاشفىتە ئىتىبدۇر،
بۇلبۇل كەبى ھەر شامۇ سەھەر لەيل نىھارا.

گيسۇۋە يۇزۇڭ كوڭلۇم ئارا تۇتتى مۇقامى،
گوياكى قىلىب رەي بىلە ھىندى مادارا.

تا بولغاي شام ئەھلىگە بۇ سۇبھە ۋىسالىڭ،
غەم شامىدادۇر ئەھلى سەمەرقەندى بۇخارا.

بۇ دار ئارا گەر جىلۋە قىلور بولماسا ھوسنۇڭ،
نە ئىشكە ئەيتۇر رەزەم سىكەندەر بىلە دارا.

مەجنۇن كەبى دىۋانە ئىتىبدۇر ھەمە ئەلنى،
تا بولغالى لەيلى سفەتىم بۇ چۇمەن ئارا.

نازلىق بەدەنىڭ ئىچرە بىغىر تاش كورۇبمەن،
كورگەنمۇ كىشى شىشەئى سەھبا ئارا خارا؟

ئۇل پەردەكى جانىم قۇشى پەرۋازلار ئەتسە،
ئۇچماقتا مەلەك ھور قاقور جۇملە نەققارا.

شىرىن لىبى گەر چەكسە ساغا قۇددۇس كالامىن،
سوز سىرىدا فەرھاد ئەيلەر خىسراۋغە نى يارا.

گەر يەتسە قۇلاقىغە بۇ ئوشاق مۇقامى،
رەققاس بارىب چەرخ ئۇرۇر چەرخ ئۇزە زوھرا.

ۋامىقدىن ئاشۇر كورسە ئۇزارىڭنى زوھورى،
ھوسنۇڭ گۇلىگە ئەرز قىلۇر باغ ئارا ئوزرا.

× ×

نەقشبەند ئاتى جامالىڭ پىرتويى جانىم ئارا.
تەفسىرگە توشتى قارا زۇلفۇڭ دىنى ئىمانىم ئارا.

مەجلىس ئەھلى نەقلى گۇلدىن باغ ئارا دىلشاد ئولۇر،
نەقلى گۇل بىلدىم كۇزۇمدىن ئاقسا ياش قانىم ئارا.

تاغۇ دەريا ئاجىز ئولغاي يۈك ماڭا بولمىش نەسب،
مۇنچەمۇ ئافەت بولۇر بۇ جىسمۇ ۋەيرانىم ئارا.

ھىجرىڭ ئەيلەر جەمئ خىدلارنى ۋىسالىڭ زىنتكۇسى،
سۇ بىلە ئوت جەمئ بولدى ئاھۇ ئەفغانىم ئارا.

ۋەھ كى قاشىڭ يادىدىن بۇرار جىسمىم يادىدىن،
غەم سىپاھىدىن قىلىچلار بولدى قالقانىم ئارا،

تابى يوقتۇر بۇ يۇزۇمنىڭ ئاي يۇزۇڭگە باققالى،
تاب زۇلفۇڭ چىرماشىبدۇر ئىشقى پىچانىم ئارا. ...

نىچە غەم تەككەنسرى ئاشىقغە سەندىن شادلىق،
كورمەگەننى كورسەتىب مەن ئاشىق ئولغانىم ئارا.

مىڭ جانىم بولسا فىدا بولسۇن جانىمنىڭ جانىغە،
كىرسە جانانىم لەتافەتدىن بۇ ئايۋانىم ئارا.

نالە ۋە فەرياد ئىتىب بۇلبۇل كەبى دەيدۇر زوھور،
كورمامىشمەن سەن كەبى بىر گۇلنى بوستانىم ئارا.

× ×

جان گۇلشىنىدە قەددىڭ ئەرئەرمۇ ئىكىن ئايا،
قەددىڭ ئۇزە روخسارىڭ ئەھمەرمۇ ئىكىن ئايا.

هوسنۇڭ ئارا ئول لەئلىڭ ياقۇتمۇ ئىكىن ئايا،
بىر شوئلە ئارا گويا ئەخكەرمۇ ئىكىن ئايا.

كوڭلۇڭ ئارا لەئلىڭنىڭ پەرتۇسمۇ ئىكىن ئايا،
ئىشقىڭ ئوتىدىن قويغان مەجمەرمۇ ئىكىن ئايا.

سەۋدايى قىلور زۇلفۇڭ بويى ھەمە ئالەمنى،
يا مىشىك خوتەن يا ھەم ئەنبەرمۇ ئىكىن ئايا.

ئول ئىككى قۇلاقىڭدا دۇردانەمۇ ئىكىن ئا ياخۇد،
ھەر جانىبىدە ئايىنىڭ ئەختەرمۇ ئىكىن ئايا.

يا كوڭلۇم ئارا تۇشكەن كوز بىلە مىژىڭ ئەكسى،
يا نەيزەمۇ سانجار يا خەنجەرمۇ ئىكىن ئايا.

نى غەمزەلەر ئەيلەرسەن ھەر دەمدە كوزۇڭ يۇملاب،
سانجۇرغە ماڭا توشلاب نەشتەرمۇ ئىكىن ئايا.

ئوشاق مۇقامىدا دۇر داۋالغۇسىدۇر مەتلۇب،
ھىجرىدا ئاقىزغان ياش دۇرلەرمۇ ئىكىن ئايا.

ئەل دەيدۇ زوھورنى لاف ئۇردى مۇھەببەتدىن،
بۇ لاف ساڭا جانا باۋەرمۇ ئىكىن ئايا.

× ×

جا بىكىم ئاتلانوردا كوب بولماسۇن دەب غۇبار ئاڭا،
ئەشك توكۇب بولۇر كوزۇم يولىدا ئىنتىزار ئاڭا.

زار بولۇب چەمەندە مەن مۇنتەزىر ئول جامالىغە،
گۇل يۇزى سارى كوز تىكىب كىرفىگىم ئولدى خار ئاڭا.

نازۇ كەرەشمەسىن كوزۇڭ زۇلفىدە هەم شەكەنجىلار،
هەلقەئى روهىغە سالىب ئەيلادى بىزنى زار ئاڭا.

هىجرىدە سىندۇرۇپ كوڭىل ئەيلادى مەۋياي ۋەسىل،
سىنغانىدىن ئۇلاغ ئىتىب ئەتتى ئوزىن سۇۋار ئاڭا.

قىلسە شەكفتە سايىبىن بولغاسى شەق دىماغلار،
چەزب ئول مەشامدىن سۇنبۇلى دۇر باهار ئاڭا.

كىرسە بۇ باغلار ئارا جۇست ئىتىب سەمەندىنى،
بولسە تىرۋاقى ئارالارى ئىككى كوزۇم نىسار ئاڭا.

كەچسە زوهورى باشدىن يارى ئۇچۇن نە ئىيبىكىم،
جان جاهاننى فىدا قىلسە يۇز ئىفتىخار ئاڭا.

× ×

ئەيلەسەم مەن كوزلارىمنى ئول تەمەننادىن قۇرۇق،
تۇشمادىك سەن بۇ قۇدۇقغە يۇسفى كەنئان بولۇپ.

بۇ زوهورى ئىيد روخسارىڭ ئۇچۇن ئوشاقلىگە،
نەزرە جان ئەتكەي ئۇلارغە هەم ساڭا قۇربان بولۇپ.

× ×

ساقىيا ئەيلە مىنى بىر ماه ئۇچۇن بادە پەرەست،
ئەيت ماڭا غىلنى هەم پاي جۇتۇنۇ هىمەست.

ۋەئزە ئەيلەمە تەكلىف مېنى دىن سارىغە،
كىمكى بۇ كۇن تەۋبە ئۇشاتقان كۇنى بولمىشمەن مەست.

مېنى كورمەك بىلە تۇتما بىرون ئەي زاهىد يەخ،
ئەيلادى مەست مېنى تۇتتى بىرون جامى ئەلەست.

زەخم كوب كەلدىيۇ يارىم قاشىدىن پەيۋەستە،
زەخمىنىڭ دەردىگە دەرمان دىدى ماهى هەۋەست.

مېنى مەيخانە ئارا ساقى مۇتربىب قىلمىش،
ئىستىبان بادە پەرەست ساغەر بىرلە باپەرەست.

كىلىب ئول شوخ پەرى دىلبەرى جابوك ئايا،
شەيخلار بەزمىنى بەرهەم ئىستىبان بەردى شىكەست.

كىرمەگىل شەيخ رىيايى يولىغە هېچ زوهورى،
ئەتكۇسى پىر مۇغان سېنى بىر جام ئىلە مەست.

× ×

جان ئارا سىرو نىهالىمدۇر قەدى زىبا يىگىت،
ئوت سالىب كوڭلۇمگە كىردى ئول خەلىل ئاسا يىگىت.

گۇلشەنى هوسنىگە كىرسەم گۇللەرىدىن بۇي ئېلىب،
مەست ئەيلەب قاچتى مەندىن ئول كوزى شەهلا يىگىت.

هىجرىدا ۋامىق كەبى هەر نىچە زار ئولسام ئاگاه،
غۇنچەدەك كوزدىن نىقابىن ئالمادى ئوزرا يىگىت.

كىم مېنى دىۋانەگە ئەيلاب پەرىۋەش جىلۋەلەر،
هەر زامان كوڭلۇم ئالۇر ئول كوزدە ناپىدا يىگىت.

نەفسونتۇ دەم ئەيدى كىم هۇددى بۇ جىسمىم ئارا،
نە ئەجەب يۇكلارىنى ئول مەلەك سىما يىگىت.

ئۇچ گۇرۇه لەشكەر ئوتەر هەر كۇندە ئول ئەفسۇندىن،
كوزلارى جەللادۋەشدۇر لەئلى جان ئەفزا يىگىت.

مەن ئۇزۇم تۇفراق ئىتىپ ياتسام يولىدا كىم بولۇپ،
سەركەش ئېتىنى سەكرىتىب ئوتكەيمۇ رەپەيما يىگىت.

تۈن - كۈن ھىجرىدا زار ئولسام كوزۇمدىن قان توكۇب،
ھىچ باقمايدۇر مېنىڭ ھالىمغا بىپەرۋا يىگىت.

ئاھو ئەفغان ئەيلەسەم مىڭ ھەر سۇبھەدەم بىدار ئولۇپ،
ئەي زوھورى نىگە رەھم ئەتمەس ساڭا مىرزا يىگىت؟

× ×

مېنى بىچارەنى بىخانۇمان ئەت،
ئوزۇڭ ئىشقىدا رەسۋايى زامان ئەت.

جىگەر قانىدىن ئەيلەر جۇيبارى،
ئوقۇڭ جانىم ئارا سەرۋى راۋان ئەت.

نىشانە ئەيلادىم سىنەم ئوقۇڭغە،
ئاڭا پەيۋەستە قاشىڭدىن كامان ئەت.

تىلەر جانىم قۇشى ئەيلەرنى پەرۋاز،
ئانىڭ پەرۋازىنى بىرلا ماكان ئەت.

نىسار ئەيلەي ساڭا جانۇ - جاھانىم،
قوبۇل ئەيلەب بۇلارنى قەسدى جان ئەت.

مېنى مەست ئەيلە تاكىم سۇبھى مەھشەر،
كوزۇڭ پىرتوسىدىن ئەشكى نىشان ئەت.

زوھورى بولماسا يادىڭدا بىر دەم،
قىيا باققانىدىن ئىلكىڭنى قان ئەت.

× ×

مەزھەبىدىن تاشقە يوقتۇر زاھىر ئولغان بىر سىفات،
بولماغاي ئانىڭ سىفاتى مەزھەبى يوق ھىچ زات.

ئىشق بەهری مەۋج ئۇرۇب ئەبری مۇقاتىر ئەیلەدی،
ئول سەبەبدىن كوزگە پنهان مەزهەر ئولدی كائنات.

بىز قالب غەفلەتدە ۋە لېكىن شاهادەت كەلتۇرۇب،
هۇشیار ئەهلدە فەریاد ئۇرغۇسىدۇر مۇمكنات.

خەتتات جان بەخشی یازىپ بۇ دەهردە بىر نۇكتەئی،
بەل سامادىن تا سەمەككە ئىنسی جان تافتی هایات.

هوسننی یاشۇردی گویا بىزنی سىردان ئىتىب،
ئەكسنی سالدی كوڭۇلگە ئەتتی مىر ئاتی سفات.

بۇ قارا كوڭلۇمدە گۇیا ئوقلاری كىم گوییا،
خەت یازۇرغە فۇرقىتىدىندۇر قەلەم بىرلە دۇۋات.

كوزنی سیا ئەیلەب قارا یازسام ئانىڭ سارىغە خەت،
یىتكۇرۇر بولغاي سابا ئاهىم یىلىن قىلسام قانات.

هەر زامان جانىم نىسار ئەتسەم ئول ئەیلەر نازلەر،
كاشكی جانىمنی ئەیلەر هىجرىدىن بەرسە نجات.

یارنىڭ دەردی زوهورنىڭ مەزاقىغە بىرور،
لەززەتی كىم بەرمەگەي شەهدی شەكەر بىرلە نەبات.

× ×

ئىلاها ئىشق شەهرىنی ئامان ئەت،
هەمە ئاشقلارىڭنی نوكتە دان ئەت.

ئىتىب كوڭلۇمنی خالی ماسىۋادىن،
بىرىب جاروب ئاڭا ئاندا ماكان ئەت.

مېنی ئەیلەب گادا كویىڭدا هەردەم،
هەبیبىڭنىڭ هەدىسىدىن نشان ئەت.

ئىتىب ئىسیان تولا یۇز پارە قىلدىم،
سېۋادىلۇدجهە رەمزىدىن ئایان ئەت.

ھەبىبلىڭ ھورمىتىدىن ئەفۇ ئەيلەب،
ماڭا رەھم ئەت، سىفاتىڭدىن بايان ئەت.

قەيۇ كىم بولسا رەھمەتكە سازاۋەر،
زوھورنى ئاڭا سەن ھەم ئىيان ئەت.

× ×

ئەي كوڭۇل يار ئۆزگىلەر بەزمىدا بولدى پاي بەسەت،
قان ياشىڭ توك بىر ئىككۇگە زوئىف ھىجران بەردى بەست.

ۋەسىل بەزمىدە سۇرۇۋەدى چەكتى مۇتىرىب زارەكىم،
لەئلىگە ئول يىتى بولدۇم ھىجىر تۇفراغىدا پەست.

نىچە كوز تۇتسام كوزىنىڭ تۇفراغىن كۇھل ئەتكەلى،
خاكى پاي ئەتمەدى كوز مەنزدرى ئىچرە نەشەست.

تافماغاي ھەرگىز جاھاندا ئىستىسا بىر ئاقىلى،
مەن كەبى ئاشفتە ئۇ ئول ياردەك بى باك مەست.

مەستلىكتىن ئۆزگە يوقتۇر چارە ئەمدى ساقىيا،
مىژدەئى دەير ئەھلىغە يىتكورگىل ئولدۇم مەي پەرەست.

غەرق ئولاي مەي بەھرى ئىچرە قالماغاي مەندىن نىشان،
كۇفك يەڭلىغ زاھىدا تاكى بولاي دەستار بەست.

ئەي زوھورى مەزھەرى گەر يارلىغ ئەتسە ساڭا،
سەنئەتىڭ بىرلە بىرورسەن خەيلى ئابدغە شىكەست.

× ×

نى قارا مۇڭدۇر باشىمغە قىلدى جەۋر ئىزھار دوست،
ئەي كوڭۇل غەم دوستى بولغىل تۇتماغىل زىنھار دوست.

كۇنلارى خەلق ئىچرە ھەر كىچە زار ئولسام نىتاڭ،
ۋەھكى دايىم يەتكۇرۇرمەن زارىغە ئازار دوست.

ئىستىسەم گۇل ۋەسلى باغدىن مېنى ھىجىر ئەتتى خار،
خار قىلماقۇ بۇ بائىسە گۇل ئىمىشدۇر خار دوست.

ھەر كىچە نالەمدىن ئول ئەغيارلارغە ئۇيقۇ يوق،
دەرناك ئولدۇم داغى كىم بولمادى بىدار دوست.

كۇلسە دۇشمەن ئەيىپ ئەمەس بەزم ئىچرە بولسام پاي كوب،
نىم بىسمىل قۇش كەبى چەرخ ئەيلەسەم بىسيار دوست.

مەزھەبى قىل دوستلۇق تۇت قويلارىم يوقتۇر غەمى،
بولسە ئالەم دۇشمنى ھەر كىمگە سەندەك يار دوست.

ئەي زوھورى چەرخنىڭ مېھرىگە مەھرەم ئولماغىل،
ھېچ كىمگە بولمامىش ئول دۇشمنى غەددار دوست.

× ×

جانىمدا سەرۋدەك ئەتسە ئىقامەت ئول قامەت،
كوكۇللەر ئىچرە سالۇركىم قىيامەت ئول قامەت.

جانىڭنى سەن تولا بىلمە نىسار ئىتىب مەغرۇر،
كى زۇلۇم ئىتورىدىن ئولمىش بەندامەت ئول قامەت.

جاھانغە سالدى ئەجەب فىتنە ئول كوزى فەتتان،
بۇ فىتنەدىن ئوزى بولغان سالامەت ئول قامەت.

كورۇرگە ھەددىنى يوقتۇر خىيال ئۇنىڭ ھەددى،
نە كوز يېتۇر، نە كوڭۇل بى نىھايات ئول قامەت.

زوھورى قامىتىنى ئىستەسەڭ جافاكەش بول،
جافادا تافغان ئىمىش ئىستىقامەت ئول قامەت.

× ×

جىلۋە قىلغاچ يەنە ئول قاتىل بى باك يىگىت،
ئالدى جان بىرلە كوڭۇل مۇلكىنى جالاك يىگىت.

جان نىساردىن كوڭۇل ئەيلەب بۇ كوڭۇل كوردى هامان،
نى ئەجەپ زالىمى قاتىل، نى هەۋەسناك يىگىت.

ئەقىل پىرىغە خەلەل بەردى خارابات ئەهلى،
بەزم ئارا بولغاي ئۇل ساھىبى ئىدراك يىگىت.

پاك دامەنلە ئانىڭ ۋەسلىنى بەس قىلدى هەۋەس،
پاكلەر مەئىنىدىن تۇتتى ئۆزىنى پاك يىگىت.

ياقا چاك ئۆزى بى باك بىلىدە زۇننار،
چاك ئەيلەرگە كوڭۇلنى ياقاسىن چاك يىگىت.

شۇكرىلەر قىل داغى كىم دەرد ـ ئەلەم يەتسە ساڭا،
ئۇل كوڭۇل غەملەرىدىن تۇرفە تەرەفناك يىگىت.

ئەي زوهورى يىگىتىم شەرهىنى ئەيتىب تۇگىمەس،
تا قىيامەتدۇر ئەنىڭ زۇلفى ئەرەفناك يىگىت.

× ×

ئۇل كوزى جاللادى ئاسقاچ تورفە ساداغ قىلىچ،
تىيرى باران غىمىدا قالمادى جاندىن هەدىس.

جان دەرىغ ئولماس ئەگەر جانان ئاڭا مۇهتاجىدۇر،
تەركىنى ئەيلەرمۇ رەئىييەت بولسا سۇلتاندىن هەدىس.

سوزلايىن مەن تا تىرىك قالۇ ماقالۇ ئىشقىدىن،
ۋەكى ئۇل بەنگى گادا ئەتكەن كەبى ناندىن هەدىس.

تىلبەلەر بەزمى ئارا ئاقىل ئەجەپ بىگانەدۇر،
ئاقىلى بىگانەدىن سورمە ناداندىن هەدىس.

ئەي زوهورى جىسمۇ جانىڭ ئاسراغىل جانان ئۇچۇن،
كىردى جانىڭ بۇ تىنىڭگە بولدى جاناندىن هەدىس.

× ×

مېنىڭ مەست ئولماغىمغە ئۇل كوزى مىكۇن ئېرۇر بائىس،
گىرىفتارا ئولماغىمغە لەبلەرى ئەفسۇن ئېرۇر بائىس.

ئەمەستۇر ئەيب گەرچە باشىغە ياغدۇرسا تاش ئەفلاك،
ئەنىگدەك تىفل تاش ئاتقالى مەجنۇن ئېرۇر بائىس.

مېنىڭ فالىمدۇر ئانداغ ئاخىرى غەمىم كەلسە تاڭ يوقكىم،
دىبان ھوببۇلۇۋەتەن كەلمەكگە بۇ مەھزۇن ئېرۇر بائىس.

جاھاندا رىغبىتىم يوقدۇر ئىچگۇرگەيكىم مەيى مەخرۇج،
شاراب شوخ ئىچۇرگە ساقىيى مەۋزۇن ئېرۇر بائىس.

نە ئىشكى بەزىم ئارا مۇترىبنى جەمىئ ئەيلەبدۇر ئول يارىم،
يامان كوڭلۇم ئالۇرغە چۇنكى ياخشى ئۇن ئېرۇر بائىس.

نىتاڭ گەر مىلك - تۇمەن ئەفسانە قىلسام يار ھىجرىدا،
پەرىنىڭ بەندىغە خەلق ئىچرە ھەم ئەفسۇن ئېرۇر بائىس.

زوھورى ۋە رەقىبىڭ شەرھىنى ئەيتىب تۇگەنمەس كىم،
مېنى ھىجران ئارا قويماقغە بۇ مەلئۇن ئېرۇر بائىس.

× ×

جان قۇلاقىغە يېتىشتى لەئلىدىن شىرىن ھەدىس،
ئاڭلاغان ئېرمەس قۇلاقلار بۇ يوسۇن تەھسىن ھەدىس.

ساقىيا تۇتقىل مەيى ئىشرەتنى مۇترىب ساز قىل،
بەزمەمىزدە بولماغاي بىر لەھزەئى غەمكىن ھەدىس.

ھافىزا بىر دەم غەزەل خۇان داغى بولغاي كامال،
قالماغاي بىزدە خالايىقۇ ئەۋايىقدىن ھەدىس.

زاھىدا دام ئورماغىل مەن كوفردىن تافتىم راۋاج،
كوفر ئەھلىگە خوش ئېرمەس ئەيلەسە مۇئمىن ھەدىس.

كىم قۇيۇن بادى باھارىدىن بۇرۇن تۇفراقنى —
قوزغاغانـدەك ۋائىزاسىن ئەيلەمە رەڭگىن ھەدىس.

كوفردىن دىن سوزلادىم مەن كوفردىن بىزار ئىدىم؛
خەيل كۇففار ئايلىندا ۋەھ ئەيلادىم خۇدبىن ھەدىس.

ئەي زوھورى نىچە سوز تافساڭ ئىبەر مەزھەر سارى،
ھەر زامان ئەيلەر بۇ نەزمەڭنى ئەجەپ تەھسىن ھەدىس.

× ×

شەۋق ئوتى كوڭلۇمدە ئانداق ئەيلەر ئەخكەر بىرلە بەھس،
لالەگۇن مەي تابىدىن رۇخسارى ئۇز بىرلە بەھس.

جان بىرۇر نوقەتى ئالۇر جان كوزلارىن جاللاد ئىتىپ،
ئۇيلەكىم جاللاد لەئلى روھپەرۋەر بىرلە بەھس.

ئىشق ياسىدىن يۇرەككە تەككەن ئوقنىڭ سۇرەتى،
ھىجرىنىڭ يەلدا تۇنىدە ئەيلەر ئەختەر بىرلە بەھس.

قان توكۇلدى باشىمە مەئشۇق ھىجرانىدا كىم،
ئەيلەر ئانىڭ دەفئىغە مىژگانى نەشتەر بىرلە بەھس.

پىرتەۋى چۇشسە جامالىڭ كوڭلىدىن كوزگۇسىگە،
رەھسمالىق ئەيلەر ۋەقتى بىدار ئەنۋار بىرلە بەھس.

ھىجىر شامى ئەيلادى يەلدا تۇنى بىرلە جەدەل،
ئەيلەمىش فۇرقەت كۇنى ھەم زورى مەھشەر بىرلە بەھس.

باغ ئارا ھەر سەرۋىدىن ئول قەد نەمۇدار ئەيلەدى،
ئەيلەر ئول فىردەۋس ئىچىدە قەدى ئەرئەر بىرلە بەھس.

بۇلبۇلۇ تۇتى تالاشۇر لەئل شەكەر خايى نى،
ئەيلەگەندەك سەنئەتى ھەردەمدە مەزھەر بىرلە بەھس.

ئەي زوھورى قالدى جانىڭ قاش ئىلە كىرفىك ئارا،
قەتىلىڭگە ھەردەم قىلۇر ۋە يوسىف خەنجەر بىرلە بەھس.

× ×

نىلا ئەيلەرسەن جاھان ئەھلىغە ھەر سىرىڭنى فاش،
كىم كى يار ئولسا ساڭا ئول يارنىڭ ھەم يارى بار.

مەيگە ئوخشاتقان فىرىب ئامىزىدىن ئىچمەگىل،
ئىچسە بىر كۇن تىلبەراتگاچ ئۇچ كۇنى بىمارى بار.

كى خەۋەر تاپساك ھەقىقەت مەيلىرىدىن شەممەئى،
زۇھە تەقۋا تەرك ئىتىب مەيخانە خەيلى سارى بار.

مەينى نەقد ئالماقىغە سەندە ھىچ ۋەجھى بولماسا،
رەھىن ئەيلە بۇ زوھورىنىك ھامان دەستارى بار.

× ×

مېنى ھىجران ئارا تاشلار نىدىنكىم باغرى تاشىمدۇر،
بۇ غەمىم شامى ئارا سەركەشتە قىلغان ئول قوياشىمدۇر.

باشىمغە ياغدى ھىجران تۇنلارى يۇزمىك بالا تاشى،
سەرىشكىم تاشقە ئاقسە قان بولۇپ قان ئىچكى ياشىمدۇر.

ئەگەر كورسەك كى شوخۇم زۇلفى چەۋگانىدا ئىكى كۇيى،
بىرى غەم تاشدۇر قاتقان بىرى سەرگەشتە تاشىمدۇر.

نىياز ئەتسەم كى جانىم ناز ئىتەر يۇز ئانچە جانانىم،
ئول ئالماسلىغىغە قويماسلىغ ئارادا جان تالاشىمدۇر.

دىمەك ئول يارنى تاشلاب سېنى بىگانەلىغ ئەيلەر،
تۇفولىيەتدە قىلغان پەرۋەرىش ھەم ئەزەر داشىمدۇر.

ۋەلى بىر باغبان باغىدا سويگەن سۇ ئىدىم ھەمجۇيە
خازان ھىجىر ئارا سارغارتقان گۇلكىم باغداشىمدۇر.

جاھان خەلقىغە فاش ئەتكەن نىھان زەمىرىم يارنى،
بۇ دەم ئول ئوتلۇق ئاھۇ، يۇزدە رەڭگىم، كوزدە ياشىمدۇر.

كوبۇب ئىتلار مېنى مەنئى ئەيلەيۇر چاق ئىشق دەشتىدە،
قىدا كەلدى خەلل يوق كىم مېنىڭ مىسكىن قاياشىمدۇر.

خىيال ئەيلەب كوڭلدە كورمىشام مىھراب ئارا شوخى،
دىدى يارىم كى كورگىل بۇ زوھورى كوزۇ قاشىمدۇر.

× ×

قەترەئى سۇدىن ئىكى دەريا ئەجەب جارى بولۇر،
بۇ ئىكى دەريا ئارا دۇررى گوھەر بارى بولۇر.

ھىجرىڭ ئەندۇھىدىن ھەردەم سەرەشكىم قانىدىن،
يۈز سارىغ بولغانچە ئىكى رۇخدە گۈلنارى بولۇر.

زۇلق مىشكىنىدۇر مۇھەببەت رىشتەسى ئىشق ئەھلىنىڭ،
گەردىنىدە تەۋق ئىلە بىلدە زۇننارى بولۇر.

بارچە ئېل ئىستەر داۋا، ئاشقلار ئىستەر دەردنى،
ۋەكى ئوشاق ئەھلىگە ھەمدەرد دىلدارى بولۇر.

دەردسىزلەرگە ئىچۇرسە ئابىھايۋاندىن ئاياغ،
بىر كىسەكدۇركىم ئانىڭ قايدىن خېرىدارى بولۇر.

دەردلىكلەرنىڭ داۋاسى يارنىڭ روخسارىدۇر،
مات ئالورغە دەردسىزلەر شاھ روخسارى بولۇر.

ئول قوياشىم كىم زوھورى باردۇر ئەنىڭ چامانەغە،
ۋەسلىدە يۈز تۇردۇر ھىجرىدە مىڭ نارى بولۇر.

× ×

ئاي يۈزىدىن تۇتسا كوز قاشىدا ئىكى ياسى بار،
ئاتسا دىب كوكسۇم نىشانە قىلسام ئىستىغناسى بار.

ئىككى يا تارتىب بىر ئوق ئاتماق ئەجەب دىشۋار ئەمەس،
يار ئىتىب ئاسان بىر ئوق ھەر يەردە جان ئاراسى بار.

بەسى كى قۇچقاچ قىچقىرىشقاندەك ئىلان ئەفسۇنىدىن،
جان قۇشىن ئەفسۇن ئىتەرگە ئىكى ئەژدەرھاسى بار.

زۇلفى دامۇ خالى دانە گۈل يۈزىن سەيياد ئۇچۇن،
گۈلشىنى جان ئىچرە قۇشلار ھەرتەرەف غەۋغاسى بار.

جان قۇتۇلماس ئېرمىش ئول شوخ ستەمكار ئىلكىدىن،
ئۇرغالى جانلارنى هەر ئاي بابىندە بىر داسى بار.

جاهاننى كورمەك جۇملەئى ئالەم ئارا دەستۇر ئەمەس،
نىگە پىنهان ئولماسۇن ئول جان ئارا مائۋاسى بار.

يول ئىتۇرمىش كارۋانلار ئاي قاراڭغۇ كېچەسى،
ئاي يۇزىنىڭ خەتتۇ خالى زۇلفىدىن ئىخفاسى بار.

ئىشق ئەتىغە مىنماگۇنچە يۇكنى قەتئ ئەتمەك ماهال،
نى ئۇچۇنكىم يولى ئۇزرە خارى هەم خاراسى بار.

ياردىن بۇ جۇملە ئالەمدە زوهورى بولماسا،
نىدىن ئانگە بىلمەگەن شەهبازلار سوداسى بار.

× ×

نىچە مۇددەتكى مەندىن ئول يارىم مۇسافىردۇر،
نىچە غايىب ئىسە كوزدىن ۋەلى كوڭلۇمدە هازىردۇر.

نىتاڭ مەجنۇن سۇپەت كويىدا پىرتەۋى سارى باش قويسام،
كى لەيلىم ئارەزى خۇرشىدىغە ئىشباه مازاهىردۇر.

قۇتۇرمەن كوز هەمىشە سۇبهى ۋەسل ئۇمىد بورجىدىن،
تولۇئ ئەتمەس قوياشىم مەشرىقىدىن نىگە سابىردۇر.

بۇ شام هىجرىدا هەمرازىم ئولدى دەردى مۇنىس غەم،
جۇدالىغ شىددىتىن شەرە ئەيلەسەم بۇ ئۇمىر قاهىردۇر.

هىلالسىمنى مېنىڭ بەردى مۇنەۋۋەر ئەيلەگىل يارەب،
نىچۇككىم مىهرى هەر شامۇ سابا كويىڭدا سائىردۇر.

فىراقىڭ ئوتىدا كويدى هەمە خادىم خەلىل ئاسا،
تاغى مەنسۇر يەڭلىغ بولۇب سورولسە فاخىردۇر.

پايان ئەيلەب تۇگەنمەس بىر كەمىنە خادىمى ۋەسفىن،
ئەبۇلمەنسۇر شەجائىدىن نەبى شەرئىدە ماهىردۇر.

ئىلاھا شاھ يۇسۇپكە ئادالەت تەختىنى بەرگىل،
ئانىڭدەك كىم شەھى مىرى تىمور ئالەمدە نادىردۇر.

نىسىب ئەتكىل ۋىسال ئەيياممدا بىر كاسەئى ئىشرەت،
زوھورى دەردى ھىجرىدىن بەسى ئازوردە خاتىردۇر.

× ×

مىنى ھەيرەتكە سالغاچ قويدى فورقەت تاغىدا دىلبەر،
ئۆزى ئەيش تەرەب باغ ئىچرە ئەيلەر يار فەرەخ دەۋەر.

مىنى كاكول يەڭلىغ زار ئىتىب تاغ - تىڭىزلاردە،
ئۆزى زەينەب كەبى باغ ئىچرە سايراب سەرۋ سىمەنبەر.

نى تاڭ جانىم قۇشى فەرياد قىلسا بۇ قەفەس ئىچرە،
تاتۇرمىش چاشنى جان تۇتىسغە لەئلىدىن شەكەر.

يامان كوڭلۇمنى ئالغاچ كەتتى ئالماي خەستە جانىمنى،
تەرەھھۇم ئەتمادى مەن خەستەگە ئول لەئلى ئەفسۇنگەر.

جۇدالىق شىددىتىدىن تۇتسا غەم تاغى كوڭلۇللەرگە،
يارۇر فەرھادۋەش تىل نىشەسىدىن ئول پەرى پەيكەر.

نىچۇك كى ياش توكۇرمەن ئاي يۈزى كوڭلۇمگە كىرگەن چاغ،
تۇلۇئ ئەتكەن كەبى ھەريان قەمەر ئەتراپىدىن ئەختەر.

زوھورى ئىشقىڭ ئەركامىل ئەمەسدۇر مەزھەرى سادىق،
نىدىن ئاشىق بولۇر كورگەچ زوھورىڭىنى ساڭا مەزھەر.

× ×

ھوسن باغىدا ئاچىلغان بىر گۇلى رەئنامۇسىز،
گۇنبەزى مىنادا يا ماھ جاھان سىمامۇسىز؟

كورمايىن بولدى كوزۇم ئەئما بولۇب ھەيران خىرەدە
ئالەم كۇبرا كوكىدە مىھىر تۇر ئەقزامۇسىز؟

كورمادىم سىزدەك لاتافەت باغ ئىچرە بىر گۈلى،
جان ئارا بىر سەرۋە ئۇزرە لالەئى ھەمراھمۇسىز؟

ھوسن باغى ئىچرە سىزدەك گۈلى ھەم سەرۋى ناز،
سەرۋى ئۇزرە نەرگەسمۇسىز، يا كوزلارى شەھلامۇسىز؟

بارچەنى مەجنۇن ئىتىب ھەم مۇنچە جەزب ئەتمەك نىدۇر،
چۇستۇ چابۇك، سەڭگى دىل، شەكەر دە ھەن لەب يامۇسىز؟

ئىشق كامىل بولسا بىلمەس ئاشق مەشۇقىنى،
باغ ئارا يا گۈلمۇسىز، يا بۇلبۇلى شەيدامۇسىز؟

تافمادىم ئىستەب كى ھەردەم مەسجىد مەيخانەدە،
ئاندا ئىرمەس، مۇندا ئىرمەس كوزدە ناپىدامۇسىز؟

تافمادىم ئالەمنى ئىستەب ئىستەيىن يوقلۇق ئارا،
يا جاھان ئارامۇسىز، يا ھەم پەرى سىمامۇسىز؟

بۇ زوھورى يارنىڭ زۇلفى پەرىشانىغا دەر،
يۈز قويۇبسىز مەن كەبى ھەرسارى بىر سەۋدامۇسىز؟

× ×

سەبزەپۇش ئەيلەب ھەمە ئالەمنى زىبا قەددىڭىز،
فەيزى ئام ئەيلەرنى كىم گويا ھۇۋەيدا قەددىڭىز.

غۇنچە كورگۈزگەچ بۇرۇن فەتىلماي گۈلۇستاننى كۇشادە
گۈل تەمەنناسى بىلە بۇلبۇلنى شەيدا قىلدىڭىز.

گاھ يىتۇرگەچ نەسىمى سۇبھىدەم ھەر توكمەگە،
رەڭمۇ-رەڭ گۈللەرنى ئاچىب بۇي پەيدا قىلدىڭىز.

سالغانى ئالەمگە ئىشقى مۇھەببەت تۇخمىنى،
بىرنى ساقى بىرنى مەجنۇن بىرنى لەيلا قىلدىڭىز.

ئىشق ناتەئيىننى بىر سۇرەتگە كەلتۇرگەچ نىھان،
ئاشق مەئشۇق ئىيىتىب سىرلارىنى ئىقرا قىلدىڭىز.

مۇنچەلەرنى كورگەزىب ئۇزنى ياشۇرماقلىغ نىدۇر،
ئۇزگەلەرنى كورماسۇن دىب جاندا مەۋا قىلدىڭىز.

كىشۇەر ۋەسل ئىچرە هەردەم كۇنىتو-كەنزەن سىرىنى،
مۇنتەهى خەيلىگە زاهىر، بىزگە ئىخفا قىلدىڭىز.

يار قەدرىنى بىلمەگەندە بىلدۇرۇب ئەمدى نىدىن،
هىجىر ئارا تاشلاب مىنى ئالەمدە رەسۋا قىلدىڭىز.

ئۇشبۇ مەسمۇئ بولغاچ يارىم ئەيتۇر ئەي زوهۇر،
قورقىپ هىجرىمدىن نىدىن ۋەسلىم تەمەننا قىلدىڭىز.

× ×

بولسا كىبرەك يار ئەگەر ئۇزنى گادا ئەيلەڭىز،
ئۇزگەدىن ئۇزگە ئۇمىد ئۇزگە جۇلا ئەيلەڭىز.

قاشى قورۇلغان هامان قەۋسى قوزەهدىن نىشان،
ئاتقالى ئەيلەب نىشان جاننى فىدا ئەيلەڭىز.

گەر قادالسا جانغە كىرفىك ئوقىنى قاتار،
رىشمە مەرهەم دىبان جانغە داۋا ئەيلەڭىز.

كىم كى تاقىبدۇر فانا جامىنى ئىچكەچ باقا،
جان بىلە رەهنىما باشنى قويى ئەيلەڭىز.

بارچەدىن ئۇتمەك هامان ۋەسل بولۇر بى. گۇمان،
ۋەسلىنى تاپغان زامان ئۇزنى جۇدا ئەيلەڭىز.

ئىشق بەلىيياتىدىن هەر نەكى هادىس بولۇر،
قاچسا بار ئەهل بارنى بارى ماڭا ئەيلەڭىز.

نەزىم ئىيتايىن دىب شامۇ سەهەر لاف ئۇرۇر،
مەزهەرى ۋەقت بىلە نە ياخشى دۇئا ئەيلەڭىز.

..................................................
①..................................................

① بۇ غەزەل قولىيازمىدا ئايا قلاشمىغان ياكى نۇسخا كوچۇرگەن خەتتات سەهۋەن تاشلاپ كەتكەن.

× ×

نەدىن مۇنداق ۋافاسىزلىق قىلۇرسىز،
جەنوب ئەيلەب يەنە كوزدىن سالۇرسىز.

ۋىسال ئىستەب فىدا جانىمنى قىلسام،
يۈز ئىستىغنا بىلە سوزلەر قاتۇرسىز.

نىيازۇ ئەجىز ئىلە جانانغە دەرمەن،
بىرىب جانىمغا جان، يا جان ئالۇرسىز.

هارارەتدىن ئاچاي سىينەمنى هەردەم،
كى نىچە ئىشق ياسىدىن ئاتۇرسىز.

كى هىجران دەشتىندە بىر سارى قىلماي،
داغى يۈز جورەنى مىئاد ئىتۇرسىز.

ۋىسال ئەيىيامى يوقتۇر كورماسام مەن،
نىگە كورساتىب تاشلاب كىتۇرسىز؟

ۋافادىن ئىستەسە ئەندەك زوهورى،
نەدىن مۇندىن ۋافاسىزلىق قىلۇرسىز؟

× ×

نەۋ باهار ئەيىيامىدا مەن خەستە قالدىم يارسىز،
بۇلبۇلدەك كىم خازانى هىجردە گۇلى گۇلزارسىز.

بولدى هەر باغ ئىچرە مەريان گۇللارى جانىمغا ئوت،
ۋەھ جەهەننەمدۇر ماڭا ئول سەرۋى گۇل روخسارسىز.

جان چىقور هالەتغە يەتتى ساقىيا مەي شەۋقىدىن،
ئابىهايۋاندىن تامىزىڭ قەترەئى مىقدارسىز.

تافمادىم بىر دەم خۇمار ئۇلماي مەيى ساغەرنى كىم،
كىم داۋا تافغاي ۋىسال ئىستەب كى دەردۇ يارىسىز.

زەھرى ھىجران تاتمايىن كىم تافقۇسى تىرياك ۋەسل،
قايسى گۇلشەندە كورۇبدۇر كىم گۇلنى خارسىز؟

ئۇستۋار ئېرمەس جاھان رەئناسىدىن ئۇزگىل ئۇمىد،
مەرھەمى يوق نىيشسىز كىم ئىشرەتى ئازارسىز.

ۋەسل ئارا يارىمغە زۇلفىنى بوينۇمغە دىب ئەردى خىرەد،
كىم كىرۇر بۇتخانەگە سەندەك يەنە زۇننارسىز.

يىغلابان يارىمغە ئەھۋالىمنى ئەئلام ئەيلەسەم،
خەندە ئەيلەر دەر زوھورى خۇشما بىر دىلدارسىز.

× ×

ئەجدىھا كامىدا بولغاچ لەئلىدەك پەيمانەمىز،
مىھنەت ئوتى بىلە يارۇغ بولدى بۇ مەيخانەمىز.

ئۇچتى ئەشكىم دانەسىنى سۇ كورۇب شەھبازلار،
ۋەكى تالىڭ يوقىدىن سۇغا ئەقىب دۇردانەمىز.

ئوتقا توشتى ئۇيناي-ئۇيناي تەبل يەڭلىغ بۇ كوڭۇل،
ئىشق ئوتىدىن بولدى گويا جىسمى ئاتەشخانەمىز.

بولغالى دىۋانە كوڭلۇم جىسمى زەنجىرىغە بەند،
بەند ئازاد ئولۇب ھۇشياردۇر دىۋانەمىز.

جان فىدا ئىستەب ۋىسالىدىن تەمەئ تۇتسام ماڭا،
ھىجر ئوتى سالدى چىلىمدەك باشىمە جانانەمىز.

كويدۇرۇب كوزنە كورۇنمەي بەزم ئارا ئول شەمئى ھۇسن،
نى قارا كۇنلەرنى يارۇتتى كويۇب پەرۋانەمىز.

ۋەسلىگە يەتكەندە شۇكىر ئەيتسام نىدۇر ھىجران غەمى،
ئوكسۇك ئولغاندەك مەگەر ۋەسلدە بۇ شۇكرانەمىز.

ئستەسەم بگانە بول مەنسز دىدى،
ئۇزىدە يوقتۇر ئاشنامز ئۇزئارا بگانەمز.

ئەي زوھورى ۋەسلغە يەتكەندە ھەركۈن شۈكرە قىل،
ئەل قۇلاقغە يتشمەسدىن بۇرۇن ئەفسانەمز.

× ×

ئشق ئوتى تۇشكەچكە بۇ كوڭلۇمنى قىلدى شوئلە خىز،
ئەيلادى غەم شامدا ئاھىم يىلى بۇ ئوتنى تىز.

ئشق كويدۇرسە ھەريان سەرسەرى، ساۋۇرسا جسمم كۈلۈم،
بولماغاي ئشق ئەھلغە مۇنداغ نەسىم مشك بىز.

كوزلاسام مەن ۋەسل باغىنىڭ باھارىدىن نەسىم،
تېگدى ئۇمرۇم شاخغە بادى خازان بەرگى رىيز.

ھەر خۇمارى مەندە ئستەر بادەئى ئشرەت ۋەلى،
ئشرىتمىنىڭ ساغەرىن غەم تاشى ئەتمش رىز-رىز.

فكر قلماق يوق ھەبىبا دەردىمە بولماس داۋا،
ئاقسا ياشم دوررى يۈز سارغارسا ئالتۇندىن ئەزىز.

تافمادى ئستەب ھەمە ئالەمدە بۇ جانىم قۇشى،
ھوسنى باغدا ئاچىلغان نارى لەئلدەك مەۋىز.

ئشق ئارا مرزا زوھورىددىن تافىبدۇر لەززەتى،
تافماغاي ئانداقكى مەجنۇن تاكى روزى رۇستەخىز.

× ×

ماڭا ساغىنماكىم ئول دىلرەبا ئېرۇر مۇنس،
ۋەلى فىراقىدا يۈزمىڭ بالا ئېرۇر مۇنس.

ۋافالار ئستەمەگىل چۈنكى ئول قارا كوزدۇر،
ئاڭا ھەمىشە ئككى بىۋاپا ئېرۇر مۇنس.

ئەجەب ئەمەسكى گادالارنى يولدا ئىت تافسا،
گادالىق ئەگلىدە بىر مەھلىقا ئىبرۇر مۇنىس.

يىتۇرمە لەئلىغە دىب يولنى كورمە ئاسانكىم،
قاۋۇرغە ياندا ئىكى ئەژدەرھا ئىبرۇر مۇنىس.

گاداي ئىشقى مەتۇ دمرد ئەھلىغە ھەمراھە
كى تەقۋا تەرك ئىتەيىن گەر سافا ئىبرۇر مۇنىس.

مىنى تەرىفىگە تەكلىف قىلما ئەي زاھىد،
نىدىن زىمىندا يۇزمىك رىيا ئىبرۇر مۇنىس.

كىتىبدۇر سەنئەت ناۋاينى تافماي،
زوھورى يىغلاسا ساڭا ناۋا ئىبرۇر مۇنىس.

× ×

تىيرە شام ھىجرىدا دۇركىم ئىنتىھا پەيدا ئەمەس،
تىيرەلىك ئاھىم ئىسىدىن بۇ تىرامىش يەلدا ئەمەس.

زەئفىران يەڭلىغ ياشىم ئوزرە يۇزۇمدۇر لالەرەڭ،
ئىكى رەڭلىك باغ ئاراسىدا گۇلى رەئنا ئەمەس.

ئىشق ناتەئين ئارا مەئشۇق ئاشق ھەم ئوزى،
بار ئەيلادى فاش ئەيلەگەن مەجنۇن ۋە يا لەيلا ئەمەس.

نازىنىم يۇز كورۇرگە ئىكى ئائىنە ئىتىب،
جىلۋە قىلمىش يانىيا زۇننار ئىستىخنا ئەمەس.

يارنىڭ پىرتەۋسىدىن كىم گۇلگە تۇشكەچ شەممەئى،
نىچە بۇلبۇل چەرخ ئۇرۇر مەندەك كى بىر سەۋدا ئەمەس.

كىم‌كى مەجنۇن دەپ مىنى ئەيلەر مەسخۇر ساق ئولۇبە
فەھم ئولۇر يارى پەرى پەيكەر مەلەك سىما ئەمەس.

ئىلتىماس ئەيلەب ناۋايىدىن زوھورى تۇتماسام،
مۇنبۇلىن لەيلى ئاچىبدۇر يەل ئەبىرئاسا ئەمەس.

× ×

چەرخدۇر جامى نىگۇنلۇك ئاندا مەي دەركار ئەمەس،
كىم كى ئىشرەت ئىستەر ۋاقىفى ئەسرار ئەمەس.

مەرد جاھىل دولەت دۇنيا ئۇچۇن مەغرۇر ئىمىش،
تەبىل يەڭلىغ كورسە شەتسوق دەر سىمىز بىمار ئەمەس.

بۇ جاھاندۇر بارچەنىڭ كوڭلىن ئالۇر قىلماس ۋافا،
غەم يىگىل غەمخارە ئۇچۇن دۇنيا ساڭا غەمخار ئەمەس.

يوقتۇ شاخى مىۋەدار ئىمىن بالالار تاشدىن،
سەرۋىدەك ئازاد ئولۇر نەخلىكى مىۋەدار ئەمەس.

يول تولا تارۇ قاراڭغۇدا راھزەن ئەيلەب كەمىن،
يولچى سىز ئول يولغە كىرمەكلىككە ئىمكان بار ئەمەس.

ياخشى ئۇسكىل باغبان كەسسە ئۇلايدۇ قىپچەدەك،
بۇ كىسلىمەكدىن ئۇلانماقدۇر غەرەز ئازار ئەمەس.

ھەركىشى بولسا زوھورىدەك تەھى سەتۇ، مەندىن يىراق،
سورىتى بى يارى بولسا سىرىتى ئەغيار ئەمەس.

× ×

دوۋلىتى، كىم يارىسىزدۇر مىھنىتىغە ئەرزىمەس،
كىم تىرىكلىك يارىدۇر ئۇ فورقىتىغە ئەرزىمەس.

نەۋ باھار ئەييامىدا باغ ئىچرە گۇللەر ئاچىلۇر،
كىم خازان بادى ساچۇرنىڭ ھەسرىتىغە ئەرزىمەس.

گەر بولۇب قارون كەبى ئالەمدە ئىشرەت ئەيلاسەڭ،
بارچەدىن ئايىرۇر ئەجەلنىڭ شىددىتىغە ئەرزىمەس.

بەزم ئارا گەر بادەئى ئىشرەت ئىچىب قىلساڭ تەرەب،
ىچە كۇن بولغان خۇمارى نەكبەتىغە ئەرزىمەس.

تەرك ئىتىب ئىكى جاھان ئوز جۇملە يارىڭدىن ئۇمد،
گەر فانا دەيرىغە كىم بىر ئوزلىتىغە ئەرزىمەس.

زاھىدا كىم تەلبە دەبدۇر دەب مىنى كوب قىلما گەپ،
نىچە ساق ئولساڭ جۇنۇنۇم ھالىتىغە ئەرزىمەس.

جەھد ئەيلەب تىز ناۋابىدىن توت ئۇمىد،
گۇلشىنى ئەخبار خارى مىھنىتىغە ئەرزىمەس.

..............................................
..............................................

× ×

ياشىمدۇر زەئفىران ئوزرە ساچىلغان لالەلەر ئەرمەس،
يۈرەك قانىم تۆرۈر ھىجرىدا توككەن لالەلەر ئەرمەس.

كىرىبدۇر ھوسن ھەرگاھىغە ئىستىغفا بىلە يارىم،
زىمىستاندا قەمەرنى قورشاغان ئول ھالەلەر ئەرمەس.

سەمەندى ناز ئوزرە ئول كافىرىم باشىدا تىنترەتكەن،
شىھىد ئەتكانلارىدىن جان رىشتىسىدۇر ھالەلەر ئەرمەس.

لەبى لەئلىغە يەتكەندە بۇ تەشناكىم شىمىب لەئلىن،
مۇكەررەر سۇيىماكىدىن رەشھەئى بەتىخانەلەر ئەرمەس.

مەگەر قازى ۋە مۇفتى مەنئى ئىتۇر ئول ھالىتىڭنى كىم،
بىرى غۇلۇ بىرى شەيتاندۇر ئول دەللالەلەر ئەرمەس.

كورۇرسەن دەيىر ئارا مۇغبەچەلاردىن كىم تىلەب جان،
بالاكەشلەرغە دەيىر پىرودۇرۇر ئول بالالەر ئەرمەس.

ئىناغاي ئەي زوھورى زاھىدۇ ئابدۇكى قان يىغلار،
توكەر قانىغە رەمزىدۇر جىگەر پەركالەلەر ئەرمەس.

× ×

[ يارىم خىيالى ئەگەر قىلسا جىلۋەئى تاۋۇس،
ماڭا ئوشۇل كۇن ئىرۇر توكچە رەۋزەئى فىردەۋس. ]

باشىم قويۇپ قەدىمىغە يولىدا جان بەرسەم،
بۇ بەختىم ھەسرىتىدە كەتكەي ئۆمرى كەيكاۋۇس.

كىرىبكى دەيرگە مۇغبەچەدىن ئەلىب مىژدە،
ھىممىشە ئىشق چۇنۇن نەۋبىتىگە ئۇرغۇم كۇس.

خىيالىم نەۋبىتىگە ئەيلا ھاياكىم كوكۇل خاشاك،
ھەقىقاكى دەفتىغە پىرى مۇغانىم ئەتتى كىنوس.

رەم ئەتتى مۇددەتى شەھبازىم ئەل مالامىتىدىن،
كى ۋەسىل رەمزەسىدىن ئۆزنى ئەيلەمە مەئيۇس.

نىچەكى ھىجىر بەلىيياتىدىن زەئىف ئولساڭ،
تۇتاي كوكۇلدە نىھان ئەمدى جان قىلىسا جىلۋۇس.

بۇ كۇن بۇ يولنى قويۇپ كىرمە خانىقاھلارغە،
كى تاڭلا زىكىرىڭ ئولۇر يۇز دەرىغ، مىڭ ئەفسۇس.

جۇنۇنلۇغۇم ئارا ھۇشيارلاردىن ئەتتىم ئار،
نىدىن كى دەير فانا ئىچرە تىنىڭ ئىررۇر ناموس.

زوھورى ھالىتىدىن قەيس شەممەئى بىلگەچ،
جۇنۇن نۇش ئەتتى ئۆزىن دەشت ئارا قىلىپ سالۇس.

× ×

نازىنىنىم كىم پەرىۋەش خەلق ئارا پەيدا ئەمەس،
جىلۋەسىدىن بى خەبەردۈركىم كى بىپەرۋا ئەمەس.

گەر فانا دەيرىگە جون كوڭلۇڭ خەرىدار بولماسۇن،
بىل نىھان تۇت فەھىم ئەقىل ئول دەير ئارا دانا ئەمەس.

بۇ جاھان تەركىنى تۇتۇب يار ئىستەگىل يوقلۇق ئارا،
تۇتما كوز جەننەت سارى يارىم گۇلى رەئنا ئەمەس.

ساف تۇت كوڭلۇڭ كورۇرسەن باغ ئارا بىر دەستە گۇل،
يا گۇلى فىردەۋس ئەمەس يا جەننەتۇلمەئۋا ئەمەس.

ساق ئىتەي كوڭلۇم يۈزى ئەكسىنى سالغان سەنمۇ دەب،
ئۆزگە كوزگۇ راست ئىتۇرگە مەن سكەندەرسا ئەمەس.

يەرۇ كوك ئىستەپ كويۇڭدا سەرگەردان ئىرۇر،
ئاي يۈزۈڭنى كورگىلى مەندەك جاھان پەيما ئەمەس.

بۇ زوھورى نىچە كىم دىۋانەلىك قىلسا زوھور،
كورگەن ئەلدىن بارمۇ بىر ئالەمدە بىر سەۋدا ئەمەس.

× ×

نى ئۈچۈن يارىم مىنى سىررىدغە مەھرەم ئەيلامەس،
ھىجرىدا قان يۇتتۇرۇب ۋەسلىدا خۇرەم ئەيلامەس.

نەيلايىن ئىستەب ۋافا كويىدا سەرۋەردان ئەمەس،
بىۋافالىغ كوزگەزىب ھەركىز (ئۇنى) كەم ئەيلامەس.

ھوسنى شاھى دەرگاھىدا نىچە شەيئەلىللا دىسەم،
ئول كەرەمدىن مۇستەھىق سايىلنى ىىغەم ئەيلامەس.

يارغە جانىم فىدا ئەيلەردە ئانداق چوست مەن،
بەزلە ئىچرە مەن كەبى خەلق ئىچرە ھاتەم ئەيلامەس.

ھىجىر تىغى بىرلە باغرىم چۈنكى دايىم رىشدۇر،
بىر نەزەر ئەيلـەب تەرەھھىم بىرلە مەرھەم ئەيلامەس.

ئىشۋەكىم يارىمنى ئەيلەب نە پەرى، ھور مەلەك،
شىۋەئى كىم ئول قىلاۇر فەرزەندى ئادەم ئەيلامەس.

تىرگۈزۈر لەئلى زوھورى بولسا يۈز يىلغى ئۆلۈك،
چەشمەئى خىزرى دەمى ئىيسا ۋە مەريەم ئەيلامەس.

× ×

ھەر تەرەف يۈز ئۆزگەلى ئەي مەنسىزىم مەنسىز ئەمەس،
قاي سارى سەير ئەيلەسەم مەسكەنسىزىم مەنسىز ئەمەس.

باغ گۈلشەن تەركىن ئەيلەب سەير قىلسام دەشت ئارا،
گۈل يۈزى يادىدا كوڭلۈم باغى گۈلشەنسىز ئەمەس.

تەرك ئېتىب دۇنيانى تەرك ئەيلەي قەلەندەر تەركىنى،
ئوقغە ئوترۇ تۇرسا بولۇر ئولكى جەۋشەنسىز ئەمەس.

ئىشق دەردى ۋە بالا سەردارى كەلسە فەقر ئېلى،
جان تەن ئەيلەر فاناگەر جانسىز، تەنسىز ئەمەس.

ئىشق فەقرىدانىدا قىلسا مۇنادى هەر كىشى،
بىلمەگەي ئارىنىڭ ئەسرارى مەنۇ سەنسىز ئەمەس.

ئۆزگەگە سالدىڭ نەزەر مەن رەشكىدىن كويدۇم تامام،
نىچەكىم سەن مەنسىز ئولساڭ ئانچە مەن سەنسىز ئەمەس.

تەلبەلەردەك كۆيىكۆ بىهۇدەگۈلوق تەرك ئېتىب،
ئەي زوهورى سەن ئەنىڭ بىرلەن بول ئول سەنسىز ئەمەس.

× ×

ۋافاسىز باغرى تاشىمغا مىنىڭ ئاهىم ئەسەر قىلماس،
كوزۇم تەلمۇرسە يولىدا تەرەههمدىن نەزەر قىلماس.

فىراقىدا يۈرەكىم يۈتۈپ دەرد ئەيلەدى خافىقان،
نىچە قانىم ساچۇر هىجرىدا ئول دىلبەر زەرەر قىلماس.

كىيىب گۈلگۈن ئېگىن بەدنام ئېتىبدۇر ئۆزنى قاتىلۋەش،
قىلۇر يۈز خەلقىنى گۈلگۈن ۋەلى خۇن جىگەر قىلماس.

باشىم تىغى ئاستىدا قويۇب يۈز ئىلتىجا قىلسام،
قۇبۇلىمنى بۇ يۈزدىن بىر قىلۇر يارىم ئەگەر قىلماس.

جۇنۇن كورگەچ مىنى بۇ ئىشق دەشتىدە پەرىزادىم،
نى جىلۋە قىلمىش ئانداق نى پەرى هور بەشەر قىلماس.

گاهى يارىم قىلۇر خىلۋەت تۇتۇب هەم جان ئىنساندىن،
نى جانىم نە قىلۇر ۋاقىف نە كوڭلۈمگە خەبەر قىلماس.

ئەگەر يارىم زۇھورىنى نېچە ھىجران ئارا تاشلار،
ئۆز ئىشكىندە سەرگەردان قىلاۋۇر چۇن دەربەدەر قىلماس.

× ×

جا بىكىم قەتىل ئەيلەمەكنى ئەمدى ئايىن ئەيلەمىش،
تىز ئەيلەرگە قىلچىن زەھەرگۇن قىيىن ئەيلەمىش.

ئىلكىنى گۇلرەڭ ئىتىبدۇر خىلئەتىن ئەيلەپ قىزىل،
ئول ھىنا ئىرمەس مىنىڭ قانىمغە رەڭگىن ئەيلەمىش.

خىيالىنى جانىم قۇشغە دانە، زۇلفىنى دام ئىتىب،
ئىشق ئەھلىنى بەند ئەتكەلى يايىنى چىن ـ چىن ئەيلەمىش.

ساقىيا كىم بادە مىشكىننى كەلتۇر بەزىم ئارا،
زۇلفى يافقاچ ئارەزىن كوڭلۇمنى غەمگىن ئەيلەمىش.

زۇلفى خالى ئارەزى پىرتەۋسى تۇشكەچ دىن ئارا،
بىرنى گەبرو، بىرنى تەرسا، بىرنى مۇئمىن ئەيلەمىش.

كوڭلۇم ئىچرە ھەرنە سىررىم ئەلگە فاش ئولسا نېتاڭ،
ئول پەرىزادىم مىنىڭ سىينەمنى ئابگىن ئەيلەمىش.

نەزمەم ئىچرە سەنئەتىم يوق دەب زوھورى غەم يېمە،
مەزھەرىدىن كورگەچ ئول نەزمەڭنى تەھسىن ئەيلەمىش.

× ×

سەرۋى ئازاد لالە ئىكى ياندا ئىلان چىرماشمىش،
قاشىدا يامۇ قىلىچ ئىكى ئاڭا يانداشمىش.

بەئىزىلەر ئاشىق ئولۇر غۇنچە دەھانىنى كورۇب،
لالەسى يادى بىلە كوزلارى قان باغلاشمىش.

دىمەگىل باغ ئارا نەرگەس ئۆزە تۇشمىش شەبنەم،
سەرۋى قەد نەركەسىنىڭ ھەسرەتىدىن يىغلاشمىش.

جان بېرۇر لەئل لبى خىجلەتدىن ئابى هايات،
زۇلمەت ئىچرە نىهان ئەيسا فەلەكدىن ئاشمىش.

بەئزى گۇل بۇسى بىلە، بەئزى مۇهەببەت مەندىن،
مەست دىۋانە زوهورى بۇ جاهاندىن قاچمىش.

نى جاهاندۇر كىم ئەنىڭ بىرلە بار ئەل قىلدى ماتاش،
دەمبەدەم هەربىرىگە قىلدى ۋاقاسىزلىقنى فاش.

× ×

تەركى جا ئەتكەچ گادالىق ئەيلە هەر مەيخانەدە،
فەقر، كۇيىدا گاداغە شاهلىقدىن ئار ئىمىش.

ئەي زوهورى هىجىر ئارا مەستانىلىقنى كوتاه قىل،
ساق بارماقلىغ ئەنىڭ سارى بەسى دىشۋار ئىمىش.

× ×

ئەي دەرىغا! ئومۇرلار غەفلەتدە ئۆتتى يازۇ قىش،
يازۇقۇم كوبدۇر ۋە لېكىن قىلمادىم بىر ياخشى ئىش.

كىرمادىم دەيرى فاناغە ئىستىبان كەهفى باقا،
نە بولۇب ئىت تافمادىم كەهىف ئەهلى سارى پەرۋەرىش.

نە ئىتىب ئىلىم ئەهلى بىرلە بىر نەفەس دەمسازلىغ،
جەهىل ئىلىگە بىر نەفەس تەرك ئەتمادىم بارىش - كېلىش.

قىلمادىم ئانداغ بىر ئىشكىم تافقۇم ئاندىن ئافىيەت،
ئالەم فانى ئىشىدىن تافمادىم بىردەم تىنىش.

ئوق كەبى پورران ئوتەر ئومرۇمنى بىلدىم گۇئىيا،
يا كەبى قەددىم ئىگىلگەندە ئاسا بولمىش كىرىش.

جۇن تۇگەتتىم جەرخ ئىتىب ئومۇر ئەزىزدىم نەقدىنى،
هىرىس، ئارزۇ، جورىم ئىسياندىن تولا بولدى كىرىش.

رەھمىتىڭ دەرياسى بى ھەددۇ ناھايەت يارەھىم،
مۇستەھىق ئەفۇيىڭغە مەندەك ھىچ ئاسى كىلمەمىش.

قاف تاغىدىن ئاغىر بولسا گۇناھىم يا كەرىم،
ئەفۇيىڭىز دەرياسىغە خەس يەڭلىغ ئاسان ئوتكەردىش.

بولما نائۇمىد ئەي زوھورى كۇفردۇر يەڭلىغ نا ئۇمىدلىغ،
جان بىلە لاتەقنەتۇ مىن رەھمەتىللانى ئەردىش.

× ×

ئەي تىيرى بارانى غەمنىڭ كوڭلۇمنى پۇرخۇن ئەيلەمىش،
ياشىمنى بەھرەيىن ئەيلەگەچ رەڭگىنى گۇلگۇن ئەيلەمىش.

بولمىش ئەزەلدە قىسمىتىم زەھرى فىراقىڭدىن نەسىب،
ئىچكەچ كوڭۇلدە جۇش ئۇرۇب دەردىڭنى ئەفسۇن ئەيلەمىش.

كەلدى نەشاتىم دەردىدىن مەجنۇن فانا تۇفراغىغە،
غەم يامغۇرنى ياغىزىب جىسمىمنى مەجنۇن ئەيلەمىش.

ھۇببۇلۇەتەن دىب كوڭلۇمە دەرد ئەلەم كەلسە نىپتاڭ،
غەم لەشكىرى سەردارىغا سىينەمنى مەئمۇن ئەيلەمىش.

ئىشقىڭ مىنى بىچارەنى ھىجرىڭدا سەرگەردان قىلىب،
ۋەسلىڭ تەمەننا سى بىلە جانىمنى مەرھۇن ئەيلەمىش.

بۇ دەردى مىھنەت نى بەسى كوردۇم بالايى ئىشق ئارا،
بىر - بىرىدىن ئارتۇق دەمبەدەم كوڭلۇمنى مەھزۇن ئەيلەمىش.

بۇ تىلبە كوڭلۇمدۇر زەنەخدانىڭدا ھەبىس ئولغان كەبى،
ئانداقكى ھەزرىيان فەرتىدىن مىسىردا زۇننۇن ئەيلەمىش.

كوڭلۇم قۇشى فەرياد ئەتۇر زۇلفۇڭنى كورگەچ ناگىھان،
بىر ئەژدىھاسى گوئىيا مورىغە ئەفسۇن ئەيلەمىش.

تاڭ يوق زوھورىنىڭ كوزىنى ئەشۋەسى مەست ئەيلەسە،
بۇ ئىشق ھەسرەتىدە يۇز مەندەكنى مەجنۇن ئەيلەمىش.

× ×

هوشۇم يوق كوڭلۇم جۇنۇن سەهراسىدا چالاك ئىمىش،
هەمد لىللاھ ماسىۋەللاھدىن خىيالىم پاك ئىمىش.

تىلبە كوڭلۇمنىڭ جۇنۇنلۇق ئىچرە ئانچە لافى بار،
ئىشق دىۋانىدا مەجنۇن تەبل بى ئىدراك ئىمىش.

مۇغ كەبى جۇش ئەيلەسەم دەير سۇبھى يوقتۇر ئەجەپ،
كوڭلۇمە تۇشكەن ئەنىڭ روخسارى ئاتەشناك ئىمىش.

ناسىها قىلدىڭ نەسىھەتىكىم جۇنۇنۇم بولدى كوب،
مەن بەسى ئاجىز پەرىزادىم ئەجەب بى باك ئىمىش.

مەھۋەشىم ئىشقىدا كەزدىم ھىجىر سەھراسىن تولا،
دىمەڭىز سەرگەشتە قىلغان ئەنجىمى ئەفلاك ئىمىش.

بىر ئۇتىكىم چۇشتى كوڭلۇم ئىچرە هەدۇ سانى يوق،
بۇ توققۇز ئەفلاك ئەنىڭ ئايلىدا بىر خاشاك ئىمىش.

ساقىيا قىلساڭ تەرەھھىم زەھر ئىلە بىر كاسا تۇت،
بۇ داۋاسىز دەردىمە زەھەر ئىچمىكىم تىرياك ئىمىش.

شايەد ئەتكەي مەھرەم ئۇل ئۇمىدچىدىن بىر كۇن تولۇئ،
دەب ھىمىشە سۇبھى يەڭلىغ كوكرەگىم يۇز چاك ئىمىش.

يارسىز بىردەم زوھورى جانىدىن كەچسە نىتاڭ،
كىمكى جان ئۇينار باشىنىڭ مەسكەنى فەتراك ئىمىش.

× ×

تاقمادىم جانىم بىرىب ۋە دەردى ھىجراندىن خالاس،
بولمادى كوڭلۇم داغى زۇلفى پەرىشاندىن خالاس.

جانۇ تەن ئازۇردە بولدى ھىجىر دەردىدىن تولا،
جاندىن ھىجراندىن خالاس ئەت، يا مىنى جاندىن خالاس.

بەھر غەم غەرق ئەيلەسە بار دەيىر پىرى ئايلىغە،
نوھسىز بولماق بەسى مۇشكۇل بۇ تۇفاندىن خالاس.

تىلبە باشىمغا فەلەك غەم تاشى ياغدۇرسا نىتاك،
ھىچ دىۋانە بولۇرمۇ سەنگبارانىدىن خالاس.

ھەبغەبلىك چاھىدا گەر قالسا زوھورى غەم يىمە،
ۋە قاچان بولمىش جۇنۇن ئەھلى يۈز زىنداندىن خالاس.

× ×

مەي مىنى قىلدى خۇمارۇ مۇبتالالىقدىن خالاس،
كەيفى بىخۇد ئەيلەگەچ ھەم خۇد ناماللىقدىن خالاس.

ھەمدلىللاھ قاچتى مەندىن مەست كورگەچ زۇھد ئىلى،
بولماس ئىردىم جەھد ئىتىب كوب ئاشىنالىقدىن خالاس.

تاكى مەسجىد تەرك ئىتىب مەيخانە سارى بارغالى،
شۇكرىكىم تافتىم رىيايى پارسالىقدىن خالاس.

دەيىر پەرى ئىلكىدىن تارتماس كىشى كىم جۇرئەئى،
ئولماغاي ئۆزلۈك بىلە فەقىر فانالىقدىن خالاس.

ساقىيا بەرمۇژدە، قالدىم ۋەھ خۇمارى ھىجر ئارا،
قىلغاسەن بىر جۇرئە بىرلە بۇ ئارالىقدىن خالاس.

مەزھەرى گەر دەيىر ئارا تۇتساق ئىكولەن بىر ھاۋاھ
بولغابىز نەفسى ھاۋا رويۇ رىيالىقدىن خالاس.

مەي ناۋايى بىرلە جامىدىن زوھورى تۇت ئۇمىد،
قىلغۇسى بىر جام بىلە بى ناۋالىقدىن خالاس.

× ×

ئىشق مىنى ئەيلادى نەڭ ۋە ھايادىن خالاس،
تىلبەراتىپ خەلق ئارا تىلبە گادادىن خالاس.

ئشق ئارا خامۇدۇر ئەتسە كشى نامۇ نەڭ،
كم تلەسە هجر ئارا رەنجى ئەنادىن خالاس.

ئاشق ئسەڭ كوب جافا چەككل جافا تۇت كوز جافا،
گەرچە قارا كوزلۇگۇڭ بولسا ۋافادىن خالاس.

ئشقكى بى رەڭدۇر، رەڭپەزىر ئولماغل،
فەقر لباسنى كىي ئاقۇ قارادىن بول خالاس.

ئشق مەرەزىغە گەر قلسا فەلاتۇن ئلاج،
مڭدا برى بولماغاي ئەسرۇ داۋادىن خالاس.

زۇهد ئەهلدىن قاچان تائتى بولغاي قوبۇل،
كوڭل ئەنڭ بولماسا ئۇجبۇ رىيادىن خالاس.

تافتى زوهورى ناۋايىدىن ئشب ئلتماس،
ئشق يولغە كرىب نەفسى هاۋادىن خالاس.

× ×

ئەي سابا هالىمنى قل سەرۋى خارامانمغە ئەرزە
هجر ئارا جان چەككەنمنى ئەيلە جانانمغە ئەرزە

زۇلفنڭ هەر تارى ئمانمنى بەرباد ئەيلگەن،
كېتسەدىن پەرۋاسى يوق ئول نامۇسۇلمانمغە ئەرزە

كەتتى جانم ۋەئدەئى ۋەسلغە يەتمەي ئەي سابا،
قلغاسن تافساڭ ئول ئەهدى يالغانمغا ئەرزە

هەر كېچە بىدار ئولۇب هجرىدا زار ئەتكەنلارىن،
ئەيلەسەڭ نتاڭ مېنڭ بى‌باك جانانمغە ئەرز.

ئەرز قلساڭ قل سابا گەر قلماساڭ يوقدۇر غەمم،
هاجەت ئېرمەس كاشفى، ئەسرار پنهانمغە ئەرزە

ئاشكارا ۋە نهان هەر نەۋئ تل برله دىگۇم،
نچە مۇڭ كەلسە باشمغە ئول سۇخەندانمغە ئەرزە

جانۇ دىل بىقارار زوھورى ھالىنى ئەيتتى بايان،
رەھىم ئەتمىس قالغىل سابا ئۇل لەئلى خەندانىمغە ئەرز.

× ×

ئىستەمەك ۋەسلىڭدىن ئۇل لەئلى شەككەر بارىڭغە ئەرز،
سۇبھىلار كوز تۇتماغىمدىن مىھرى روخسارىمغە ئەرز.

ئايىنە رەۋزەن قىلىبدۇر مىنى ئۆيۈم دىۋارىغە،
كورگەمىن دىب چەھرە ئەكسىدىن نە مۇدارىڭغە ئەرز.

ياخشى - ياخشى خۇي بىلە ئالدىڭ چۇ كوڭلۈم كىشۋەرىن،
مىنى يامان كوڭلۈم بىرۇرگە ياخشى كىردارىڭغە ئەرز.

ئەي، كوڭىل غىيمىم ئاھىغە پاتسالىڭ تاغى مەندەك شۇكرى قىل،
كەلدى بۇ يارى بالادىن جىسمى ئەفكارىڭغە ئەرز.

يوق ئەجەب گەر چەھرەئى زەردىم ياشۇرسا كاسەنى،
دەھىر ئارا يوقتۇر ماڭا خەبەر دەرد ئازادىڭغە ئەرز.

ھەركىشى بىر ئىشىدە ئۇز مەتلۇبىغا مايىل بولۇر،
بۇ زوھورى خەستەگە بۇ قىلىچۇمله دىدارىڭغە ئەرز.

× ×

بولدى جانىمغە ۋىسالىڭدىن خەبەر ئاسار فەيز،
تافتى كوڭلۈمنىڭ ئۇتى يادىڭ بىلە ئەنۋار فەيز.

مۇژدەئى كەلگەچ بۇ شام غەمدە ۋەسلىڭ سۇبھىدىن،
تافتى مەھزۇن خاتىرىم بۇ مۇژدەدىن ئىزھار فەيز.

فەيزىلەر يەتسە ساڭا سەنسىز ماڭا مەقسۇد ئەمەس،
گەرچە ئەيتۇر زوھرا ئىلى ھەردەم ماڭا ئەسرار فەيز.

ئەيلاسە رەھىم ئىبتىلاسىدە ماڭا فەيياز رەھىم،
نىچە ناقايىل ئىسەم كىم قىلغۇسى ئىنكار فەيز.

گەر خازان ھجىر ئارا تۇتسام باھارىدىن ئۇمىد،
يۇز گۇل ئاچىلسا نىتاك يېتكۇرسە گۇل روخسار فەيىز.

گۇڭگى لال ۋەسلىدە گەر ئىستەسەڭ تافماق قۇتۇھ،
گەر سوزىدىن يەتمەسە يەتكەي ئۆزىدىن بارى فەيىز.

ئەي زوھورى دەيىر پىرىدىن نەسىھەت ئاڭلاغىل،
يېتكورۇر ھەردەم ساڭا ئول شەكەر بار فەيىز.

× ×

بۇ تەرۇرا ئۆتكۇنچە ياساي مەن ئۆتكۇنچە قىل كوپ ئىھتىيات،
ئۆتكەرۇر ھەردەم ياڭى مىھماننى بۇ ئەسكى رابات.

تەبىل يەڭلىغ گۇنبەز ئەيلەب قۇم بىلەن تۇفراقدىن،
بارمۇدۇر، ئاندا ساباتى ئەتكەلى ئەيشى نەشات.

مەستلەردەك زوق جامىدىن ئىچىب قىلما سەرۇر،
يۇز غەمى ئەندۇ ئىبروركىم قىلىسا تۇشدە ئىنبىسات.

دەم غەنىمەتتۇر بۇ كۇن بىردەمنى زايە ئەيلەمە،
ھەردەمىڭ بىر كۆي فەقىر ئەھلىگە قىل ئىختىلات.

مات بولدى بۇ فەلەك شەترەنجىدە شاھۇ گادا،
دانىشى يۇز سىنچەنى كوب ئۆتكۇرۇبدۇر بۇ بىسات.

ماسىۋاللاھنىڭ باقاسى يوقتۇرۇر مەندىن ئېشىب،
ئىستەگىل بىر پىر كاملى يەتمەسەڭ تۇت ئىرتىبات.

يىلاۋ ئاي فىسىق ئىچرە بولدۇڭ ئەمدى يانغىل ئەي زوھور،
ئەيلەگىل لاتەقنەتو رەھمەتىللاھ دىن نەشات.

× ×

تابى يوقتۇر تىيرە كوڭلىنىڭ جامالىڭ مىھرىغە،
بولدى سۇبھىم شامۇ زۇلفۇڭ بىرلە قىلغاچ ئىختىلات.

فۇرقەت ئچىرە سەبىرسىز يەتمەك ۋىسالىڭغا ماھال،
كىم بارۇر ئۇچماقىغە دەۋزەخدىن يانا كەچكەي سىرات.

فەقىر رەختى بىرلە غەم تورىنى بەرباد ئىتۇر،
تاج زەرنى قوي باشىڭدىن تافماق ئولساڭ بۇ بىسات.

قۇرب ئولۇر تەرك ئەيلاسە ئەينى ئى قۇرب ئەي كوڭىل،
بۇ جاھان رەئناسىدىن كىم قىلماس ئولسا ئىختىلات.

دەم غەنىمەتتۇر زوھورى شۇكرى قىل ھەر ھالىغە،
ئۆتكەرىب كوب سەنچەلەرنى قالغۇسى ئەسكى رابات.

× ×

ۋەززۇھا تەفسىرىن ئەتكەن ئارەزىڭ گەردىدە خەت،
خەت ئۇزە تۇشكەن مۇمەيىمىز خال مىسكىنىڭنىڭ نۇقت.

ئەنبەرىن زۇلفۇڭ ساۋادىدىن تۇشۇبدۇر ئايەتى،
ئىشق ئىلى مىئراجىغە ۋاللەيىل ئىزا يەغشا فەقەت.

قامىتىڭ مەسكەن تۇتۇب ساكىن بولۇبدۇر خار ئارا،
ئاڭلامىش بۇ رەمزىنى خەيرۇلئومۇر فىلۋەسەت.

خەتتى خالىڭدىن مۇنەۋۋەردۇر كوزۇمنىڭ مەردەمى،
رۇشەن ئەيلەر كوزنى ئارى بولسا ياخشى ھۇسن خەت.

راستدۇر زىبا نىھالىڭ جىلۋە قىلسا باغ ئارا،
سەرۋىگە ئازادىلىغ نىسبەت ئېرۇر ئەسرۇ غەلەت.

يەتسە گەر سەندىن ماڭا پەيغام نامە يوق ئەجەب،
كوز ياشىم بولسا راۋان مەندىن بۇرۇن ئانداقكى شەت.

ئوينای ئالماس ئەي زوھورى ئىشقى ئارا ھىراۋۇل ئىتەك،
ئەيلەمەس پەردازىدەك شەھباز ئۇچۇب سۇ ئىچرە بەت.

× ×

ئاڭلادىم يار لىبىدىن ھەمە شىرىن ئەلفاز،
شىرىن ئەلفازىدا يوق ئېرۇر بۇ تەھسىن ئەلفاز.

ئاتەشىن لەئلى ئوزە خەتتى خوشى سەبزەرەڭ،
تۇتى يەڭلىغ ئەيتارەم ۋەسفىدا رەڭگىن ئەلفاز.

ئىشق پىرى بۇ كىچە ئەيدى ماڭا بىر سىررى:
"ھىچ ئاشىق ئىشتىبدۇرمۇ بۇ ئايىن ئەلفاز".

بۇ نەۋا بەستەلىك ھەسرەتنى غەفلەت دەب،
سالىبان بوينۇمغا قول ئەيلادى چەندان ئەلفاز.

شاھ ئىستەر سىنى تەبلىنى قاقىب ئەي شاھىن،
ساڭا نە ئەردى بۇ دەيىر ئاندە دىبان چىن ئەلفاز.

× ×

ئەيلەدىڭ غەم تىيىر بارانى بىلە كوكسۇم شىكاف،
رەھىم ئىتىب مىژگان ئوقۇڭغە ئەيلاساڭ نىتى غىلاف.

جۇستى چابۇك قاراب ئاندا ئىبرۇر ئىكى كوزۇڭ،
كوز يۇمۇب ئاچقۇنچە ئەيلەر زاھىر ئول ئىكى مەساف.

كوز ياشىم دوررى يەڭلىغ زاھىر ئولماستىن نىدىن،
تۇشمىگەيمۇ سۇغا يۇز ئەكسى قاچان كىم بولسا ساف.

تاغ ئىگىلاسە يوق ئەجەب دەردىم يۈكىدىن گەر مىنىڭ،
كور ئىگىلگەنىنىڭ نىچۇكدۇر ئىشقىنىڭ ئاستىدا قاف.

ئاشىق ئولدۇم دىب كىبرۇر ئوتغە ئەيتىب بارچە رىيا،
كەرمامىش ئىشق ئوتىن تۇتمىش كىبرەك ئانى مائاف.

كىمكى ئاشىق ئولسا دوزاخ ئوتىدىن نى باك بار،
ئىشق ئوتى نابۇد ئىتەر دوزاخ ئوتىن يوقتۇر خىلاف.

ئەي زوھورى كەچمەيىن جاندىن دام ئورما ئىشقىدىن،
ۋەرنە دام ئۇرساڭ رىيائى زاھىدكەبى دۇر بارچە لاف.

× ×

كەچتى ئومرۇم فىسق بىرلە نامۇسۇلماتلىقدا ھەيف،
ئوتتى زايە ۋەقت غەفلەت بىرلە نادانلىقدا ھەيف.

ئەكسەر ئۇمرۇم ئۇتۇب نەپسى ھاۋاۋۇ ھىرىس ئىلە،
قالغانى سەرف ئولدى ئەندۇھ پۇشايمانلىقدا ھەيف.

نەپسىمە تارتىب شاھالى رىيازەت بەرمايىن،
ئۆتكەرىبمەن دۇشمنى كوللىنى ئاسانلىقدا ھەيف.

ھەيف دۇركىم بۇ جاھان لەززاتىدىن ئۇزمەي كوڭۇل،
كەتسە جانىم نەخەبەر بۇ نەۋئ ھەيرانلىقدا ھەيف.

ھەرسارى قويدۇم يۇزۇمنى، كوزۇمنى، كوڭلۇمنى ھەيف،
ۋە ئەزىز ئۇمرۇم ئۇتۇبدۇر بۇ پەرىشانلىقدا ھەيف.

سىز ئىتىب ھولۇ قۇرۇقنى ئەيلادىم نەپسىمنى سىرە
ھەسرەتا ياۋەيلىتا قالدىم بۇ ھەيرانلىقدا ھەيف.

بازگەشت ئەيلاب زوھورى تۇت ناۋايىدىن ئۇمىد،
ئۆتكەرىب سەن دەر - بەدەر ئۇمرۇڭنى بۇھتانلىقدا ھەيف.

× ×

ساڭا مەقسۇد ئىچرە چەۋگان بولسا مەيدان ئويناماق،
قىش كۆنى تافماي ھىنا ئىلىكىڭنى رەڭگىن ئويناماق.

چىن قىلىب زۇلفۇڭنى رۇخسارىڭنى پىنھان ئەيلادىڭ،
چىن ئىلى يەڭلىغ مۇدۇر بۇ رەسىم قىلغان ئويناماق.

قان - ياشىم تۇتتى كوزۇمنىڭ مەردۇمى نىڭ نۇرىنى،
ئويناغىل بى باك مەندىن بولسا پىنھان ئويناماق.

ئويناي - ئويناي نىمە كۆن دىنىمنى تاراج ئەيلەدىڭ،
بۇ بولۇبدۇرمۇ ساڭا ئەي نامۇسۇلمان ئويناماق.

بولدى خۇن ئەندۇھ مىھنەت ئوتىغە كوكسۇم ھەدەف،
ئاقتارىب ئال نىچە لازىم بولسا پەيكان ئويناماق.

ۋەئدە ۋەسىل ئەيلادىڭ ئويناب زوھورىغە نىچە،
مۇنچەمۇ يالغان بولۇر ئەي ئەھدى يالغان ئويناماق.

× ×

مېنى ھىجىر ئىبتىلاسىغە سازا قىلدى فىراق،
كويدۇرۇب ھەم روزىگارىمنى قارا قىلدى فىراق.

ۋەسىل ئارا بىر ئەيىش ئىشرەت ئەيلەمەك قىلسام ھەۋەس،
ھىجىر دەردى مىھنىتىغە مۇبتالا قىلدى فىراق.

جانىۇ كوڭلۇم يىغلاشۇر ئەيتىب بىرى بىرىگە ھال،
خەستە جىسمىمنى مېنىڭ ماتەم سارا قىلدى فىراق.

ئانسىزىن يۇز قەتلى قويدى جىسمىمە داغ ئۇزرە داغ،
ۋە ماڭا بۇ سەئىب ھالەتنى راۋا قىلدى فىراق.

بىر قەدەم قويماق خىيال ئەتسەم ئاڭا ئىستەب ۋىسال،
ئىنتىھاسىز جەۋرىدۇركىم ئىبتىدا قىلدى فىراق.

ۋەسىل تۇشىدىن ئىتىبدۇر ئۇزگەلەرنى بەھرىمەند،
ھىجىر نىشىدىن مېنى بەسى خۋار قىلدى فىراق.

يارسىز ھەركۇندە ئۇلمەكدۇر زوھورى جانىغە،
نەخوش ئۇلكىم بىر ئۇلۇم بىرلە داۋا قىلدى فىراق.

× ×

ساڭا مەقسۇد ماڭا ئىشقىڭدا زار مۇبتالا قىلماق،
ماڭا ھەم ئارزۇ جان جاھانىمنى فىدا قىلماق.

كىچە ـ كۇندۇز تىلەرمەن بىر كورۇب يادىڭدا ئۇلمەكنى،
نە لازىم غەيرى دىگەرىڭنى ماڭا شامۇ سابا قىلماق.

يۇرۇب ئالەمنى كەزدىم تافمادىم ۋە دىلىستانىمنى،
كۇڭلىنىڭ نالەسى بۇدۇر تافىب يار ئىلتىجا قىلماق.

ئەجەب مۇشكۇل دۇرۇر بۇ يۇز قارا ئەرزىن بايان ئەتمەك،
ساڭا ئاسان دۇرۇر يۇز ھاجىتىم بولسا راۋا قىلماق.

زەھى دەريايى ئەفۇيىڭ ئاقتۇر يۈز مىڭ گۇنالارنى،
ئانى بىلگەچ ماڭا ئەيش بولدى ھەردەم يۈز قارا قىلماق.

مۇيەسسەر بولسا مەخفى سىنىڭ يادىڭدا بولماقلىغ،
كىرەكمەس دەم ئۇرۇب ئۇشاق تەرزىدا ناۋا قىلماق.

ئىلاھا، بۇ زوھۇرنى يىراق تۇت زۇھد تەقۋادىن،
كىشىكىم زۇھد ئىتەر ئاندىن يىراق بولماس رىيا قىلماق.

× ×

گەر قىبرى ئەيلاسە ياشلار ئارا بەزم ئارالىق.
بولماغاي ئاندا يىگىتلەر كانشات ئەفزالىق.

تىغلىدۇر كوڭلى ئۇلۇس ئىچرە ساقالۇ ساچ بىرە
كەلسە ئەتفال ساقالىغە زەھى رەسۋالىق.

كىم يىگىتلىك چاغىدۇر خىزمەت، تائەت ۋەقتى،
قىرىغە يانماقۇ تايماق ھەمە ناپەرۋالىق.

ياراشۇر ياشلىغىدا نىچۇك ئىشلار ئەتسە،
خوش ئەمەستۇر قىرىغە قىلسا قەدەھ پەيمالىق.

كىم خۇدا يادىدا بولماي قىرىبان بادە ئىچەر،
ياخشى بۇ نەۋئ مۇسۇلمانلىقدىن تەرسالىق.

ئەۋۋەلى ئۇمر جاھالەت بىلە ئۆتتى ئاخىر،
تەڭرى يادى بىلە ئۆتسە بۇ زەھى دانالىق.

سارغارىب تۇشتى زوھورى تىشىڭ ئەمدى خوشتۇر،
ئەيلەسەڭ تەرك ھەۋەس، ئەيلەمەسەڭ بەرنالىق.

× ×

قەدىڭدەك باغ ئارا سەرۋى راۋان يوق.
رەخسىڭدەك گۇلشەن ئىچرە زەئفىران يوق.

لىبىڭدەك ھىچ يوقتۇر لەئلى سىراب،
كوزۇڭدەك شوخ ئاشوب جاھان يوق.

قاشىڭدەك يوق جاھاندا قادىر ئەنداز،
ئاتارغە بىر مىنىڭدەك ناتىۋان يوق.

نەھەد غەيرىڭنى بارۇ يوق دىمەككە،
ئانىڭ رەمزىن بىلۇرگە نوكتەدان يوق.

نە ئىمكاندۇر كىشى باغ ئىچرە كىرمەك،
ئاڭا يول كورساتۇرگە باغىبان يوق.

مىنىڭ سايراماغىم گۇلرۇخ ئۇچۇندۇر،
قىلۇرمۇ نالە بۇلبۇل گۇلىستان يوق.

ھەمە ياخشى خۇيۇڭنى ھەرف ئىتۇرگە،
جاھان ئىچرە مىنىڭدەك بىر يامان يوق.

بولۇبمەن خەلق ئىچىدە ئانچە بەدنام،
مىنىڭ (دەك) يانا رەسۋايى زامان يوق.

ئىلاھا، كوڭىلدۇركىم بەسى پەرىشان،
ماڭا ئەي رەھىم قىل بىر دىلىستان يوق.

× ×

قاشىمدا تا مىنىڭ لەيلى كەبى بىر گۇلئىدارىم يوق،
ئانىڭ ھىجرىدا مەجنۇندەك ئىشىم جۇز ئاھۇ يارىم يوق.

خازان ھىجىر ئارا سارغارمىشام يافراغدەك كىم،
نە يەڭلىغ غۇنچەدەك خەندان بولۇرمەن نەۋ باھارىم يوق.

يۇرۇرمەن گۇلرۇخۇم شىخىدا بۇلبۇلدەك ئىتىپ فەرياد،
ئەجەپ بىچارەلىكدۇركىم مىنىڭ بىر لالەزارىم يوق.

نىچەكىم جەۋر چەكتىم كورمادىم يارىمدا بىر ئىنساف،
نىچۇك ئەيلەي ئانىڭسىز لەھزەئى سەبرى قارارىم يوق.

بۇلار تۇرفه يۇز ملك يارۇ هەم يارىمچه بولماسلار،
فىغانكىم يارىسىزدۇرمەن تامام ئۇمرى يارىم يوق.

كىشكىم يار ۋەسلىدىن ماڭا بىر مژده بەرسە،
ساچارغه باشدىن ياشدىن بولەك لايىق نىسارىم يوق.

ئىلىب سىنغان سافال ئىلكىمگه مەيخانەگه كىرسەم،
ماڭا مەي جامىدىن ئارتۇقتۇر ئاندىن نەڭگى ئارىم يوق.

تەرەھھۇم ئەيلەسەڭ هالىم كورۇب ئەي ساقى گۇلرۇخ،
مىنى مەست ئەزەل قىل سەندىن ئۇزگه غەمگۇسارىم يوق.

مىنى مەزهەر كەبى بۇ يولدا مەهكەم ئەيلەسەڭ يارەب،
زوهۇرىدەك بۇ يولدا جان بىرىب هەرگىز يانارىم يوق.

× ×

غۇنچه يەڭلىغ ئاچىلۇرغه ۋەقتى نورۇزى كېرەك،
ساچقالى باده خازان مەندەك سىيارۇ كېرەك.

سەنسىزىن بولدى مىنىڭ يۇز پاره كوڭلۇم هەر تەرەف،
جەمئ ئىتۇرگه پارەنى بىر تىيره دىلدوزى كېرەك.

كوب مىنىڭ دەردىم ئىلاجىم يوق مەگەرچه داغىدىن،
ياغقالى باغرىمغه ئوت ئاه جىگەر سوزى كېرەك.

كىرمەك ئىستەرمەن مەي ئىچمەك بىرله ئىشرەتخانەگە،
بىرگەكۇ مۇترىب بىله بىر مەجلىس ئەفروزى كېرەك.

يوقدۇرۇر فانى جاهاندا مۇندىن بولەك ئەيشى خوش،
ئەيتار ئىبرسەڭ ئانى ئاه دەرد ئىله سوزى كېرەك.

ئىشق دەرسىنى پىركامىلىدىن ئالۇرلەر ئەهلى دەرد،
ئۇرگەتۇرگه ئانى هەم بىر دانىش ئاموزى كېرەك.

ياخشى كوردۇڭ يامان يول ئىستەسەڭ كەلگىل زوهور،
هەر تەرەفگه بارغالى مەندەك قىل ئۇزى كېرەك.

× ×

قىيا باقىب جان ئالۇر كوزلارى قاراغا باقىڭ،
بۇدۇر هايات ئەبەد لەئىل جان فازغا باقىڭ.

رۇخى زۇلفىدىن ئىستەب نىشانە كوز تۇتسام،
دىدى گۇۋاھ ئاڭا تەقسىر ۋەززۇهاغە باقىڭ.

بۇ ئىككى كوزنى يۇمۇب ئىككى ئالەم ئىشلارىدىن،
ۋىسال ئارا كوز ئاچىب قۇرى مۇستافاغە باقىڭ.

فىراق تۇنلەرى سىينەمنى چاك ئاھ ئەتتى،
ئاڭا ئىنانماسڭىز سۇبهىدەم ساباغا باقىڭ.

ئانىڭ قوياشىغە كىم تاب كەلتۇرە ئالغاي،
قولىدا ئوق سەنانە ۋە قاشى ياغا باقىڭ.

بۇ غەمزە ئوقلارى تەككەن تىنىم ياراسى ئۇنىڭ،
هىسابىن ئىستەسەڭىز كوكدەگى ساهاغا باقىڭ.

نە جىلۋەلەر ئىتەدۇر قىلبەگە پەرى يەڭلىغ.
لىبى فۇسۇن كوزى سىهرە مەھلىقاغە باقىڭ.

جانىم بىرىب جان ئالاي دىب لىبى سارى باقسام،
قالاشۇر ئانى ئىككى ياندا ئەۋدىهاغا باقىڭ.

نە ئىشۋەلەر بىلە ئالدى زوهورى كوڭلىنى،
سەمەند ناز ئوزە چابۇك بالاغا باقىڭ.

× ×

كىم ۋىسال ئىستەر فانايى كوۋيى مۇقام ئەتمىش كىرەك،
گۇل ئۇمىدى بار ئىسە خارىغا رام ئەتمىش كىرەك.

گەر ۋۇجۇدۇڭدىن ساڭا بىر قارمۇ بار خوش ئىمەس،
دىن، دۇنيا بارچەسىن تەرك تامام ئەتمىش كىرەك.

ئەسلى مەقسەد بۇ ئىمەس گاھ يار ئىلە، گاھ يارسىز،
بى ۋۇجۇدۇ بى ئەدەم ۋەسىل مۇدام ئەتمىش كېرەك.

دامنى پىنھان ئېتۇر قۇش كوزىدىن سەيياد لار،
دانەلەر كوزدىن ساچىب يوقلۇقدا دام ئەتمىش كېرەك.

قوي بۇ دام دانەلەرنى ۋەللاھۇ خەيرۇلما كىرىن،
بارۇ يوق ھەققە سالىب ئەيشنى بىكار ئەتمىش كېرەك.

ئەي زوھورى يار ۋەسلى بار ئىمىش تەقدىر ئىلە،
تەرك سەئىي ئەيلەب تەۋەككۇلنى ئىمام ئەتمىش كېرەك.

× ×

پەردەدار ئولدى نىگارىم غە فەلەك يەتمىش كېرەك،
بۇ فەلەك سەقفىن تېشىب مەقسۇدىغە يەتمىش كېرەك.

بۇ فەلەكدىن يۇققارى باردۇر تۇمەن تۇرلۇك فەلەك،
ھەر فەلەككە يەتسە تەمكىن ئەيلەمەي ئوتمىش كېرەك.

بۇ فەلەك مىئراجىغە چىقىب ئوزلۇك بىلە،
لا جەرەم بىر پەيرەۋى يوللارنى كورسەتمىش كېرەك.

سەئي كۇشىشغە قويۇپ بەزىلەر بۇ يولنى،
بەزىلەر ئېيتۇر تەۋەككۇلنى ئىمام ئەتمىش كېرەك.

ئىشق پىرىنىڭ كوڭىل تىفلىغە تەئلىمى بۇدۇر،
مەكتەبى زابۇدە خامۇشلۇقنى ئۇرگەتمىش كېرەك.

ئەي زوھورى تەبىل سەن قىل ئەبجەدى ئىشىق ئىختىيار،
ۋەرنە مەھرۇم ئەببۇجەد مىراسىدىن كەتمىش كېرەك.

× ×

مەن قالىب ھىجرىدا قان يۇتتۇم كىتىب يارىم مېنىڭ،
ھىچ باقماي ئىنتىزار ئەتتى دىل ئازارىم مېنىڭ.

ھىجىر نابىمدىن جۇدا قىلغان فەلەكنىڭ جەۋرىدىن،
ھىچ يەرگە يەتمادى ئەفغان ئىلە زارىم مېنىڭ.

تاڭ يوق ئەر چىقسام جاھان خەلقى ئىچىدىن ئايرىلىپ،
بەيتۇلئەھزان ئىچرە تاشلاپ كەتسە غەمخۇۋارىم مېنىڭ.

يا ئىلاھا، ئىشىق ئوتى كويدۇردى جانىمنى ئەجەب،
ۋەسلىگە يېتكۈرگىل ئەي سەن سەن يوق، بارىم مېنىڭ.

ھەر كېچە پەرۋاز ئىتۇر كوڭلۇم قۇشى ۋەسلىڭ تىلەپ،
بۇ غەرەزدىندۇر ساڭا ھەر كېچە بىدارىم مېنىڭ.

مەن زوھورىدەك ئانىڭ ھىجرىدا زار ئولسام نىتاڭ،
بۇلبۇلى ئاشۇفتە يەڭلىغ كەتسە گۇلزارىم مېنىڭ.

× ×

لەئلىگۇن مەي تابىدىن گۇلرەڭ رۇخسارىن كورۇڭ،
لەئلى گەردىدە بىتىلگەن خەت زەنگارىم كورۇڭ.

قابى قەۋسەين ئىشتىھادى يەڭلىغ ئول كوز ئۇستىدە،
ئاتقالى پەيۋەستە ئوق يادىن نەمۇدارىم كورۇڭ.

ئىلاھا كوڭلۇمنى فىرىب ئەيلەب كوزىنىڭ ئىشۋەسى،
جان قۇشنى ئۇرگەتۇر لەئىل شەكەر بارىم كورۇڭ.

دەيىر ئارا مۇغبەچەلەرنىڭ ئول كوزى كافىر ئۇچۇن،
گەردىنىدە تەۋق ئىلە بىلىدە زۇننارىن كورۇڭ.

ئول گادايىكىم كىرۇر مەيخاناغە ئىستەب مۇدام،
فەقىر ئەڭنىدە ۋەلى شەھلىق خىبرىدارىن كورۇڭ.

ھىجىر ئوتىنىڭ شىددىتىدىن ۋەسىل ئوتى لەززەت بېرۇر،
ۋەسىل قەدرى بىلسەڭىز ھىجرىنىڭ ئازارىن كورۇڭ.

ئەي زوھورى ئومۇر دۇررى نىڭ باقاسىنى كورسەڭىز،
سۇدا يامغۇر نوقتەسىنىڭ دەۋرى پەركارىن كورۇڭ.

× ×

خالى مشكىڭ نسارى نوقتەئى جانىم مېنىڭ،
سەرۋىدەك قەددىڭ فداسى جىسمى ۋەيرانىم مېنىڭ.

جىسمىم ئارا كوكسۇمدە جان جانىم ئارا تۇتقان ۋەتەن،
نە كوڭۇلنى نە جىسمىم جان مەھزە جانانىم مېنىڭ.

سەبزە خەتتىڭدىن تافۇر جان خىزىر يەڭلىغ چاشنى،
لەئىل سيرابىڭ بولۇبدۇر ئەلجە ئابىھايۋانىم مېنىڭ.

خالۇ خەتتۇ ئارەزۇ زۇلفۇ رۇخۇ قامەت ئىلە،
كوڭلۇم ئالغان مەسنەدى ھوسن ئۆزرە سۇلتانىم مېنىڭ.

ئول ھىلال ئېرمەس كورۇنگەن كوكدە ھەر ئاي باشىدا،
قاشىدىن قىلغان ئىشارەت ماھى تابانىم مېنىڭ.

رەئد ئەمەس گەردۇندا ئوتلار جا قىلىپ بەرگەن سادا،
سوز ئاھىمدىن ئۇلاشقان كوكتە ئەفغانىم مېنىڭ.

مەن زوھورى مازاھىرىمدىن ئوزگەگە سالسام نەزەرە
ئىككى دۇنيا ئەي يارانلار بويىنۇمە قانىم مېنىڭ.

× ×

كەلسە گەر دەيرى فانا ئىچرە سېنىڭ ئىشلارىڭ ئوڭ،
مەسجىدۇ مەدرىس تەرك ئەيلاگايسىن ئاندىن ئوڭ.

كىربان دەيىر موغان ئىچرە مۇباھات ئىلە،
دىسە گەر موغبەچە كەلگىل ساڭا بارمۇ مۇندا بولۇڭ.

فەقىر گەنجىدە كويۇك نانغە قانائەت قىلا كور،
ئول ھۇمادەككى قانائەت بىلەدۇر خىرمنى چوڭ.

ئىشىق دەشتىدە ئىسسىغ بىرلە سوغدىن غەم يىمە،
شىفقارىب مەينى سۇمۇركى قىزىغ ئولغىل گەر توڭ.

نىچە ناقابىل ئىسەڭ ئىلگەرى قويغاچ قەدىمىڭ،
يار قابىل ئىتەيىن تۇتقىن ئەگەر يەتسە قولۇڭ.

بىلىب بولماس كىشىنى زاھىدا ئۇلۇر يا فاسىق،
نامى مەئلۇم ئەمەس سول قولىدىن يا ئوڭ.

ئەزمدە پەيرولىق ئىلە ناۋايىنى زوھور،
سەير ئۇلۇر ياخشى لاچىننى ئىرىشىپ بارسە قولۇڭ.

× ×

خاتىرىمنى فۇرقىتىڭدىن بەسكى غەمناك ئەيلادىڭ،
ھىجىر ئوتىغە قۇرۇق جىسمىمنى خاشاك ئەيلادىڭ.

ئارەزىڭ مىھرىنى كوز تۇتسام بۇ غەمنىڭ شامىدا،
ئىشق تىغىڭ بىرلە كوكسۇم سابادەك چاك ئەيلادىڭ.

بۇ غەلەت ئەمەس دىسەم ئىككى كوزۇڭنى فىتنە جۇ،
خەستە ۋە پەرمۇژدە غەمزەڭنى چالاك ئەيلادىڭ.

ھىجىر تىغىدىن يارا بولغان يۈرەكنىڭ زەخمىغە،
ناۋەكىڭ ھەردەم ئىتىب زەھرىڭنى تىرياك ئەيلادىڭ.

ئەيشى - ئىشرەت باغىدا ئەتتىڭ رەقىبلارىڭنى كۇل،
مىھنەت ئوتىدا ھەبىبىڭنى تەرەبناك ئەيلادىڭ.

جۇملە ئالەم خەلقى ئوتىدىن قاچسا ئاسىي ئىستەر ئوتە،
ئوتۇ سۇدىن ئاشىقىڭنى تۇرفە بى باك ئەيلادىڭ.

ئەي مۇغەننى مەجلىس ئەھلىنى چۇبى ئىدراك ئىتىب،
دەيىر ئارا، ئوشاق ئارا سازىڭ ئالىب بەرگ ئەيلادىڭ.

يارىغە ھەردەم زوھورى دەيىر يۈزىن كورسەتمەيىن،
مازاھىر يەڭلىغ كوزۇمنى نىگە نەمناك ئەيلادىڭ.

× ×

قارا ھىجران تۈندە ئىشقدۇر بىر شوئلەلىق مەنقەل،
كورۇنۇپ ئىشىق ئاسان بارچەدىن دۇر ئەمەس مۇشكۇل.

بالالىق ئىشىق دەشتىن سەيىر ئىتەرنى ئارزۇ قىلساڭ،
تافىب بىر كاسەنى دەير ئىچرە ئىچمەك فەرىزدۇر ئەۋۋەل.

كىشىكىم ئەقىل دانىشىدىن دەم ئۇرسا ئول ئىررۇر مەدھۇش،
ئەلىيەبىب دەيىر مۇغاندا كىم كى لايەئقىل ئىررۇر ئەھقەل.

ساڭا ئوق قاشىدىن ئاتسا يارۇغ كوكسۇڭنى تۇت،
كوڭىل كوزگۇسگە مەھبۇبىنىڭ دەردى ئىررۇر سەيقەل.

ئىررۇر مەقسۇدۇڭ ئول پەرىنى ئوزگە بىلما دىب،
ۋەگەر شىركەت ئەھلىدىن ئىررۇرسەن يا كوزۇڭ ئەھۋەل.

ماڭا كوب ئەيلامە بۇ ئىشىق رەمزىن ئەي زوھورىددىن،
ئانىڭدەك مەست مەن دەي ھىچ كىم بۇ مۇشكۇل ئىرمەس ھەل.

× ×

مىنى ھىجىر ئىبتىلاسى قىلدى غەمخۇۋارىم سارى مايىل،
كوڭىل كوزگۇسىنىڭ زەنگىنى ياد ئەيلادى زايىل.

كىم ئول ئاشىق بولۇر بىلگەن بىلەن ئىشىق سەئبىنى،
بىلۇرمۇ ھىچ دەريا ھالىتىن ساكىن ساھىل.

ھەمە ئەل ئاتىنى دەر، ئىشىق مەن دەرمەن بالاسى جان،
بۇ سوز رەمزىنى تاپقايمۇ كىشىكىم بولسا ئول ئاقىل.

بالاكەش بار ھىجرىدا نەمەن يالغۇزدۇرمەن ئەي دوست،
يامانۇ ياخشى، فۇسساق زاھىد بارچەسى شامىل.

بولۇر ئەقلىڭ بىلە ھۇشۇڭ بۇ ھەسرەت دەشتىدە ئاجىز،
كىرىب پىر مۇغاندا بولماق ئەۋۋەل مەست لايەئقۇل.

نە ھۇشدۇر پەرى ئايلىدا بىھۇش بولماقلىغ،
بۇ ھەسرەتدە قويۇپ دانىشنى ئەمما بولماغىل غافىل.

مۇھەببەتدىن دام ئۇرما ئەي زوھورى پىر كامىلسىز،
بولا ئالغان ئەمەس بۇ ئىشقىغە توقۇز فەلەك ھامىل.

× ×

لاتافەت باغىدا يوقتۇر يۈزۈڭدەك بىر ئاچىلغان گۈل،
ئانىڭ شەۋقىدا فەرياد ئەتكەلى يوق مەن كەبى بۇلبۇل.

ئاچىلغان يوق جاھانغە رەۋزىدا ئاغزىڭ كەبى غۇنچە،
گۈل گۈلشەندە ئۈنگەن يوق يەنە ساچىڭ كەبى سۇنبۇل.

ئادالەت باغىدا پۈتكەن ئەمەس قەددىڭ كەبى ئەرئەر،
لىبىڭ شەۋقىدا ئاسىلغان ئاڭا ئەژدەر كەبى كامۇل.

سەخا دەرياسىدا چىقماس تىشىڭدەك ھىچ دۇررىناب،
ئاڭا يوق مۇستەھىق مەندەك جاھاندا مۇفلىسى بى فۇل.

كوزۈڭ كەيفىيەتىدىن مەستدۇر ئالەمدە ئاشىقلار،
يەنە مەست ئۇلغالى دايىم ئىچۈرگە ھاجەت ئىرمەس مۇل.

مالاھەت كانى ھۇسن ئىقلىمدە يوق سەن كەبى بىر شاھ،
سىنىڭ كويۇڭدا يوق مەندەك يەنە بىر ئىخلاسلىق قۇل.

شەھى ئالى نەسەب يۇسۇف زوھورىددىن ئاڭا مەخلەس،
بەد مىن جەددى ھۇمايون، بەخت كەلدى مەۋلدى قامىل.

× ×

ئايا ساقى كىتۇرگىل يار بەزمىدىن پىيالە مەي،
ئاچىلغان مەجلىس ئەھلى مەستلىكتىن بارچەسى گۈل - گۈل.

نەدۇر تۇرماقلىغ ئىچمەي بىردەمى مەيى ئۇشاق شامىدا،
ساراھىدىن چىقۇر ئاۋازا ئىچ دىب دەمبەدەم قۇلقۇل.

مۇغەننى نەغمەچەك ئۇشاق تەرزىدا ناۋا ئەيلەي،
ئانىڭ شەۋقىدا فەرياد ئەيلەبان باغ ئىچرە ھەر بۇلبۇل.

مىنى مەھزۇننى ئەي مەترەب تەرەبناك ئەيلاساڭ نىتەي،
نە بولغايكىم مۇرادىن تافسا سەندىن بىر مىڭدەك قۇل.

مېنى بىچارەنى ئىشقىدا كويدۇردى پەرى پەيكەر،
قاشى يا، كىرپىكى ناۋۇك، ھىندى سۇنبۇل، ئۇزۇن كاكۇل.

ئىلاھا، بارسىن تەركىنى بەرگىل بۇ پەرىشانغە،
قىلىب مەجمۇئ خاتىر غەيىر زىكرىنى كوڭىلدىن يۇل.

شەھى ساھىبقىران يۇسىف ئانىڭ بىر خاك پايىنى،
زوھورى سۈرىياڭ ئەركوزگە ساڭا فىردەۋسىدۇر قامۇل.

× ×

ئەي كوڭىل يار ئۇزگەنى ياراتتى سەن دىۋانە بول،
سەن ھەم ئۇزنى ئۇزگە ئەيلەب خەلقىدىن بىگانە بول.

گەر تەمەننا ئەيلەسەڭ لەئلىۋەشىڭنىڭ ۋەسلىنى،
ھىجىر دەشتىنى كىزىب مەجنۇن كەبى ئەفسانە بول.

گۇلرۇخنىڭ يادىدا بۇلبۇل كەبى فەرياد ئىتىب،
چورۇلۇب شەمئ جامالى گەردىدە پەرۋانە بول.

ئەلىبان مەيخانىلەردە ئىلكىڭگە سۇنغان سافال،
شوخ شەڭ مۇغبەچەلەرنىڭ ئىشقىدا مەستانە بول.

گۇل تىكەنسىز بولماغى مۇمكىن ئەمەس ئەي سادە دىل،
گۇل تەمەننا سىدا بولساڭ خار ئىلە پىنھانە بول.

گەر تىلەرسەن ئول بۇتى زىبا ۋىسالىن دولتى،
تەركى دىنۇ مىللەتۇ ئەيلەب ساكىن بۇتخانە بول.

يارى زۇلفۇ خالىنىڭ ئۇمىدىدە بولساڭ زوھور،
دەردۇ غەمنىڭ دامىدا مىھنەت قۇشىغە دانە بول،

× ×

جامالىڭ يادى بىرلە ئىچساڭ ئەگەرچە يارىدۇر قاتىل،
ھاياتىم نۇشىدىن ئۇمرۇمدە ئانداغ تافمۇغۇم ھاسىل.

ئەگەر يادىڭ تۇشەر كوڭلۇمگە باردۇر مەزھىرى مۇتلەق،
سىغۇرمۇ ئول كوڭۇلگە جۇملەئى ئەئيان ئېرۇر باتىل.

سىنىڭ دەردىڭ داۋاسى بىرلە خوشتۇر بارچەلار لېكىن،
ماڭا زەخمى تىغىڭ بىرلە بولماقلىغ ساڭا مايىل.

مېنىڭ ئۇمىدىم ئۇلدۇر ئىشقسىزلار سوھبەتىدىن كىم،
كىتىب ئول فەردلىق ۋەيرانە سارى بولغامىن شامىل.

بۇ خەستە ۋە جامالىڭ شەمئىغە پەرۋانەۋار ئولدى،
بىرىب شۇئلە ئاڭا ئىشقىڭ ئوتىغە ئەيلەگىل داخىل.

جامالى لالەزارىڭغا ئىتەي كوڭلۇمنى مەن كوزگۇ،
توشۇب ئەكسى ئاڭا ئەتكەي تەئەللۇق زەڭگىنى زايىل.

زوھورىدىن ئامانەتنى ئالۇر چاغدىن بۇرۇنراقكىم،
ئىلاھا ئەيلەگىل بار ئامانەتكە ئانى ھامىل.

× ×

يا قاشىڭ مىھرابى يا، يا يېڭى چىققان ھىلال،
ئارەزىڭ گۇلدۇرمۇ ياخورشىد يا بەدرى كامال.

كوز تىكىب قەددىم خەم ئولدى كىلمادىڭ قاشىمغە كىم،
ئارزۇ قىلسام كورەي دىب بارغالى يوقتۇر ماجال.

غۇنچە ئاغزىڭ ھەسرىتىدىن قان توكۇلدى كوڭلۇمە،
فىكر ئىتىب تافماي بىلىڭنى بولدى بۇ جىسمىم خىيال.

ئاللا، ئاللاكىم ئىلىنماي يەتكۇسى مەقسۇدىغە،
دامۇ دانە جان قۇشىغە زۇلفى مىشكىن خەتتۇ خال.

مەست بولماق مەي ئىچىب ئوزلۇك بىلە مۇمكىن ئەمەس،
ساقىئىي گۇلچەھرىدىن لۇتف ئولماسا ئىچمەك ماھال.

مەستتۇر مەيگۇن كوزۇڭنىڭ ئەكسىدىن خەلقى جاھان،
مەن ئۇلارغە شەۋقىدىن ئەتتىم ئوزۇمنى پايمال.

ئەي زوھورى يولچى سىز مەيخانەگە كەلتۇرمە يۈز،
راھبەر ئەيلەب ئىزنى كوزۈڭگە قىل ئىكتىھال.

× ×

جامى مەيسىز يېتماگى لەئل شەھنشاغە ماھال،
تۇرفەدۇركىم قىلمەسەل تۇفراغىدىن ئۇشبۇ خىيال.

جام ئەگەر مەيدىن پۇرئولسا ئايغە مونكىرئىسەم نىتاڭ،
چۈن يارىم بولغاچ ناماياندۇر لىبى مەسەل ھىلال.

يار چابۇك سەيىر ۋەسلىغە نىچۇك يېتكۇڭدۇرۇر،
شەمسۇۋار ئايلىدا تاش بولماغۇنچە پايمال.

كەسسەڭ ئەر فەرھاددەك مىھنەت ئارا غەم تاغىنى،
جەزىب ئەگەر شىردىن دە يوق يەتمەككە يوق سەندە ماجال.

كوز تىكىب ئەردىم يۈزۈڭگە ھەرسابا ئەيلەب دۇئا،
يۈز يۈلۈمنى ھەر تەرەفدىن باغلادى ئول خەت خال.

سايىۋەش بولغىل زوھورىددىن تافۇرسەن مەقسەدىڭ،
تا ئەبەد بولماس ئانىڭ خۇر ھۇسنىغە زاۋال.

× ×

گەرەھ - گەرەھ ئىدى غەمدىن يازىلمادى كوڭلۈم،
باھار بولدى ۋە گۈل كامىلى قىلمادى كوڭلۈم.

لىبى فىراقىدە ۋە قان توكۇلدى كوڭلۈمگە،
ئاچىلدى غۇنچە ۋە لېكىن ئاچىلمادى كوڭلۈم.

ھەمىشە مەست ئىدىم كوزلارى كەيفىدا ئانداغ،
باھارۇ كەلگەن - كەتكەنىنى بىلمادى كوڭلۈم.

تافاي دىب ئاغزى نىشانىن ئەتتى كوڭلۈم ھەم،
كى غۇنچەلەر ئىستەب تافىلمادى كوڭلۈم.

كوزۇمدە جىلۋەلەر ئەتتى بۇ دەھر رەئناسى،
ئاتىڭ ئىزىچە ئانى كوزگە ئىلمادى كوڭلۇم.

فىراق دەشتىدە ھەيران زار تىلبە ئىدىم،
كى گۇل چاغىدا زامانە ئاچىلمادى كوڭلۇم.

ئىككى جاھاننى تەمەننا قىلىب ئىبىل كوڭلى،
ئۇلارغە شۇكرىكى بارى قاتىلمادى كوڭلۇم.

ناۋايى مەخزەنىدىن ئىستىبان دەرد نەزمىدىن،
ئەگەرچە تاپمادى نادان ياڭىلمادى كوڭلۇم.

زوھورى نەزمىڭنى ئانداغ سىلىغدادى مەزھەر،
كى ئانچە بولدى سىلىغۇ تايىلمادى كوڭلۇم.

× ×

دەم - بەدەم كوڭلۇم تىلەر يارىم بىلە كام ئەيلەسەم،
كىم تەكەللۇم ئەيلەسەم كەيفىدىن چىھرىسىنى گۇلفام ئەيلەسەم.

رەم ئىتىب كەلمەس ئۇلۇس غەۋغاسىدىن شەھبازدەك،
كىچەلەر بىدار ئولۇب ئەمدى ئانى رام ئەيلەسەم.

تۇتى يەڭلىغ سوزلاتىب ئۇز نەقشىنى كوڭلۇم ئارا،
كورساتىب ئۇز ئەكسىنى ئايىنەدە دام ئەيلەسەم.

ئومرلەر دۇنيا ئىشىدە بولدى زايە ۋاي كىم،
پەردەئى غەفلەتنى يىرتىب شامىنى بام ئەيلەسەم.

نەچچە مۇددەتدۇركى ئىبلىنىڭ كارى بارى ئەتتى دال،
ئەمدى ھەق يولىدا بۇ جىسمىنى چۇن لام ئەيلەسەم.

كوزلارىڭ كەيفىيەتىدىن ئىلتىماس ئەيلەر زوھور،
مەستلىك ئاغاز ئىتىب ھۇش بىرلە ئەنجام ئەيلەسەم.

× ×

سۇبھى ۋەسلىم ياد ئىتىب شامىنى ئەنۋار ئەيلەدىم،
چاك ئىتىب كوكسۇمنى رەۋزەندىن نەمۇدار ئەيلەدىم.

جان دىلنى مەزھەر ئىتىب كىم جامالىڭ پەرتەۋى،
كاشكى تۇشكەيمۇ دىب جىسمىمنى ئەفگار ئەيلەدىم.

يازغالى بۇ سەفھەئى غەمگە فىراقىڭ شەرھىنى،
كوز قاراسىن ھەل قىلىب كىلكىم نىگۇنسار ئەيلەدىم.

ئىشىق سەھراسىدا كوڭلۇم قۇشلارى پەرۋاز ئىتۇر،
قولداغاي سەن دىب مۇھەببەت رىشتەسىن تار ئەيلەدىم.

گۇل تىكەنسىز بولماغى مۇمكىن ئەمەس ئەي گۇلئۇزار،
گۇل يۇزۇڭگە كوز تىكىب كىرفىكلارىم خار ئەيلەدىم.

شادىمان كورگەچ سىينى مەھزۇن كوڭۇل ئازارىدىن،
خەستە جانىمغە سىينىڭ دەردىڭنى غەمخۋار ئەيلەدىم.

دولىتى ۋەسلىڭ تەمەننا سىدا مەن ھەر سۇبھى شام،
كوزلارىمنى ئۇخلاتىب كوڭلۇمنى بىدار ئەيلەدىم.

ئول لىبى لەئىل ئىشتىياقى ھەسرەتىدىن قان يۇتۇب،
ئاقىزىب قان ياش ئىلە ئالەمنى گۇلزار ئەيلەدىم.

تابىسىز بولسا قىلىچىڭ دەفئىگە دىب ئەي زوھور،
كوز ياشىمدىن سۇ بىرىب قانىمنى دەركار ئەيلەدىم.

× ×

تۇتۇب ئۇمىد لەئلىڭ چاشىن مەن روزدار ئېردىم،
جامالىڭ شەمئىدىن سوزلەب ئوزۇم پەرۋانەۋار ئېردىم.

يۇزۇڭ گۇلنارىدىن ئىتىب ئوزۇم يەتمەي مەگەر كوڭلۇم،
توكۇب قان ياش ئىلە يادىڭدا ھەردەم گۇلئۇزار ئېردىم.

ئىچىمگە باتمايىن سىرىڭ قامۇشدەك نالەلەر ئەيلەب،
سىرىڭغ يۇز سەفھە ئەيلەب قان - ياشىمدىن خەت يازار ئېردىم.

يىتىب لەئلىڭغە كويسەم چاشنى ۋەقتى تەكەللۇمدە،
ئانى دىب شەربەتى يەھيەلىئىزام ئاغزىم ئاچار ئېردىم.

ئاچىپ ئاغزىمنى مەن ئەيد ئولدى بۇ لەئلىڭغە يەتمەكدىن،
بولەكلەر بولدى قۇربان ھەسرىتىندىن مەن تىپتار ئىردىم.

كوروب مەن بىر كۇنى ئىچرە ئەيد فىترە بىرلە ئۇزھانى،
ئەجەبدۇر بۇ ھىلاللىك بىلايىن كورمەي قارار ئىردىم.

مىنى سەن بۇ زوھورىدەك لىبىڭدىن كامىران ئەتمە،
كورەي دىب ئاي يۇزۇڭنى ھەركىچە بى قارار ئىردىم.

× ×

يازغالى نامەئى شەۋقىمنى شەكەر بار تىلىم،
تىلىنى ئىككى قىلىب ئەيلەدى تەكرار قەلەم.

ساقلاغان جان بىرلە كوڭلۇمدە نىھان سىرىمنى،
فاش قىلدى ھەممەگە ساھىب ئەسرار تىلىم.

گاھ ۋەسلىك خەبەرىن يازدى گىھى ھىجرىڭدىن،
تىل ئۇرۇب يۇز قارالىق ئەيلەدى ئەسرار قەلەم.

يازغالى دەردى فىراقىڭنى جاھان سەفھەسە،
چاك ئىتىب كوكسىنى سەير ئەيلەدى بىسيار قەلەم.

كوڭلىنى قىلدى قارا ھەم ماڭا كەلگەندە دۇۋات،
تىلىنى قىلدى ئۇزۇن ھەم بۇ نىگۇنسار قەلەم.

ۋەسلى خەلۋەت گەھىدە پەيك گە ھاجەت يوقدۇر،
بولماغاي ئاشق، مەشۇق دەركار قەلەم.

ئانىيەتنى تىلاساك ئەيلە قامۇشلۇقنى زوھور،
تىلدىن باشى ياردىلدى قارا مىنقار قەلەم.

× ×

ساقىئى گۇلرۇخ ئەگەر لوتىف ئىلە تۇتسا ماڭا جام،
تا قىيامەتكە ساقايغۇم يوق ئولۇب مەستى مۇدام.

ئاريزى پەرتەۋى گەر تۇشسە بۇ كوڭلۇمگە مۇدام،
ئايىنە شوئلەسىدەك ئەتسە مىنى بى ئارام.

گولرۇخۇم لەئلى لىبى ھەسرىتىدىن ھەر كىچەدە،
مۇرغەئى ئىسھاق دەك بولۇرەم بى ئارام.

مىنى بىر كاسە بىلە مۇغبەچەئى بادە پەرەست،
ئەيلادى پۇختە جۇنۇن ئەمدى ئىشىم بولماس خام.

تافمادىم دەيىردە بۇرنا يۇرۇگەن يوللارنى،
يارسىز بولغان ئۇچۇن بولدى ئىشىم ناپەر جام.

ئىشق يولىدا كىرەكمەس ماڭا نەڭگۇ نامۇس،
ھەممىنى تەرك ئىتىبان خەلق ئارا بولدۇم بەدنام.

زاھىدۇ ئالىمۇ ئابىد ھەمەسى ھىچ ئەقم،
ئىشقسىزلارنىڭ ئىشىدۇر نە سەرۇى، نە ئەنجام.

بۇ باياز ئولسا ئادا تەڭرىغە بەس ھەمىد ئەيلەب،
كاسەئى مەي تۇتۇبان مەزھەرىغە ئەيلا سالام.

مەستتۇر ئىشق ئىلى بىرسى بىر ئىشدىن،
ئىشق ئەھلىگە قاتىلمادى زوھورى ناكام.

× ×

مۇندا نى بار ئىردى يارىمدىن خەبەردار ئولماسام،
گەر خەبەردار ئولماسام ياخشى ئىدى يار ئولماسام.

كىمگە سالۇر ئىدى بۇ ئىشقى مۇھەببەت ئوتىنى،
كويگەلى گەر مەن سەمەندەردەك سازاۋار ئولماسام.

ئەي مەھى كەنئان قاچان بولغاي ئىدى قىممەت باھار،
بىر كالا بەيىق بىلە گەر مەن خەيىردار ئولماسام.

تىب ئۇلۇمىيۇ - ئەتىبباغە قايدا بولغاي ئىتىبار،
ئىشق زاتىلجەنبىدىن مەن خەستە بىمار ئولماسام.

گۇل يۈزۈڭنىڭ شوھرىتى ئارتۇرمىدى ئۇشاق ئارا،
بۇلبۇلى ئاشفتەدەك گەز مەن ساڭا زار ئولماسام.

ساكنى بۇتخانە بولماقدىن ماڭا ئولدۇر غەرەز،
ئول سەنەم كورسەتمەگەي يۈز، ئەھل زۇننار ئولماسام.

ئىشق، ئاشقلىق قاچان شايەد بولۇر ئىردى مەگەر،
سەن كوڭۇلنى ئالماساڭ مەن ھەم تەلەبكار ئولماسام.

ئىلتماس ئەيلەب زوھورىددىن قوفۇب ھەر سۇبھدە،
دۇشمىنىڭگە يار ئولۇب يارىڭغە ئەغيار ئولماسام.

× ×

ئولۇككە جان كىگۇرۇر بولساڭ ئەي مەسىھا دەم،
ماڭا كىگۇركى دەمىڭسىز ئىمان ئولۇكدىن كەم.

سىنىڭسىز ئانچە كورۇب مەن بالا ۋە مىھنەتنى،
مىڭدا بىرىنى ھەم كورمامىش بەنى ئادەم.

سىپاس، شۇكر نىھايەتسىز ئۇشبۇ ھالىمغە،
سەنا يولىدا بولدى ماڭا قۇت دەرد ئەلەم.

يۈرەكدە غەمزەڭ ئوقى باردۇر بى ھەد،
ئاڭا تەبەسسۇم ئىلە يا قىبشىڭ ئىرۇر مەرھەم.

باھار بولدى ماڭا يارسىز ساق قىشىدەك،
نىشات ئەيد ئىلە نورۇز گويا ماتەم.

كىرەيكى دەيىر موغانغا بارىنى تەرك ئەيلەب،
ۋافا قىلىبدۇرمۇ بىر ھىچكىمگە بۇ ئالەم.

مۇيەسسەر ئولسا ئاياقچى قولىدىن ئىچسە ئاياق،
سۇمۇرسە ئانى بۇ جاھاندىن زوھورى يا يىمە غەم.

× ×

مەيخانە كەنجى بولدى كويۇڭدا خانىقاھىم،
پىر موغان دۇئاسى ئەۋراد سۇبھگاھىم.

باشىمغە خىشت ياستۇق بولدى تىكەن تۈشەگىم،
ئىتلارنىڭ ئاستانى ھەر كىچە تەكيىگاھىم.

فەقىر ئولماغىمدۇر ئەۋلا دەيىر ئىچرە شاھلىقدىن،
باغلاب بىلىمنى مەھكەم تەۋپىق بەرسە شاھىم.

دۇنيا يۈزىدە ھەركىم ئوز يارى بىرلە خوشتۇر،
يوقتۇر ماڭا ئوزىدىن ئوزگە بولۇر پاناھىم.

يۈزىڭ فىغانلار ئەتسەم نىچۈن ئىشىتمەس ئول ماھ،
ھەركىچە يەتتى يۈز يول توققۇز فەلەككە ئاھىم.

سەنسىز ماڭا بۇدۇر ھال ھەركىچە قىلماق ئەفغان،
كىيۋان بىلە سۇرەييا باردۇر ئىككى گۇۋاھىم.

بولغىل زوھورى خەستە فەقىر شىكەستە بەستە،
شايد كورۇب بۇ ھالىڭ رەھىم ئەيلەگەي ئىلاھىم.

× ×

كوڭىل ئالغان بىر نەزەردە كوزى جادۇ دىلبىرىم،
ئاغزى غۇنچە، تىشلارى دۇر، قەددى دىلجۇ دىلبىرىم.

ناز ئوتى ئۈستۈندە سادىق بىلدە ئىككى سەنان،
غەمزە ئوقىن يالاغان پەيۋەستە ئەبرۇ دىلبىرىم.

جان ئالۇرنى بىلىب يارىمنى بەدخوي دەيدۇ ئەل،
جان نىسار ئەيلەب دىگۇم جەننەتدە خوشخۇ دىلبىرىم.

يۈز قارالىق ئەيلادىم ھەركىچە يوللارنى كىزىب،
ئاھ كىم كەلمەس قاشىمغە زۇلفى شەبرۇ دىلبىرىم.

نىگە فەرياد ئۇرماغايمەن كىچەلەر ئىتدەك ئولاب،
ئوتسە باقماس سەيىر ئىتىب گۇلشەنگە مەھرو دىلبىرىم.

كوزى قارالاردىن ۋافا كوز تۇتما دەبدۇرلار بىلىڭ،
دوستىنى كىم رام ئەيلادى ئول كوزى ئاھۇ دىلبىرىم.

دەر مۇغەننىدىن زوھورى ئىستەسەم سوز بەھرىدە،
يوقتۇرۇر مەزھەر كەبى غاۋۋاسۇ خوشگۇ دىلبىرىم.

× ×

بىناگا كەلدى كۇلبەمگە كوزى جادۇ لىبى ئەفسۇن،
تەكەللۇم ئەيلەگەچ كوڭلۇم ئالىب ئەتتى مىنى مەغبۇن.

كورۇب دىۋانەۋەش بولدۇم باقارغە تاقەتىم يوقتۇر،
كوزۇمدىن غايىب ئولغاچ بولدى بىتاقەتلىگىم ئەفزۇن.

بەسى ئەۋلادۇر ئاندىن خاكپايىن تۇتىيا قىلماق،
ماڭا بولسا سىكەندەر تاجى بىرلە تەختى ئەفرىدۇن.

ماڭا قىسمەت بولۇبدۇر مىھنەتى غەم ئولزاماندىن كىم،
قىلىبدۇر تۇفراغىمنى يارنىڭ دەردى بىرلە مەئجۇن.

لىبىنىڭ يادىدا غەم تاغى ئولدى لالەزار جۇملە،
فىراقىڭ دەشتىدە ئاقغان ئۇچۇن ئىككى كوزۇمدىن چۇن.

تاڭ ئەمەستۇر ئەگەر يارىم كوزۇمدە تۇتماسا مەسكەن،
راۋاندۇر دايىما ئىككى كوزۇمدىن رود ئىلە جەيخۇن.

زوھورى قىلسا گەر سەندە ئانىڭ مەيگۇن كوزى ئەكسى،
بولۇب مەزھەر ئاڭا مىرزا زوھورىددىن دەك ئەت قانۇن.

× ×

ھىجرىدە ھەرگىز تۇگەنمەس ماھ سالى بار ئىكەن،
بولسا ھەم بۇنيادىغە بىر كۇن زاۋالى بار ئىكەن.

ئاي يىل فۇرقىتدە بولساڭ توكمە قاشىڭغە،
ھىجرىدا گەر يىللار ئوتسە بىر ۋىسالى بار ئىكەن.

گۇفتىگۇ ئەيلەرگە مەندەك يوق دىسەم ھەر سۇبھى شام،
يار بىرلە بارچەنىڭ ھەم قىيلۇ قالى بار ئىكەن.

ئشق ئەھلنى كويىدا ھەيران سەرگەردان قىلىب،
كىچە ـ كۈندۈز يىغلاتۇردا بىر خىيالى يار ئىكەن.

يار زۇلفى تابىدىن مىسكىن كوڭىللەر تابى يوق،
بىخۇدۇ مەست ئەيلەرگە ئۇشبۇ خالى يار ئىكەن.

ھەم باھارۇ ھەم خازان ھەم ھىجىر ئوتى ھەم ئەزب ۋەسىل،
ئورتاماسى بۇ ئىككى جاھان بۇ ئىتىدالى يار ئىكەن.

كوڭىل ئالدى ماسىۋاللاھ بارچەنى ئەيلەب غىرىب،
نە ئۇچچۇنكىم جۇملە ۋە ئەكسى جامالى يار ئىكەن.

ماسىۋاللاھدا زوھورى سەيرى قىلغاچ بىلدىكىم،
قاي بىرىگە قابىل ئولسا ئىتتىسالى يار ئىكەن.

× ×

ئەي قاشىڭ ناچىر ئىتىب بەيرەم ھىلالى رۇئيەتىن،
مىھىر روخسارىڭ ئوشاتتى بەدرى ئەنۋەر بىكەۋكەتىن.

ۋەسىل باغىڭدىن مەگەر ئەستى نەسىمى سۇبھدەم،
ئىشق خىيالىدىن ئىتىب نابۇد ھىجران كۇرىبىتىن.

مىژدەئى قەددىڭدىن ئىلتىب باغ ئارا بادى سەھەر،
ھەسرىتىدىن ھەرسارى خەم قىلدى سەرۋى قامەتىن.

تۇشكەلى گۇلشەنگە مەيگۇن ئارەزىڭنىڭ پىرتەۋى،
زاھىر ئەتتى باغ ئارا لالە نەسرىن خىجلەتىن.

ئاڭلاغاچ جانىم قۇشى ھۇببۇلۋەتەندىن نوكتەئى،
جۇش ئۇرۇب ھىجران بالاسىن قىلدى ئەفزۇن غۇربىتىن.

تاڭ ئەمەس بولسا زوھۇرىنىڭ يۇرەك باغرى كاباب،
شەۋق ئوتى تۇشكەچ ئىچىمگە قىلدى كوبراك ھىر قىتىن.

× ×

ساقىيا جامىمنى ساف ئەيلەمەي ئەنۋارىدىن،
ئەيلەگىل كوڭلۇمنى خالى جۇملەئى ئەغيارىدىن.

مەست ئەيلەپ ھوشۇم ئال قىلغىل خۇماردىن خالاس،
ھەم خۇمار ئۈزلۈكدىن ئەيت ھەم پەردەئى پىنداردىن.

ھىجرىڭ ئەندۇھىدىن بولدى كوزۇم يىغلاپ بەسىر،
كاشكى بولغاي ئىدى بىنا كوزۇم دىداردىن.

گەر باھار ئوتكەچ تولا سارغارتسا يافراغلار نىتاڭ،
سارغارىپ يۈز غەم بىلە جۇدا غەمخۇاردىن.

ۋەسلى قەدىن بىلمەگەنگە ھىجىر ئوتى باداش ئىمىش،
بولما نەۋمىد ئەي زوھورى بورنا سويگەن ياردىن.

× ×

كەلمەدى بىر مۇژدە ئول سەرۋى گۇل رۇخساردىن،
زار بۇلبۇلدەك جۇدا قالدىم كوڭىل گۇلزاردىن.

تەشنەدۇر جانىم قۇشى بۇ ھىجرەتا بوستانىدا،
تاتمايىن بىر قەترەئى ئول شەككەر باردىن.

ۋەسلى غەيبىنى سوراپ تافتىم فىراقى ئوتىنى،
سەرۋىدۋەشتىمدەك ماڭا بۇ چەرخ كەژرەفتاردىن.

ساقىيا بىر جام ئىلە مەست ئەيلە ئانداغ كىم مىنىڭ،
قالماغاي ناموسىڭ باشىمدا پىنداردىن.

ئەيىب ئەمەس سەرگەشتە بولسام دەشت ئارا مەجنۇن كەبى،
ئىچۇك ئۈزگەيمىز كوڭلىنى لەيلى يەڭلىغ ياردىن.

يۈزىنىڭ ھەيرانىنى زۇلفى ئەسىر ئەتسە نىتاڭ،
بۇت پەرەست فارىغ ئەمەس بۇت ئىشقىدا زۇننارىدىن.

گۇلرۇخۇڭ ئىشقىدا بولساڭ ئاشىقى سابىت قەدەم،
نوقتە يەڭلىغ ئەي زوھورى چىقماغىل بىر كاردىن.

× ×

ئىدىن تاشلاپ كەتتىڭ ئەي نەۋجۇۋان،
سىنىڭسىز يىل ئولدى ماڭا بىر زامان.

كى قىلدىم جاھان بىرلە جانىم فىدا،
سەن ئېردىڭ كوزۈم نۇرى جىسمىمدا جان.

كېچىب خانىماندىن دېمىش مەن سېنى،
كىشى بولماغاي مۇنچە بى خانىمان.

بەسى ھىجرىڭ ئىلكىدە چەكتىم جافا،
دېسەم شەممەئى ئاندىن بولۇر داستان.

يامان كوڭلۇم ئىچرە تۇتۇب سەن ئورۇن،
ئەگەرچە كوزۈمدىن ئېرورسەن نىھان.

ۋىسالىڭ نېچە كىم نېسىب ئولماسا،
ئوزۇڭ يادىدا قىل مېنى جاۋدان.

يۇرەي ئانچە ۋەسلىڭ ھۇماسىن سوراب،
سىزىب ئەت توگەب قالغۇچە ئۇستىخۋان.

باشىم بارسا بۇ كويدىن يانماغۇم،
ئەگەر مەنىڭ ئىتەر بولسا خەلقى جاھان.

زوھورى يىمە ئىككى دۇنيا غەمىن،
بۇرادەر ساڭا كەلدى ساھىبقىران.

× . ×

سېنى بىر كورماگۇم ئارتۇق تۇرۇر جان جاھانىمدىن،
لىبىڭدىن تازە جان ئەيلەب تويۇب مەن خەستە جانىمدىن.

بۇ ۋەيران ئىچرە قالدىم يارسىز ھەيران سەرگەردان،
نېچۇك ئۇمىد ئۇزەي كورمەي زامانە مېھربانىمدىن.

ئايا ساقى كەلتۇر مەي بىردەم مەست ئولماغۇم خوشتۇر،
ئوزۇمدىن بى خەبەر بولماغلىغ ياخشى - يامانىمدىن.

قىلىبدۇر ئوقلارىڭ زەخمى يامان جىسمىمنى رەۋزەندەك،
نېدىن كىرمەس جامالىڭ مېھرى جىسمى ناتىۋانىمدىن.

يارىب بۇ يولغە تافماي مەقسىدىم كوڭلۇم پەرىشاندۇر،
بولۇرمەن جەمئ دىل ئالسام خەبەر ئول دىلىستانىمدىن.

نىتاڭ بۇلبۇل سۈپەت ئۇشاق تەرزىدا ناۋا قىلسام،
مەشامىمغا نەسىمى يەتسە بىردەم گۇلۇستانىمدىن.

..........................................................

..........................................................

## لۇغەت

بەسىر — سىرلىق ئىش
كەۋنەين — ئىككى ئالەم
كىرىپ بىر ئەين ئىككى لام ئاراسىغا — "لەئىل" سوزى نەزەردە تۇتۇلىدۇ، مەھبۇبنىڭ قىزىل لىۋىنى دىمەكچى.
بارى ئامانەت — ئامانەت يۈكى
لەدۇننى ئىلمى — تەڭرى ئاتا قىلغان ئىلىم
زولومەد — زالىملىق
جوھولەن — نادانلىق
تانۇغلۇق — گۇۋالىق
شامى ھىجران — جۇدالىق كېچىسى
دەلق — دەرۋىشلەرنىڭ قوراق جەندىسى
ئاۋامىنناس — خالايىق، خەلق
مۇشتەغىل — مەشغۇل بولغۇچى
ئەۋساف — سۈپەتلەر
ئەسما — ئىسىملار
شۇئائى — نۇرى، شولىسى
تاتۇر — تارتقۇزغىل، ئىچۇرگىل
ۋەرزوقنا — رىزىق-ئوزۇق قىلماق
تەقرىر — سوزلىمەك، بايان قىلماق
نىھان — مەخپى، يوشۇرۇن
زەمىر — قەلب، كوڭۇل
ۋاقىف دانا — بىلگۇچى
رەببى ئەھدىنا — تەڭرىم، ماڭا توغرا يول كورسەتكىن

| | |
|---|---|
| ئۇنسۇرنا | — مەدەت بەرگىل |
| جۇلاسىن | — چاقناپ تۇرغان نۇرىنى |
| ئۇزلۇكىدىن | — مەنىمەنلىكتىن |
| ئەۋرادى | — ئىسى - يادى، ئوقۇيدىغىنى |
| زەلەمنا رەببەنا | — تەڭرىم، بىز ئۆزىمىزگە زۇلۇم قىلدۇق |
| خەيرولبەشەر | — ئىنسانلارنىڭ ياخشىسى |
| گەنجىنەئى ئەسرار | — سىرلارنىڭ غەزىنىسى |
| هوزۇپ | — دەم سېلىپ |
| ئىنزىۋا | — غېرىپ بولۇپ يۈرمەك، جەمىيەتتىن ئايرىلماق |
| مەخزەن | — غەزىنە |
| مىئمار | — بىناكار |
| نەسىم | — خۇشپۇراق شامال |
| مەزاق | — ئېغىزغا تېتىش |
| تەلخكام | — ئاغزى ئاچچىق |
| تىرياك | — زەھەرنى ياندۇرغۇچى دورا |
| هۇببۇلۋەتەن | — ۋەتەننى سويۇش |
| ئەنا | — جەۋرى - مۇشەققەت، ئازاپ |
| هەزيان | — قالايمىقان سوزلەش |
| گەۋھەرى يەكتا | — يېگانە گوهەر |
| بىنى ئادەم | — ئادەم ئەۋلادى |
| يەم | — دېڭىز |
| مۇقاتىر | — تامچىلار، قەترەلەر |
| دىجلە | — ئىراقنىڭ باغدات شەهرىدىن ئېقىپ ئوتىدىغان دەريا |
| قەلزۇم | — مەككىگە يېقىن، دېڭىز بويىدىكى بىر دەريا |
| ئافىرىنىش | — كائىنات، ئالەم |
| بوستانى ئىلمىگە | — ئىلمىنىڭ بوستانىغا |
| مالەم تەكۇن | — بولمىدى، يارىتىلمىدى |
| پەيرەۋلىغ | — ئەگىشىش |
| لەم يەكۇن | — بولماسلىق، يارىتىلماسلىق |
| تەمەننا | — ئۇمىت، ئارزۇ |
| چەرخ ئەۋجى | — پەلەكنىڭ دەۋر قىلىشى |
| غەم شامى | — قايغۇ كېچىسى |
| هامىم | — قۇرئان سۇرىلىرىدە ئۇزۇك ھەرپ بىلەن كەلگەن بىر ئايەت |
| خاتەم | — ئۇزۇكنىڭ كوزى |
| زەمزەم | — مەككىدىكى مەشھۇر زەمزەم قۇدۇغى |
| خەيل | — گۇرۇھ، كىشىلەر |

| | |
|---|---|
| زۇمرە | — ئەۋلات، گورۇھ |
| لەيل نيھار | — كېچە - كۈندۈز |
| رەي | — ھىندىستان پادىشالىرىدىن بىرى |
| دارا | — ئىران شاھلىرىدىن بىرى |
| ششەئى سەھبا | — ئەينەك قەدەھ |
| خارا | — قاتتىق تاش |
| ئۇجماق | — جەننەت |
| قۇددۇس كالام | — تەڭرى سوزى |
| يارا | — باراۋەرلىك، تاقابىل تۇرۇش |
| زوھرا | — بەخت يۇلتۇزى |
| ئۇزار | — مەڭىز، يۈز، جامال |
| نەقلى گۈل | — گۈل ھەققىدە ھىكايە |
| تاب | — تاقەت، چىداش |
| تاب زۇلفۇڭ | — چېچىڭنىڭ يالتىرىشى |
| ئەرئەر | — قارغاي |
| ئەھمەر | — قىزىلگۈل |
| ئەخكەر | — چوغ |
| پەرتەۋسى | — شولىسى |
| مەجمەر | — بوي |
| مىژە | — كىرپىك |
| تۈشلاب | — قارىتىپ |
| باۋەر | — ئىشىنىش |
| چابىك | — چاپتۇر، چاپسان |
| شەق | — يېرىلىش |
| جۇست | — تېز، ئىلدام |
| سەمەند | — يۇرۇشلۇك ئات |
| پەيۋەستە | — ئارقىمۇ - ئارقا |
| بادە پەرەست | — مەيخور |
| پىرى مۇغان | — بۇتخانىنىڭ شەيخى |
| خىلىل ئاسا | — ئىبىراھىم خەلىلۇللاغا ئوخشاش |
| مەلەك سىما | — پەرىشىگە ئوخشاش |
| جۇيبار | — ئېرىق - ئوستەڭ |
| پەيۋەشتە قاش | — قوشۇما قاش |
| لا ماكان | — ماكانسىز، سەرگەردان |
| ئىسار | — چېچىش، سورۇۋېتىش، پىدا قىلىش |
| مەۋج | — دولقۇن |

مۇمكنات — ئالەمدە مەۋجۇت مەخلۇقاتلار

بەل — بەلكى

سەمەك — بىلىق

سىردان — ئىچكى سىرلارنى بىلگۈچى

مىر ئات — ئەينەك

ھەدىس — سوز

ئىنان — تىزگىن، چۇلۋۇر

كوھەل — سۈرمە

بى باك — ھاياسىز، نومۇسسىز

خەيلى ئابىت — تائەت - ئىبادەت قىلغۇچىلار گۇرۇھى

شىكەست — زەربە، مەغلۇبىيەت

نىتاك — ئەيىپ ئەمەس

خار — تىكەن

خار دوست — تىكەننى دوست تۇتقۇچى

پاي كوپ — دەسسىلىش، تىپىلىش

نىم بىسمىل قۇش — چالا بوغۇزلانغان قۇش

غەددار — ھىلىگەر، ئالدامچى

ئىقامەت — تۇرۇش

فەتتان — پىتنىخور

خەلەل — نۇقسان يەتكۈزمەك، دەخلى يەتكۈزمەك

پاك دامەن — ساغلام كىشى

مەئمەن — ئورۇن، جاي

شەرە — بايان قىلماق، چۈشەندۈرمەك

قالۇ - ماقال — گەپ - سوز

تىفللەر — كىچىك باللار

مەيى مەخرۇج — مەشۇقنىڭ ۋىسالىدىن مەھرۇم قالدۇرىدىغان مەي

تەھسىن — ياخشى

رۇخسارى ئۇز — چىرايلىق يۈز

ذوقەتى — مىڭى، خالى

يەلدا تۈنى — قاراڭغۇ كىچە

زور مەھشەر — قىيامەت كۈنىنىڭ دەھشىتى

لەئل شەكەر خايى — تاتلىق لىۋى

فىرىب ئامىز — ھىلە - مىكىر ئىشلەتمەك

شەممە — ئازغىنا

رەھن — گۇرە

تۇفۇلىيەت — بالىنىڭ بوۋاقلىق چېغى

روُخ — يۈز
گۇلنار — ئانار چىچىگى
تەۋق — بويۇنچۇق، بويۇنتۇرۇق
چامانە — قاپاقتىن ياسالغان قەدەھ
ئىستىغنا — ناز، ئۆزىنى بى هاجەت كورسىتىش
داس — ئوغاق
ئىففا — يوشۇرۇش
ماهال — مۇمكىن ئەمەس
خارا — تىك تاش
ئىشباھ — ئوخشاش
سابىر — سەۋرىلىك
سائىر — سەيىر قىلغۇچى، ئايلانغۇچى
فاخىر — پەخىرلەنگۇچى
نادىر — تېپىلماس، كەمدىن - كەم تېپىلىدىغان
ئازۇردە خاتىر — كوڭلى ئازار يىگەن
چاشنى — لەززەتى، تەمى
تۇلوئ — قۇياش، ئاي، يۇلتۇزلارنىڭ چىقىشى
ئەئما — كور، قارغۇ
خىرەد — ئەقىل
لالە ھەمرا — قىزىل لالەگۈل
تۇخمى — ئۇرۇغى
مۇنتەھى — كامالەتكە يەتكەن كىشىلەر
زاهىر — ئاشكارا
قەۋسى قۇزەھ — ھەسەن - هۇسەن
مئاد — ئادەت
ئەندەك — ئازغىنا
ئۇستۇۋار — مۇستەهكەم
شەهباز — قارچىغا
تەدىل — دۇمباق، ناغرا
سەرسەر — شىۋىرغان، چاقماقلىق بوران
مىشك بىز — ئىپار ھىدى
بادىخازانى بەرگى رىز — گۇللەرنى ۋە يوپۇرماقلارنى توكىدىغان كۈز شاملى
رىز - رىز — پارچە - پارچە
ھەبىبا — ئەي مەشۇق
مەۋىز — مىۋە
روزى رۇستەخىز — قىيامەت كۈنى

مۇنس — مۇڭداش، ئۇلپەت
ريا — ساختا، يالغان، ئالدامچىلىق
زىمىندا — مەزمۇنىدا
تەمەسخور — مەسخىرە قىلماق
ئەبىر — ئەنبەر
راھزەن — قاراقچى
تەھى — قۇرۇق، پاك
تەرەپ — خوشاللىق، ئىشرەت
نەكبەت — جاپا، پالاكەت
فانا دەيرى — ئۇزلۇكنى يوقىتىش بۇتخانىسى
ئۇزلەت — كىشىلەردىن ئۇزۇلۇپ تەنھا بولۇۋېلىش
خەرگاھ — چېدىر، بارگاھ
ھالە — ئاي تولغاندا ئەتراپىدا كورۇنىدىغان يۇمۇلاق دائىرە
موكەررەر — تەكرار
رەۋزە — باغ
فىردەۋىس — جەننەت
مۇژدە — مۇكاپات، ئىش ھەققى
كوس — ناغرا، دۇمباق
كىنوس — سۇپۇرۇپ سۇ چېچىش
رەمزە — ئىشارەت
سالۇس — ھەييار
جاھان پەيما — جاھاننى كەزگۇچى
بەزل — سېخىلىق، قولى ئوچۇقلۇق
جەۋشەن — پولات زەنجىرلىك كىيىم
قاتىلىۋەش — قاتىلغا ئوخشاش
خىلئەت — كىيىم
دەربەدەر — ئىشىكمۇ-ئىشىك يۇرۇش
قىن — قىلىچنىڭ غىلاۋى
ھىنا — خىنا
دام — تۇزاق
يايىنى چىن-چىن — ئوق-ياسىنى ھالقا-ھالقا قىلماق
غۇنچە دەھان — ئاغزى غۇنچىدەك
كوتە — قىسقا
يازۇق — گۇنا
ئافىيەت — تىنچ-ئامانلىق
مۇستەھەق — ھەقلىق

مەرھون — گورە قويۇلغان نەرسە
لاتەقنە تۇمن رەھمەتە تىللاھ — تەڭرىنىڭ رەھمىتىدىن ئۇمىدىڭلارنى ئۈزمەڭلار
زۇننۇن — قەدىمقى مىسىردا ئۆتكەن بىر ئۇلۇغ ئالىم
مۇر — چۇمۇلە
ئىشۋە — مەشۇقنىڭ نازى
مۇغ — بۇتپەرەس
ئاتەشناك — ئوتلۇق
ناسىھ — نەسىھەت قىلغۇچى
ئەنجۇم — يۇلتۇز
فەتراك — غانجۇغا
سەنگى باران — تاش ياغدۇرماق (چالما كىسەك قىلماق)
خودنامالىق — مەنمەنلىك، ئۆزىنى كورسىتىش
جۇرئە — ئىچىش، يۇتۇش
نەڭ — نومۇس، ھايا
كاشفى ئەسرار — مەخپى سىرلارنى ئاچقۇچى
كىشۋەر — مەملىكەت
چەھرە زەرد — سېرىق چىراي
فەيياز — پەيزى بەخش ئەتكۈچى
گۇڭگى لال — گاچا
ئەسكى رابات — كونا لەڭگەر (كونا دۇنيا)
ئىنبىسات — كوڭۇل ئازادىلىگى، خوشاللىق
كوي — مەھەللە، كوچا
ئىختىلات — ئارىلاشماق، بىرگە بولماق
تاج زەر — ئالتۇن تاج
قۇرب — يېقىنلىق
ۋەللەيل ئىزا يەغشا — قۇرئان ئايىتىدىن ئېلىنغان سوز — قەسەمىيات قىلىمەنكى، تۇن قاراڭغۇسى چۇشسە، دىگەن بولىدۇ
كوزمەردۇمى — كوز قارىچۇغى
پەيغام نامە — خەۋەرنامە
شەت — دېڭىز
ھىراۋۇل — ھەربى قوشۇننىڭ ئالدىن چارلىغۇچى ئەتىرىدى
بەت — ئۆدەك
ئەلفاز — سوزلەر
ۋابەستەلىك — باغلىنىش
چىن ئەلفاز — راست سوز
شىكاف — يېرىق، توشۇك

ماثاف ـــ ئەپۇ قىلش
هەيف ـــ ئەپسۇس، دەرىغ
چىن قىلىپ زۇلفۇڭنى ـــ چېچىڭنى بۇدۇرە قىلىپ
هەدەف ـــ نىشانە
سەئىب ـــ قاتتىق، ئېغىر
بادە ـــ شاراپ، هاراق
تەرسا ـــ خىرىستىيان
بەرنالىق ـــ ياشلىق، گۈزەللىك
قادىر ئەنداز ـــ ئوقچى، مەرگەن
هەرف ئەتمەك ـــ گەپ ئەتمەك، سوز تارقاتماق
نىسار ـــ خۇشخەۋەر، مۇكاپات چاچقۇسى
سىيە روي ـــ قارا يۈز
دانىش ئاموز ـــ ئۇستاز، مۇئەللىم
سىنان ـــ نەيزە
ساها ـــ يۇلتۇز
پەيرەۋى ـــ يولباشلىغۇچى
مەكتەبى زانۇ ـــ باللىق دەۋردىكى مەكتەپ
ئەر ـــ ئەگەر
بەيتۇلئەهزان ـــ غەم - قايغۇ ئويى
مۇدام ـــ شاراپ
مەهز ـــ ساپ، خالىس
مەسنەد ـــ تەخت
رەئد ـــ بۇلۇتتىن ۋە هاۋادىن كەلگەن گۈكىرىگەن ئاۋاز
بەرگ ـــ يوپۇرماق، مۇزىكا ئولتۇرۇشلىرىدا ئاڭلىغۇچىلارنى
خوشال قىلماق ـــ كۈلدۈرمەك
هەنقەل ـــ ئىسرىقدان
مەدهۇش ـــ هۇشسىز، ئەقىلسىز
سەيقەل ـــ تومۇرنىڭ دېتىنى ئالىدىغان ئەسۋاپ
ئەهۋەل ـــ كوزى ئەلەس ئادەم
ساكىنى ساهىل ـــ دەريا ۋە دېڭىز قىرغىقىدا تۇرغۇچى
فۇسساق ـــ پاسىقلار، يامان ئىشلارنى قىلغۇچىلار
لايەئقۇل ـــ ئەقىلسىز، هۇشسىز
هامىل ـــ كوتەرگۈچى
مۇفلىس ـــ يوقسۇل، كەمبەغەل
مۇل ـــ مەي، شاراپ
مەخلەس ـــ 1) تەخەللۇس، 2) خىيال، ئوي - پىكىر

قامىل — هازىرقى ئۇيغۇر تىلى تەلەپپۇزىدا: قۇمۇل

قۇلقۇل — مەيىنىڭ قۇيۇلغان چاغدىكى بۇلدۇقلىغان ئاۋازى

گەردىدە — چورىسىدە

زەڭ — دات، كىر، ناپاكلىق

خۇرشىد — قۇياش

بەدرى كامال — تولۇن ئاي

ئىكتىهال — كوزگە سۇرمە قىلىش

خۇر — قۇياش

گەرەھ — چىگىك، تۇگۇن

رەم — قېچىش

رام — ئىتائەت قىلىش، بويسۇنتۇش، كونتۇش

رەۋزەن — تۇڭلۇك

ئەتتى دال — قەددىم دال (د) هەرپىدەك ئېگىلدى

لام — "ل" هەرپىدەك

ئەفگار — مەجرۇھ، ئاجىز

كىلىك — قەلەم

ئەيد فىترە — روزا هېيت

ئۇزها — قۇربان هېيت

مىنقار — قۇشنىڭ تۇمشۇغى، قەلەمنىڭ ئۇچى

مۇرغەئى ئىسهاق — هوقۇش

ئەقىم — تۇغماس (نەتىجىسىز ئادەملەر)

كالا بەيىنى — بىر ئورام يىپ

زاتىلجەنب — جىگەر كېسىلى

تىب ئولومى — تىببى ئىلىم

كەيۋان — ئاسماننى نەزەردە تۇتىدۇ

سۇرەييا — هۇكەر يۇلتۇزى

مەغبۇن — زىيانغا ئۇچرىغۇچى، ئالدانغۇچى

ئەۋلا — ئەۋزەل، ياخشى

جەيهۇن — ئامۇ دەريا

بەسىر — كوز، كوزنىڭ كورۇشى

باداش — جازا

جاۋىدان — مەڭگۇ

مەشام — دىماغ، پۇراش ئىقتىدارى

مەۋلىدى — تۇغۇلغان يېرى

# «چىغاتاي ئەدەبىياتى» نىڭ شەكىللىنىشى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە

**ر . جارى**

«چىغاتاي ئەدەبىياتى» — خاقانىيە (قاراخانىلار) دەۋرىدىكى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ داۋامى بولۇپ، بۇ نام 13 - ئەسىردىن تارتىپ 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان سەككىز ئەسىر مابەينىدە مەيدانغا كەلگەن ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى. «چىغاتاي ئەدەبىياتى» دەۋرى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدا ئىنتايىن مۇھىم بىر دەۋر بولدى. بۇ دەۋردە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا غايەت زور ئىلگىرىلەش ۋە مىسلىسىز زور تەرەققىياتلار بارلىققا كەلدى.

مەن توۋەندە «چىغاتاي ئەدەبىياتى» نىڭ شەكىللىنىشىگە سەۋەپ بولغان تارىخىي شەرت - شارائىت ۋە ئاساسىي ئامىللار ئۈستىدە، شۇنىڭدەك «چىغاتاي ئەدەبىياتى» دىگەن ئاتالغۇنىڭ قانداق كېلىپ چىققانلىقى ھەققىدە بەزىبىر مۇلاھىزىلىرىمنى قىسقىچە ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

## 1

مەلۇمكى، ئۇيغۇر خەلقى تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە ئەڭ قەدىمىي خەلق، ئۇ مىلادىدىن خېلى بۇرۇنلا مۇكەممەل يېزىقى بولغان مەدەنىيەتلىك بىر خەلق بولغان. ئۇلارنىڭ ئەدەبىي تىلى — ئىسلام مەرىپىتىنىڭ تەسىرى تارقىلىشتىن ئىلگىرى يېتىلگەن نوپۇزلۇق يېزىق تىلى بولغان. بولۇپمۇ 9 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن 13 - ئەسىرگىچە ھوكۇم سۈرگەن قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتى ئىنتايىن گۈللەنگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەدەبىي ترادىتسىيىلىرى باشقا تۈركىي خەلقلەرگە نەمۇنە بولغان ئىدى. ئاشۇ گۈللىنىش، تەرەققىيات نەتىجىسىدە، پەن - مەدەنىيەت ساھەسىدە تۇرغۇنلىشقان ئۇلۇغ ئالىملار ۋە بۈيۈك مۇتەپەككۇر شائىرلار يېتىشىپ چىقتى ھەمدە ئالەمشۇمۇل ئەدەبىي يادىكارلىقلار بارلىققا كەلدى.

بۇ دەۋردە ئىككى خىل ئەھۋالغا دۇچ كېلىمىز. بىرىنچىدىن، ئىسلامىيەتنىڭ تەسىرى بىلەن ئەرەپ تىلى "ئىلىم تىلى" دەپ ئابروي قازانغاچقا، بىرمۇنچىلىغان ئۇيغۇر ئالىملىرى ۋە ئەدىپلىرى ئۆز ئەسەرلىرىنى ئەرەپ تىلى بىلەن يېزىپ، ئىلىم - مەرىپەتتە ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى كورسەتتى. چۈنكى، "ئەرەپ تىلى بىلەن سوزلەش ئەۋزەل" دەيدىغان دىنىي ئەقىدە مۇسۇلمان خەلقلەر ئارىسىغا كەڭ تارالغان ئىدى. ھەتتا بۇ ئەقىدە كېيىنكى دەۋرلەرگىچە داۋام قىلىپ كەلدى. ئىككىنچىدىن، ئۇيغۇر تىلىدا، يەنى ئانا تىلىدا ئەسەر يازغۇچى بۈيۈك ئالىملار ۋە شائىرلار ئۆز تىلىدا ئالەمشۇمۇل نادىر ئەسەرلەرنى يارىتىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ نوپۇز - ئېتىۋارىنى يۇقۇرى كوتەردى. مەھمۇت قەشقىرى، يۇسۇپ خاس

هاجىپ ۋە باشقىلارنىڭ ئۆلمەس ئەسەرلىرى بۇ جەھەتتە جاھان مەدەنىيىتى غەزىنىسىگە قوشۇلغان زور تۆھپە بولدى.

تارىخ مەنبەلىرىگە ئاساسلانغاندا، بۇددا دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان قوچۇدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىيات، تارىخ، پەلسەپىگە ئائىت كىتاپلىرى بەك كوپ ئىدى. بۇ يەرگە ساياھەتكە كەلگەن خەنزۇ ساياھەتچىسى ۋاڭ يەندىمۇ بۇ يەردىكى باي ئەدەبىياتىنى كورۇپ ھەيران قالغان. ئۇ مۇنداق دىگەن: "بالىلارنى ئوقۇتۇش ئۇچۇن دولەت غەزىنىسى ھىساۋىغا مۇئەللىملەر بار. دەرس تۇركچە (ئۇيغۇرچە) ئوقۇلىدۇ. ئۇيغۇرلار شېئىر يېزىشقا بەك ھەۋەسكار خەلق. ئۇز يېزىغىنى يازما ئەدەبىيات ئۇچۇن ئىشلىتىپلا قالماي، بەلكى دۇنياۋى ھاجەتلەر ئۇچۇنمۇ ئىشلىتىدۇ. ئۇيغۇر راھىپلىرىنىڭ قولىدا ئۇيغۇرچە يېزىلغان كىتاپلار بەك كوپ".①

يەنە شۇ مەنبەگە قارىغاندا، خەنزۇ تارىخچىلىرى ئۇيغۇرچە تارىخ كىتاپلىرىدىن مەنبە سۈپىتىدە پايدىلانغان.

ئىران تارىخچىسى رەشىددىن ئۇز ئەسىرىنى يازغاندا ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ كىتاپلىرىدىن پايدىلانغان. ئۇيغۇرلاردا بەك باي كۇتۇپخانىلار بولغان. ئەمما بۇددا دىنىغا ئائىت كىتاپلار كوپ تېپىلغان بولسىمۇ، ئىسلام دىنىدىكى ئۇيغۇرلار ھەم تۇققۇز ئوغۇز ئالىملىرى تەرىپىدىن يېزىلغان دىنىي ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەردىن بار-يوقى بىر نەچچە كىتاپلا ساقلىنىپ قالغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە «ئالتۇن ياروغ» (10-ئەسىر). «قۇتادغۇبىلىك» (11-ئەسىر)، «تۇركى تىللار دىۋانى» (11-ئەسىر) قاتارلىق ئەسەرلەر ئەڭ زور ۋە ئەڭ مەشھۇر ئەسەرلەر ئىدى.

قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ كېيىنكى دەۋرلىرىدە بىر قاتار سىياسى، ئىجتىمائى ۋەقەلەر يۈز بەرگەنلىگى نەتىجىسىدە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا ئوزگىرىش ۋە تەرەققىياتلار بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. بۇ ھال «چىغاتاي ئەدەبىياتى» نىڭ شەكىللىنىشىدە تۇرتكىلىك رول ئوينىدى.

ئەسلىدە قاراخانىلار سۇلالىسىدا "تۇرك" دىگەن ئومۇمى ئاتالغۇ بىلەن بىرلىككە كەلگەن ھەرخىل قەبىلىۋى تەركىپ مەۋجۇت ئىدى. ئەمما بۇ دولەتتە ئۇيغۇرلار بىلەن قارلۇقلار مەركىزىي ئورۇندا تۇراتتى. بۇلاردىن تاشقىرى بۇ دولەتنىڭ چېگرىسى ئىچىدە ياشايدىغان ئوغۇز-قىپچاقلار ئاساسىي ئاھالىلەردىن ئىدى.

11-ئەسىردە، ئوغۇزلار غەرىپكە قاراپ سىلجىپ سىر دەرياغىچە يىراقلاپ كەتتى. يەنە شۇ چاغنىڭ ئۇزىدە قىپچاقلارمۇ سىر دەريا ۋادىسىغا قاراپ كوچۇپ، ئولتۇراقلىششقا باشلىدى.

مانا شۇ تارىخىي ۋەقەلەر ئارقىسىدا، قەدىمىي ئۇيغۇر يېزىقى ۋە تىل-ئەدەبىياتى تەخمىنەن 11-ئەسىردىن باشلاپ ھازىرقى شىنجاڭ چېگرىسى دائىرىسىدىن چىقىپ، غەرىپكە تارىلىشقا باشلىدى.

كېيىنكى دەۋرلەردە بىر قاتار مەشھۇر ئەسەرلەر—«ئەتەبەتول-ھەقايىق» (12-ئەسىر)، ئەھمەت يەسەۋىنىڭ «ھىكمەتلەردىۋانى» (12-ئەسىر)، «ئوغۇزنامە» (12-، 13-ئەسىر) قاتارلىق ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى. بۇ ئەسەرلەرنىڭ تىلى ۋە ئۇسلۇبىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇر

---

① «تۇرك — تاتار تارىخى» قازان. 1914-يىل

ئەدەبىياتى تارىخىدا قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئەدەبىياتتىن «چىغاتاي ئەدەبىياتى» نىڭ
شەكىللىنىشىگە قەدەر بىر ئۆتكۈنچى دەۋر داۋام قىلغانلىقى ئېنىق.

## 2

چىڭگىز ئىستىلاسىدىن كېيىن قەدىمقى ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى تارىخىدا كەسكىن بۇ-
رۇلۇش دەۋرى باشلىنىپ، ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتى قايتىدىن جانلىنىشقا يۈز تۇتتى. موڭغۇل
ھوكۇمدارلىرى ئىدارىسىدىكى كەڭ تۇپراقتا ئۇيغۇر يېزىقى ۋە تىل-ئەدەبىياتى يەنىمۇ كەڭ تارق-
لىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. موڭغۇللار ھوكۇمرانلىقىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىن باشلاپلا
ئۇيغۇرلار دولەت ئورگانلىرىدا كاتىپ سۈپىتىدە ئىشلىتىلدى، ئۇيغۇر يېزىقى موڭغۇلچە ۋە
تۈركچە ھوكۇمەت ئالاقە ھوججەتلىرىدە قوللىنىلدى. ئۇيغۇر تىلى موڭغۇل تىلى بىلەن بىر
قاتاردا دولەت تىلى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىندى. بۇ ھال ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ۋە ئۇيغۇر
يېزىقىنىڭ غەربىي ئىران ۋە ئىراق زېمىنلىرىغىچە يېيىلىشىغا تۈرتكە بولدى. 14-ئەسىرنىڭ
دەسلەپكى يېرىمىدا ئىراندا ھوكۇم سۈرگەن ئىنجۇ سۇلالىسىنىڭ ھوكۇمدارى ئەبۇ ئىسھاقنىڭ
باش قوماندانى ئەمىر ئاي تومۇرگە بېغىشلانغان بىر توپلامغا «ئەتەبەتول-ھەقايىق» دىن
ئايرىم پارچىلار ۋە بىر تۈركۇم تۈركچە (ئۇيغۇرچە) شېئىرلار كىرگۈزۈلگەن. بۇ ھال شۇ
دەۋردە تۈرك (ئۇيغۇر) ئەمىرلىرىنىڭ قوللاپ-قۇۋۋەتلىشى ئاستىدا ئىراندا ئۇيغۇر ئەدەبىيا-
تىنىڭ تەرەققى قىلغانلىقىنى ۋە ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەسەرلەرنىڭ لەززەت بىلەن ئوقۇلغانلىقى-
نى ئوچۇق كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ نوپۇز-تەسىرى تاكى 14-، 15-ئەسىرگىچە ئۇ-
سۈپ بارغان بولۇپ، يالغۇز تومۇرىلەر دەۋرىدىكى چىغاتاي دولەتلىرىدىلا ئەمەس، بەلكى قارا قۇ-
يۇنلۇقلار، ئاق قويۇنلۇقلار ۋە سەپەۋىلەر دەپ ئاتالغان تۈركمەن سۇلالىلىرىنىڭ مەھكىمە ھوججەت-
لىرىدە بولۇپمۇ ھوكۇمدارلارنىڭ يارلىقلىرىدا ئۆزىنى كۆرسىتىشكە باشلىغان.

موڭغۇللار ئىستىلاسىدىن كېيىن، قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىي
تىلىغا شۇ تىل تارالغان كەڭ رايونلاردىكى ھەرخىل يەرلىك لەھجىلەر قوشۇلۇشقا باشلىدى؛ ئوغۇز،
قىپچاق تىل ئېلېمېنتلىرى تېخىمۇ كۆپلەپ ئارىلاشتى، شۇنىڭدەك ئەرەپچە-پارسچە سوز-ئىبا-
رىلەر كوپەيدى. شۇنداق قىلىپ، قەدىمقى ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى ئۆزگىچە بىر ماھىيەت ۋ
ئالاھىدىلىككە ئىگە بولدى. بۇ تەرەققىيات ھازىرقى شىنجاڭ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران زې-
مىنلىرىدە، خارەزىمدە، ئۇندىن كېيىن ئالتۇن ئوردىدا مەيدانغا كەلدى. بۇ ئەھۋال «چىغا
تاي ئەدەبىياتى» نىڭ شەكىللىنىشىدە زور رول ئوينىدى. ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى تارىخىد
كى بۇ تەرەققىيات 13-ئەسىردە باشلانغان بولۇپ، بۇ ۋاقىتنى «چىغاتاي ئەدەبىياتى» نىڭ
باشلىنىش دەۋرى دېسەك بولىدۇ.

13-، 14-ئەسىرلەردە، چىڭگىز ئوغۇللىرى ھوكۇمدارلىقىدىكى ھەرقايسى خانلىقلارنىڭ
مەدەنى مەركەزلىرىدە، جۈملىدىن ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ مەركىزىدە باي دۇنياۋى (دىنى
تۈس ئالمىغان) ئەدەبىيات مەيدانغا كېلىشكە باشلىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە شائىر ئەلىنىڭ
«قىسسەئى يۇسۇف»، خارەزىمىنىڭ «مۇھەببەتنامە»، قۇتبىنىڭ «خىسراۋ ۋە شىرىن»، سەي

فى سەراينىڭ «گۈلىستان» ناملىق ئەسەرلىرى بار. شۇنىڭدەك 14 - ئەسىردە، «قىسسەسۇل ئەنبىيا»، «تەزكىرەئى ئەۋلىيا»، «بەختىيارنامە»، «مىئراجنامە» قاتارلىق ئەسەرلەر مەيدانغا كەلدى. بۇ ئۈچ ئەسەر ھىراتتا ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلغان. يۇقۇرىدا تىلغا ئېلىنغان ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى «چىغاتاي ئەدەبىياتى» نىڭ باشلانغۇچ دەۋرىنىڭ مەھسۇلىدۇر.

14 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن تارتىپ 15 - ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يېرىمىغىچە بولغان مەزگىل ئىچىدە «چىغاتاي ئەدەبىياتى» يەنىمۇ يۇقۇرى تەرەققىياتقا ئېرىشىپ، مول دۇنياۋى ئەسەرلەر مەيدانغا كېلىشكە باشلىدى. بۇلارنىڭ ئالدىنقى ۋەكىللىرى: سەككاكى، لۇتفى، ئاتايى، يۇسۇف ئەمىرى، ھەيدەر، خارەزمى، سەئىد ئەھمەت مىرزا، گادائى، يەقىنى ۋە باشقىلاردۇر. بۇلارنىڭ ئىچىدە لۇتفى، ئاتايى، سەككاكى ئەسەرلىرى مۇھىم ئورۇننى تۇتىدۇ. بۇ شائىرلار ناۋايىدىن بۇرۇن ئۆز ئانا تىلىدا ئەسەر يېزىپ، «چىغاتاي تىلى» ۋە «چىغاتاي ئەدەبىياتى» نىڭ روناق تېپىشىغا زور ھەسسە قوشقان مەشھۇر نامايەندىلەردۇر. بۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ئەرەپچە - پارسچە سۆزلەر كۆپ بولسىمۇ، لېكىن قەدىمقى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئەنئەنىلىرى ۋە جانلىق خەلق تىلى زور سالماقنى ئىگەللەيدۇ. ئەلىشىر ناۋايى بۇ ئۈچ شائىرنى ئۆز دەۋرىنىڭ پەۋقۇلئاددە ئوتتۇرا شائىرلىرى دەپ تىلغا ئالغان ئىدى.

ناۋايىدىن ئالدىنراق تۈركى مۇئەللىپلەر ئىچىدە ئەرەپچە - پارسچە يېزىش خاھىشى بەك كۈچەيگەن ئىدى. بۇ توغرىسىدا ئەلىشىر ناۋايى ئۆزىنىڭ «مەجالىسۇن نەفايىس» دېگەن مەشھۇر ئەسىرىدە ئۆزىدىن بۇرۇنقى زاماندىشلىرىدىن توقسان كىشىنىڭ نامىنى زىكرى قىلىپ، بۇلارنىڭ ئىچىدىن پەقەت ئون ئالتە كىشىنى "تۈركى گويى" يەنى تۈركى تىلىدا (ئۆز ئانا تىلىدا) ئەسەر يازغۇچى شائىرلار دەپ ئاتىغان ئىدى. بۇلار ھەيدەر، قەلەندەر، تارخانى، دەرۋىش نازىكى، يەقىنى، ئاتايى مۇقىمى، كەمائى، لۇتفى، سەككاكى، جامى سۇھەيدى، بىلال، مىر سەئىت قوبۇلى، مۇھەممەت ئەلى، غەرىبى، مىرزابەك ۋە سەئىد ھەسەن ئەردەشىرلەردۇر. بۇلار ياشاپ ئىجات قىلغان دەۋر «چىغاتاي ئەدەبىياتى» كىلاسسىك دەۋرىنىڭ باشلانغۇچ مەزگىلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

15 - ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا ئەلىشىر ناۋايى بىلەن باشلانغان دەۋر «چىغاتاي ئەدەبىياتى» ئەڭ گۈللەنگەن كىلاسسىك دەۋر بولدى. ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر ئەلىشىر ناۋايىنىڭ ئەسەرلىرى «چىغاتاي ئەدەبىياتى» نىڭ يۈكسەك چوققىسى ھېسابلىنىدۇ.

ناۋايى دەۋرىگىچە ئۆز ئانا تىلىدا ئەسەر يازغۇچى شائىرلار كۆپىيىپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ناھايىتى مەشھۇر بولغان بولسىمۇ، ئۇلار ئەدەبىياتتا ئۆز ئانا تىلىنىڭ پايدىسى ھېساۋىغا ھەل قىلغۇچ بۇرۇلۇش بارلىققا كەلتۈرەلمىگەن ئىدى. بۇ توغرىلىق ناۋايى «مەجالىسۇن نەفايىس» دا مۇنداق دېگەن: "... يۇقۇرىدا زىكرى قىلىنغان شائىرلار ئىچىدە يالغۇز لۇتفىنى ھېساپقا ئالمىغاندا پارس شائىرلىرى بىلەن تەڭ تۇرالىغۇدەك بىرەرتىسى يوق ئىدى". دەرۋەقە، ناۋايى ۋە ئۇنىڭ ئەسىرداشلىرى ئىش كۆرگەن دەۋردە پارس ئەدەبىياتى ئۈستۈن ئورۇندا تۇراتتى. چۈنكى پارس كىلاسسىك شېئىرىيىتىنىڭ مۇھىم ژانىر شەكىللىرى (رۇبائى، غەزەل، قەسىدە، مەسنەۋى، قىتئە قاتارلىقلار) 10 - ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدىن باشلاپلا رەسمى شەكىللەنگەن ئىدى. 10 - ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن تارتىپ ئېپىك شېئىرىي ئەسەرلەر، چوڭ ھەجىمدىكى داستانلار بارلىققا كېلىشكە باشلىغان. بولۇپمۇ پارس كىلاس-

سىك ئەدەبىياتىنىڭ بۈيۈك نامايەندىلىرى — رۇداكى، فىردەۋسى، ئەتتار، ناسىر خىسراۋ،
ئۆمەر ھەييام، سەئدى شىرازى، ھاپىز شىرازى، جامىل خۇجەندى، ئابدۇراخمان جامى قا-
تارلىق شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى يالغۇز پارس ئەللىرىدىلا ئەمەس، بەلكى ئوتتۇرا ئاسىيادىمۇ
غايەت زور شوھرەت قازانغان ئىدى. ئەلىشىر ناۋايى مۇشۇنداق نوپۇز تەسىرى ئىن-
تايىن كۈچلۈك، باي پارس ئەدەبىياتىنىڭ ئالدىدا ئۇز ئانا تىلى ئۈچۈن ۋە ئۇز خەلقى
ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن كۈرەش قىلغان ئۇلۇغ بايراقداردۇر. ناۋايى پارس تىلىنىڭ
ئەدەبىياتتا ھامان ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇزىنىڭ «مۇھاكىمەتۇل
لۇغەتەيىن» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىنى يېزىپ چىقتى ۋە بۇ ئەسەردە تۈرك (چىغاتاي) تىلى-
نىڭ ئەدەبىي تىل بولۇشقا پۈتۈنلەي مۇناسىپ ئىكەنلىكىنى ۋە شۇنداق بولۇش زۆرۈرلۈكىنى،
بەزى جەھەتلەردە پارس تىلىدىن قېلىشمايدىغانلىقىنى، ھەتتا لۇغەت بايلىقى ۋە گىراماتىك
شەكىللىرىنىڭ پۇختا، سىلىق، ئىخچاملىقى جەھەتتە پارس تىلىنى بېسىپ چۈشىدىغانلىقىنى
ئۇز زاماندىشلىرىغا ئۇقتۇرۇپ ئۆتتى. دەرۋەقە ناۋايى ئۇزىمۇ ئۇيغۇر («چىغاتاي») تىلىدا
ئالەمشۇمۇل ئەسەرلىرىنى يوروۇقا چىقىرىپ، «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەيىن» دە ئوتتۇرىغا
قويغان پىكىرلىرىنى ئەمەلىيەتتە ئىسپات قىلدى.

16 - ئەسىردىن 20 - ئەسىرگىچە بولغان جەريان «چىغاتاي ئەدەبىياتى» كىلاسسىك دەۋ-
رىنىڭ داۋامىدۇر. بۇ دەۋردە ئۆتكەن ئۇيغۇر شائىرلىرى — خىرقىتى، زەلىلى، نوبىتى، گۇمنام،
قەلەندەر، نىزارى، موللا بىلال ۋە باشقىلار يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن كىلاسسىكلىرىمىزنى،
بولۇپمۇ ئۇلۇغ دانىشمەن شائىر ئەلىشىر ناۋايىنى ئۇزلىرىنىڭ پىر-ئۇستازى دەپ بىلىپ،
ئۇلارنىڭ ئەدەبىي ئەنئەنىلىرىگە تولۇق ۋارىسلىق قىلدى ۋە تىل جەھەتتە ئالغا ئىلگىرى-
لەپ، يەرلىك لەھجىلەرنى تەرەققى قىلدۇرۇپ، ئۇز ئەسەرلىرىنى تېخىمۇ چۈشىنىشلىك،
يېنىك ئۇسلۇپ بىلەن ئىجات قىلىپ، «چىغاتاي ئەدەبىياتى»نى داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى.

3

«چىغاتاي تىلى»، «چىغاتاي ئەدەبىياتى» دىگەن ناملار بىرلا ۋاقىتتا قوللىنىلىشقا باش-
لىغان بولۇپ، بۇ ناملار مەلۇم تارىخىي شارائىتتا ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ۋە ئۇيغۇر كى-
لاسسىك ئەدەبىياتىغا قويۇلۇپ قالغان سۇنئى ئاتالغۇلاردۇر. "چىغاتاي" سوزى چىڭگىزخاننىڭ
ئىككىنچى ئوغلى چىغاتاينىڭ ئىسمىدىن ئېلىنغان. مەلۇمكى، چىڭگىزخان ئۇز ھاياتىنىڭ ئاخىر-
لىرىدا موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنى ئوغۇللىرىغا بولۇپ بەرگەن چاغدا، چىغاتاينىڭ ئىدارە قىلىشىغا
خارەزىم، ماۋەرائۇننەھر، يەتتە سۇ (ئىلى ۋادىسى)، بەلخ، بەدەخشان، قەشقەرىيە، جۇڭ-
غارىيە قاتارلىق كەڭ زېمىن تەككەن بولۇپ، بۇ تېرىتورىيىدە فېودال دولەت — چىغاتاي ئۇ-
لۇسى قۇرۇلغان ئىدى. چىغاتاي ئۇزى يەتتە سۇدا تۇرغان. ئۇ 1242 - يىلى ئۆلدى.
"چىغاتاي ئۇلۇسى" كېيىنرەك "ماۋەرائۇننەھر" ۋە "موڭغۇلىستان" دەپ ئىككىگە بولۇنگەن
بولسىمۇ، تۇغلۇق تومۇر تەرىپىدىن بىرلەشتۈرۈلگەن (1360 - يىلى). تۇغلۇق
تومۇرنىڭ ئۆلۈمىدىن (1366 - يىل) بىر نەچچە يىل كېيىن، چىغاتاي ئۇلۇسى ئاقساق
تومۇرنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىغا ئۆتكەن.

14 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ماۋەرا ئۇننەھرنىڭ ھوكۇمرانلىغى چىغاتاينىڭ نەۋرىسى دۇۋاخان (تۇۋاخان) نىڭ قولىغا ئۆتكەن چاغدا، "چىغاتاي" سوزى ئەڭ باشلاپ موڭغۇل خانلىرى ھوكۇم سۇرگەن دولەتنىڭ نامىنى بىلدۇرۇش ئۇچۇن رەسمى رەۋىشتە "چاغاتاي دولىتى" دەپ يۇرگۇزۇلۇشكە باشلىغان. ئۇندىن كېيىن تۇرك (ئۇيغۇر) ئەدىبىي تىلى ۋە ئەدىبىياتى ئەڭ ئاۋال ئاشۇ دولەت تېرىتورىيىسىدە ئىنتايىن راۋاج تاپقانلىقتىن چىغاتاي تىلى ۋە چىغاتاي ئەدىبىياتى دەپ نام ئالغان. لېكىن دۇۋاخان زامانىسىدىن بىر ئەسىر بۇرۇنلا چىڭگىز ئىمپېرىيىسى زىمىنىدە مەيدانغا كەلگەن ئەدىبىي ئەسەرلەرمۇ تىل، شەكىل ۋە مەزمۇن جەھەتتە بەزى ئوخشاشلىقلار ئىگە بولغانلىقتىن چىغاتاي ئەدىبىياتى دائىرىسىگە كىرگۇزۇلگەن.

4

«چىغاتاي ئەدىبىياتى» نىڭ خاقانىيە دەۋرىدىكى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدىبىياتىدىن پەرقلىنىدىغان ئاساسىي بەلگىلەر ۋە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى تۆۋەندىكى بىرنەچچە جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ:

1 - يېزىق جەھەتتە. مەلۇمكى، تۇركى خەلقلەر ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئەرەپ يېزىغىنى ئىشلىتىشكە باشلاپ، ئۇيغۇر تىلىدا خېلى كوپ مەھسۇلاتلارنى ۋۇجۇتقا كەلتۇرگەن بولسىمۇ، لېكىن خاقانىيە دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن نۇرغۇن ئەدىبىي يادىكارلىقلار قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىغىدا يېزىلغان. ئۇيغۇر يېزىغى ھەتتا 12 - ئەسىردىن باشلاپ غەربىي ئىران ۋە ئىراق زىمىنلىرىغىچە كېڭەيگەن ئىدى. موڭغۇللار ئىستىلاسىدىن كېيىن، «بەختىيارنامە» (1432 - يىل)، «تەزكىرەئى ئەۋلىيا» (1436 - يىل)، «مىئراجنامە» (1427 - يىل) قاتارلىق ئايرىم ساندىكى ئەدىبىي ئەسەرلەر ئۇيغۇر يېزىغى بىلەن مەيدانغا كەلگەندىن تاشقىرى، «چىغاتاي ئەدىبىياتى» مەھسۇللىرى ئاساسەن ئەرەپ يېزىغى بىلەن يېزىلىپ كەلدى، ئۇيغۇر يېزىغى ئىستېمالدىن قالدى. بۇ يېزىق جەھەتتىكى پەرق.

2 - تىل جەھەتتە. خاقانىيە دەۋرىدىكى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدىبىياتى دېيەرلىك ساپ ئۇيغۇر تىلىدا (قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا) يېزىلغان بولسا، «چىغاتاي ئەدىبىياتى» ئاشۇ قەدىمقى ئۇيغۇر ئەدىبىي تىلى ئاساسىدا شەكىللەنگەن "چىغاتاي تىلى" بىلەن يېزىلىپ كەلدى. بىز يۇقۇرىدا "چىغاتاي تىلى"نىڭ قانداق شەكىللەنگەنلىگى توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتكەن ئىدۇق. دىمەك، «چىغاتاي ئەدىبىياتى»نىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىن تارتىپ، 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە مەيدانغا كەلگەن يازما ئەسەرلەرنىڭ تىلىنى تەكشۇرگەندە، بۇ تىلنىڭ لۇغەت فوندى تۇرلۇك يەرلىك لەھجىلەر ۋە جانلىق تىل ئېلېمىنتلىرىنىڭ قوشۇلۇشى، شۇنىڭدەك ئەرەپچە - پارسچە سوزلەرنىڭ كوپلەپ كىرىشى ھساۋىغا مىسلىسىز بېيىپ، گىراماتىك شەكىللەر جەھەتتىن بىر مۇنچە تەرەققىياتقا ئېرىشكەنلىگىنى كورىمىز.

3. مەزمۇن ۋە تېما جەھەتتە. خاقانىيە دەۋرىدىكى ئەدىبىياتتا دىنىي تۇستىكى ئەسەرلەر، دىداكتىك، ۋەز - نەسىھەت خاراكتېرىدىكى ئەسەرلەر كوپرەك ئىدى. «چىغاتاي ئەدە-

بىياتى» دەۋردە ئېپىك ۋە لىرىك ئەسەرلەر كوپلەپ مەيدانغا كېلىشكە باشلىدى. جۈملىدىن رىيال تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان، ئىزچىل ۋەقەلىككە ئىگە ئەسەرلەر ۋە تەرجىمە ئەسەرلەر سالماقلىق ئورۇننى ئىگەللەشكە باشلىدى.

14 ـ، 15 ـ ئەسەرلەردە شېئىرىيەت خەلقلەرنىڭ مەنىۋى تەلىۋىنى قاندۇرۇشنىڭ ئاساسىي ۋاستىسى بولۇپ قالغان ئىدى. خان، پادىشا ئوردا ئەمەلدارلىرىدىن تارتىپ تاكى ھۈنەرۋەنلەرگىچە ناھايىتى كەڭ ئاھالە قاتلاملىرى شېئىرىيەتكە قىزىقاتتى. لېكىن شېئىر يېزىش ئۈچۈن مەلۇم سەۋىيە، بىلىم ۋە مۇۋاپىق ماتېرىيال زورۇر بولغانلىقتىن، ھەممە كىشىلەرنىڭ شېئىر يېزىش بىلەن شۇغۇللىنىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ چاغلاردا بىلىم ئېلىش جەمئىيەتنىڭ ئايرىم تەبىقىلىرىگىلا نېسىپ بولغاچقا، يازما شېئىرىيەت دىخانلار ئاممىسىغا باپ ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى راۋاجلانغان ئىدى. ئەمما خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەزەلدىن نۇرغۇنلىغان شائىرلارنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلغانلىقى ھەممىگە مەلۇم. 16 ـ ئەسىردە خەلق داستانچىلىقى ئىنتايىن راۋاجلانغان بولۇپ، يازما ئەدەبىياتقا ئۆنۈملۈك تەسىر كورسەتتى ۋە ئۇنىڭ خەلقچىللىقىنى تەمىن ئەتكەن بىر ئامىل بولدى. بولۇپمۇ خەلق قوشاقچىلىرى توقۇغان قوشاقلاردا ئەزگۈچىلەر، مۇلۇكدارلار ۋە مۇشتۇمزورلارغا قارشى كۈرەش ئېلىپ بارغان خەلق قەھرىمانلىرىنىڭ باتۇرلۇقلىرى مۇھەببەت بىلەن كۈيلەندى.

4 ـ ژانىر، شەكىل جەھەتتە. «چىغاتاي ئەدەبىياتى» دەۋردە ئىلگىرى ئانچە كوپ كۆرۈلمىگەن شېئىرىيەتنىڭ مۇھىم ژانىر، شەكىللىرى پەيدا بولۇشقا باشلىدى. بۇ ھال «چىغاتاي ئەدەبىياتى»نىڭ شەكىللىنىشىدە ئالاھىدە رول ئوينىغانلىقتىن، ئۇنى يەنە بىر قېتىم قەيت قىلىپ ئوتۇش ئورۇنلۇق بولىدۇ.

شېئىرىيەتنىڭ غەزەل شەكلى بۇ دەۋردە ئەڭ كوپ تارالغان ئاساسىي ژانىرلاردىن بىرسى بولۇپ، غەزەل يېزىش كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا ئەنئەنىۋى تۈسكە ئايلانغان ئىدى. بۇ ئەنئەنە ھىلىمۇ داۋام قىلىپ كەلمەكتە. ئۇندىن قالسا، قەسىدە ژانىرىمۇ بىرقەدەر كەڭ تارالغان. ئۇ چاغلاردا، كونا ئەنئەنە بويىچە ئوردا شائىرلىرى ھامان مەۋجۇت بولۇپ، خان ـ پادىشالارنىڭ، ئۇلارنىڭ يېقىن كىشىلىرىنىڭ ھەمدە سەركەردىلىرىنىڭ "پەيداكارلىقلىرىنى"، "باتۇرلۇقلىرىنى"، ھەربى يۈرۈشلىرىنى ۋە بەزمە ـ مەشرەپلىرىنى مەدھىيىلىشەتتى.

رۇبائىي ژانىرىمۇ كەڭ تارالغان بولۇپ، كىلاسسىكلىرىمىزنىڭ ئاساسى كوپچىلىگى بۇ ژانىردا ئوز ماھارىتىنى كورسەتكەن. شېئىرىيەتنىڭ بۇ ژانىرى «چىغاتاي ئەدەبىياتى»غا ھوسۇن كىرگۈزۈپ كەلدى.

ئۇندىن تاشقىرى، جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيەتلىك قاتلاملىرى ئارىسىدا مۇۋەششەھ، مۇئەمما، (شېئىردى تېپىشماق)، تۇيۇغ (مۇھتەمىلات)، تارىخ (شېئىر مىسرالىرىدىن يىل ھىساۋى چىقىرىش) خېلى تەرەققى قىلغان. تارىخ دېگىنىمىز بۇ يەردە شېئىرىيەتنىڭ بىر شەكلى بولۇپ، بۇنىڭدا ئەرەپ ئېلىپبەسى بويىچە مەلۇم مىسرالاردىكى ھەرپلەر يىغىندىسىنى ئەبجەد ھىساۋى بىلەن جەملەپ تارىخ (يىل ھىساۋى) چىقىرىش. كىلاسسىك شائىرلىرىمىزنىڭ كوپچىلىگى بۇ شەكىللەر بىلەن شۇغۇللانغان.

يەنە «چىغاتاي ئەدەبىياتى» دەۋردە شېئىرىيەتتە مەسنەۋى، مۇرەببەئ، مۇخەممەس، مۇسەددەس، تەرجىئبەند، ساقىنامە ۋاھاكازالار تەرەققى قىلغان.

ناۋايى دەۋردە ۋە ئۇندىن كېيىنكى دەۋرلەردە ئېپىك رومانتىك داستان كورۇنەرلىك ئورۇننى ئىگەللىدى. «خەمسە»— بەش داستان يېزىشنى 12-ئەسىردە ئوتكەن ئۇلۇغ ئەزەربەيجان شائىرى نىزامى گەنجىۋى باشلاپ بەرگەن ئىدى (بۇ ئەسەر پارس تىلىدا يېزىلغان). ئۇنىڭدىن كېيىن 13-، 14-ئەسىردە ئوتكەن ھىندى-پارس شائىرى خۇسراۋ دىھلىۋىي، پارس شائىرى ئابدۇراخمان جامى (15-ئەسىر) قاتارلىق شائىرلار «خەمسە» يېزىپ داڭ چىقارغان ئىدى. لېكىن ئوز زامانىسىدا يەنە نۇرغۇنلىغان شائىرلار «خەمسە» يازغان بولسىمۇ، ھوددىسىدىن چىقالمىغان. شۇڭا ئەلىشىر ناۋايى: "ئېمەس ئاسان بۇ مەيدان ئىچرە تۇرماق، نىزامى پەنجەسىغە پەنجە ئۇرماق" دەپ بىكار ئېيتمىغان. ئەمما ئەلىشىر ناۋايى ئوز ئانا تىلىدا مەشھۇر "خەمسە" داستانىنى ناھايىتى زور ماھارەت بىلەن يارىتىپ، پارس ئەدەبىياتى ئالدىدا تۇرك (چىغاتاي) ئەدەبىياتىنىڭ شان-شوھرىتىنى يەنىمۇ ئۇلغايتتى.

19-ئەسىردە مەشھۇر شائىرىمىز ئابدۇرېھىم نىزارى بۇ ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىپ، چوڭ-كىچىك ئون سەككىز داستاننى ئوز ئىچىگە ئالغان يىرىك ئەسىرىنى ئوزىگە خاس ئۇسلۇپ بىلەن يېزىپ چىقىپ، داستانچىلىقتا ھورمەتلىك ئورۇنغا ئىگە بولدى.

«چىغاتاي ئەدەبىياتى» فوندىدا گۇل ۋە بۇلبۇل تېمىسىنى ئاساس قىلغان لىرىك داستانلارمۇ كوپ، تارىخىي تېمىنى ئاساس قىلغان جەڭنامە تىپىدىكى داستانلار ۋە باشقا ھەر خىل تېمىدىكى داستانلارمۇ ئۇچرايدۇ.

«چىغاتاي ئەدەبىياتى» دەۋرىدە شېئىرىيەتتە ئاساسەن ئارۇز ۋەزنى قوللىنىلىپ، بۇ ۋەزنىنىڭ ھەر خىل تۇرلىرى ناھايىتى كەڭ تارقالدى. بولۇپمۇ ئەلىشىر ناۋايى 19 بەھرىنىڭ دىيەرلىك ھەممىسىدە شېئىر ئىجات قىلغان. 19 بەھرىنىڭ ئىچىدە ئەڭ كەڭ تارقالغانلىرى: بەھرى مۇتەقارىب، بەھرى ۋافىر، رەمەل، ھەزەج ۋە رەجەزدۇر.

ئاخىرىدا شۇنى قەيت قىلىپ ئوتۇش زورۇركى، كېيىنكى بىر نەچچە ئەسىر داۋامىدا تۇرلۇك سەۋەپلەر تۇپەيلى مەتبەچىلىك ۋە كىتاپچىلىق ئىشلىرى تەرەققى تاپمىغانلىقتىن، تۇرغۇن ئەدىپ ۋە شائىرلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرى قولىيازما ھالىتىدە خەلق قولىدا ساقلىنىپ، كەڭ تارىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمىدى. يەنە بىرتەرەپتىن فېئودالىزىم جەمئىيىتى شارائىتىدا مەكتەپ-مەدرىسلەردە دوگماتىك بىر ئېقىم ئۇزۇن ۋاقىت ھوكۇم سۇرگەچكە، ئەرەپ-پارس تىلىنى ئەۋزەل كورىدىغان تار بىر دائىرە ئالدىدا مىللى ئەدەبىياتىمىز باش كوتىرەلمىدى، نەتىجىدە ئەدەبىياتىمىز گويا تۇرغۇن ھالەتكە چۇشۇپ قالغاندەك بىر ۋەزىيەت شەكىللىنىپ قالدى. شۇڭا بەزى چەتئەل تەتقىقاتچىلىرى «چىغاتاي ئەدەبىياتى» نىڭ يېقىنقى دەۋرلىرىنى ئانچە چۇشىنەلمەي كەلدى.

پەقەت ئازاتلىقتىن كېيىنلا پارتىيىمىزنىڭ مىللى سىياسىتىنىڭ تۇرى ئاستىدا قولىيازمىلار ئارقا-ئارقىدىن تېپىلىپ، بىر مۇنچە ئەدىپ-شائىرلىرىمىزنىڭ نادىر ئەسەرلىرى يورۇققا چىقتى. بىراق لەنىتى "4 كىشىلىك گۇرۇھ" ۋاقتىدا مەدەنى يادىكارلىقلىرىمىز، جۇملىدىن ئەدەبىي مىراسلىرىمىز جىددى خەۋپ ئاستىدا قالغان ئىدى. "4 كىشىلىك گۇرۇھ" تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ 3-ئومۇمى يىغىندىن كېيىن پارتىيە ۋە ھوكۇمىتىمىز ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى، تارىخى ۋە تىل-ئەدەبىياتىغا دائىر ماتېرىياللارنى قېزىپ يورۇققا چىقىرىش جەھەتتە زور غەمخورلۇق كورسىتىپ، تەتقىقاتچىلىق ئىشلىرىمىزغا ئوڭۇشلۇق شەرت-

# كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ قەدىمىيلىكى ۋە ئۇنىڭ چەت تىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش جەريانى

**ئەھمەت زىيائى**

بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىز ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ قەدىمىيلىكى قولىمىزدا بولغان ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 6 ـ ئەسىرگە بېرىپ تاقىلىدۇ. مەسىلەن:

ئالىپ ئەرتۇڭا ئۆلدىمۇ،
ئەسىز ئاژۇن قالدىمۇ،
ئۆزلەك ئۆچىن ئالدىمۇ،
ئەمدى يۈرەك يىرتىلۇر.

يەشمىسى: ئالىپ ئەرتۇڭا ئۆلدىمۇ، بىۋاپا دۇنيا قالدىمۇ، پەلەك ئۆچىنى ئالدىمۇ، ئەمدى يۈرەكلەر پارە ـ پارە بولماقتا.

ئۆزلەك قامۇغ كەۋرەدى،
ئەردەم ئەرىغ سەۋرەدى،
يۈنچىغ ياۋۇز تەۋرەدى،
ئەردەم بەگى جەرتىلۇر.

(زامان زەئىپلەندى، پەزىلەت ئازايدى، يامان ئادەملەر باش كوتەردى. (ئالىپ ئەرتۇڭا) ئۆلگەنلىكى ئۈچۈن شۇنداق بولدى.)

---

شارائىت تۇغدۇرۇپ بەردى. نەتىجىدە قىسقىغىنە 3 ـ 4 يىل ئىچىدە بۇ ساھەدە نۇرغۇن ئۈنۈملۈك ئىشلار قىلىندى.

«چىغاتاي ئەدەبىياتى» تەتقىقاتى تېخى ئەمدىلەتىن قولغا ئېلىندى. بۇ ساھەدە كوپ ئىشلارنى قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ بۇ ساھەدە زور ئىلمىي ئەمگەك بىلەن مەيدانغا چىقىشى كۈتۈلمەكتە.

مەن يۇقۇرىدا «چىغاتاي ئەدەبىياتى» ھەققىدە قىسقىچە ئۆز مۇلاھىزلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتۈم. سەۋىيەم چەكلىك بولغاچقا، پىكىرلىرىمدە خاتالىق ـ كەمچىلىكلەر بولۇشى مۇمكىن. كەڭ كىتاپخانلار ۋە ئالاقىدار خادىملارنىڭ تۈزىتىش بېرىشىنى سەممىي قارشى ئالىمەن.

يۇقۇرىدىكى شېھرلاردا تىلغا ئېلىنغان ئالىپ ئەرتۇڭا يەنى ئافراسياپ ئىران كىيانى سۇلالىسىنىڭ شاھلىرىدىن كەيكاۋۇس كەيخىسراۋ بىلەن زاماندا‌ش بولۇپ، ئۆز مەملىكىتى — تۇرانىنى قوغداش ئۈچۈن دەريايى ئومۇد بويىدا بولغان سوقۇشلارنىڭ بىرىدە ئۆلگەن. كەيكاۋۇسنىڭ ئەرەپچە ئىسمى نەمرۇد. ئۇ ئىبراھىم پەيغەمبەر قەۋمى ئىدى. ئىبراھىم پەيغەمبەر ئەيسا پەيغەمبەردىن 582 يىل ئىلگىرى ئۆتكەن. مۇشۇ ھىساپتا بۇ مەرسىيەنىڭ يېزىلغانلىقىغا 2600 يىل بولغان بولىدۇ، بۇ مەرسىيە ۋەزنى، قاپىيە، ئۇسلۇپ يېقىدىن مۇكەممەل. بۇ مەرسىيىنى ياراتقان ئەدەبىيات شۇ دەرىجىگە يېتىپ كەلگىچە ئەلۋەتتە نۇرغۇن ئەسىرلىك مۇساپىنى بېسىپ ئۆتكەن.

مۇنۇ پارچىمۇ بىزنىڭ بۇ قارىشىمىزنى دەلىللەپ بېرىدۇ:

ئۆردەك باشى قازلايۇ،
ساغراق تولۇ كوزلەيۇ،
ساقىنچ قۇزى كىزلەيۇ،
تۈن ـ كۈن بىلە سەۋنەلىم.

يەشمىسى: ئۆردەكنىڭ بېشى خۇددى غاز بويىنىدەك تىك تۇرماقتا. قەدەھلەر خۇددى كوز چانىغىدەك مەيگە تولغان. قايغۇ ـ ھەسرەتنى چۆرۈۋېتىپ، كېچە ـ كۈندۈز كوكۇل ئاچايلى.

گۈزەل ئوخشىتىشلارغا ئىگە مۇنداق ئىشرەت شېئىرلىرىنىڭ يارىتىلىشىنى ئەلۋەتتە تاسادىپى دېگىلى بولمايدۇ. كىشىنى ئىچىندۇرىدىغىنى شۇكى، يىراق ئۆتمۈشتىكى مۇنداق مەرسىيە، مەدھىيە ۋە مۇھەببەت، ئىشرەت تېمىلىرىغا دائىر شېئىر شەكىللىرىنىڭ پەقەت بىر قانچە كۇپلېتلىرىلا ساقلىنىپ قالغان.

ئەمدى ئاساسىي ماۋزۇغا كېلەيلى: بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىز ئۇزۇن زامانلارغىچە يات تىللار تەسىرىگە ئۇچرىماستىن، ئۆز تىل بايلىقى بىلەن جاھاندا شوھرەت تۇغىنى كوتىرىپ تۇرغان ئىدى. ھەتتا ئىسلامىيەتتەك مەنىۋى قۇدرەتكە ئىگە بىر دىن يېتىپ كېلىپ سىياسى ھوكۇمرانلىقنى ئىگىلىگەن ۋە ئۆز ئېتىقاتچىلىرىنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئىلاھى كۈچ بىلەن ئىگەللەپ تۇرغاندىن كېيىنمۇ، يازما ئەدەبىياتىمىز يەنە كوپ زامانلارغىچە ئۆز تارىخىنى ۋە ساپلىقىنى ساقلاپ كەلگەن. بۈيۈك ئەدىپ ۋە ئىپتىخارىمىز يۇسۇپ خاس ھاجىپ 11 ـ ئەسىردە يازغان «قۇتاتقۇ بىلىگ» بۇنىڭ گەۋدىلىك بىر ئۈلگىسىدۇر. يۇسۇپ خاس ھاجىپ 13290 مىسرالىق «قۇتاتقۇ بىلىگ» ئەسىرىنى يازغاندا، 68 مىڭ سوز ئىشلەتكەن بولۇپ، ئۇ ئەرەپ، پارس تىللىرىنى مۇكەممەل بىلگەن تۇرۇقلۇق، بۇ ئەسىرىدە بۇ تىللاردىن پەقەت 400 گە يېقىنىلا ئىبارە ئالغان.

لېكىن ھەممىلا ئىجاتكارلار «قۇتاتقۇ بىلىگ» نىڭ يولى بىلەن ماڭغان ئەمەس. ئۇلار يا ئىجادىيەتنىڭ بۇ ئەھمىيىتىنى چۈشەنمىگەن، ياكى ئۇنىڭغا قارىغان. ئۇلار چەت تىللارنىڭ تەسىرىگە بېرىلىشكە باشلىغان. ھەتتا فارابىدەك ئەڭ زور پەيلاسوپمۇ 119 پارچە ئەسىرىنىڭ بارلىقىنى دېگۈدەك ئەرەپ تىلى بىلەن يازغان. ئىسلامىيەتنىڭ تەسىرى بىلەن يازما ئەدەبىياتىمىز تىل ساپلىقىدىن چەتنىگەن. نۇرغۇن ئالىملار، ئەدىپلەر ۋە شائىرلار ئۆز ئەسەر-

لىرىنى تامامەن چەت تىلدا يېزىشقا باشلىغان. بۇنىڭ ئاساسى سەۋەپلىرىنى تۆۋەندىكى ئامىللاردىن ئىزلەش مۇمكىن: ئىسلام دىنى ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىدىن تارالغان. بۇ دىنىنىڭ ئاساسى قۇرئان بولۇپ، ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ ئۇنى بىلىشى شەرت ئىدى، قۇرئان ئەرەپ تىلىدا بولغانلىقتىن، تەبىئى ھالدا ئەرەپ تىلىنى بىلىش ئىستىكى كېلىپ چىقتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھۆكۈمەت مۇسۇلمان، خەلق مۇسۇلمان، ئالىملار مۇسۇلمان بولۇپ، بارا-بارا مۇسۇلمانلارنىڭ ئالىمى ئەرەپ تىلىنى بىلىش دەرىجىسى بىلەن ئۆلچىنىدىغان، يازغۇچىلارنىڭ ئىقتىدارى ئەرەپ تىلىدا يېزىش بىلەن ئۆلچىنىدىغان بولۇپ كەتتى.

شۇنىڭ بىلەن چەت تىلىنىڭ قەددى كۆتىرىلىپ، ئۆز تىلىمىزنىڭ ئېتىۋارى چۈشتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۆز دەۋرىنىڭ ئالىملىرى ئەرەپ ئەدەبىياتىنىڭ كىلاسسىك ئەسەرلىرىنى ماتارىپ ساھەسىگە، ئېلىپ كىرىپ دەرس قىلىپ ئۆتكەنلىكتىن، ئەرەپ تىلى بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزغا مىسلىسىز كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى.

ئۇنىڭغا قوشۇمچە پارس تىلىمۇ كېلىپ ياندىشتى. پارس تىلى دىنى تىل بولمىسىمۇ، لېكىن ئىسلام دىنى پارس تىلىدا سۆزلىشىدىغان ئىران، خوراسان (ئافغانىستان)، تاجىكىستان قاتارلىق ئەللەردە بىزدىن خېلى بۇرۇن تارقالغان. بۇ جايلاردا ئەرەپ تىلىنى ئۆزلەشتۈرگەن نۇرغۇن ئالىملار يېتىشكەن بولۇپ، بۇ ئالىملارنىڭ تۈرلۈك يوللار ۋە مەقسەتلەر بىلەن تۈركى تىل سېستىمىسىدا سۆزلىشىدىغان ئەللەر ئارىسىغا، جۈملىدىن بىزنىڭ ئارىمىزغا يېتىپ كېلىپ تىرىشىشلىرى ئارقىسىدا بۇ تىلنىڭ تەسىرىمۇ بىزدە كۈچىيىشكە باشلىغان.

پارس ئەللىرىدە يېتىشكەن ئالىملار، قۇرئان، ھەدىس ۋە باشقا ئەرەبى كىتاپلارنى پارس تىلىغا تەرجىمە قىلىپ ئېلىپ كېلىپ، مەدرىسلەردە ئالىم سۈپىتىدە دەرىسكۆيلۈق قىلىپ، دەرسلەرنى پارس تىلى بىلەن ئۆگەتتى. مەكتەپلەردە، بالىلارغا خەت تونۇتقاندىن كېيىنلا، ناۋائىينىڭ شېئىرلىرىدىن ئازغىنا ئۆگەتكەندىن باشقا، خوجا ھاپىز شىرازىنىڭ دىۋانىنى يادلىتىدىغان بولدى. بالىلار باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ "ئوتتۇرا مەكتەپ" ئورنىدا بولغان مەدرىسلەرگە چىققاندىن كېيىن، ئەدەبىيات دەرسلىكى سۈپىتىدە مۇسلەھىددىن سەئىدى شىرازىنىڭ «گۈلىستان»، «بوستان» ناملىق ئەسەرلىرىنى ئوقۇدى. شۇنداق قىلىپ پارس تىلىمۇ ھۆجۈمغا ئۆتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، پارس ئەللىرىدە ئىسلامنىڭ راۋاجى بىزدىن ئىلگىرى بولغانلىقتىن، ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىلار ئۈزلۈكسىز رەۋىشتە پارس ئەللىرىگە ئېقىپ چىقىپ ئىلىم ھاسىل قىلىپ قايتىشاتتى. يەنە بىر جەھەتتىن، ئەڭ قەدىمقى زامانلاردىن تارتىپ يەنى ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى دەۋرلەردىلا، تۈركى خەلقلەر بىلەن پارسلار قويۇق مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن ۋە ئۆزئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرغان بولۇپ، بۇ ھال تۈركى تىل ئىچىگە پارسچە ئىبارىلەرنىڭ سىڭىپ كىرىشىدەك تارىخىي مۇقەررەرلىكنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. پارسلارنىڭ تۈركلىشىشى ۋە تۈركلەرنىڭ پارسلىشىشى جەريانىدا ئېتنىك تارىخى ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. بۇ خىل تارىخىي-ئىجتىمائى مۇناسىۋەت ئىسلامىيەتتىن كېيىن تېخىمۇ قويۇق تۈس ئېلىپ، ماتارىپ ئەرەپ، پارس تىلىنىڭ زور تەسىرى ئاستىغا چۈشۈپ قالدى. بۇ ئەھۋال يازما ئەدەبىياتنى كونا ساپ ئىزدىن چىقىرىپ تاشلىدى. ئالىملار، شائىرلار ئەرەپ، پارس تىلىدا يېزىشنى ياخشى كۆرۈشۈپ، ئۆز تىلىمىزدا يېزىشنى بىلىمسىزلىكنىڭ بەلگىسى دەپ ھېس قىلىشتى. بۇخارادا ئوقۇپ كەلگەنلەر "دامۇللام"، ھىندىستاندا ئوقۇپ كەلگەنلەر "مەۋلىۋى"، قەشقەردە ئوقۇغانلار "مەخسۇم،

خەلپىتىم"، تۈركى كىتاپلارنى بىلىدىغانلار" موللام"، دىگەن نام بىلەن ئاتىلىدىغان بولدى.
1-2-، نامدىكىلەر گەرچە بىلىمدە تۆۋەن بولسىمۇ، خەلق نەزىرىدە ئۈستۈن سانالدى. تۈركى تىللارنىلا بىلگەن موللىلار گويا ھساپتا يوق ھالدا تۆۋەندە قالدى.

يۇقۇرىدا ئېيتىلغانلاردىن باشقا، ھاكىمىيەتنىڭ دىن قولىدا بولغانلىقى، خەلق ھاياتىنىڭ تەقدىرى ئۇنىڭ بىلەن قاتتىق مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقىمۇ ئاز تەسىر كورسەتمىدى. چۈنكى، ئىسلام دىنىنىڭ ھاكىمىيەت تۈزۈمىدە: خەلىپە (شاھ)، قازى (سوت)، مۇپتى (پروكورور)، خاتىپ (ۋەز ئوقۇغۇچى) ۋە ئىمام (پىشىۋا) لار خەلق ھاياتىنىڭ مەسئۇللىرى ئىدى. قازىلارنىڭ ھوقۇقى ئىنتايىن زور بولۇپ، ئۇلار ھەتتا شاھ ئۈستىدىنمۇ ھوكۇم چىقىرالايتتى، كىشىلەرنى ئۆلۈمگە ھوكۇم قىلاتتى، ئائىلىۋى ئىشلارنىڭ ئاچقۇچى (نىكا ئاجرىتىش قاتارلىقلارمۇ) قازىنىڭ قولىدا ئىدى.

قازى باشلىق دىنىي ئەرباپلارنىڭ ھەممىسى ئەرەپ-پارىس تىللىرىنى بىلگۈچىلەردىن سايلىناتتى.

ماددى، مەنىۋى ھوقۇقنى ئۆزىگە مەركەزلەشتۈرگەن بۇ زور كۈچ جەمىيەتنىڭ تىل سىستېمىسىدا ئۆز تەسىرىنى كورسەتمەي قالمىدى. بولۇپمۇ ئىلىم ئەھلىلىرى مۇشۇ تەسىرگە قاتتىق يولۇقۇپ كېتىشتى. ئىلىم تەلەپ قىلغۇچى شاگىرتلارمۇ ئۇلارنى پىشىۋا دەپ بىلىپ، ئۇلارغا ئەگىشىشتى. شۇنىڭ بىلەن، ئەرەپ، پارىس تىللىرىنىڭ بىر قاتلام مۇخلىسلىرى مەيدانغا كەلدى.

بۇ يەردە يەنە شۇ نەرسىنى تەھلىل قىلىش لازىمكى، نىمە ئۈچۈندۇر بىردە ئىسلامىيەت شارائىتىدا ئۆز تىلىمىزنى ساقلاپ قېلىش ئىستىگى بارغانسېرى ئاجىزلاپ، غۇرۇر كېمەيگەن. ھالبۇكى، ئاتا-بوۋىلىرىمىز ئۆز تىلىمىزنى ساقلاشنىڭ بۈيۈك ئەھمىيىتىنى چۈشەنگەن ۋە بۇ ساھەدە مەڭگۈ شان-شەرەپلىك خىزمەتلەر قىلىشقان ئىدى.

ئۇلۇغ تىل تونۇغۇچىمىز ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇت قەشقىرى «تۈركى تىللار دىۋانى»نى يازدى. ئۇ مۇنداق دىگەن ئىدى: "ئىننە لىسانىتتۈركى يۇبارى بىلىسانىلئەرەبى كىتەبارى فەرەسەي رىھانىن" (تۈرك تىلى ئەرەپ تىلى بىلەن بەيگىدە بىرىنچىلىكنى تالاشقان ئىككى ئاتتەك تەڭ يۈگۈرەيدۇ). مەھمۇت قەشقىرىنىڭ بۇ باھاسى تىلىمىزنىڭ قانچىلىك باي ۋە مۇكەممەل تىللىقىنى كورسىتىشكە يېتەرلىك.

شۇنىڭدەك پەيلاسوپ شائىرىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ تىلىمىزنىڭ قۇدرىتىنى كورسىتىشتە، ساپلىقىنى ساقلاشتا بىزگە ۋە پۈتۈن ئىلىم دۇنياسىغا بەك زور قىممەتلىك مىراس قالدۇرۇپ كەتتى. ئۇ بىزگە تۈركى سوزنىڭ ئۈركۈيدىغان ياۋا كېيىككە ئوخشايدىغانلىقىنى، ئۇنى سىلاپ-سىپاپ، چىڭ تۇتۇش لازىملىقىنى، شۇنداق قىلغاندا ئۇنىڭدىن ئىپار ھىدلىرى چېچىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ، «قۇتادغۇ بىلىگ» تە مۇنداق يازغان ئىدى:

6617 كېيىك تاغى كوردۇم بۇ تۈركچە سوزۇگ،
ئانى ئاقرۇ تۇتتۇم يا قوردۇم ئارا.

(بۇ تۈركچە سوزنى ياۋا كېيىكتەك كوردۇم، ئۇنى ئاستا تۇتۇپ ئوزەمگە ئۈگەتتىم).

6618 سقادىم سەۋنتىم كوڭۇل بەردى تەرك،
تاقما بەلگىلەر بىرەردە يىراء

(ئۇنى سىلدىم، ماڭسا تېز كونۇكتى، يەنىلا بەزى-بەزىدە ھۈركۈپ تۇرۇۋاتىدۇ قورقۇۋاتىدۇ)•

6619 سۇنۇپ تۇتمىشىچە ئەدەردىم سوزۇڭ،
كەلۇ بېردى ئۇترۇ ئىپارى بۇراء

(بۇنى قولۇمغا كىرگۈزۈشكە تىرىشتىم، سوزنى ئايىردىم، بۇ تۇركى سوز ئۇزىنىڭ خۇش پۇراقلىرىنى چېچىشقا باشلىدى•)

دىمەك، مۇندىن 1000 يىل ئىلگىرى ئۇلۇغ شائىر ۋە پەيلاسوپ تىلىنى چىك تۇتما بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ، بىزگە ئەنە شۇنداق مىسرالارنى قالدۇرغان•

ئەپسۇسكى، بۈيۈك دانىشمەنلىرىمىزنىڭ بۈيۈك خىزمەتلىرى بارغانسېرى يوقلىشقا قارا يۈز تۇتتى•

سەككاكىدەك چوڭ ئالىم ئۇزىنىڭ قىممەتلىك ئەسىرى — «مۇفتاھولئۇلۇم» (ئىلىملەر ئاچقۇچى) نى ئۇز تىلىدا يازماي، ئەرەپ تىلىدا يازدى• لۇتفىدەك كۈچلۈك شائىرمۇ ئىجادىيىتىنىڭ يېرىمىنى پارس تىلىدا يازدى•

يازما ئەدەبىياتىمىز ئەدەبىياتنىڭ تۇپ قورالى بولغان تىلدىن مۇشۇنداق چەتنەپ كېتىۋاتقان بىر زاماندا، ناۋايى ئۇز ئانا تىلىدا يېزىشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۈيۈك-بۈيۈك ئەسەرلەر ئۇز ئانا تىلى بىلەن يېزىپ، ناھايىتى زور ئالقىشقا سازاۋەر بولۇپ، توھپە ياراتقان يازما ئەدەبىياتىمىزنىڭ يېڭى دەۋرىنى ئاچقان ئىدى•

ئەدەبىياتىمىزنىڭ بۇ ئىككى چەت تىل تەسىرىگە قانداق ئۇچرىغانلىقىنى شۇنىڭدىن بىلىش مۇمكىنكى، ناۋايىدەك ئالى ھوكۇمەت ئەربابى ۋە ئالىم شۇنچە سىياسى كۈچكە ئىگە بولۇپ تۇرۇپمۇ ئانا تىلىنى كەمسىتىش تەرەپدارلىرىنىڭ ئىستىھزا (زاڭلىق) لىرىغا دۇچ كەلدى•

پارس شېئىرىنىڭ ئۇستۇناۋۇك تەرەپدارى بولغان شائىر سۇھەيلى بىر ئېشەككە تو توقۇپ، ھىرات شەھرىنىڭ كوچىلىرىدا "پالانى ئەلشىر" (ئەلشىرنىڭ توقۇمى) دەپ جار ، لىپ ناۋايىنى مەسخىرە قىلغان ئىدى•

ئەگەر ناۋايى ئانا تىلىدا ئىجات قىلىش چاقىرىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تۇركى تىل پارس تىلىدىن ئەۋزەللىگىنى ئىسپاتلايدىغان «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەيىن» ("ئىككى تىلىنى ھاكىمە")نى يازمىغان بولسا ۋە ئۇز تىلىمىزدا ھەممىنى قايىل قىلىدىغان زور ئەسەرلەر راتمىغان بولسا، بىز كېيىنكى كۇنلەردىمۇ زەلىلى، نىزارى، نوبىتى، خىرقىتىلارغا ئوخشا ئانا تىلىدا ئىجات قىلىشنى باشلىغان شائىرلارنى بەلكى ئۇچراتمىغان بولاتتۇق•

گەرچە ناۋايى بۇ بىر ئۇلۇغ يولنى كورسىتىپ ئۇلگە ياراتقان بولسىمۇ، لېكىن تىق چىرمىشىپ كەتكەن تەسىر بىردىنلا يوقالمىدى• چۈنكى، 7 - 8 يۈز يىل داۋام قى

بۇ ئۇسلۇپنى بۇزۇش تەسەۋۋۇر قىلغاندەك ئوڭاي ئەمەس ئىكەن. مەسىلەن، ناۋاينى ئالايلى! ئۇ ئانا تىلىمىزدىكى ئىجادىيەتنىڭ بۈيۈك جارچىسى ۋە ناھايىتى زور توھپە ياراتقۇچىسى، شۇنداق بولۇپ تۇرۇقلۇق، «چاھار دىۋان» نىڭ بىرىنچى مەتلەئىنى مۇنداق باشلايدۇ:

ئەشرەقەت مىن ئەكسى شەمسى كەئىسى ئەنۋارولھودا،
يار ئەكسىن مەيدە كور دەپ جامدىن چىقتى سادا.

بىرىنچى مىسرادا 7 سوز بولۇپ بارلىغى ئەرەپچە. ئىككىنچىسىدە 8 سوز بولۇپ، 4 ى پارىسچە، بىرى ئەرەپچە، قالغان 3 ى ئۇيغۇرچە.①

زەلىلى:

باھاردۇر ئى زەلىلى بارھا توغرايى دىۋانىڭ،
گۈلىستانى سۇخەندۇر سەر-سەرى يەلدىن خازان بولماس.

12 سوزدىن قۇرۇلغان بۇ بېيىتتا 4 سوز ئەرەپچە، 5 سوز پارىسچە، 6 سوز ئۆز تىلىمىزدىن بولغان.②

دىمەك، يازما ئەدەبىياتتا ئانا تىل بىلەن ئىجات قىلىشنىڭ ئارتۇقچىلىغى ناۋايى ئەرىپىدىن كورسىتىلگەندىن كېيىنمۇ، بۇ كۈچلۈك تەسىر 20-ئەسىردىمۇ ئالىم دەپ ئاتال-غان كىشىلىرىمىز ئېڭىدىن يوقالمىدى. 19-ئەسىرنىڭ ئاياقلىرىدا قاغىلىقتا ياشىغان ئۇيغۇر شائىرى ھوسەيىن تەجەللى «بەرق تەجەللى سەبەق مۇجەللى» نامىلىق دىۋانىنى ئەرەپ — پارس تىلىدا يازدى.

ئىلغار ئالىملىرىمىزدىن ئابدىقادىر داموللام ئەدەبىيات دەرسلىگى قىلىشنى مەقسەت

① ئەرەپچىدىن:

1 - ئەشرەقەت — يورىدى
2 - مىن — دىن
3 - ئەكس — نەرسىدە باشقا نەرسىنىڭ كورۇنۇشى
4 - شەمسى — قۇياش 5 - ئەنۋار — يورۇغلۇقلار
6 - كەئىس — قەدەھ، پىيالە 7 - ھودا — ھىدايەت

پارىسچىدىن:

1 - يار — جۈپ
2 - مەي — هاراق
3 - جام — قەدەھ
4 - سادا — ئاۋاز

② ئەرەپچىدىن:

1 - زەلىلى — خارلانغان
2 - توغرا — بولۇمدىكى سەرلەۋھە
3 - دىۋان — يىغىندا، توپلام
4 - سەر-سەر — بوران

پارىسچىدىن:

1 - باھار — ئەتىياز
2 - بارھا — مەررەلەر
3 - گۈلىستان — گۈللۈك
4 - سۇخەن — سوز
5 - خازان — كۈز پەسلى

قىلغان «مىفتاھـولئەدەپ» (ئەدەپ ئاچقۇچى) ناملىق ئەسەرنى ئەرەپ كىلاسسىكلىرىنىڭ قەسىدىلىرىدىن قۇرۇپ چىـقـتى. سابىت داموللام 20 - ئەسىر بېشىدا يازغان «جاۋاھىرۇل ئېتقان» (ئىشىنىش جەۋھەرلىرى) دىگەن شېئرىي ئەسىرىنى ئەرەپ تىلى بىلەن يازدى.

بۇنىڭدىن باشقا ئاپىرىل ئۆزگىرىشىگىچە ھەممە ئالىملىرىمىزنىڭ بىر بىرىگە يېزىشىدىغان خەتلىرى، ئېيتقان مەرسىيەلىرى، بىنالارغا يازىدىغان تارىخىي مىراسلىرى، غەزەل - چاخچاق - لىرى پۈتۈنلەي ئەرەپ، پارس تىلى بىلەن بولدى.

ئەرەپ - پارس تىلى تەسىرىنىڭ يوقىلىپ كېتەلمەسلىگىدىكى يەنە بىر سەۋەپ شۇكى، ئەدىبىيات ئېجاتچىلىرى ئاساسەن ئۆز زامانىسىنىڭ بىلىملىكلىرى بولۇپ، بۇ بىلىملەرنى ئۇلار ئەرەپ، پارس تىللىرى ئارقىلىق ئۆزلەشتۈرگەن ئىدى. بۇلارنىڭ ئالدىدا ئۆز تىلى بىلەن قوشۇلۇپ، ئۈچ زور ئۈنچە - مارجان غەزنىسى تۇراتتى. ئۇلارنىڭ پىكىر قۇشلىرى ئىلھام ھاۋاسىغا ئۆرلەپ قانات قېقىپ ئۇچقان چاغلىرىدا، ئۇلارنىڭ قەلەملىرى بۇ غەزنىلەر - دىكى ئۈنچە - مارجان، ياقۇتلاردىن خالىغانلىرىنى ئېلىپ سوز يىغىندىسىغا تىزالايتتى. بۇنداق سوز تىزمىلىرى 3 خىل ئۈنچىدىن قۇرۇلغانلىغى ئۈچۈن، گويا تېخىمۇ گۈزەل ۋە رەڭدار تۇيۇلاتتى. بۇنداق سوز ئىگىلىرىنىڭ كوڭلىنى ئۇتۇپ ئالغان مۇشۇ تۇيغۇ تا ھازىرغىچە بىر تەرەپ بولغىنى يوق. (بۇ ھەقتىكى مىساللار ئۈستىدە ھازىرچە توختالمايمىز).

دىمەك، يازما ئەدىبىياتىمىز «قۇتاتغۇ بىلىگ» دىن كېيىن ئۆزىنىڭ تىل ساپلىغىنى يۇقۇرىدا ئېيتىلغان سەۋەپلەر بىلەن يوقىتىپ قويدى. ئەڭ ئاددى نەرسىلەردىمۇ ئەرەپ، پارس تىللىرى قوللىنىلدى.

مەسىلەن:

قەلەم، دۆۋەت، كىتاپ، خەت، دەپتەر، شېئىر، مىسرا، بېيت، قەسىدە، مۇرەببە، مۇخەممەس، مۇسەددەس، فەساھەت، بەلاغەت، بەدىئى، ۋەزىن، قاپىيە، مەنە دىگەن سوزلەرنىڭ ھەممىسى ئەرەپچە. غەزەل، ساز، دۇتتار، سىتار، راۋاپ، داپ، نەققارە، نەي، زەخمەك، كامالەك، خەرەك، پەردە، بۇلار — پارسىچە.

بۇنداق ئارىلاشقان سوزلەرنى ئېيتىپ تۈگىتىش قىيىن. تىلىمىزنىڭ چەت تىل تە - سىرىگە مۇشۇنداق ئاسان بېرىلىپ كېتىشى تارىخىي جەھەتتىكى، جۇغراپىيەۋى جەھەتتىكى ۋە ئىتنىك جەھەتتىكى ئۇزاق بىر جەريان بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەسىلىدۇر. چۈنكى، ئەرەپ، پارس ئەللىرى تۈرك سىپىتىمىسىدىكى ئەللەر بىلەن ئارىلاشقىنىدەك، تۈرك تىل سىپىتىمىسى - دىكىلەرمۇ ئەرەپ، پارس ئەللىرى بىلەن تارىختا شۇنداق ئارىلاشقان. لېكىن نىمە ئۈچۈن بىر ئۇلارنىڭ تىلىنى شۇنچە ئاسان قوبۇل قىلىپ كەتتۇق؟ بۇ، ئالاھىدە ئىلمىي تەھلىل ۋە پەلسەپىۋى تەپەككۇر تەلەپ قىلىدىغان تىرەن مەسىلىلەرنىڭ بىرى.

بىر تىلغا چەت تىلنىڭ سىڭىپ كىرىشى ئادەتتە كورۇلۇپ تۇرىدىغان ئەھۋال. لېكىن، ئەدىبىياتتا شۇ تىلنى قانداق ئىشلىتىش مەسىلىسى بەدىئى ماھارەتكە تەئەللۇق بىر پەزىلەت - تۇر. چۈنكى، بەدىئى تىلنىڭ خەلق تىلىغا، ئامىۋى تىلغا يېقىن بولۇشى مىللى ئەدىبىيات - نىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرىدۇر. ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، قانداق قىلىش كېرەك؟ مەلۇمكى، تىلنى بۇزىدىغانمۇ قەلەم ئىگىسى، تۈزەيدىغانمۇ قەلەم ئىگىسى. بۇ ھەقىقەتنى ئىلىم ئەرباپلىرىنىڭ يازغان خېتى، قىلىشقان سوزلىرى بىلەن ئوقۇمىغان ئاددى خەلق، يېزا ۋە

تاغلاردىكى چارۋىچىلارنىڭ سوزلىرى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق تولۇق ئىسپاتلايدۇ. قەلەم ئىگە-لىرىنىڭ ئوي قۇشلىرى، پىكرى هاۋا بوشلۇغىدا قانات قېقىپ ئۇچۇشقا كىرىشكەندە ئۇلار ئوز تىلىنى ئۇنتۇپ قېلىپ، باشقا تىللارنىڭ سوز خىرمانلىرىدىن دانلايدىغان بولسا، ئوز تىلىنىڭ گۈزەللىگىگە كوز يۇمۇپ، باشقا تىللارنى چىرايلىق دەپ تونۇيدىغان بولسا، ئوزىدىكى سوز-لەردىن كورە باشقا تىلدىكى سوزلەر ئۇنىڭغا جاراڭلىقراق سېزىلىدىغان بولسا، ياكى چەت تىل تېرمىنلىرىنى ئىشلىتىشنى ئوزىنىڭ "ئالىم" لىگىنىڭ ئىپادىسى قىلىپ كورسىتىش كېسىلىگە ئۇچراپ قالىدىغان بولسا، بۇنداق ئەهۋال ئەدەبىي ئىجادىيەتتە كەڭ خەلق ئاممىسىدىن ئاي-رىلىپ قېلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ ۋە تىلىمىزنىڭ كەلگۈسىنى غۇۋالاشتۇرۇپ قويىدۇ. بىز هازىر كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنى تەتقىق قىلىش ئىشىنى باشلاۋاتىمىز، بىرقانچە كىلاسسىك ئەسەرلەر مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىندى، بۇندىن كېيىن يەنە نەشر قىلىنىدۇ. كورۇپ تۇرۇپتىمىز-كى، بۇ كىلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ مۇتلەق كوپچىلىگى ئەرەپ، پارس تىلىنىڭ ئارىلاشمىسىدىن قۇرۇلۇپ چىققان. ئۇلارنىڭ ئىچىگە چىرايلىق سوزلەر قاچىلانغان. بىز كىلاسسىك ئەدەبىياتنى تەتقىق قىلىپ ئۇگەنگەندە، شۇ گۈزەل سوزلەر ئاستىدا يوشۇرۇنغان تىرەن مەنىلەرنى ئوز تىلىمىز بىلەن كورسىتىپ يېزىش ئۇستىلىغىنى ئۇگىنىشىمىز لازىم، بىزنى هەرگىز چەت تىل-لارنىڭ گۈزەللىگى ئوزىگە تارتىپ كەتمەسلىگى كېرەك. چۈنكى بىزگە چىرايلىق تۇيۇلغان شۇ سوزلەردىن گۈزەلرەك سوزلەر بىزنىڭ ئوز تىلىمىزدىمۇ بار.

مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| مۇهەببەت | ئورنىغا | سويگۇ |
| هوسىن - جامال | ئورنىغا | ئوز، چىرايلىق، كوركەم چىراي |
| بادى سابا | ئورنىغا | تاڭ شامىلى |
| تەبەسسۇم | ئورنىغا | كۇلۇمسىرەش |
| مۇجەسسەم | ئورنىغا | گەۋدىلىك |
| پەرۋاز | ئورنىغا | ئۇچۇش، ئورلەش |

دىمەك، هازىر بىز كورۇپ تۇرۇۋاتقان كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا قوللىنىلغان ئەرەپ، پارس سوزلىرى ئورنىدا ئوز ۋاقتىدا ئوز تىلىمىزدا گۈزەل سوزلەر بار ئىدى. 13290 مىسرالىق «قۇتاتقۇ بىلىگ»نى تىزىپ چىققىشتا يۇسۇپ خاس هاجىپنىڭ 68 مىڭ سوز ئىشلىتىپ، بۇنىڭغا ئاران 400چە چەت سوزنى قوشقانلىغى تىلىمىزنىڭ بايلىغىنى، چەت سوزگە مۇهتاج ئەمەسلىگىنى كورسىتىدىغان بىر دەلىلدۇر. بىر يۇسۇپ خاس هاجىپنىڭ بۇ مىسرالىرىغا قاراپ باقايلى:

توغاردىن ئىسە كەلدى ئوگدون يىلى،
جاهان ئىتكوگە ئاچتى ئوشتماخ يولى.

هازىرقى ئەدەبىي تىلدا:

شەرقتىن باهار شامىلى ئىسىپ كەلدى، جاهان زىننەتلىنىش ئۇچۇن جەننەت يولىنى ئاچتى، دىيىلىشى مۇمكىن. مۇشۇنداق دىيىلسە، ئوز تىلىمىزدىكى توغار، ئوگدون، ئىتكو، ئوشتماخ

سوزلىرى ئورنىغا شەرق، باھار، زىننەت، جەننەت دىگەن چەت سوزلەر ئورناشقان بولىدۇ.

ئونىن ئوتتى كەكلىك، كولەر قاتخورا،
قىزىل ئاغزى قانتەك، قاشى قاپقارا.

(كەكلىك كۇلۇپ قاقىلداپ ئۇناۇك سايرىماقتا، ئاغزى قاندەك قىزىل، قاشلىرى قاپ-قارا.) ئويلىنىدىغان بولساق، بۇيۇك ئەدىپ يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ مىسرالىرى ئەرەپ-پارىس تىلى ئارىلاش تۇزۇلگەن مىسرالاردىن گۇزەلرەك چىققان.

بىز بۇ يەردە ھازىر ئىشلىتىلىۋاتقان ئەرەپ-پارىس سوزلىرىنى قەتئى چىقىرىۋېتىش كېرەك، دىمەكچى ئەمەسمىز. چۇنكى، بىزدە ئىشلىتىلىۋاتقان ھەم تونۇش بولغان سوزلەر تىل سوستاۋىمىزنىڭ بايلىقى بولۇپ، ئۇلارنى چىقىرىپ تاشلاپ، ئورنىغا ئارخىپلىشىپ كەتكەن ئوز سوزلىرىمىزنى ئىشلىتىش ياخشى چارە ئەمەس ئەلۋەتتە. دەيدىغىنىمىز، ئوز تىلىمىز تۇرغان يەردە چەت تىلنى زورلاپ ئىشلەتمەسلىكنى ئالغا سۇرۇشتىن ئىبارەت. كىلاسسىك ئەدىبىياتنى تەتقىق قىلغاندا، ئۇنىڭغا تەنقىدىي كوز بىلەن قاراپ، ئۇنىڭ ياخشى تەرەپلىرىنى ئېلىپ، پايدىسىز تەرەپلىرىنى قالدۇرۇش بۇ — كىلاسسىك ئەدىبىياتتىن پايدىلىنىشتىكى توپ نىشان.

مۇشۇ نىشانغا قاراپ ئالغا بېسىش، تىل ساپلىقىنى ساقلاش ئۇچۇن تىرىشىش — خەلقنى يورۇتۇشنى مەقسەت قىلغان ئىلىم ئىگىلىرىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچىدۇر.

## پارچە

سۇپ-سۇزۇك ئاققان بۇلاقنى ئۇزە چاغلاپ قالدۇرۇپ —
كەتكۇچى، ئۇسسۇزلىغنى نەدە ئالغاي قاندۇرۇپ؟

ئىزدىمە چەتتىن قاچاڭغا سەن خوشاللىق شەربىتىن،
ئىچ تىلىڭنىڭ تەملىك، تاتلىق سۇيىنى تولدۇرۇپ.

# ئاق سېپىل قەدىمقى شەھىرىنىڭ كېسەكلىرىدىكى
# يېزىقلار ھەققىدە دەسلەپكى مۇلاھىزە

سابىت ئەخمەت، قۇربان ۋەلى

ئاق سېپىل قەدىمقى شەھىرى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ لوپ ناھىيىسىدە بولۇپ، يۇرۇڭقاش
دەرياسىنىڭ شەرق تەرىپىدە، ناھىيە بازىرىدىن غەربىي شىمال تەرەپ 17 كىلومېتىر① يىراق-
لىقتا ئورۇنلاشقان. بۇ قەدىمقى شەھەر خارابىسى تۇرغان جاي ھازىر تەكلىماكان قۇملىقى-
نىڭ بىرقىسمى بولۇپ قالغان. ئاق سېپىل قەدىمقى شەھىرى بۇ قۇملۇقتا يىراق-يىراقلاردىن
ئاپپاق كورۇنۇپ تۇرغاچقا، يەرلىك ئۇيغۇرلار ئۇنى "ئاق سېپىل" دەپ ئاتىغان.

ئاق سېپىل قەدىمقى شەھىرى خارابىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تەرىپىدىن
تۇقتىلىق قوغدىلىنىدىغان مەدەنى يادىكارلىق ئورنى. ئۇ، 1957-يىلى ئېلىپ بېرىلغان
مەدەنى يادىكارلىقلارنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشتە، سۇڭ سۇلالىسى (مىلادى 960-، 1279-
يىللار) دەۋرىدىكى قەدىمقى شەھەر خارابىسى، دەپ بېكىتىلگەن، 1981-يىلى نەشر قى-
لىنغان «جۇڭگودىكى مەشھۇر سەيلىگاھلار لۇغىتى»②دە تاڭ-سۇڭ سۇلالىلىرى (مىلادى
618-1279-، يىللار) دەۋرىدىكى قەدىمقى شەھەر خارابىسى دەپ يېزىلغان③.

بۇ قەدىمقى شەھەرنىڭ قايسى دەۋردە كىملەرنىڭ ئەمگىگى بىلەن بىنا قىلىنغانلىقى،
ئۇنىڭ نامىنىڭ ئەسلىدە نىمە دەپ ئاتىلىدىغانلىقى ھەققىدە ئارخېلوگلار ۋە تارىخشۇناسلار
ئىچىدە ھازىرغا قەدەر مۇئەييەن بىر يەكۇن چىقىرىلغىنى يوق. بۇ ماقالىمۇ يۇقۇرقى مە-
سىلىلەرنىڭ ھەممىسىگە جاۋاپ بېرەلمەيدۇ، پەقەت بۇ قەدىمقى شەھەرنىڭ قايسى دەۋرلەردە
بىنا قىلىنغانلىقى توغرىسىدىلا پاكىت كورسىتىدۇ.

× ×

1979-يىلى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لى
يۇيچۇن ئاق سېپىلغا بارغان. ئۇ چاغدا ئاق سېپىلنىڭ 106 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى سېپىل
تېمى قۇمدىن ئوتتۇرا ھساپ بىلەن 4 مېتىرچە ئېگىزلىكتە كوتىرىلىپ تۇراتتى. غەربىي جەنۇپ
بۇرجەكتە 7-8 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى تام بوران زەربىسىدە ئورۇلۇپ چۈشكەن، ئۇنىڭ كې-
سەكلىرى پارچە-پارچە بولۇپ، يەردە چېچىلىپ ياتقان ئىدى. كېسەكلەرنىڭ بىر يۈزىدە
قەدىمقى كىشىلەر جىجىلاپ يازغان "يېزىق"لار كورۇنەتتى. بۇ چولدە ئۇزۇنىراق تۇرۇپ
خىزمەت ئىشلەش شارائىتى يوق ئىدى. شۇڭلاشقا، ئاران ئون نەچچە پارچە سۇتۇق كېسەك-
تىكى "يېزىق" لار فوتوغا ئېلىنغان. ئاق سېپىل قەدىمقى شەھىرىنىڭ كېسەكلىرىدە يېزىق
بارلىقى ئارخېلوگلارنىڭ، بولۇپمۇ يېزىقشۇناسلارنىڭ جىددى دىققەت ئېتىۋارىنى قوزغىدى.
بىرمۇنچە كىشىلەر بۇنى تەتقىق قىلىشقا كىرىشتى. لېكىن ئۇلارنىڭ ئۇز تەتقىقاتلىرىدىن

قانداق يەكۈن چىقارغانلىقى بىزگە مەلۇم ئەمەس.

1980 - يىلى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى سابىت ئەخمەت، كەسپىي خادىملاردىن ئەخمەت رىشىت، خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلارنى قوغداش ئورنىنىڭ مەسئۇلى رەجەپ يۈسۈپ قاتارلىق كىشىلەر ئاق سېپىل قەدىمقى شەھرىگە بېرىپ، سېپىلنىڭ كېسەكلىرىدىكى يېزىقلار ئۈستىدە ئىككىنچى قېتىم تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش ئالدىنقىسىدىن تەپسىلى ۋە ئەتراپلىقراق بولدى. بۇ ۋاقىتتا، يەنى ئاردىن بىر يىل ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ قۇملۇقتا ئاران 75 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى قەدىمقى شەھەر سېپىلى قۇمدىن كۆتىرىلىپ تۇراتتى، سېپىلنىڭ قالغان قىسمى كوچمە قۇم بارخانلىرىنىڭ تېگىدە قالغان ئىدى④. بوراندا يىقىلىپ كەتكەن تام پارچىلىرى، چېچىلىپ ياتقان سۇنۇق كېسەكلەرمۇ كۆپىيىپ قالغان ئىدى. بۇ قېتىم تېخىمۇ كۆپ يېزىق ماتېرىيالى توپلاندى.

ئاق سېپىلنىڭ كېسەكلىرى ئۆلچەملىك ئەمەس، بەزىلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 31 سانتىمېتىر، كەڭلىگى 20 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 8 سانتىمېتىر، بەزىلىرىنىڭ بولسا ئۇزۇنلىقى 50 سانتىمېتىر، كەڭلىگى 32 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 12 سانتىمېتىر كېلىدۇ. يىقىلىپ چۈشكەن سۇنۇق كېسەكلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ بىر يۈزىدە يېزىق بار. ئارخېئولوگلارنىڭ تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، بۇ يېزىقلار كېسەكلەرنىڭ بىر يۈزىگە قول بىلەن ۋە تاياق بىلەن چىجىلاپ يېزىلغان. سېپىلنىڭ يەنە بىر يېرىدە شامال يالاپ يىقىتىۋېتىشكە ئازلا قالغان بىر پارچە تام بار، ئۇنىڭ تېگىدە تۇرۇپ قارىسا، "يېزىق"لار كۆرۈنىدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا، سېپىل بىنا قىلىنىۋاتاندا كېسەكلەرنىڭ "يېزىق" بار يۈزى دۈم قىلىپ تىزىلغان⑤. ئەپسۇسكى، كېسەكلەر سۇنۇپ ھەر تەرەپكە قالايمىقان چېچىلىپ كەتكەچكە، "يېزىق" لارنىڭ مۇناسىۋىتى، يەنى سۆز ياكى جۈملە بولۇپ شەكىللىنىش تەرتىۋىنى ئېنىقلاش مۇمكىن بولمىدى. شۇڭلاشقا، بۇ يېزىقلار مۇشۇنداق رېتى قالايمىقان بولۇپ كەتكەن، ھەرپ شەكلى ئوڭ - تەتۈر، ئاستىن - ئۈستۈن ھالەتكە كېلىپ قالغان بويىچە فوتوغا ئېلىندى.

دەسلەپتە سابىت ئەخمەت بۇ يېزىقلارنى قەدىمقى تۈرك يېزىقىنىڭ ئورقۇن - يېنسەي ۋادىسىدا قوللىنىلغان شەكىللىرىگە سېلىشتۇرۇپ، بۇنى قەدىمقى تۈرك يېزىقى شەكىللىرىمىكىن دەپ قارىغان ئىدى. كېيىن، 1983 - يىلى 2 - ئايدىن باشلاپ بىز بۇ يېزىقلارنىڭ دەسلەپكى تەتقىقاتىغا كىرىشتۇق. بىز ئالدى بىلەن ئاق سېپىلدىن تېپىلغان يېزىق ماتېرىياللىرىنى رەتلەپ چىقتۇق، 30 پارچىدىن ئارتۇق يېزىق ماتېرىيالى ئىچىدە بىر بىرىگە ئوخشىمايدىغان 17 ھەرپ بارلىقى ئېنىقلاندى. بۇ بىرىنچى قەدەمدە ئىشلەنگەن خىزمەت، يەنى تەكرار - تەكرار سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەن يەكۈن ئىدى. ئىككىنچى قەدەمدە، دۇنيادا ھازىرغا قەدەر تېپىلغان قەدىمقى يېزىق شەكىللىرىنى توپلاپ، ئاق سېپىلدىن تېپىلغان يېزىقلارنى ئۇلارغا سېلىشتۇردۇق. تەكرار - تەكرار سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئاق سېپىلدىن تېپىلغان 15 ھەرپنىڭ قەدىمقى كاروشتى يېزىقى ھەرپلىرى ئىكەنلىكى، 2 ھەرپنىڭ بولسا قەدىمقى براھمى يېزىقى ھەرپلىرى ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى. ئاق سېپىلدىن تېپىلغان ھەرپلەرنىڭ كۆپىنچىسى قەدىمقى تۈرك يېزىقىنىڭ ئورقۇن، يېنسەي ۋادىسىدا قوللىنىلغان شەكىللىرىگىمۇ ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇنىڭ سېلىشتۇرۇلۇشى تۆۋەندىكىچە: (ئاق

سىپىلدىن تېپىلغان يېزىقلارنىڭ فوتودىكى شەكلىنىڭ كوچۈرۈلمىسىدە كورۈلىدىغان..بەلگە
ھەرپلەرنىڭ كەمتۈك يېرى كورسىتىلدى.)



يۇقۇرىدىكى سېلىشتۇرمىدا كۆرسىتىلگەن كاروشتى يېزىقى قەدىمقى ھىندىستاننىڭ ماۋۇرىيا خانلىقى (مىلادىدىن ئىلگىرى 322 — 185- يىللار) دەۋرىدە قوللىنىلغان يېزىق شەكىللىرى ئىدى⑥. سېلىشتۇرۇش نەتىجىسىدە، ئاق سېپىلدىن تېپىلغان يېزىقلارنىڭ ھەرپ شەكىللىرى كاروشتى يېزىقىنىڭ باشقا دەۋرلەردە قوللىنىلغان شەكىللىرىگە ئوخشىماي، پەقەت ماۋۇرىيا خانلىقى دەۋرىدە قوللىنىلغان شەكىلگىلا ئوخشايدىغانلىقى ئېنىقلاندى. سېلىشتۇرمىدا كۆرسىتىلگەن بىراھمى يېزىقىمۇ ماۋۇرىيا خانلىقى دەۋرىدە قوللىنىلغان يېزىق شەكلى ئىدى ⑦. ئاق سېپىلدىن تېپىلغان يېزىقلارنىڭ ئىچىدە 2 ھەرپ بىراھمى يېزىقىنىڭ ھەرپلىرىگە ئوخشايدۇ. جۈملىدىن، ئاق سېپىلدىن تېپىلغان ھەر ئىككى خىل يېزىقنىڭ يىل دەۋرى ئوخشاش، يەنى ئۇلار مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2 — 4- ئەسىرلەرگە مەنسۇپ. سېلىشتۇرمىدا كۆرسىتىلگەن قەدىمقى تۈرك يېزىقى مىلادى 8 — 9- ئەسىرلەردە ئورقۇن، يېنىسەي ۋادىسىدا قوللىنىلغان يېزىق شەكىللىرى ⑧. ئاق سېپىلدىن تېپىلغان يېزىقلارنىڭ بەزىلىرى بۇنىڭغا ئوخشايدۇ، بەزىلىرى يېقىن كېلىدۇ، بەزى سان-لارنى پارچىلىسا، تۈرك يېزىقىنىڭ ھەرپلىرىگە ئوخشايدۇ، پارچىلىمىسا ئوخشىمايدۇ. بۇنى تەكرار - تەكرار سېلىشتۇرۇپ كۆرگەندىن كېيىن، ئاق سېپىلدىن تېپىلغان يېزىقلارنى تۈرك يېزىقى ئەمەس دېگەن خۇلاسىگە كەلدۇق. لېكىن، شۇنىسى ئېنىقكى، كاروشتى يېزىقى بىلەن تۈرك يېزىقى ئوخشاشلا ئەرەم يېزىقى سېستىمىسىغا كىرىدىغان يېزىقلار بولۇپ، ئۇلاردا پەقەت قوللىنىلغان دەۋرنىڭ ئىلگىرى - كېيىن بولغانلىقىدەك بىرلا پەرق بار. بىز يەنە تارىخىي جەھەتتىن تەھلىل يۈرگۈزۈپ، قەدىمقى تۈرك يېزىقىنىڭ ئاق سېپىلدىن تېپىلغان يېزىقلار بىلەن شەكىللىنىش مۇناسىۋىتى بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارىدۇق.

بىزنىڭ يۇقۇرىدىكى يەكۈن ۋە پەرەزلىرىمىزنى ئىسپاتلايدىغان مۇنداق ئۈچ تارى-خىي رىۋايەت بار. بۇ رىۋايەتلەر جۇڭگونىڭ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن بۇددىزىم راھىبى شۈەنجۇاڭنىڭ "大唐西域记" دېگەن كىتاۋىدا بايان قىلىنىدۇ.

1 - رىۋايەت: "ئاسوكاخان غەزەپلىنىدۇ، ۋەزىرىنى ئەۋەتىپ (شاھزادىنى) سۈرگۈن قىلىدۇ، (ئۇ) قوۋمىلىرىنى باشلاپ شىمالدىكى تاغدىن ئۆتىدۇ، چۆل، جىرالاردا قونىدۇ، ئادەم - مۈلۈكلىرىنى ئېلىپ بۇ ماكانىنىڭ غەربىدىكى قىرغاقتا كېلىدۇ، تورىلەرنى تىكلەي-دۇ، ئۆزى خان بولىدۇ. شۇ ۋاقىتتا، شەرقىي ئەل شاھزادىسى قاچاقلارنى ئەيىپلەش ئۈچۈن شەرقتىكى قىرغاقتا كېلىپ ماكانلىشىدۇ، قول ئاستىدىكىلەرنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئۆزىنى خان، دەپ جاكالايدۇ. ئايلار، يىللار ئۆتىدۇ، ئۇلار دىن ۋە ئۆرپ - ئادەت جەھەتلەردە چىقىشالمايدۇ، يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلغان ۋاقىتلاردا چاتقاللىقلاردا ئۇچرىشىپ قالىدۇ، جەمەتلىرىنى سۈرۈشتۈرۈشىدۇ، خوجايىنلىق تالىشىدۇ، گەپ - سۆزلىرىگە تەگىشىدۇ، قورال تەڭلىمەكچى بولۇشىدۇ..... سۈبھى كوتىرىلگەندە جەڭ بولىدۇ، غەرپ خانى يېڭىلىدۇ، شەرق خانى غەلىبە قىلىدۇ، ئېلىدىن مەھرۇم بولغانلارنى توپلايدۇ، پايتەختنى ئوتتۇ-رايونغا كوچۈرىدۇ، سېپىل بىنا قىلىدۇ، دولەت قۇرۇلىدۇ، ھازىر خان پايتەخت قىلى-ن تۇرغان دەل شۇ شەھەردۇر." ⑨ بۇ تارىخىي رىۋايەت بىزگە خوتەن رايونىدا ئەڭ بۇرۇ-ن سوقۇلغان سېپىلنىڭ دەۋرى قەدىمقى ھىندىستان تارىخىدىكى ئاسوكاخان دەۋرىگە توغ-را كېلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئاسوكاخان ماۋۇرىيا خانلىقى دەۋرىدىكى مەشھۇر خانلارنى-

ئاق سىپىل قەدىمقى شەھىرىنىڭ كېسەكلىرىدىكى يېزىقلارنىڭ
فوتوغا ئېلىنغان نۇسخىسى



1



2



3



4



6



5



8



7



10



9



11



12



13



14

بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ تەختتە ئولتۇرغان يىللىرى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 273 — 232- يىللار ئىدى. بۇ تارىخىي رىۋايەت ئاق سېپىلدىن تېپىلغان يېزىقلارنىڭ سېلىشتۇرما يېزىقشۇناسلىق ئۇسۇلى بىلەن ئېنىقلانغان يىل دەۋرىنى ئىسپاتلايدۇ. بەلكى دەۋر چېكىنى تېخىمۇ كونكرېتلاشتۇرىدۇ، يەنى بىزگە خوتەن رايونىدا مىلادىيىدىن ئىلگىرى 3- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا سېپىل سوقۇپ شەھەر بىنا قىلىنىشقا باشلىغان، دېگەن مەلۇماتنى بېرىدۇ.

2 - رىۋايەت: (خاننىڭ) ئوغلى بولمىغانلىقتىن، نەسەبى ئۈزۈلۈپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ ۋايشراۋانا تەڭرى دەرگاھىغا بېرىپ ئىبادەت قىلىدۇ، ئىلاھ ئوبرازىنىڭ پېشانىسىدىن بىر ئوغلان ئۈنۈپ چىقىدۇ. ئۇنى مەبەدكە سېلىپ ئېلىپ كېلىدۇ، دۆلەت خەلقى تەبرىكلەيدۇ. ئوغلان ئەمچەككە كۆنمىگەنلىكتىن، يەنە ئىلاھتىن ئۇنىڭغا ئوزۇق تىلەيدۇ. ئىلاھنىڭ ئالدىدىكى يەردىن بىر ئەمچەك ئۈنۈپ چىقىدۇ، ئىلاھى ئوغلان ئۇنى ئېمىپ ئەيى بولىدۇ، ئەلدە تەڭدىشى يوق ئەقىللىق باتۇر بولۇپ يېتىلىدۇ..... شۇنىڭدىن كېيىن بۇ دۆلەتتە خانلىق نەسەبى ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ، ....(خانلار ئەجدادى) يەردىن چىققان ئوغۇز (سۈت) نى ئېمىپ چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئەلنىڭ نامى كھۇستان، دەپ ئاتالغان⑩. "كھۇ" دېگەن سۆز قەدىمقى ئارىيان خەلقلىرىنىڭ تىلىدا ئوغۇز دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. "ستان" دېگەن سۆز "ماكان" دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. دېمەك، بۇ دۆلەتنىڭ نامى "ئوغۇز ماكانى" دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، بۇ نام كېيىن، جانلىق تىلدا "س" تاشلىنىپ كھۇ تان، كېيىن يەنە "ك" تاشلىنىپ ھوتان ياكى خوتەن دەپ تەلەپپۇز قىلىنغان. بۇ نام ھازىرغا قەدەر داۋاملىق قوللىنىلماقتا. بۇ تارىخىي رىۋايەت بىزگە خوتەن رايونىدا سېپىل سوقۇلۇپ شەھەر بىنا قىلىنىپ، دۆلەت قۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، بۇ دۆلەتنىڭ نامىنىڭ نېمە دەپ ئاتالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

3. رىۋايەت: بۇرۇنقى زاماندا، ھونلاردىن يۈز مىڭلىغان ئادەم كېلىپ، ئەتراپتىكى شەھەرلەرنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىدۇ، چاشقان دۆڭنىڭ يېنىدا بوز يەر ئاچىدۇ. كھۇستان خانى ئون مىڭلىغان ئەسكىرى بىلەن ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەي ئەنسىرەيدۇ.... ھونلار دەرھال مەيلەرنى قوشۇپ، ئاتلارنى ئىگەرلىمەكچى بولىدۇ، لېكىن، ئىگەر، ساۋۇت، ئوق - يا، مەيە قاتارلىق يىپ - شوينىسى بار ئەسكىرى جابدۇقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ چېتىلغۇلىرىنى چاشقانلار ئاللىقاچان قېيىپ تاشلىغان ئىدى....⑪. بۇ تارىخىي رىۋايەت بىزگە خوتەن دۆلىتى زامانىسىدا ھون خەلقلىرىنىڭ خوتەن دۆلىتى تەۋەسىدە ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرىنى خەۋەر قىلىدۇ. بۇ رىۋايەتتە خوتەنگە بارغان ھونلارنى "يۈز مىڭلىغان"دەپ تەسۋىرلىگەن. تارىخ قەدىمقى كىتاپلاردا رىۋايەت شەكلى بىلەن بايان قىلىناتتى. ھەقىقىي تارىخىي ۋاقەلەر رىۋايەت شەكلى بىلەن بايان قىلىنغاندا، بەزى بىھۇدە مۇبالىغىلەردىن خالىي بولالمايدۇ ئەلۋەتتە. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى ئارخېئولوگىيە يولى بىلەن ئىسپاتلاشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ سان ئىسپاتلانغىچە، بىزنىڭ قارىشىمىزچە، ياپونىيىلىك يۈشى لياۋدىنىڭ «غەربتە بۇددىزم» دېگەن كىتاۋىدا خوتەننىڭ نوپۇسى ھەققىدە ئېلىپ بارغان تەھلىلىنى⑫، يەنى ئۇنىڭ، تارىخىي رىۋايەتلەردە غەربتىن كەلگەنلەر 7 مىڭ، شەرقتىن كەلگەنلەر ئون مىڭ دېيىلىدۇ، دەپ ئېيتقانلىقىنى نەزەردە تۇتۇشقا توغرا كېلىدۇ. «خەننامە. غەربىي رايون تەزكىرىسى. خوتەن»

بابىدا، ئائىلە سانى 3 مىڭ ئۈچيۈز، نوپۇسى 19 مىڭ ئۈچيۈز، ئەسكىرى 2 مىڭ توت يۈز دېيىلگەن. بۇنىڭدىن قارىغاندا، خوتەندە دولەت قۇرۇلغاندا 17 مىڭ نوپۇس بار ئىدى، دىگەن قاراش بىر قەدەر ئەقىلغا مۇۋاپىق. خوتەننىڭ شۇ زامانلاردا نوپۇسىنىڭ قانچىلىك بولۇشىدىن قەتئى نەزەر، بۇ رىۋايەت بىزگە شۇ زامانلاردا خوتەن نوپۇسىنىڭ كۆپ ساندىكىلىرى تۈرك تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر (هونلار تۈركى خەلق بولۇپ تۈرك تىلىدا سۆزلىشەتتى. قەدىمقى خەنزۇچە تارىخىي كىتاپلارنىڭ ھەممىسىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى هونلار دېيىلگەن) ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. خەنزۇچە ياكى باشقا يېزىقلاردا يېزىلغان تارىخىي كىتاپلاردا هونلارنىڭ خانى بىلەن باشقا خانلار ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا خەت-چەك ئەۋەتىشكەنلىكى تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن هونلارنىڭ قانداق يېزىق ئىشلەتكەنلىگى خاتىرىلەنمىگەن. يەنە بىر مۇنچە تارىخىي كىتاپلاردا بولسا هونلار يېزىق قوللانماي، ۋەقەلەرنى يىپ-شويىندا بوقۇچ تۈگۈش ئۇسۇلى بىلەن خاتىرىلەيتتى، دېيىلگەن. ئارخېلوگلارمۇ خوتەن رايونىدىن هازىرغا قەدەر يىل دەۋرى تېخىمۇ ئۇزۇن بولغان تۈرك يېزىقلىرىنى ئۇچراتمىدى. شۇڭلاشقا، ئاق سېپىلدىن تېپىلغان يېزىقلار بىلەن تۈرك يېزىغىنىڭ بەزى ھەرپلىرى ئوخشاپ كېتىدىغانلىغى ۋە ئۇلارنىڭ بۇ يېزىق سىستېمىسىغا كىرىدىغانلىغى، تۈرك تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3-ئەسىردىلا خوتەن نوپۇسىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ شەكىللەنگەنلىگىگە ئاساسەن، بىز تۈرك يېزىغىنىڭ ئاق سېپىلدىن تېپىلغان يېزىقلار بىلەن شەكىللىنىش مۇناسىۋىتى بولۇشى مۇمكىن، دىگەن پەرەزگە كەلدۇق.

بۇ ماقالىدا پەقەت ئاق سېپىل قەدىمقى شەھرىنىڭ كېسەكلىرىدىكى يېزىقلار ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلدى. مۇلاھىزە ئارقىلىق ئاق سېپىل قەدىمقى شەھرى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بىنا قىلىنغان، دىگەن يەكۈننى چىقاردۇق. لېكىن هازىر "ئاق سېپىل" دەپ ئاتىلىۋاتقان بۇ قەدىمقى شەھەرنىڭ ئەسلى نامى نىمە، ئۇ قەدىمقى خوتەن دولىتىنىڭ پايتەختىمۇ؟ دىگەنگە ئوخشاش مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش ئۈچۈن هازىر ئارخېلوگىيە پاكىتلىرى تېخى يېتىشمەيدۇ. تارىخىي رىۋايەتلەردىكى "غەربىي قىرغاق"، "شەرقىي قىرغاق"، "شەرق خانى"، "ئوتتۇرا رايون" دىگەنگە ئوخشاش بىر مۇنچە تارىخىي جۇغراپىيە تەتقىقاتى دائىرىسىگە كىرىدىغان ئاتالغۇلار بۇ ماقالىنىڭ ۋەزىپىسى بولمىغانلىغى ئۈچۈن، بۇ ھەقتە تېخى مۇلاھىزە ئېلىپ بارمىدۇق. بىزنىڭ بۇ مۇلاھىزىمىز تېخى ئاق سېپىل قەدىمقى شەھرىنى رەسمىي ئارخېلوگىيىلىك قېزىش-تەكشۈرۈش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈلگەن ماتېرىياللارغا ئاساسەن ئېلىپ بېرىلغان مۇلاھىزىمۇ ئەمەس، پەقەت بوران زەربىسىدە ئۆرۈلۈپ چۈشكەن سېپىل تاملىرىنىڭ سۇنۇق كېسەكلىرىدىكى يېزىقلار، ئۇنىڭ ئۈستىگە رەت-تەرتىۋى بۇزۇلغان يېزىقلار ئۈستىدىلا ئېلىپ بېرىلغان سېلىشتۇرما يېزىقشۇناسلىق جەھەتتىكى مۇلاھىزە خالاس. ماتېرىيال تولۇق بولمىغاچقا، ئاق سېپىل قەدىمقى شەھرىنىڭ كېسەكلىرىدىكى يېزىقلارنىڭ مەزمۇنى بىلەن تونۇشقىلى بولمىدى. بۇ يېزىقلارنىڭ مەزمۇنى بىلەن تولۇق تونۇشقاندا، نۇرغۇن مەسىلىلەر ئېنىق بولغان بولاتتى، بۇ مۇندىن كېيىنكى خىزمەتلەردە ئورۇنلىنىشى مۇمكىن.

ئىزاھلار:

① ② «شىنجاڭ گېزىتى» 1957-يىل 7-ئاينىڭ 1-كۈنىدىكى (خەنزۇچە) سانىغا قاراڭ. بۇنىڭدا ئاق سېپىل قەدىمقى شەھرى لوپ ناھىيىسىدىن غەربىي شىمال تەرەپ 40

كىلومېتىر يىراقلىقتا دەپ يېزىلغان، بۇ سان توغرا ئەمەس.

③ 中国名胜词典 1981 - يىل شاڭخەي نەشرى 1102 - بەتكە قاراڭ.

④ مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدا ستەيىن، 50 - يىللاردا خۇاڭ ۋىنبى ئەپەندى تەكشۈرگەندە ئاق سىپىل قەدىمقى شەھەرنىڭ سىپىلى 100 مېتىردىن ئارتۇق ئۇزۇنلۇقتا ئىدى. 1979 - يىلى لى يۈيچۈن تەكشۈرگەندىمۇ 106 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئىدى. 1980 - يىلى سابىت ئەخمەت تەكشۈرگەندە ئاران 75 مېتىر قالغان، قالغان قىسمىنى قۇم كۆمۈپ تاشلىغان. مۇشۇ بىر يىل ۋاقىت ئىچىدە تەكلىماكاننىڭ بوستانلىقلارغا قىلغان قۇملاشتۇرۇش ھۇجۇمى مۇشۇنداق شىددەتلىك بولغان.

⑤ 6 —، 10 - فوتولارغا قاراڭ.

⑥ "Indian Petrology, Plate I" گە قاراڭ.

⑦ يۇقۇرقى كىتاب "Plate II" گە قاراڭ.

⑧ "A.von. Gabain Alttürkische Grammatik" گە قاراڭ.

⑨ ⑩ "大唐西域记" 1977年上海版297页 گە قاراڭ.

⑪ يۇقۇرقى كىتاب 299 - بەتكە قاراڭ.

⑫ 羽溪了谛著《西域之佛教》1956年商务版194页 گە قاراڭ.








(خەلق داستانى)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: باتۇر ئەرشىدىنوۋ

تەھرىردىن:

«غېرىپ ۋە سەنەم» — كۆپ ئەسىرلەردىن بۇيان ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە كەڭ تارقىلىپ ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا ئۆتۈپ كەلگەن يىرىك خەلق داستانلىرىدىن بىرى. داستاننى خەلقىمىز سۆيۈپ ئوقۇيدۇ ۋە ئاڭلايدۇ. داستاننىڭ شېئىرىي تېكىستلىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەشھۇر تارىخىي مۇزىكىسى — ئون ئىككى مۇقام ئاھاڭلىرىغىمۇ ناخشا تېكىستى قىلىپ ئىشلىنگەن بولۇپ، بۇ ئۆلمەس ناخشىلار خەلق مەشرەپلىرىدە، توي - تۆكۈن، ھېيت - بايراملاردا، مېھماندارچىلىق ۋە مەھەللىي كۆڭۈل ئېچىشلارنىڭ ھەر خىل تۈرلىرىدە تاكى بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر كەڭ ئېيتىلىپ كېلىنمەكتە.

داستاننىڭ ئۇيغۇر خەلقى ياشايدىغان كەڭ زېمىننىڭ ھەرقايسى رايونلىرى ۋە جايلىرىدا جانلىق تىلدا ئېيتىلىدىغان، بىر - بىرىدىن ھەر خىل دەرىجىدە پەرقلىنىدىغان ئاغزاكى ۋارىيانتلىرى بار، شۇنىڭدەك، ئۇنىڭ ئۇيغۇر چاغاتاي ئەدەبىي تىلىنىڭ نەسرىي يازما ئۇسلۇبىدا خاتىرىلەنگەن قولىيازما نۇسخىلىرى ۋە تاش مەتبە نۇسخىلىرىمۇ ئاز ئەمەس. بۇ، تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە ئالدى بىلەن ئۇيغۇرلارغا خاس بولغان ئۇزاق ئەسىرلىك شەھەر مەدەنىيىتىنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى ئەلۋەتتە. ئۇيغۇرلاردا يازما ئەدەبىيات ۋە كىتابپۇرۇش-

لۇق — مەتبەچىلىك ۋە كىتاپ سودىسى تارىختىن بۇيان تەرەققىي تاپقان ساھە بولۇپ كەلگەن. ئىلىمىزدە ۋە چەتئەللەردە ساقلىنىۋاتقان، ئۇيغۇرلاردا بۇددا ۋە مانى مەدەنىيەتلىرى مۇھىتىدا بارلىققا كەلگەن تۇرغۇنلىغان كىتاپلار بۇنى دەلىللەپ بېرىدۇ. تارىختىن بۇيان، ئۇيغۇرلارنىڭ يازغۇچىلىرى، شائىرلىرى، تارىخچىلىرى، كاتىپلىرى ۋە ھەر خىل دىنلار مۇھىتىدىكى زىيالىلىرى خەلق ياراتقان نۇرغۇن نادىر مىراسلارنى كىتاپلاشتۇرۇپ كەڭ تارقاتقان ۋە نەسىلدىن - نەسىلگە قالدۇرغان. زامانىۋى نەشرىياتچىلىق ۋە مەتبەچىلىك ساھەسىدىن باشقا، ئەنئەنىۋى كىتاپپۇرۇشلۇق ۋە كىتاپ سودىسى ئادىتى خەلق ئىچىدە ھازىرمۇ بار. ئاقسۇ، غۇلجا، قەشقەر، يەركەن، خوتەن قاتارلىق جايلاردا غالتەك ھارۋىلىرىنى ھەيدەپ يۈرۈپ قەدىمىي كىتاپلارنى ئېلىپ - سېتىش بىلەن، كىتاپ كۆچۈرۈش ۋە كىتاپ شىرازلاش بىلەن مەخسۇس شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەرنى ھازىرمۇ كەڭرى ئۇچرىتىش مۇمكىن.

بىز ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مىراسلىرىنى نەشرگە تەييارلاشتا ئىلمىي ئۈرنەك بولار دىگەن مەقسەت بىلەن، بۇ قېتىم مەجمۇئەمىزدە «غېرىپ ۋە سەنەم» داستانىنىڭ قولىيازما نۇسخىسىنى ئېلان قىلىشتا، سوۋېت ئۇيغۇرلىرىدىن باتۇر ئەرشىدىنوۋ نەشرگە تەييارلىغان، سوۋېت قازاقىستانىنىڭ «جازۇشى» — («يازغۇچى») نەشرىياتى 1982 - يىلى نەشر قىلغان كىتاۋى نۇسخىنى ئىشلىتىشنى مۇۋاپىق كۆردۇق. «غېرىپ ۋە سەنەم» داستانىنىڭ بۇ نەشر نۇسخىسى ئەتراپلىق ئىزلىنىش ۋە ھەر خىل نۇسخىلارنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن ۋە ئەستايىدىل ئىشلەنگەن.

باتۇر ئەرشىدىنوۋ داستاننى نەشرگە تەييارلاشتا، س. س. س. ر ئازىيا خەلقلىرى ئىنىستىتۇتى لېنىنگراد شۆبىسىدە (321) 177 نومۇر بىلەن ساقلىنىۋاتقان، ھاجى يۈسۈپ دىگەن كىشى تەرىپىدىن ھىجرى 1290 - يىلى (مىلادى 1873 — 74 - يىللىرى) كۆچۈرۈلگەن قولىيازما نۇسخىنى ئاساس قىلغان. باتۇر ئەرشىدىنوۋ نەشرگە تەييارلاش سۆزىدە، بۇنىڭ يەتتە سۇ ئۇيغۇرلىرى ئىچىدە ئەڭ كەڭ تارقالغان نۇسخا ئىكەنلىكىنى، ھاجى يۈسۈپ موللا ئاشۇر خەلپەم ناملىق بۇ مۇئەللىپ كۆچۈرۈپ قالدۇرغان «جامىئۇل ھىكايەت» ناملىق يەنە بىر قولىيازمىنىڭمۇ بارلىغىنى، «غېرىپ ۋە سەنەم» داستانى خاتىرىلەنگەن قولىيازمىدا يەنە «پەرھات - شېرىن»، «بەختىيارنامە» ناملىق ئەسەرلەرنىڭمۇ بارلىغىنى، ھاجى يۈسۈپ موللا ئاشۇر خەلپەمنىڭ يالغۇز زامانىسىنىڭ ئەدىبى بولۇپلا قالماي، بەلكى تارىخچىمۇ بولغانلىغىنى، ئۇنىڭ ئۆزى يازغان «جەمىيەت تارىخ» («تارىخلار توپلىمى») ناملىق ئەسىرىنىڭمۇ بارلىغىنى ئېيتىدۇ.

نەشرگە تەييارلىغۇچى كىتاپىنىڭ ئاخىرىدا، داستاننىڭ ئۇيغۇر ۋارىيانتلىرىدىن باشقا يەنە، تۈركمەن، ئۆزبېك، ئەزەربەيجان ۋە باشقا كاۋكاز تۈركلىرى ۋارىيانتلىرى ھەم سەھنە ۋارىيانتلىرىنى ئىلاۋە قىلىپ ئۆتكەن.

داستاننىڭ نەشرىدە قولىيازما ترانسكرىپسىيىسىنىڭ ئەينەن ئېلىنغانلىغى ناھايىتى ياخشى بولغان. بىز داستاننىڭ تىل ئۇسلۇبىدا ئۇيغۇر يازما مىراسلىرىدىن بولغان «قىسسەسۇل ئەنبىيا» ۋە «نەسرى مىرزا مۇھەممەد ھوسۇيىنبەگ» («نەسرى خەمسە») دىكىدەك چىغاتاي ئەدەبىي تىلىنىڭ نەسرى شەكلىنىڭ تىپىك ئۆرگانىك ئۈلگىسىنى كۆرىمىز. بۇ، بىزنىڭ ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتچىلىرىمىزنى ۋە تىلشۇناسلىرىمىزنى ئۇيغۇر يازما تىلىنىڭ تارىخىي

تەرەققىياتىغا دائىر ماتېرىيال ئاساسى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

داستاننى سلاۋيان يېزىقىدىكى يۇقۇرقى نەشر نۇسخىسىدىن يولداش دەريا ھەسەن ئۇيغۇر كونا يېزىقىغا ئاغدۇردى.

ئەمما راۋىيان ئەخبارۇ ناقىلان ئاسار ئاگىداغ رىۋايەت قىلىۇلەركىم، دىيار بەكرى دەب بىر شەھەر بار ئەردى، پادىشاھىنى شاھ ئاببابس‌دەر ئەردى، (ئۇنىڭ)①... بىر ۋەزىرى بار ئەردى، (ئاتى) ھەسەن ۋەزىر ئەردى. بىر كۈنى پادىشاھ شىكارغا چىقىب ئەردى، ئالدىغا بىر بوغاز توشقان ئۇچرادى، پادىشا ئاتاي دەب يادىنە تۇتۇپ: "خوتۇنۇم ھامىلەدار ئەردى، قىساس بولماسۇن" دەب ئوقىنى قايتۇرۇب ئالدى. ئۇل توشقان ئوتۇب ۋەزىرنىڭ ئالدىغا كەلدى، ۋەزىر ھەم ئاتايىن دەب يادىغا تۇشتى: "خوتۇنۇم ھامىلەدار ئەردى" دەب (ئوقنى) قايتۇرۇب ئالدى. ئەلقىسسە پادىشاھ شىكاردىن ياندى. ھەسەن ۋەزىرغە ئەيدى:

— ئۇل توشقاننى (مەن) ئاتمادىم، سەن نېچۇك ئاتمادىڭ؟— دىدى. ۋەزىر ئەيدى:

— خوتۇنۇمغا قىساس بولۇرمېكىن دەپ ئاتمادىم،— دىدى. پادىشاھ ئەيدى:

— ئەي، ۋەزىر! بۇ ئىككىمىزنىڭ نىيەتىنىڭ بىر كېلىگەنىگە بۇ فەرزەندلەر ئىككىلەسى ئوغۇل بولسا دىيار بەكرىنىڭ پادىشاھلىقىنىڭ دەۋرانىنى سۇرسۇن، ئەگەر ئىككىلەسى قىز بولسا بىر كۇيەۋ قىلىسۇن، ئەگەر بىرى ئوغۇل، بىرى قىز بولسا نىكاھى بىر بولسۇن،— دىدىلەر. ھەسەن ۋەزىر ئەيدى:

— ئىككىمىزغە بىر موھر لازىمدۇر،— دىدى. ئاندا پادىشاھ:

— ۋەدىمىز خىلاف بولماسۇن،— دەب موھرنى باسىب ۋەزىرغە بەردى.— سەن يادكار قىلغىل،— دەب.

قەزارا ئايىدىن-ئاي، كۈندىن-كۈن ئوتۇب ئەردى، پادىشاھ ئاببابسىنىڭ خوتۇنى بىر قىز تۇغدى، ھەسەن ۋەزىرنىڭ خوتۇنى بىر ئوغۇل تۇغدى. بۇلار توي-تاماشە قىلىب شاھ ئاببابسىنىڭ قىزىنىڭ ئاتىنى شاھسەنەم قويدى، ھەسەن ۋەزىرنىڭ ئوغلىنى ئاتىنى شاھغېرىب قويدى. بۇ فەرزەندلەر كۈندىن-كۈنگە كاتتە بولۇب يەتتە ياشقا يەتتى. ۋەزىر توي قىلىب، ئوغلىنى خەتمە قىلدۇردى. (ھەسەن ۋەزىر يەنە بىر قىز تاپتى، ئېتىنى گۇلجامال قويدى).②

شاھغېرىب بىرلە شاھسەنەمنى بىر موللا — مۇئەللىمگە ئوقۇغالى بەردى. غېرىب ئوقۇب ئەردى، ھەسەن ۋەزىر قازا قىلىب كەتتى. شاھغېرىب يىغلاپ، ئاتاسىنى گور كەفەنگە ئالدۇرۇب جىنازە نەمازىنى ئوقۇب، دەفنە قىلىب، ئاب-ئاش قىلىب، خۇدايىسىنى بېرىپ، خەتمە قۇرئان بىرلە ئاتاسىنىڭ نەزرەسىنى تامام قىلدى.

ئەلقىسسە، سەنەم بىرلە غېرىب ھەمسەدەرىس ئوقۇر ئەردى، ياشلارى توققۇزگە يەتتى. ئىككىلەسى ئىلىم ھال، ئىلىم قالدىن خەبەر ئالىب ئەقل-فاراسەت بىرلە ئىش قىلىۇر ئەردى. كۈندە مەكتەبكە بارغۇنچە ئويناشە-ئويناشە بارىب كېلۇر ئەردى. كۈندىن-كۈنگە مۇھەب-

① ئىرناق ئىچىدىگە ئېلىنغان سوز ئۇزىمىز تەرەپىدىن قوشۇلدى.

② بۇ جۇملە قولىيازمىدا يوق، لېكىن گۇلجامال كىمنىڭ قىزى ئىكەنلىگىنى باشتا بىلدۇرۇپ كېتىشنى لازىم تاپتۇق.

بسەتلەری بر - برسگە ئۇتۇب بر كۈنی مەكتەبدن كېلۇر ئەردی، ھەرقايسی ئۇيگە كېتەدۇرغان كوچا باشغە يەتتی. شاھسەنەم ئەيدی:

—بۇگۇن ۋەدە قىلشالی، ئەرتە قايسمز مەكتەبكە بالدۇر چىقساق كېيىن قالغانمزدن توققۇز گوھەر، توققۇز بوسە ئېلشالی. شاھغېرىپ خوشال بولۇب:

— ئوبدان بولۇر،— دەب ۋەدە قىلاشىب ئويگە باردی.

شاھسەنەمنىڭ ئۇيقۇسی كەلمەدی، سەھەر كېلىب يولنی توساب ئولتۇردی. غېرىپ يېتىب كېلىب ئەردی، شاھسەنەم غېرىبنی سۇرۇب توققۇز بوسە، توققۇز گوھەرنی ئالدی. يەنە ئەرتە بىرلە شاھسەنەم يولنی ساقلاب تۇرۇب غېرىبنی تۇتۇب ئالدی. ئۇچىنچی كۈنی يەنە ۋەدە قىلاشىب كەتتی. ئۇل كۈنی غېرىپ ئون سەككز گوھەر، ئون سەككز بوسە ئۇتتۇرغانغە فەرشان بولۇب، ئويگە بارىب مكری قىلىب ئەردكی: "بۇ كېچە يەنە ئۇيقالاب قالۇرمەن" دەب بر ئۇستىرا ئالدىكی، "تىرناقىمنی ئالاي" دەب باھانە بىرلە بر تىرناقنی كەسكەي. ئاناسی غېرىبنىڭ قولداكی تىغنی كورۇب ئەيدىكی:

— ئەي، فەرزەند، كېچەدە تىرناق ئالماق خوب ئەمەس،— دەپ تىغنی تارتىپ ئالدی. ئاندا غېرىب يىغلادی. ئاناسی ئەيدىكی:

— ئەي، فەرزەندىم، بۇگۇن ئۇچ كۈن بولدی نىمە دەردكە گىرىفتار بولدۇڭ؟— دىدی. غېرىب سەنەم بىرلە ۋەدە قىلىشىب ئىككی كۈندىن بېری ئون سەككز گوھەر ئۇتتۇرغاننی ئاناسغە بەيان قىلدی. ئاناسی ئەيدی:

— ئەي، فەرزەند، فەرشان بولمە، سەنەم بولسە سېنىڭ بەخشەندەڭ تۇرۇب، شاھ ئاببباس ۋەدە قىلىب مۇھر باسقاندۇر. بۇ مۇھر ئاتاڭدىن بىزگە يادكار قالغاندۇر،— دەب بر مۇھرلۇق خەتنی غېرىبكە كورسەتدی.

غېرىب مۇلاھىزە قىلىب كوردىكی، شاھ ئاببباس بىرلە ھەسەن ۋەزىر ۋەدە قىلىب باسقان مۇھر ئىكەن. غېرىبنىڭ كوڭلی تەسكىن تاپىب كوزی ئۇيقۇغا باردی. ئۇل كېچە (سەنەم) ئۇز ھوجراسىدا، غېرىب ھەم ئۇز ھوجراسىدا ياتىب تۇش كوردىلەر. رەسۇللاللا قولىدا ئالتۇن قاسەدە مەي ئىچىپ، نىكاھی بر بولۇب تۇشەدی. سەھەر ۋاقتىدا شاھسەنەم ئويغانىب مەكتەب سارى بارماق ئۇچۇن چىقىب بارۇر ئەردی. سەنەمنىڭ ئاناسی پادشاھقە ئەرز قىلدی:

—ئەي، پادشاھ، سەنەم بالىغ بولۇبدۇر، كۈندىن - كۈنگە سەھەر تۇرۇب مەكتەب سارى چىقىب بارادۇر، كوچەدە يالغۇز يۇرمەكی خوبمۇ؟— دىدی. پادشاھ ئاببباس دىدىكی:

— ئانداغ بولسە مەكتەبكە بارماسۇن، موللاسی مۇئەللىم مۇندا كېلىب دەرس ئەيتىب كېتۇر،— دىدی.

ئاندا سەنەمنی مەكتەب يولىدىن قايتۇرۇب كىردی. پادشاھ ئەيدىكی:

— سەنەم بالىغ بولسە غېرىبكە بېرۇرمز،— دىدی. ئايىم ئەيدىكی:

— بر يېتىمچىگە بېرۇرمزمۇ؟— دىدی.

ئانىدا سەنەم ئاناسىدىن بۇ سوزنی ئېشتىپ ھوجراسىدە ئولتۇرۇب: "ھەي، دەرىغ، ئىشىم دۇشۋار بولدی، زەغۇم زەلاف بولدی"، دەپ ئەيتادۇر:

زۇلمۇڭ بىرلە قەبا فەلەك
بىزنى غەيرى يارە سالدىڭ.
ئىبراھىمدەك ئوتقە ياقىب،
جەفا بىرلە نارە سالدىڭ.

كوتەردىڭ كوڭۇل خەستىنى،
بۇزدۇردۇڭ گۇلخان رىشتىنى.
سۇندۇرۇب مۇھەببەت كەشتىنى،
بىزنى دايىم خارە سالدىڭ.

قايغۇ بىرلە خۇنلەر ئەتىب،
كوزدە ياشىم كەلكۇنلەتىب،
بىزنى مەجنۇن، لەيلى ئەتىب،
قىزلارنى بازارە سالدىڭ.

فەلەك باقتى ئىقبالىمىز،
يىراقغە تۇشتى يار ھالىمىز.
مۇنەججىم كوردى فالىمىز،
مىنىڭ بەختىم قەرا سالدىڭ.

سەنەم ئىستەر (ئوز) رەفىقىن،
ھىچ كىم بىلمەسدىمۇ كىيىن،
يۇرەكىمگە جەفا تىغىن،
مىنىڭ باغرىم ئەرا، سالدىڭ.—

دەب، سەنەم ھوجراسىدا يىغلاماقغە مەشغۇل بولدى.

ئەلقىسسە، غېرىب ئول كۇنى تۇش كورۇب، رەسۇلىللا قولىدا مەي ئىچىب، سەنەم بىرلە نىكاھى بىر بولۇب ئويغاندى. ۋەقت سەھەر تۇرۇب مەكتەب يولىغا چىقتى. سەنەم بىرلە ۋەدە قىلغان كوچە باشىدا ئىنتىزار بولۇپ چاشتگاھغىچە قاراب تۇردى. سەنەم كەلمەدى. غېرىب «يارىم كەلمەدى» دەب، يىغلايدۇر:

ئەي، يارەنلەر، مۇسۇلمانلەر،
نە بولدى يارىم كەلمەدى؟
ئىشق ئوتىغە كويىدى جانلەر،
نە بولدى يارىم كەلمەدى؟

كېلەرمەن دەپ ۋەدە قىلدى،
كېلەر مۇددەتتىن ئۆتتى،
ئېرتە چاشتگاھغە يەتتى،
نە بولدى يارىم كەلمەدى؟

يا بىر يامان دەرتكە قالدى،
يا بىر غەيرى بىرلە بولدى.
كوزۇم يولغا تەلمۈردى،
نە بولدى يارىم كەلمەدى؟

يېگەن ئاشىم زەھەر بولدى،
كەيگەن تونۇم كېفەن بولدى،
كوزۇم يولدا تەلمۈردى،
نە بولدى يارىم كەلمەدى؟

غېرىب دەرلەر بۇ ئاتىمنى،
كىمگە ئېيتاي بۇ دادىمنى،
ئاللا بەرگەي مۇرادىمنى،
نە بولدى يارىم كەلمەدى؟—

دەب، غېرىب يىغلاپ مەكتەبكە باردى. موللاسىدىن دەرس ئالدى. سەنەمدىن ئايرىلىب، ئوقۇغالى بارمىدى. كىتابىنى قويىنغا سالىپ مەكتەبخانەنىڭ بىر بۇرچىدا يىغلاماقغە مەشغۇل بولدى.

ئەلقىسسە، سەنەم ئۇل كۈنى مەكتەبكە بارماغانغە فەرىشان بولۇپ يىغلادى. ئاندا شاھ ئابباس سەنەمنىڭ ئاھ ئۇرغانغە كوزى تۈشتى.

سەنەمنىڭ بىر ئانىكاسى بار ئەردى، ئاتىنى گۈلنىھال دەر ئەردى، ئاما لەقەبلەرىنى ئاغچە① ئانىكا دەر ئەرذى. پادىشاھ ئانىكانى چىللادى، ئەيدىكى:

— سەنەم مەكتەبكە بارماغانغە فەرىشان بولدى، ھەمرالارى قىزلارنى يىغىب، مەجلىس قىلىب، كوڭلىنى شاد قىلغىل،— دىدى.

ئانىكا:

— خوب بولۇر،— دەپ قىرىق كەنىزەكلەرىنى جەم قىلىب، نەغمەئى ئەرغۇۋان بىرلە مەجلىس تۈزدى. شاھسەنەم فىسەند قىلمادى. ئاغچە ئانىكا سورىدىكى:

— ئەي فەرزەند، نىمە ئۈچۈن بۇگۈن فەرىشان بولۇپ يىغلارسىز؟ ئەرزىڭنى ئەيتما- ساڭ بەرگەن سۈتۈمگە رازى بولماسمەن،— دىدى. شاھسەنەم ئەيدىكى:

— مەن غېرىب بىرلە بىر ياشىمدىن تۇققۇز ياشقا يەتكۈنچە بىرگە ئوينايپ، بىرگە

① قولىيازمىدا «ئاقچى» دېيىلگەن.

ئوقۇبدۇرمەن. بۇگۇن ئۈچ كۈن بولۇپ ئىدىكى، ۋەدە قىلىشىپ ئىدۇق، ئىككى كۈن غېرىبنىڭ كوڭلىنى ئوتۇپ ئالىب ئىدىم. بۇگۇن ئاتا - ئانام مەكتەبكە يىبەرمەدى. غېرىبنىڭ ھالى نە چەكتى ئىكىن؟ ئانىڭ ئۈچۈن يىغلارمەن.— دىدى.

ئانىكاسى بۇ سوزنى ئېشىتىپ ھەيران بولدى، ئەيدىكى:

— ئانداغ بولسە، "موللامدىن بىر دەرس ئالىب، ئوزۇم بارىب ئەيتىب كېلەي" دەپ ئاتائىڭزدىن روخسەت تىلەڭ، بۇ سوز بىرلە سىزگە رۇخسەت بەرسە كېرەك.— دەب.

شاھسەنەم بۇ سوزنى ئانىكادىن ئېشىتىپ دەرھال ئاتاسى شاھ ئاببىاس ھوزۇرىغە چىقتى، ئەيدىكى:

— مىنى مەكتەبكە بارماس قىلىبسىز. ئىجازەت بولسە موللامدىن دۇئا ئالىب، ئوززەمنى ئەيتىب يانسام.— دىدى.

شاھ ئاببىاس، سەنەمدىن بۇ سوزنى ئېشىتىپ، خەزىنەدارلارنى چىللادى:

— بىر ھەميان تىللا چىقارغىل.— دىدى. ئاندا ھازىر قىلدى. ئانىكانى چىللاب ئەيدىكى:

— سەنەمنى بىرگە ئالىب بارىب، موللاسىنىڭ ئالدىدا بۇ تىللانى قويۇب، دۇئاسىنى ئال- دۇرۇب كېلىڭ.— دىدى. ئانىكا:

— خوب بولۇر.— دەب شاھسەنەمنى پەردە - نىقابكە چۇلغاب، بىر فەست كوچە بىرلە يۈگۈرۈشۈب مەكتەبخانەگە يەتتى. سەنەم ئەيدى:

— غېرىبنىڭ ھالىنى تەمەشە قىلاي.— دەب، پەنجىرەدىن قەرادى، موللاسى غېرىبنى:

— دەرسىنى ئوقۇمادىڭ.— دەب بىر كاچات ئۇردى.

غېرىب موللاسىگە قەراب زار - زار چۈن ئەبرۇ نەۋ بەھار يىغلاب ئەيتادۇر:

ئەرزىم بۇدۇر، سىزگە، موللام،
بىر كورسەم ئەردى كاشكى.
ھىچ بىلمەسە بۇل خاسۇ ئام،
بىر كورسەم ئەردى كاشكى.

كۈن چىقىب چاشتگاھ سارى
مەن يارنى كورسەم كاشكى.
قولىدا ئالتۇن كاسەسى،
چايىنى ئىچسەم كاشكى.

چاشتگاھدىن كېيىن تۇش بولۇر،
يارنىڭ كوڭلى نە خۇش بولۇر؟
كورمەسەم بىھوش بولۇر،
بىر كورسەم ئەردى كاشكى.

چۈشتىن كېيىن بولدى پېشىن،
يارىمنىڭ كوڭلى ئەبرەشىم،
ئەبرەشىمدەك بەللەرىگە،
چىرماشىپ ئولسەم كاشكى.

پېشىندىن كېيىن بولدى دىگەر،
ئاشىق ئۈچۈن كويدى جىگەر.
كورسەتكۈچىنى پەرۋەردىگەر،
بىر كورسەم ئەردى كاشكى.

دىگەردىن كېيىن شام بولۇر،
يارىنىڭ كوڭلى غەم بولۇر،
كورمىسەم ئارمان بولۇر،
بىر كورسەم ئەردى كاشكى.

شامدىن كېيىن بولۇر خۇفتەن،
ئىككى ئاشىق (ئويىدە) جۈپ تەن.
تېپىشقۇنچە بىر جان-بىر تەن،
بىر كورسەم ئەردى كاشكى.

غېرىب دەرلەر بۇ ئاتىمنى،
كىمگە ئەيتاي مەن دادىمنى،
ئاللا بەرگەي مۇرادىمنى،
بىر كورسەم ئەردى كاشكى.

ئەلقىسسە، غېرىب موللاسىگە بۇ سوزنى ئەيتقانلارىدا شاھسەنەم پەنجىرەدىن قەراپ تۇرۇپ غېرىبتىن بۇ سوزنى ئېشىتىپ، "جان موللام غېرىبنى ئازادە قىل!" دەپ خۇن جىگەردىن ئاھ ئۇرۇپ يىغلاغانلارى:

بۇلبۇلى بىچارەسەن گۇل ئىشقىدىن فەريادە قىل،
ئاشىقى سەرگۇشتە بولساڭ ئۇيقىنى بەربادە قىل،
تىنمايىن شامۇ سەھەر يىغلاب يۇرۇپ بۇنيادە قىل،
بىر ئىمارەت مەن قىلىبمەن، ئىشقىدىن ئابادە قىل①،
جانىم موللام، بىر زەمان گۇل يارىنى ئازادە قىل.

① بۇ مىسرا ئېغىزدا: "سەن ئۈچۈن سالدىم ئىمارەت..." دەپ ئېيتىلىدۇ.

هەر كىشى مۇنداغ بەلالەر بىرلە بولسە بىشۇمار،
قالماغاي جانىدا ئانىڭ زەررە يەڭلىغ ئىختىيار،
تىترەشۇر سىمابىدەك تەندە جانىم بىقەرار،
يارىمىز مەكتەبتە يىغلار بىز بۇ يەردە ئىنتىزار.
جانىم موللام، بىر زامان گۇل يارىنى ئازادە قىل.

تىغ بىيدادىدۇر فەلەك يەرگە ئاققۇزدى قانىمە،
بىلمەدىم ھىجران تۇنىدە سۇد ئىبلە نۇقسانىمە،
تىترەشۇر كوكدە مەلەكلەر ئىشتىب ئەفغانىمە،
تەگمەگىل سەن بۇ كەبى تەندە مەنىڭ جانىمە،
جانىم موللام، بىر زەمان گۇل يارىنى ئازادە قىل.

قويمادى ئوز ھالىمە گەردۇن بۇ دەۋرەن مەنى،
ئىشىق ئوتى ھەيران قىلىبدۇر بەسرۇ-سامان مەنى،
ھەجرى دەشتىدە قۇيۇندەك قىلدى سەرگاردان مەنى،
جانىم ئالماي قويمادى بىدەردى ئۇل دەرمان مەنى،
جانىم موللام، بىر زامان گۇل يارىنى ئازادە قىل.

بەر مۇئەللەم سەن زامانە، شوھرەتىدە باكەرەم،
دەرگاھىڭغە يۈز تۇتۇب، دايىم ۋىسالىڭ ئىستەرەم،
بال ئورنىغا ماڭا ئۇل ئاغۇ ئىچەردى دەردۇ-غەم،
يارىمىز مەكتەبدە يىغلار، بىز بۇ يەردە شاھسەنەم،
جانىم موللام، بىر زامان گۇل يارىنى ئازادە قىل.—

دەب ئەردىلەر، موللا-مۇئەللىم غىرىبدىن، شاھسەنەمدىن بۇ سوزنى ئىشتىپ بىلدىكى، بۇلار ئىشق ھەققىدىن سوز قىلادۇر. ئۇل كۇنى تۇش ۋەقتى ئىدى، موللا-مۇئەللىم ئەيدىكى:

— ئەي، گودەكلەر، بۇگۇن سىلەرنى ئازاد قىلادىم، ئەرتە ۋەقتلىك كېلىڭلار، — دەب قويا بەردى.

غىرىب ھەم ئىشكتىن چىقىب ئەردى، موللاسى گەجگەسىدىن تارتىب بىر كاچات ئۇردى.

دەرسنى فۇشقارىب كېتەرسەن، — دەب مەكتەبكە قاماب قويدى. غىرىب يىغلاب دىدىكى:

— خۇدا ئۇرغاننى پەيغەمبەر ھاساسى بىرلە قوشۇب ئۇرار ئىكەن، — دەب يىغلاب ئولتۇردى.

موللاسى ئىشىك ئالدىدا شەسۇپەدە ئولتۇرۇر ئەردى، شاھسەنەم بىرلە ئاغىچا ئانىڭا كېلىب سالام قىلدى، بىر ھەميان تىللا ئالدىدا قويدى. شاھسەنەم دىدىكى:

— ئەي، موللام، مېنى ئاتا-ئانام مەكتەبكە يىبەرمەس بولدى، شۇنىڭ ئۇچۇن بىر

دۇئالەردىن ئۇمىدۋار بولۇپ كەلدىم، — دىدى.

موللاسى دۇئا قىلىپ دىدىكى:

— بۇگۇن غېرىپ سىزدىن ئايرىلىپ ئوقۇمادى، غېرىپ بىلە دەرسىڭىزنى قۇشقارىسىپ كېتىلىڭ، — دەپ مەكتەپخانەنىڭ ئىشىكىنى ئاچىپ بەردى. ئاغچا ئانىكا، شاھسەنەم ئاندا كىردى، غېرىپ بىرلە كورۇشتى، غېرىپ ئەيدىكى:

— بۇگۇن نېچۇك ۋەدەنى خىلاف قىلدىڭىز؟

شاھسەنەم غېرىبقا قەراپ خۇن-جىگەرى بىرلە ئاھ ئۇرۇپ ئەيتادۇر:

جەۋاب سەنەم:

قۇلاق سالىپ ئېشىت مىنىڭ ئەرزىمنى،
دەۋرانىمىز قولدىن كەتتى، غېرىبىم.
ئاتام مەكتەب سارى يىبەرمەس مىنى،
كەلگەن دەۋلەت قولدىن كەتتى، غېرىبىم.

جەۋاب غېرىپ:

ئاتام يىبەرمەس دەپ مەلۇم بولماغىل،
بىزگە ئەزەلدە يازغانى باردۇر.
قىزىل گۇلدەك ئاچىلىبان سولماغىل،
مەن-مەنلىكنىڭ ئاخىر زەۋالى باردۇر.

جەۋاب سەنەم:

قايدادۇر ۋىسالە، قايدادۇر كەمال؟
يەتكۇرمەسلەر بىزنى مۇندا ماھۇ سال،
ئىككۇلەن قەچالى، تەڭرى بىر يول سال،
دۇشمەن ئارامىزغە تۇشتى، غېرىبىم.

جەۋاب غېرىپ:

بىر سوز بىرلە مۇندىن نېچۇك قاچارمىز،
ئوز ئەيىبىمىزنى ئوزىمىز ئاچارمىز.
ئاشىقلىق ئوتىدا كويمەي ئوچەرمىز،
سەبىر ئەيلەسەك ئاخىر ۋىسالى باردۇر.

جەۋاب سەنەم:

سەنر قىلغان بىرلە پۇتمەس بۇ ئىشىڭ،
تەبىرىنى تېپىس كوردۇم كورگەن تۇشۇڭ.
تۇرساڭ قايغۇ ـ غەمدىن قۇتۇلماس باشىڭ،
فەلەك سارى ئويناب ئوتتى، غېرىبىم.

جەۋاب غېرىب:

ئاشىق بولماس خۇنەسەلەر يۇتماسە،
مەشۇق بولماس باغرىن پارە قىلماسە،
گەر ئاتاڭىز يالغان بىزگە ئەيتماسە،
بىزگە بىر يازىلغان ئىقبالى باردۇر.

جەۋاب سەنەم:

سىزنى، بىزنى يەتكۇزمەسلەر ۋىسالە،
ئەمدى قوشۇلماقىم ئەمرى مۇھالە.
بىزنى مۇندا يەتكۇزمەسلەر كەمالە،
كەلگەن دەۋلەت قولدىن كەتتى، غېرىبىم.

جەۋاب غېرىب:

قايغۇنى كوب يېسەڭ مېھنەتىڭ تارتار،
ئەيرانلىغ خەنجەرى باغرىڭنى يىرتار.
يالغان بۇ سوز تەقدىرىگە ئارتار،
هەركىشىنىڭ يۇزمىڭ خىيالى باردۇر.

جەۋاب سەنەم:

سەنەم ئەيتۇر: مېنىڭ سوزۇم ئالماساڭ،
مېنى بىر كېچەدە ئالىب قاچمىساڭ،
ئوزگە يەرگە بارىب ۋەتەن تۇتماساڭ،
پىچاق ئۇستىخانغا يەتتى، غېرىبىم.

جەۋاب غېرىب:

غېرىپ ئەيتۇر: بۇ ھىيلە سوزلەر دېمەگىل،
يۇرەكىمگە تۇرلۇك غەملەر سالماغىل،

جۇدا تۇشتۇم دېبان قايغۇ يېمەگىل،
ئەزەلدە بىر قىسمەت يازغانى باردۇر.

ئەلقىسسە، ئىككىلەرى بىر-بىرلەرى بىرلە سوزلەشىپ، نامازدىگەر سارى مەكتەبتىن يانار بولدى. شاھسەنەم ئەيدىكى:

— ئەي، غېرىب، ئەمدى مەندىن ۋەدە قىلغان بوسەنى ئالغىل، — دېدى. غېرىب ئەيدىكى:

— ئۇل ئىشق مىزجەزى ئىدى. ئەمدى ئىشق ھەقىقى بولدى، راۋا ئەرمەس، — دېدى. ئاندا غېرىب شاھ ئاببا‌س ۋەدە قىلىب باسقان موھرىنى سەنەمگە بەردى. شاھسەنەم خۇشۋەقت بولۇب موھرىنى كىتابىغە سالىب ئۆز ئۆيىغە كەتتى.

شاھسەنەم ئۇرداسىغە بارىب، كىتابىنى ئاچىب، ئاتاسى شاھ ئاببا‌سنىڭ ئالدىغە قويۇب، ھەرەم-سارايىغە كىرىب كەتتى. پادىشاھ ئۇل كىتابىنى قولىغە ئالىب شۇنداغ ئاچىب كوردىكى، بىر موھر كوردى، ئانى قولىغە ئالىب كوردىكى، ھەسەن ۋەزىر بىرلە شىكەرگاھىدا باسقان موھردۇر. پادىشاھ خوتۇنىنى ئالدىغە چىرلاب دېدىكى:

— بۇ موھرنى ئۆز قولۇم بىرلە باسىب ئەردىم، غېرىب، سەنەم بالىغ بولۇبدۇر، ئەمدى توي قىلساق كېرەك، — دېدى.

خوتۇنى ئەيدى:

— ھەسەن ۋەزىر ئولدى، ئوغلى بىر يېتىمچە تۇرۇر، قىز بېرۇرمىزمۇ؟ — دېدى.

پادىشاھ بۇ سوز بىرلە ۋەدەسىنى سۇندۇرۇب، موھرنى يىرتىب تاشلادى، "غېرىب سەنەمگە مەلامەت يەتكۇرگۇدەك"، دەب. غېرىبنىڭ ئاتاسى باغداد شەھرىدىن ئەردى، "باغدادغە كەتسۇن"، دەب ھوكۇم سۇردى. ئەمدى غېرىب ئاناسىنى گۇلجامال سىڭلىسىنى ئالىب ئۇچەيلەن بىر ئەراباغە تۇشۇب كېتەر بولدى. ئاندا شاھسەنەم، ئانىكاسى گۇلنىھالغە باقىب يىغلادى:

— نە بولغاي غېرىبنى بىر كورۇب قالسام، — دېدى. ئاندا ئانىكاسى كىشى چىقاردى. "ئەرباكەش غېرىبنى سەنەمنىڭ رەۋاقىنىڭ تۇبىدىن ئالىب ئوتسۇن"، دەب. قىرىق كەنىزەك بىرلە سەنەمنى رەۋاقىنىڭ ئۇستىگە ئالىب چىقتى، ئاندا شاھسەنەم رەۋاق ئۇستىدە تۇرۇب (ئەيتقانلارى).

جەۋاب سەنەم:

مۇندىن كېتەر بولساڭ باغداد شەھرىگە،
غېرىب، سېنى بىر ئاللاغە تاپشۇردۇم.
مىنى قويدۇڭ تۇگەنمەس ھىجران (ئوتى) گە،
غېرىب، سېنى بىر ئاللاغە تاپشۇردۇم.

جەۋاب غېرىب:

مىنى كەتتى دەب يارىم، مەلۇل بولماغىل،
يىغلاماغىل سەنەمجان، كەتسەم كېلۇرمەن.

قىزىلگۈلدەك ئاچىلىبان سولماغىل،
يىغلىماغىل، سەنەمجان، كەتسەم كېلۇرمەن.

جەۋاب سەنەم:

يىغلاماي نەيلەيىن، كوڭلۇم بۇزۇلدى،
مۇھەببەتنىڭ رىشتەسى جاندىن ئۈزۈلدى.
پېشانەمگە شۇم قىسمەتلەر يازىلدى.
غېرىب، سېنى بىر ئاللاغە تاپشۇردۇم.

جەۋاب غېرىب:

مېنى كەتتى دېبان بولمە سەرگەردان،
بىر قىيا باقىشىڭ جانىمغە دەرمان،
باشىم ئامان بولسە، تەندە خەستە جان،
يىغلىماغىل، سەنەمجان، كەتسەم كېلۇرمەن.

جەۋاب سەنەم:

كېلۇرمەن دەب مىنىڭ ئەقلىم ئالۇرسەن،
بىلمەيمەن، سەن كېتىب قاچان كېلۇرسەن؟
بۇ جانىمغە مىڭ ئوتلارنى سالۇرسەن،
غېرىب، سىنى بىر ئاللاغە تاپشۇردۇم.

جەۋاب غېرىب:

سىنى مەن كورمەسمەن ئاھ ئېلە زارە،
قەرار ئېيتسام بارىب باغداد شەھرىدە،
ئولمىسەم كېلۇرمەن يەنە ئۈچ ئايدە،
يىغلىما، سەنەمجان، كەتسەم كېلۇرمەن.

جەۋاب سەنەم:

سەنەم دەر: جافا ئېلە جەبرەم بار،
خەكغە ئاشىق، مىنى يولدا قەبرەم بار،
ئامان كەلسەڭ ئۈچ يىلغىچە سەبرەم بار،
غېرىب، سىنى بىر ئاللاغە تاپشۇردۇم.

جەۋاب غېرىب:

غېرىب دەرلەر، رىسق ئۆزگە بولماسە،
جانىم چىقىب، باشىم چولدە قالماسە،
ئەجەل يېتىب شۇم پەيمانىم تولماسە،
يىغلىما، سەنەمجان، كەتسەم كېلۇرمەن.

ئەلقىسسە، غېرىب يولغا تۈشۈب كەتتى. سەنەم بىھۇش بولۇب يىقىلىب قالدى. غېرىب نەچە كۈن يۈرۈب باغدادغە باردى. باغداد پادىشاھى، "ھەسەن ۋەزىرىنىڭ ئوغلى كېلىبدۇر" دەب، ئالدۇرۇب، سەرۇپايى بېرىب، بىر تەخسە تىللا ئىنئام قىلىب چىقاردى.

ھەسەن ۋەزىر بىر مۇنچە خەزىنەسىنى ئاندا پىنھان قىلىب، خوتۇنىغە ۋەسىيەت قىلىب ئەردى. ئانى تاپىب ئالىب، خانە قىلىب ئولتۇردى. بىر نەچە مۇددەت ئۆتتى. بىر كۈنى غېرىب ملىڭ ئەندىشە بىرلە ئىشىك ئالدىدا ئولتۇرسە، بىر نەچە ياش گودەكلەر ساقا ئوينىشىب كەلدى. غېرىبنىڭ ھەم ئاتاسى قىلىب بەرگەن ئالتۇن ساقاسى بار ئەردى. ئويىگە يۈگرۈب كىرىب ئالىب چىقتى. بۇ گودەكلەر بىرلە ئويناب بارۇر ئەردى. بىر قىرئەنداز شەسۇپەدە كىتاب ئاچىب ئولتۇرار ئەردى. غېرىبنىڭ سەقاسى ساچراب قىرئەندازنىڭ ئالدىغە تۈشتى. قىرئەنداز سەقانى ئالدى. غېرىب كېلىب تالاشتى، قىر ئەنداز نەزەر قىلىب كوردىكى، ئەجەب خۇشروي ئوغلان ئىكەن، ئىككى كوزىدىن ئوت چىقاردۇر، پېشانە نۇرۇللا بالادۇر. دېدىكىم:

— ئوغلۇم، قىرئەگە تاشلايمۇ؟ — دېدى. غېرىب ئەيدى:

— كوڭلۇمدەكى مۇرادىمنى تاپساڭ ئۇشبۇ ئالتۇن سەقامنى سەڭا بېرەي، — دېدى. قىرئەنداز قىرئەگە سالىب دېدىكى:

— دىيار بەكرىنىڭ پادىشاھىنىڭ قىزىغا ئاشىق ئىكەنسىز، — دېدى. ئاندا غېرىب بۇ سوزنى ئېشىتىب، قىرئەندازغە باقىب ئەيتادۇر:

قىرئەندازىم، يول ئاداشتىم،
مىنى بىر يولغە سالغىل.
مەجنۇن كەبى ھەدىدىن ئاشتىم،
لەيلى كەبى چۆلگە سالغىل.

يار ئۈچۈن تىنماي يانارمەن،
گاھ ئوتتا (مەن)، گاھ سۇدا مەن.
بىر يالغۇز يۈرگەن تۇرنا مەن،
مەرغىزارە كولگە سالغىل.

ساڭا دەرەم كوڭۈل جايىن،
پېقىنلاتىب يول يىراغىن،

كورسەتكىل يارنىڭ باغىن،
قەرا ئاچىلغان گۇلگە سالغىل.

كېڭەش بەر ئاداشقان قۇلغە،
قوشۇلغايمۇ يارىم بىرگە؟
كارۋان كوچتى (بىر) مەنزىلگە،
مىنى بىر مەنزىلگە سالغىل.

غېرىب دەرلەر (شۇل) ئاتىمە،
ئىزهار ئەيلەي مەن دادىمە،
ئېشتكىل بۇ فەريادىمە،
مىنى يارىم بىرگە سالغىل.

ئەلقىسسە، قىرئەنداز باز ئىخلاس بىرلە قىرئە تاشلاب دىدىكى:
— سەنەمنىڭ باغبانىغە ئوغۇل بولساڭ كېرەك، باغبان بىرلە نامە يازىب يىسبەرسەڭ نامەنى كورۇب باغىغە كەلسە شۇندا كورسەن،— دىدى.
غېرىب ئالتۇن سەقانى قىرئەندازغە بېرىب، ئاناسى قەشىغە بارىب، زار - زار چۇن ئەبرۇ نەۋ باهار يىغلاب، رۇخسەت تىلەب يېغلاغانلەرىدۇر:

خوش قال ئەمدى كەئبەم ئانام،
مەن بۇگۇن كېتەر بولدۇم.
شاه ئابباسخان دەردىدىن،
باش ئالىب كېتەر بولدۇم.

باش قويۇب پىرى ئۇستادە،
ئوزۇم سالىب بەربادە،
قوشۇلۇپ ئاشىقى فەرهادە،
شېرىن دەب ئوتەر بولدۇم.

گەر ياتماسمەن بۇ يەردە،
سەنەم سالدى ئاه - دەردە،
يار - يار دەب يات ئەلدە،
بىر ۋەتەن تۇتار بولدۇم.

يىغلارەم يار دەردىدىن،
كېتەرمەن باغداد شەهرىدىن،

كوز يۇمۇپ ئىشق ھەجرىدىن،
دۇر ئۇچۇن تەيار بولدۇم.

غېرىب دەرلەر، قېرىنداشىم،
كويەر بولدى ئىچى - تاشىم.
يات ئەللەرگە بۇ باشىم —
ئالىبان كېتەر بولدۇم.

ئەلقىسسە، ئاناسى بۇ سوزنى ئېشىتىب، ئانچە مەنىسى قىلىب يىغلادى، ساۋەر بولمادى. ئاخىر مېھرىبان، غېرىبىنىڭ پېشنى تۇتۇب، نا ئىلاج رۇخسەت بېرىب، جان - جىگەردىن ئاھ تارتىب، يىغلاب ئەيتادۇر:

ھەسەن ۋەزىر ئولدى (دەب) ساڭا قۇۋاندىم،
بالام، سېنى بىر ئاللاغە تاپشۇردۇم.
بىر نەچە كۇن بويىۇڭ كورۇب سۇيۇندۇم،
بالام، سېنى بىر ئاللاغە تاپشۇردۇم.

بىر يار ئۇچۇن خۇناسەلەر قويارسەن،
يات ئەللەرگە باشىڭ ئالىب كېتەرسەن،
ئەمدى مېنى، گۇلجامالنى نەيلەرسەن؟
بالام، سېنى بىر ئاللاغە تاپشۇردۇم.

كوزۇمنىڭ روشەنى، نۇرۇم سەن ئىدىڭ،
بېھىشتىم، فىردەۋسىم، ھۇرۇم سەن ئىدىڭ،
يە بەخت مەدارىم، پىرىم سەن ئىدىڭ،
بالام، سېنى بىر ئاللاغە تاپشۇردۇم.

ئەمدى سەن كېتەرسەن ئۇزاق يوللارە،
مۇرۇۋۋەت ئەتمەدىڭ غەمكىن قوللارە،
سوراق سالسام كېرەك، ئەلدىن ئەللارە،
غېرىب، سېنى بىر ئاللاغە تاپشۇردۇم.

دۇشمەن يۇزى قارا بولسۇن ئارادە،
بىزنى قويدى تۇگەنمەسلەر بەلادە،
مېھرىبان دەر، يېتەلمەدىم مۇرادە،
بالام، سېنى بىر ئاللاغە تاپشۇردۇم.

غېرىپ يولغه چىقىپ بىركۈچه بىرله بارۇر ئەردى، بىر خىلۋەتده بىر قەلەندەر گۆل-
خان سالىب، جەندە كۆلاھىسىندە، غېرىب ئالدىغه باردى، دىدىكى:

— ئەي، بىنەۋاھ! ئەۋرىشىم لىباسلەرىمنى سەڭا بىرەي، بۇ جەندە لىباسلەرىڭنى
مەڭا بەرگىل، — دەب لىباسلەرىنى ئالىب كەيدى. ئۆزىنى پۆشىدە قىلىب، ئەمازدىگەر سا-
رى باغداد دەرۋازەسىدىن چىقىب بارۇر ئەردى، گۆلجامال دىگەن سىڭىللەرى بىرنەچە
قىزلار بىرله دەرۋازە تاشىغا سەيلە قىلماق ئۆچۆن چىقىب ئەردى. يا-
تىب كىرىب كېلۇر ئەردى، ئالدىدىن بىر ھەيۋەت، بىرسەلاپەت بىر دېۋانە ئۆتۆب بارا-
دۇر. گۆلجامال شۇنداغ پېشانەسىگە باقتى، غېرىب ئاكاسىنى تونىدى، يۈگۆرۆب بارىب
جەندەسىنىڭ پېشىنى تۇتۇب ئەيتادۇر:

ئارادىن بىر سوز كەچمەيىن،
جان ئاكام، قايدا بارۇرسەن؟
مېنىڭ كوڭلۇمنى ئاچمايىن،
جان ئاكام، قايدا بارۇرسەن؟

ئانام خىزمەتىن قىلماي،
كېڧەن سوراغىدا بولماي،
ئۆز قولۇڭدا گوردە قويماي،
جان ئاكام، قايدا بارۇرسەن؟

بىزنى ئەيلەدىڭ بىچارە،
باغرىم بولدى پارە-پارە،
يۈرەكىمگە سالىب يارە،
جان ئاكام، قايدا بارۇرسەن؟

مەن كەچتىم ئەمدى بۇ جاندىن،
قول ئۈزدۈم پايدا-زىياندىن،
سولمادى ئۆمىدىم سەندىن،
جان ئاكام، قايدا بارۇرسەن؟

بىر نامەردنىڭ پەندىن ئالىب،
كېتەر بولدۇڭ باشىڭ سالىب،
بىزنى بۇ يول ئوتىغا سالىب،
جان ئاكام، قايدا بارۇرسەن؟

ياندى يۈرەك-باغرىم ياندى،
تىلەندى ئۆمرۈم تىلەندى،

تىرىكلىك سىنىڭ بىلەندى،
جان ئاكام، قايدا بارۇرسەن؟

يۈرەگىم ئوتغە داغلاتىب،
بەختىمگە قارا باغلاتىب،
گۈلجامالنى قان يىغلاتىب،
جان ئاكام، قايدا بارۇرسەن؟

ئەلقىسسە، غىرىب ئەيدىكى:

— ئەي، سىڭلىم! سىنى، ئانامنى خۇداگە تاپشۇردۇم، — دىدىلەر. گۈلجامال بىخود بولۇب يىقىلىب قالدى. غىرىب ئەيدىكى:

— كىشى ئىشىق بالاسىغە گىرىفتار بولسە، ئاتا-ئانا، سىڭلىسىغا قەراغالى بولماس، — دەب يىغلىغا كىردىلەر.

گۈلجامالنى ھەمسوھبەت قىزلار ھۇشىغا كەلتۈرۈب، ئاناسىغە ئالىب بارىب تاپشۇردى. بۇلار يىغلاماققە مەشغۇل بولدى.

ئەلقىسسە، غىرىب ئۇل كۈنى ناماز خۇفتەن بىرلە بىر تاغقە يەتتى، ئۇل تاغ كەنەرەسىدە بىرغار بار ئەردى. ئاندا شەيخ جۇنەيدي باغدادي مەكان قىلىب ياتقان ئەردى. غىرىب ئەيدىكى: "ھەر كىشى بىر پىرمىر شىيىدغە قول بەرمەگۇنچە ۋەسلگە يەتكەلى بولماس"، دەب غار ئىشىكگە بارىب تەۋەججۇھ قىلىب ئۇردى. شەيخ جۇنەيدي مىرەقبەدە ئولتۇرۇب كوردىكى، ئون ئىككى ياشار بىر ئوغلان كېلىب ئىنتىزار بولۇب تۇرۇبدۇر. ئەمما چىراغقە ياغنى قۇيۇب، فىلتەنى سالىب بىر پىرمىر شىيىدنىڭ دۇئاسى بىرلە يورۇتماقنى قەسد قىلىبدۇر. شەيخ جۇنەيدي ئەيدىكى:

— ئەگەر كىشىنىڭ ئىشىكگە مېھمان كەلسە، ئوي ئېگەسىگە ئالدىغە چىقماغلىق لازىمدۇر، — دەب ئورنىدىن تۇردى. غاردىن چىقىب كېلىب غىرىبنى كورۇب، شەيخ جۇنەيدي سەلام قىلغانىنىڭ بەيانى:

جەۋاب جۇنەيدي:

ئەسسالامۇئەلەيكۇم، غىرىب ئاشىغىم،
ھەق رەسۇل ئىكرامنى قايدىن ياراتتى؟
رەسۇل ئۈچۈن نەچە دەريا ياراتتى؟
ئوغلۇم، ئاشىق بولساڭ، مەڭا جەۋاب بەرە

جەۋاب غىرىپ:

ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، جۇنەيدي باغدادىم،
ھەق رەسۇل ئىكرامنى نۇردىن ياراتتى.

رەسۇل ئۇچۇن يەتتە دەريا ياراتتى،
مەڭا ئۇستاز بولساڭ، جەۋابىم شۇلدۇر.

جەۋاب جۇنەيدى:

قەيسى دەرەختدۇر تىبندىن سۇ ئىچەر؟
قەيسى دەرەختدۇر ئالەمنى قۇچار؟
قەيسى قۇشتۇر هەر تەرەپ سەيلانە ئۇچار؟
ئوغلۇم، ئاشىق بولساڭ، مەڭا جەۋاب بەر.

جەۋاب غىرىب:

ئىمان - دەرەختدۇر، تىبندىن سۇ ئىچەر،
كوڭۇل بىر شاخدۇركى، ئالەمنى قۇچار،
روهىمىز بىر قۇشدۇر، سەيلانە ئۇچار،
مەڭا ئۇستاز بولساڭ جەۋابىم شۇلدۇر.

جەۋاب جۇنەيدى:

ئۇلار كىمدۇر بىهىشتكە كىردى، چىقمادى؟
ئۇلار كىمدۇر، ئاسمانغا چىقتى، تۇشمەدى؟
ئۇلار كىمدۇر، تۇغۇلدى، هەرگىز ئولمەدى؟
ئوغلۇم، ئاشىق بولساڭ، مەڭا جەۋاب بەر.

جەۋاب غىرىب:

ئىدرىس پەيغەمبەر بىهىشتكە كىردى، چىقمادى،
ئەيسا پەيغەمبەر ئاسمانغە چىقتى، تۇشمەدى.
خىزىر پەيغەمبەر تۇغۇلدى، هەرگىز ئولمەدى،
مەڭا ئۇستاز بولساڭ، جەۋابىم شۇلدۇر.

جەۋاب جۇنەيدى:

ئۇل نىمەدۇر كۇن - تۇن ئالەم چىراغى؟
ئۇچيۇز ئاتمىشدۇر ئانىڭ يافراغى.
ئىچىندە باردۇر سەر ئىبىسل شاخى،
ئوغلۇم، ئاشىق بولساڭ، مەڭا جەۋاب بەر.

جەۋاب غېرىب:

ئاي بىلەن كۈندۇر، ئالەم چىراغى،
ئۈچيۈز ئاتمىش كۈندۇر، ئانىڭ يافراغى.
رامزان ئايىدۇر، سەر ئېبىل شاخى،
مەڭا ئۇستاز بولساڭ، جەۋابىم شۇلدۇر.

جەۋاب جۈنەيدىي:

ئۇلار كىمدۇر، يېمەي - ئىچمەي تويدىلەر؟
ئۇلار كىمدۇر، ئەرشگە قەدەم قويدىلەر؟
ئۇلار كىمدۇر، ئۆز فەرزەندىنى سويدىلەر؟
ئوغلۇم، ئاشىق بولساڭ، ماڭا جەۋاب بەر.

جەۋاب غېرىب:

مەلايىكدۇر، يېمەي - ئىچمەي تويدىلەر،
ھەزرەت ئەلى ئەرشگە قەدەم قويدىلەر،
ئىبراھىمدۇر، ئىسمائىلنى سويدىلەر،
مەڭا ئۇستاز بولساڭ، جەۋابىم شۇلدۇر.

جەۋاب جۈنەيدىي:

ئۇلار نەدۇر، ئاسمان ئۈزرە يېيىلغان؟
ئۇلار نەدۇر، كوكدىن يەرگە توكۈلگەن؟
ئۇلار كىمدۇر، قىزىل قانغە بويالغان؟
ئوغلۇم، ئاشىق بولساڭ، ماڭا جەۋاب بەر.

جەۋاب غېرىب:

يامغۇر بولۇر، كوكدىن يەرگە توكۈلگەن.
بۇلۇت بولۇر، ئاسمان ئۈزرە يېيىلغان.
شېھىد بولۇر، قىزىل قانغە بويالغان،
مەڭا ئۇستاز بولساڭ، جاۋابىم شۇلدۇر.

جەۋاب جۈنەيدىي:

ئۇلار كىمدۇر، قەناتى بار، سانى يوق؟
ئۇلار كىمدۇر، تېنەسى بار جانى يوق؟

ئۇلار كىمدۇر، ئاق يۈزىدە قانى يوق؟
ئوغلۇم، ئاشىق بولساڭ، مەڭا جەۋاب بەر.

جەۋاب غېرىب:

جەبرائىلدۇر، قانىتى بار، سانى يوق،
قارا يەردۇر، تېنەسى بار، جانى يوق.
ئانت ئىچكەنىنىڭ ئاق يۈزىدە قانى يوق،
مەڭا ئۇستاز بولساڭ، جەۋابىم شۇلدۇر.

جەۋاب جۈنەيدىي:

ئۇلار نەدۇر، ئەكمەي، تىكمەي باغ بولغان؟
ئۇلار نەدۇر، سىنەلەرى چاك بولغان؟
ئۇلار كىمدۇر، بىر فەرزەندگە داغ بولغان؟
ئوغلۇم، ئاشىق بولساڭ، مەڭا جەۋاب بەر.

جەۋاب غېرىب:

جەڭگال بولۇر، ئەكمەي، تىكمەي باغ بولغان،
ئاشىق بولۇر، سىنەلەرى چاك بولغان.
پەيغەمبەرىم بىر فەرزەندگە داغ بولغان،
مەڭا ئۇستاز بولساڭ، جەۋابىم شۇلدۇر.

جەۋاب جۈنەيدىي:

ئۇلار نەدۇر، تولا تاشار، قۇرىماس؟
ئۇلار نەدۇر، ئولمەس، ھەيۋەت، قېرىماس؟
ئۇلار نەدۇر، قانلار ئاندىن ئېرىماس؟
ئوغلۇم، ئاشىق بولساڭ، مەڭا جەۋاب بەر.

جەۋاب غېرىب:

دەريا بولۇر، تولا تاشار، قۇرىماس،
بىر خۇدادۇر، ئولمەس، ھەيۋەت، قېرىماس.
كەربەلادۇر، قانلار ئاندىن ئېرىماس،
مەڭا ئۇستاز بولساڭ، جەۋابىم شۇلدۇر.

جەۋاب جۇنەيدىي:

ئۇلار نېمە ئۇر، ئارت ياقىدا ئاغزى بار؟
ئۇلار نەدۇر، سۇ ئىچىدە غازى بار؟
ئۇلار نەدۇر، ئوتراسىدا مېغىزى بار؟
ئوغلۇم، ئاشىق بولساڭ، مەڭا جەۋاب بەر.

جەۋاب غېرىب:

فىردەۋىسدۇر سۇ ئىچىدە غازى بار،
ئوكەرمەندۇر ئارقاسىدا ئاغزى بار،
دانەلىدۇر ئوتراسىدا مېغىزى بار،
مەڭا ئۇستاز بولساڭ، جەۋابىم شۇلدۇر.

جەۋاب جۇنەيدىي:

جۇنەيدىي دەر، قەچان زۇلمەت بولادۇر؟
قەيسى كۈن دەججەل تاغدىن تۇرادۇر؟
قەيسى كۈن ئاخىر زەمان بولادۇر؟
ئوغلۇم، ئاشىق بولساڭ، مەڭا جەۋاب بەر.

جەۋاب غېرىب:

غېرىب دەر، دۈشەنبەكۈن زۇلمەت بولادۇر،
چەھارشەنبە كۈن دەججەل تاغدىن تۇرادۇر.
جۈمە كۈنى ئاخىر زەمان بولادۇر،
مەڭا ئۇستاز بولساڭ، جەۋابىم شۇلدۇر.

ئەلقىسسە، ئۇل كېچە شەيخ جۇنەيدىي بىرلە ھەمسوھبەت بولۇب دۇئاسىنى ئالىب يولغا كىردى. باغداد بىلەن دىيار بەكىرنىڭ ئارالىغى ئوتتۇز كۈنلۈك يول ئەردى، كېتىب بارۇر ئەردى، ئىككى قاراقچى قولغە گىرىفتار بولدى. غېرىبنىڭ يان بېلىنى باقتى، بىر پۇللۇق نىشانە تاپمادى، "بازار مەيدانىدا ساتىب خىراجەت قىلالى"، — دەپ ئەيدىكى:

— ئەي، ئوغۇل، بىزگە قۇل بولغىل، بولماسە نابۇد قىلاۇرمىز، — دىدى.

غېرىب «قولۇم بايلاندى» دەپ ئېيتقانلەرى:

مەن نەيلەيىن، نازۇك قولۇم بايلاندى،
يار جەمالىن كورمەي، ئولەر ئوخشايمەن.
قاراقچىلار ئولتۇرمەككە چاغلاندى،
يار جەمالىن كورمەي، ئولەر ئوخشايمەن.

بۇ جانىمغە قەست قىلدى قاراقچى ئاپەت،
مۇندىن قۇتۇلماغىم يوقتۇر سەلامەت،
گويا بولدى مەڭا روزى قىيامەت،
يار جەمالىن كورمەي، ئولەر ئوخشايمەن.

ياقامنى چاك ئېتىپ ئەيلەسەم فەريياد،
ئەجەپ خۇشخۇي جۇۋانە، قامەتىم شەمشاد،
يىقىلسۇن، بۇزۇلسۇن بۇ چەرخى ناشاد،
يار جەمالىن كورمەي، ئولەر ئوخشايمەن.

غېرىبجاننىڭ پىرىدۇر جۇنەيدىي باغدادىي،
سەندىن ئوزگە كىمگە ئەيتاي بۇ دادى،
ئاللا بەرسۇن ئاشىقلارنىڭ مۇرادى،
يار جەمالىن كورمەي، ئولەر ئوخشايمەن.

غېرىب ئەيدىكى:

— ئولگەندىن قۇل بولغان ياخشىراقدۇر، — دىدى. قاراقچى غېرىبنى ئالىپ بارۇر ئەردى. غېرىب: «يار جەمالىنى كورمەدىم»، — دەپ يىغلاپ ئەيتادۇر:

غەمدىن قۇتۇلماغان مېھنەتلى باشىم،
كۇندە يۇزمىڭ ھىجرانە تولدى، نەيلەيىن؟
ۋەفاسى يوق شۇم فەلەكنىڭ گەردىشى،
تۇگەنمەس سەۋداغە سالدى، نەيلەيىن؟

بۇلبۇل بولۇب گۇلىستانىن كەزمەدىم،
باغبان بولۇب ئالمالارىن ئۈزمەدىم،
يارگە يېتىپ شەكەر لەبىن سويمەدىم،
كوڭلۇمدە ئارمانىم قالدى، نەيلەيىن.

ياخشىلار ئىزلەبان يۇردۇم ھەريانە،
ھەممە سەۋدا ئىشلارىم بولدى ۋەيانە،

بىر قىيا باقتىلەر دەۋر يەگانە،
ئەقلىمنى لال ئېتىب ئالدى، نەيلەيىن؟

باشىمغە هەر زەمان يەتتى سەۋدالەر،
يېتۇشتى جانىمگە يۇزمىڭ بەلالەر،
كوزلەرىمدىن ئاقار قانلىق دەريالەر،
غەرق ئېتىب جەهاننى ئالدى، نەيلەيىن؟

غېرىب قۇل دەر، ئەمدى مەنى ئاتىمە،
فەلەك هېچ يەتمەدى كوڭۇل شادىمە،
هەق مۇيەسسەر ئەتمەدى ئوز مۇرادىمە،
ياخشى كۇن يامانە بولدى، نەيلەيىن؟

ئەلقىسسە، شاهسەنەمدىن سوز ئېشىتمەك كېرەك.

شاهسەنەم غېرىبدىن ئايرىلىپ، سىنەسىنى هول يەرگە قويۇب ياتتى، هېچ دەمساز بولمادى، هەر تەرەپتىن شاهسەنەمنى ئالغالى پادىشاهلەر ئەلچىلەر يىبەردىلەر. شاه ئابباس قىزىنىڭ زەبۇنلىغىدىن ئوزۇر ئەيتىب ياندۇردى. بىر كۇن پادىشاه جەمى مۇنەججىم، قىرئەندازلەرنى ئالدىغە چىللاب دىدىكى:

— بۇ قىزىم نىمە كېسەلگە گىرىفتار بولۇبدۇر، — دىدى. ئاندا مۇنەججىملەر دىدىكى:

— بۇ قىزنىڭ بەدەنىدە هېچ كېسەل يول، ئىشق سەۋداسىغە گىرىفتار بولۇبدۇر.

— بۇ كېسەلگە باغۇ بۇستان، هەرەم گۇلىستان بولسە، تەماشە قىلسە كوڭلى ئاچىلۇر، — دىدى.

— ئاندا پادىشاه ئابباس ياساۋۇللارنى بۇيىردى:

— نە يەردە خۇش هەۋا چاهار باغ بولسە تاپىڭلەر! — دىدى.

تونە دەرياسىنىڭ لەبىدە بىر باغ تەيىن قىلىب پادىشاهغە مەلۇم قىلدىلەر، پادىشاه خەزنەسىنى ئاچتى:

— هەر نىمە لازىم بولسە ئالىب باغنى راست قىلىڭلار، شاهسەنەمنىڭ خىزمەتىگە يۇز كەنىزەك، قىرىق قۇل تەيىن بولسۇن، — دىدى.

نەچە باغبان چىقاردى، ئاندا يۇز كەنىزەك راست بولدى، بىر كەم قىرىق قۇل تەيىن بولدى. بىر قۇل كەمىيب قالىب بازار-بازار يۇرۇب ئەردى. بىر گۇزەرگاهدىن ئوتۇب بارسە بىر كىمەرسە ئىككى قۇلنى بازارغە سالىبدۇر. باغبانلەر كورۇب خەرىدار بولدى.

— بەهاسى نىمە؟ — دەب سورىدى.

— مىڭ تىللا، — دىدى قاراقچىلار.

— مىڭ تىللاسى فىدا بولسۇن، شاهسەنەمگە مۇناسىب ئىكەن، — دەپ هەميانىدىن مىڭ تىللا چىقارىب بېرىپ يولغە كىردى. شاهسەنەمنىڭ باغبانى ئىكەننى غېرىب بىلمەدى،

غېرىب ئىكەننى باغبانلار بىلمەدى، يولدا بارغۇنچە باغبان سورادى:

— ئەي، ئوغلۇم، سەن راستىڭنى ئەيغىل، ئەسلىڭ قۇلمۇ؟ — غېرىب ئەيدى:

— سىز پۇل بېرىب ئالدىڭىز، قۇلۇڭىز تەرۇرمەن، — دىدى. باغبانىنىڭ ھېچ ئوغلى، قىزى يوق ئەردى، ئەيدىكىم:

— ئەي، ئوغلۇم! سەندىن قۇل نامەسىنى ئوچۇرەي، مەڭا قىيامەتلىك ئوغۇل بولغىل، — دىدى.

— سىز ھەم قىيامەتلىك ئاتام بولۇڭ، — دەب ۋەدە قىلىشىب يولغە تۇشۇب، شاھسەنەمنىڭ باغىغە باردى. باغباننىڭ سەمىيۇق بۇۋى دەب خوتۇنى بار ئەردى:

— بۇ قۇلنى قانچەگە ئالدىڭىز؟ — دىدى، باغبان:

— قۇل ئاتىنى ئاغزىڭگە ئالمە، بۇ بىزنىڭ قىيامەتلىك فەرزەندىمىز، — دىدى.

غېرىب سىدىق ئىخلاس بىرلە خىزمەت قىلۇر ئەردى!① غېرىب باغدا ئىشلەپ بۇ ناخشىنى ئېيىتتى:

فىراق مېنى ھازىر ئەيلەدى بەرباد،
بىر خۇداغا يىغلاپ ئەيلەدىم پەريات.
كىبسەر ھامان تاغلارنى ئۇل فەرھاد،
فەرھاد كەبى شېرىن جاننى كورەرمۇ؟

نەيلەيىن، مەن شۇل يارىمدىن ئايرىلدىم،
قالىپ ئانا، سىڭلىم، ۋەيرانە دىيارىم،
تولۇن ئايدەك قىزىل يۇزلۇك نىگارىم،
سەنسىز ئەمدى بۇلبۇل نالە قىلارمۇ؟

فىغان چۇشتى ھەسرەت بىلەن باشىمە،
بىر يېتىممەن ئاغۇ چۇشتى ئاشىمە،
غېرىب دەرلەر ھېچ كىم كەلمەس قاشىمە،
يۇسۇف كەبى زىندان ئىچرە ياتارمۇ؟

بۇبى ئانا غېرىبنىڭ ناخشىسىغا بېرىلىپ:

— ئەي، ئوغلۇم، نېچە ئاي بولۇب، سەن ئوزىمىزنىڭ ئوغلىدەك بولدۇڭ، ئاتاڭ كىم، ئاناڭ كىم، قايدىن بولۇرسەن؟ — دەب سوردى. غېرىب، باغبان ئانىغا قاراپ بۇ سوزنى ئېيىتتى:

---

①مۇشۇ يەردىن باشلاپ قوليازمىدا بىر نەچچە ۋاراق يوق، قاراڭ: ئا.م مۇگىنوۋ. ئوپىسانىي ئۇيگۇرسكىخ رۇكوپىسېي، ئىنىستىتوتا نارودوۋ ئازىيى، م، 1962، ستىر، 112.

قول يازمىدىكى ئەينە شۇ ۋاراقلارنىڭ ۋەقەلىكى سارەندە ن. ناسىروۋ ئېيتىپ بەرگەن ئاساستا تولدۇرۇلدى. شۇنىڭ ئۇچۇن بۇنىڭ ئىملاسىمۇ يېڭىچە بېرىلدى.

جانىم ئانا، بولۇرمەن باغداد شەھرىدىن،
ئىشقى ئوتىگە تۇتاشىپ، يانە كېلۇرمەن.
سەنەم بىلەن جۇدالىقنىڭ دەردىدىن،
قانلار يۇتۇپ ھەريانە يۇرۇب كېلۇرمەن.

مەن ئەيتۇرمەن سەنەمجاننىڭ دەردىنى،
قۇلاق سالىب ئىشىتكىن مېنىڭ ئەرزىمنى.
سەنەم بىلەن يىراغلىقنىڭ دەردىنى،
مەجنۇن كەبى سەرگەندانە بولۇپ كېلورمەن.

نەيلەيىن مەن، ئاشنا يارىم يات بولدى،
بىر سوز بىلەن يۇرەك-باغرىم ئوت بولدى،
كېچە-كۇندۇز ئىشىم ئاھۇ-دەرت بولدى،
يۇسۇف كەبى زىندانە بولۇپ كېلۇرمەن.

غېرىب بىلمەس نەدۇر مېنىڭ ئەھۋالىم،
سىنەلەرىم گىريانىدۇر، ئىشىتكىن زارىم،
مەندىن سوئال سورىساڭ، شۇلدۇر جاۋابىم،
پەرۋانەدەك ھەريانە ئۇرۇپ كېلۇرمەن.

ئەلقىسسە، باغبان ئانا بۇ سىرلارنى پىنھان تۇتتى. غېرىب باققا سادىق، ئىخلاس بىلەن خىزمەت قىلار ئىدى. كۇنلەر ئوتۇپ باغنىڭ گۈللىرى ئېچىلىپ، بۇلبۇللار سايراپ، چىمەنلەر يايراپ، پەسىل باھار بولدى. باغبان بۇۋى ئېيتتىكى:

— ئەي، ئوغلۇم، ساڭا ئېيتمىسام بولماس، مەن شاھسەنەمنىڭ باغبانىدۇرمەن. باغدا گۈللەر ئېچىلدى، ماڭا گۈل تېرىشىپ بەرگىن، شاھسەنەم ئالدىغە ئالىب بارۇرمەن.

غېرىب خوشال بولۇب، رەڭگا-رەڭ خۇش پۇراقلىق گۈللەردىن بىر دەستە تىزىپ، ئاندىن بىر نامەنى يېزىپ، گۈلنىڭ ئىچىگە ئوراپ، بىر سوز ئېيتتى:

ئەي، گۈل، سېنى ئىزدەپ، چىمەن بايلايمەن،
بارىپ گۈلۇم — سەنەمگە سالام دېگەيسەن.
ئەرزۇ-ھالىمنى ئەيتىپ ساڭا يىغلايمەن،
ياشلىق توكۇپ سەن ھەم سالام دېگەيسەن.

قىزىل گۈلۇم ئاچىلىپ، سولدى جاھاندا،
بۇلبۇل ھەتتۇز گۈل يانىدا فىغاندا،
گۈلنى ئۇزسەم بۇلبۇل قالۇر ئارماندا،
گۈل شاخىگە بۇلبۇلۇڭ قوندى دېگەيسەن.

سىنىڭ ئۈچۈن ۋەتىنىندىن ئايرىلغان،
پەرۋانىدەك ئىشقى ئوتىدا كۆل بولغان،
ۋەسلىڭنى دەپ بىر باقچىگە قۇل بولغان،
يۈسۈف كەبى كەنئانىڭ كەلدى دېگەيسەن.

باغىڭ ئىچرە بىر يىتىم ئوغۇل كېلىپتۇر،
چىرايلارى سارغايىپ، ھوشىدىن كېتىپتۇر،
بىلەي دېسەڭ، ئانىڭ ئاتى غېرىبتۇر،
مەجنۇن سۈپەت غېرىبىڭنى كەلدى دېگەيسەن.

ئەلقىسسە، بوۋى ئانا گۈلنى ئېلىپ سەنەمنىڭ قېشىغا راۋان بولدى. شاھسەنەم ھوجرىسىدا چىرايى زەپىرەڭدەك سارغىيىپ، سىنەلىرى چاك بولۇپ بىقارار ياتار ئەردى. ھېچ بىر تېۋىپلەرنىڭ دورىسى كار قىلمىدى. چاھار-باغلار يات بولدى. نەغمە-ناۋا، كەيپى-ساپالار خۇش ياقمىدى، نازۇ-نېمەتلەر گەلدىن ئۆتمىدى، گۈللەرنىڭ پۇراقلىرى ئارام بولمىدى، بۇلبۇللارنىڭ سايراشلىرى بىۋاخ ئىدى. گۈلچى ئانا گۈللەرنى ئېلىپ سەنەم ھوزۇرىغا كىرىپ كەلدى. سەنەم ئېيتتىكى:
— ئەي، گۈلچى ئانا، گۈللەر ماڭا يېتەر، ئۇنىڭ بىلەن مېنىڭ كوڭلۇم ئېچىلماس، ئاۋارە بولماڭ، بوۋى ئانا جاۋابەن ئېيتتىكى:
— ئەي، ماھى تەبان ئىشقىنىڭ ئوتىدا كاۋاپ بولغان ھەسرەتلىك قىزىم!؟ بۇ دەستە گۈل، سەھەر كۈنىنىڭ شەپەقىدە قىزارغان، بۇلبۇللار ناۋاسىنى بەخش قىلغان، شەبنەم سۈيىنى ئىچكەن، ئاشىق-مەشۇقلار بىر-بىرىگە تۇتار بولغان گۈللەردۇر، بىر پۇراپ كورۇڭ، دەردىڭىزگە دەۋا، رەڭگىڭىزگە شىپا بولۇپ قالار.
شاھسەنەم گۈلنى قولىغا ئېلىپ، ئانداق ھەۋەس-ئىشتىياق بىلەن پۇرىدىكى ئورنىدىن ساچراپ تۇرۇپ كەتتى. گۈللەر ھىدىدىن غېرىبنىڭ ئىسى چىقار ئىدى.
ئاندا سەنەمنىڭ كوڭلىگە غېرىب ئايان بولۇپ، گۈلچى ئانىدىن سوئال سورىغىنى، بوۋى ئانىنىڭ جاۋابى بۇدۇر:

سەنەم:

چىمەنلەرنىڭ ئىچىدە نازۇك چىمەن بار،
راستىن ئېيتقىن، جان ئانا، گۈلنى كىم تىزدى؟
راستىن ئېيتقىن، جان ئانا، ئەيلەگىن ئىزھار،
راستىن ئېيتقىن، جان ئانا، گۈلنى كىم تىزدى؟

بوۋى ئانا:

نە چىمەندۇر بالام مەندىن سورايسەن؟
بارىن ئوزەم تىزدىم، بايان ئەيلەيىن؛

كۇندە يۇزمىڭ خىيالدا چىمەن بايلايمەن،
قايسى بىرسىن، بوتام، ساڭا بايان ئەيلەيىن.

سەنەم:

ھېچ قاچاندا ئىسزماس ئىدىڭ مۇنداق چىمەننى،
راستىن ئەيغىن، جان ئانا، قىيناما مېنى،
ئۇلىمسەم يەتكۇزەرمەن مۇراتقا سېنى،
راستىن ئەيغىن، جان ئانا، گۇلنى كىم تىزدى؟

بۇۋى ئانا:

ھەر سابادا ئاچىلۇر قىرمىزى گۇللەر،
گۇل ئۇستىدە جان بېرۇر خوشال بۇلبۇللار،
بالام ئۇيدە بىر ناتەۋان يىتىم ئوغلۇم بار،
ئانىڭ قىساسىن بوتام ساڭا بايان ئەيلەيىن.

سەنەم:

كورسەت ماڭا شۇل ناتەۋان يىتىم ئوغلۇڭنى،
قۇربان قىلاي مەن ئاڭا بارۇ-يوقۇمنى،
سىرداشىمسەن، جان ئانا، ئاڭلا دادىمنى،
راستىن ئەيغىن، جان ئانا، گۇلنى كىم تىزدى؟

ئەلقىسسە، سەنەم: "غېرىبىنىڭ مۇبارەك قولى تەككەن گۇلدۇر بۇ"، — دەپ گۇلنىڭ ھەربىر شېخىنى بىر-بىردىن كوزدىن كەچۇرەر ئىدى. شۇندا گۇل ئىچىدىن بىر قەغەز نامايان بولدىكى، سەنەم ئۇنى دەرھال ئېلىپ ئوقۇدى. بۇ خەتتە غېرىب ئۇزىنىڭ كەلگەنلىگىنى ئىزھار قىلغان ئىدى. سەنەم بىلەن گۇلنىھال ئايىم خوشال بولۇپ نەغمە-ناۋا قۇردى. كېنىزەكلەر: "سەنەمنىڭ كوڭلى ئېچىلىپتۇ"، — دەپ، شاد-خورام ئۇسۇلغا چۇشۇشتى.

سەنەم شاھ ئاببا سقا بىر نامە يېزىپ، باققا چىقىشنى سوراپ گۇلنىھال ئايىمدىن كىرگۇزدى. نامەنى شاھ ئاببا س كورۇپ:

— قىزىمنىڭ كوڭلى ھەرنە خالىسا، خالىغانچە بولسۇن، چاھار باققا چىققىسى كەلگەن بولسا مەرھەمەت، رۇخسەت قىلۇرمەن، — دەپ رازىلىق بەردى.

شاھسەنەم ۋە گۇلنىھال ئايىم كېنىزەكلەرنى يىغىپ، باققا چىقىدىغانلىغىنى ئۇختۇرۇپ: "باغدا ھەرنە كورسەك، ئۇنى سوز-چوچەك قىلمايمىز، پادىشاھقا يەتكۇزمەيمىز"، — دەپ

ئۇلاردىن قەسەم ئالدى. قىزلار داغدۇغۇلۇق بىلەن ھازىرلىق كورۇپ، ھېيتتەك ياسىنىشىپ، چاھار باقتا يۇرۇپ كەتتى. غېرىب بۇبى ئاندىن سەنەمنىڭ چاھار باقتا سەيلىگە چىقىدىغىنىنى ئاڭلاپ، ئۇزىنى گۇللەر ئارىسىغا پىنھان قىلدى. بۇ ھىيلە بىلەن سەنەمنىڭ مۇھەببەت ئوتى فىراقىنىڭ كۇچىنى سىناپ كورمەكچى بولدى. شاھسەنەم باقتا كىرىپ، غېرىبنى تاپالماي ھەيران ۋە سەرسان بولدى. ئاندا سەنەم ئاغچىغا قاراپ بىر سوز ئېيتتى:

ئاغچى، كورۇڭ غەمسىز باشىم،
غەمخانە بولدى، نەيلەيىن؟
قاي سوز بىلەن ئاشنا يارىم،
بېگانە بولدى، نەيلەيىن؟

ئەندى تۇرماسمەن بىر سائەت،
كوڭلۇمدە قالمىدى تاقەت،
ئەمگەك بىلەن سالغان ئىمارەت،
ۋەيرانە بولدى، نەيلەيىن؟

مەن كەلدىم يارنى سوراغلاپ،
يار قاچتى مەندىن يىراغلاپ،
يۇرەكىمنى ئوتقا داغلاپ،
پىنھانە بولدى، نەيلەيىن؟

شاھسەنەم دەر چۇشتۇم يەرگە،
ھەركىم ئوز يارىنى كورەرگە،
يارنىڭ كوڭلى باشقا يەرگە،
گۇمانە بولدى، نەيلەيىن؟

ئەلقىسسە، غېرىب موكۇپ ياتقاندا، كېنىزەكلەر ئىزدەپ ھەريان راۋان بولدى. ئىككى قىز غېرىب تەرەپكە قەدەم قويۇپ كېلەر ئىدى. غېرىب ئۇلارنى كورۇپ بىر سوز ئېيتتى:

باقتا ئىككى پەرى كېلۇر،
ئەجەپ سەيلانە-سەيلانە.
ئاشىقلارنىڭ جانىن ئالىب،
كېلۇر سەيلانە-سەيلانە.

ئىككىلەسى ھەمدەم بولۇپ،
بىر-بىرىگە مەھرەم بولۇپ،

قىيا بېقىپ، قولىن سالىپ،
كېلۇر سەيلانە ـ سەيلانە.

بىرى گۈلدۇر، بىرى غۇنچە،
ھېچ قايسى يوق سەنەمچە،
تاماشەگە كېلۇر بارچە،
كېلۇر سەيلانە ـ سەيلانە.

غېرىب ئىزلەر ئۆز يارىنى،
ئىزھار ئەيلەر ئەھۋالىنى،
يار كورسەتۇر جامالىنى،
ئەجەپ سەيلانە ـ سەيلانە.

ئەلقىسسە، سەنەم بىتاقەت بولۇپ، غېرىبنىڭ ئوت پىراقىدا ئېيتقانلىرى:

ئۇچۇردۇم شۇڭقار قۇشۇمنى،
ھېچ بىر يەردە دەرەگى يوق.
ھەسرەت بىلەن بۇ سەيادنى،
تۇتماغۇنچە قارارىم يوق.

قاچتى بۇ دەۋلەتنىڭ قۇشى،
ئاختۇرارمەن يازۇ ـ قىشى،
دەرەگىن بىلمەس ھېچ كىشى،
بۇ مەنزىلدە تۇرارىم يوق.

مەن ئەيتۇرمەن يارىم كەلسە،
كېلىپ غەمكىن كوڭلۇم ئالسە،
شۇم رەقىبلەر تۇيار بولسە،
ئىككىمىزنى قويارى يوق.

كورسەت مۇھەببەت يولىنى،
بىر تۇتسام يارنىڭ قولىنى،
كەزسەم كەربالا چولىنى،
بۇ كوڭلۇمنىڭ ئارامى يوق.

ئاشىقلارنىڭ يەتمەس ئاھى،
كىمدىن سوراي كوڭۇل داغى،

خازاڭ بولسۇن چاھار باغى،
بۇ سوھبەتنىڭ بارارى يوق.

سەنەم ئەيتۇر، ئەي مېھرىبان،
ماڭا سالدى يۈز-مىڭ ئەلۋان،
نەچەن يىللار دەردىڭ بىلەن،
يۈرەكىمنىڭ مەدارى يوق.

ئەلقىسسە، غېرىب تەرەپكە كېتىۋاتقان ئىككى قىز، غېرىبنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ قالدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە گۈلجەمىلە خانىم دىگەن قىز غېرىبنى كورۇپ، "راست سەنەمنىڭ كويگىنىچە بارىكەن"، — دەپ ئويلاپ ئاشىق-بىقارار بولدى. گۈلجەمىلە خانىم غېرىبقا جىلىۋەلەر بىلەن سوز تاشلاپ:

— ئەي، ئاشىق غېرىب، بۇ يەردە ئىككىمىز يالغۇز، ھېچ كىشى كورمەس، يۈزۈمدىن بىر سويۇپ قويساڭ ياكى قولۇمدىن بىر تۇتۇپ قويساڭ، — دىدى.

غېرىب تەبەسسۇم بىلەن:

— ئەي گۈزەلىم، مېنىڭ ئوز مەشۇغۇم بار، مەن پاك مۇھەببەتنىڭ قۇلىمەن، سەنەمگە ھەرگىز خىيانەت قىلماسمەن، يولۇڭغا بارغىن، — دىدى.

گۈلجەمىلە يەنە مىڭ ناز-كەرەشمە بىلەن:

— قورقمىغىن، مەن ھېچ كىشىگە ئەيتماسمەن، سەنەم ھەمدەم يارىڭ بولغاندا مەن سېنىڭ يوشۇرۇن يارىڭ بولۇپ يۈرسەم، — دەب نالە قىلدى.

غېرىب دەرغەزەپ بولۇپ:

— كوزۈمدىن يوقال، قارا كوڭۈل! — دەپ سىلكىدى.

— ئەگەر سەن مېنىڭ بۇ تەلىۋىمنى يەردە قويىدىكەنسەن، بۇ ئىشنى شاھقا خەۋەر قىلىپ قويۇرمەن، — دىدى گۈلجەمىلە خانىم قورقۇتۇپ، غېرىب:

— ئىشتىن قورققان گاداي بولماس، شاھتىن قورققان ئاشىق بولماس، — دەب رەت قىلدى. گۈلجەمىلە خانىم شاھ ئوردىسىغا دەر-بەدەر يۈرۈپ كەتتى.

ئەلقىسسە، شاھسەنەم ھوزۇرىغا غېرىبنى كورگەن قىز خەۋەر يەتكۈزۈپ كەلدىكى:

— غېرىب گۈل ئىچىدە موكۇپ يېتىپتۇ، — دىدى. سەنەم شۇندا گۈلنىھال ئايىمغا قاراپ بىر سوز دىدى:

ئاغچى ئانا، مېھرىبانىم،
يارىم غېرىبجاننى كەلتۈر.
قىزىل يۈزلۈك، قەلەم قاشلىق،
ئۇل شاھى تاباننى كەلتۈر.

مېنىڭ بىلەن ۋەدە قىلغان،
كېچەلىرى زار يىغلىغان،

باغ ئىچىدە گۈلدە ياتقان،
باغرى يارا، قاننى كەلتۈر.

مىسرى ئېلىدە يۇسۇف قالغان،
جافا تارتىپ، راھەت ئالغان،
جافا تاغنى پارە قىلغان،
ئۇل بەندى زىنداننى كەلتۈر.

شاھسەنەم دەر، قارا بەختىم،
يىقىلاشتى ئۇلەر ۋاختىم.
كەلتۈر مېنىڭ تاجۇ-تەختىم،
دەردىمگە دەرماننى كەلتۈر.

گۈلنىھال ئايىم غېرىبنى كەلتۈرگىنى يۈرۈپ كېتىدۇ. غېرىب يەنە باشقا بىر يەرگە پىنھان بولۇپ، سەنەمنىڭ ئۆزىنى كۈتىدۇ، گۈلنىھال ئايىم غېرىبنى تاپالماي قايتىپ كېلىدۇ. سەنەم تاقەتسىزلىك بىلەن غېرىبنى ئىزدەپ، بىر چىنارنىڭ قېشىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا غېرىب سەنەمنى كۆرۈپ بىر سوز دىدى:

باغۋەن بولۇپ باغىڭ ئىچرە،
تەرسەم تازا گۈللەرىڭدىن.
ئېگەم سېنى خۇش ياراتمىش،
ئەگسەم نازۇك بەللەرىڭدىن.

مېنى سورىساڭ ئۇشبۇ ھالدا،
رەڭگىم سارىغ، كۆزۈم يولدا،
ئاي يۈزۈڭگە تۇتما پەردە،
تەرھى نالە قوللارىڭدىن.

مېڭىشىڭ مىسلى لالەدۇر،
باقىشىڭ جاننى ئالەدۇر،
ئاغزىڭ ئالتۇن پىيالەدۇر،
قۇيۇپ ئىچسەم چايلارىڭدىن.

سەھەر تۇرۇپ ساچىڭ تارا،
ئاي يۈزۈڭگە رومال ئورا،
دۇشمەن يۈزى بولسۇن قارا،
دانە-دانە خاللارىڭدىن.

غېرىب ئاشىق، بولدۇم پەقىر،
يار يولىدا يۈردۈم ھەقىر،
تىلىم سوزلەر ئەرزىم ئوقۇر،
بىللە ئوتسەم يوللارىڭدىن.

ئەلقىسسە، ئاشىق-مەشۇقلار دىدار غېنىمەت قىلىشىپ ئاندا بىر-بىرىگە بېقىپ مۇھەببەتلىرىنى ئىزھار قىلىشىدۇ.

غېرىب:

نەچە ۋاقتىن ئاھ ئۇرۇپ مەن يارنى دەب،
باغدا يارىم بار ئىكەنىن بىلمەدىم.
ھەسرەت بىلەن سەنەمجانىم قايدا دەب،
سەنەمجانىڭ باغدا ئىكەنىن بىلمەدىم.

سەنەم:

ھەيران قىلدى مېنى شېرىن سوزىڭىز،
بۇ باغ ئىچرە مېنىڭ بىلەن يۈرسىڭىز،
ئەمدى كەلدى خوشال پۈرسەت بىلسىڭىز،
چاھار باغلار خاس ئىكەنىن بىلمەدىم.

غېرىب:

قۇربان بولاي قاشىڭ بىلەن كوزىڭە،
فىدا بولسۇن جانىم ھەر بىر سوزىڭە،
كەل، سەنەمجان، تويۇپ ئالاي ھوسنىڭە،
تىلىگەن جانىم بار ئىكەنىن بىلمەدىم.

سەنەم:

بۇلبۇل بولۇپ شەكەر ئەفشان ئەيلەيىن،
گۈل ئىشقىدا تۈنلەر بويى زارلايىن،
كەل، غېرىبجان، بۇ باغ ئىچرە يۈرەيىن،
تىلىگىم جانىم بار ئىكەنىن بىلمەدىم.

ئەلقىسسە، غېرىب-سەنەم چاھار باغدا كېچە-كۈندۈز تاماشە قىلىپ، مەي-شاراپ بىلەن نەغمە-ناۋا قۇرۇب، كېنىزەكلەرنىڭ ئۇسۇللىرىنى كورۇپ، كوكۇللىرىنى ئېچىپ تۇرغىنىغا بىر نەچە كۈن بولغاندا، پادىشاھ ئابباسنىڭ قۇلىغىغا خەۋەر يەتتىكى: "غېرىب بىلەن سەنەم چاھار باغدا ئەدەپسىزلىك قىلىپ يۈرۈر"، — دەپ. ئاندا شاھ ئاباباس دەرغەزەپ بولۇپ، غېرىبنى تۇتۇپ زىندانغا سېلىشىنى بۇيرىدى. ئابدۇللا شاتىر ياساۋۇللار بىلەن ئاتلىنىپ چاھار باققا يېتىپ كېلىپ، غېرىبنى كورۇپ تۇتۇپ باغلار بولدى. ئاندا سەنەم ئابدۇللاغا يالۋۇرۇپ بۇ سوزنى ئېيتتى:

ماڭا چۈشكەن تەنىلەر، بارچىگە چۈشەر،
تەگمىگىن سەن يارىمگە، ئاللا ھەققىدە.
سەن يارىمنى تۇتساڭ بەختىڭ نە ئاشار؟
تەگمىگىن سەن يارىمگە، ئاللا ھەققىدە.

زەھەر — زوقۇم باردۇرۇر سېنىڭ قولۇڭدا،
ھەرنە قىلساڭ ئىختىيار سېنىڭ ئوزۇڭدە.
بىزنى ئالىپ بارماغىل ئاتامنىڭ ئالدىغە،
تەگمىگىن سەن يارىمگە، ئاللا ھەققىدە.

ئاتام سېنى يىبەرىپتۇ، پەرمانلەر قىلىپ،
نە ئىشىڭ باردۇر سېنىڭ ياخشى-يامانىنى بىلىپ؟
قۇلاق سالغىن، ئابدۇللا، سوزۈمگە كىرىپ!
تەگمىگىن سەن يارىمگە، ئاللا ھەققىدە.

زامىن بولما ئاشىقلەرنىڭ قانىنە،
رەھمە قىلغىن غېرىبجاننىڭ ھالىنە، -
سەن قالۇرسەن مەلامەتنىڭ قانىنە①،
تەگمىگىن سەن يارىمگە، ئاللا ھەققىدە.

سەنەم دەرلەر، بېرەيىن دۇنيا بارىمنى،
توكەيىن مەن خەزىنەمنىڭ بارىنى.
سەن (ھەم) پىنھان ئەيلەگىل ئاشىق سىرىنى،
تەگمىگىن سەن يارىمگە، ئاللا ھەققىدە.

ئەلقىسسە، ئابدۇللا شاتىر بۇ سوزنى ئىشىتىب، بۇ ئىككى ئاشىق ھەققىنى بىلىب، قويە بەردىلەر.

① مۇشۇ مىسرادىن باشلاپ قولىيازما داۋاملىشىدۇ.

ــ مەن سىلەرنى كورمەدىم، ــ دەب ئاتلانىب كەتتى. ئاندا سەنەم يەنە "ئاتام كىشى يىبەرىب تۇتۇپ ئالىب شەرمەندە بولۇرمىز"، ــ دەب غېرىبكە قاراب بىر سوز دىدى.

غېرىب دوستۇم، ئەيت غېمىڭنى،
دۇشمەن كار ئەتمەسدىن بۇرۇن.
ئىرتە بىرلە ئاتام تۇتۇب ــ
ئۇل قۇربان ئەتمەسدىن بۇرۇن.

تۇيىسە ھەممە سىپللەر كېلۇر،
تورت تەرەفتىن قۇرشاب ئالۇر،
سىنى يالغۇز كۇنگە سالۇر،
كوكچە① كورمەستىن بۇرۇن.

ئېرتە بارۇر مۇندا يا تەن،
سىنى بىزنى بىرگە بىر تەن،
ئوزگە يەردە تۇتقىن ۋەتەن،
ئاشكار ئولمەسدىن بۇرۇن.

قۇتۇلا كور، مۇندىن قاچىب،
كوزۇڭنى يۇم، مەندىن كېچىب،
بىر ئەجدىھا، ئاغزىن ئاچىب،
ۋەھمە ئېلە يۇتماسدىن بۇرۇن.

شاھسەنەم دەر، ھىجران ئېلە،
تورت تەرەفدىن قۇرشاب كېلە،
باش پانا قىل، ئومرۇم تىلە،
شاتىر يېنىب كەلمەسدىن بۇرۇن ــ

دەب ئەردىلەر، غېرىب، بۇ سوزنى ئېشتىب، شاھسەنەمگە قاراب بىر سوز دىدى:

مەڭا مۇندىن كەتمەك بولماس،
ئاتاڭ تۇتۇب ئالماغۇنچە.
خېلىل كەبى مەنچە ناقدە،
ھەجر ئوتىغە سالماغۇنچە.

① ئابدۇللا شاتىرنى «يۇسۇف ــ ئەھمەد» داستانىدىكى سەلبى پېرسوناژ كوكچەگە قىياسلايدۇ.

باش ئۇراي ئاتاك دارىغە،
جان باغلاي ئاتاك نارىغە،
قوچقارىم قۇربان يارىغە،
ئاتاك تۇتۇپ چاپىۇغۇنچە.

جانىم باردۇر شىرىن تەندە،
مەن بولارمەن سەڭا بەندە،
جىنازامنى ئىشىگىدە —
كېتەرىم يوق تىلماغۇنچە.

سەن گۇزارسەن گۇلگۇن كىيىپ،
خال ئۇستىگە خاللار قويۇپ،
قەقنۇس كەبى ئوتقا يانىپ،
پەيمانەمىز تولماغۇنچە.

غېرىب دەرلەر ئاخىر مەقسەد،
ئەجەلگە بولمادۇر فۇرسەت،
هالا غېنىمەت بۇ فۇرسەت،
كېتەرىم يوق ئولمەگۇنچە.

ئەلقىسسە، غېرىبدىن سەنەم بۇ سوزنى ئېشىتىپ، "غېرىب مۇندىن كەتمەسە، دۇشـ
مەنگە گىرىفتار بولسە، هالى نە كېچەر؟" دەپ يەنە شاهسەنەم غېرىبكە بىر سوز دىدى:

ئەمدى سوهبەت ۋاقتى ئوتتى،
كەت غېرىب، تۇرماغىل مۇندا.
ئايرىلىش ۋاقتى يەتتى،
كەت غېرىب، تۇرماغىل مۇندا.

كېلەر كوردۇم سېنىڭ ۋەسلىڭ؟
بەرابەر يوق سېنىڭ ئەسلىڭ،
بىر گۇل ئىدىڭ، ئوتتى فەسلىڭ،
كەت غېرىب، تۇرماغىل مۇندا.

سەن نە گۇلنىڭ خىرمانى سەن،
نە دەردىمنىڭ دەرمانى سەن؟
ئوزى كەلگەن ئارمانى سەن،
كەت غېرىب، تۇرماغىل مۇندا.

سىنىڭ كويۇڭدا ئولۇرمەن،
سەن بار مۇندا، كويەرمەن،
سىنىڭ دەردىڭنى بىلەرمەن،
كەت غىرىب، تۇرماغىل مۇندا.

بەھرە تاپماي بۇ ۋەتەندىن،
شىرىن جانىم چىقتى تەندىن،
شاھسەنەم قول چەكتى سەندىن،
كەت غىرىب، تۇرماغىل مۇندا.

ئەلقىسسە، غىرىب ئەيدى:
— مىنى مۇنچە كەت، تۇرماغىل دەرسەن، خەير مۇندىن كىتەرمەن، ھەرگىز ساڭا كەلمەسمەن، — دەب شاھسەنەمگە قاراب بىر سوز دىدى:

كوچ - كوچ ئەيلەدى كوڭۇل كارۋانى،
كوچكەندە ئاڭلىسام، بەلكى كەلمەسمەن.
بۇ يىبلە سوزلەر ئاڭلاب سەنەمجانىمدىن،
ئولگەندە ئاڭلاسام، بەلكى كەلمەسمەن.

غىرىبلەرنىڭ بولماس باغى ۋەتەنى،
ئىستەمەسلەر غىرىبلارنىڭ كەتكەنى،
قىزىلگۇل تىكىپ تۇگرەسىدە تىكەنى،
تەرگەندە ئاڭلاسام، بەلكى كەلمەسمەن.

بۇ نە ئەيدى، ئاغۇ قوشتى ئاشىمە،
رەھىم ئەتمەدىڭ كوزدىن ئاقغان ياشىمە،
ئەجەل ياستۇقىنى قويۇب باشىمە،
ياشدە ئاڭلاسام، بەلكى كەلمەسمەن.

بىلمەيمەن ئوززەم سالدىم بۇ دەردە،
ھەمراھ بولدۇم سىنىڭ كەبى نامەردە،
يار - يار دەب كىتەي ئەمدى بۇ يەردە،
كەزگەندە ئاڭلاسام، ھەرگىز كەلمەسمەن.

بىر دەيمىشلەر ئاشىقلەرنى قولىنى،
سەن سۇندۇردۇڭ ئاشىقلەرنى كوڭلىنى،

سەندىن دىلىم چەكتى، تۇتماي قولۇڭنى،
تۇت دىگەننى ئاڭلاسام، بەلكى كەلمەسمەن.

ئەمدى كېتەي ۋەسفىن ئەيتىپ ئېللارە،
مېنى سوراب تاپماغىل ئۇزاق ئېللارە،
مەجنۇن كەبى نەچە يىللىق چوللەردە،
يۇرگەندە ئاڭلاسام، ھەرگىز كەلمەسمەن.

غېرىب ئەيدى، فەلەك بۇزدى شانىمنى،
ئوتقا سالمە گەۋھەر بىلە كانىمنى،
رازى ئېردىم خۇدا ئالسە جانىمنى،
ئولگەندە ئاڭلاسام، بەلكى كەلمەسمەن.

ئەلقىسسە، غېرىب دىيار بەكرنىڭ شەھرىدىن چىقىب شەھەر سەماقىغە باردىلەر. ئارادا قىرىق كۇن ئوتتى. پادىشاھ ئابباس نەچە نەۋبەت چاھار باغقە كىشى يىبەردى، غېرىب زاھىر بولمادى. ئاندا سەنەمنىڭ كوڭلى جەم بولۇب، ئاغچە ئانىكاسىگە باقىب ئەيتادۇر:

سىدىقىڭ بولايىن، گۇلنىھال ئايىم،
شېرۋان سەماقىغە بارساڭ نە بولغاي؟
سەندىن ئوزگە يوقتۇر مېنىڭ غەمخاھىم،
غېرىبجان ھالىدىن سورساڭ نە بولغاي؟

قىرىق كۇن بولدى كەتتى شېرۋانە سەماقىغە،
مېنى قويدى ئەدا بولماس بۇ داغقە،
قارا زاغلەر قونار بولدى چاھار باغقە،
باغبان خەبەرىن بەرسەڭ نە بولغاي؟

تاكى ئولتۇرايمەن مۇندا سارغەرىب،
سەن تاپماساڭ يۇرۇب بارىب ئاختەرىب،
مېنىڭ ئۇچۇن نەچە يىللار يالبارىب،
ئاياغىغە باشىڭ قويساڭ نە بولغاي؟

شاھسەنەم دەر، ئولەر ۋاختىم يېتۇشتى،
ئەمدى يارىم خىيالى كوڭلۇمگە تۇشتى،
يۇرگەن يوللارى كوزۇمدىن ئۇچتى،
كەلتۇرۇب غېرىبىم بەرسەڭ نە بولغاي؟

ئەلقىسسە، ئاغچە شاھسەنەمدىن بۇ سوزنى ئېشىتىب، مەردان لىباسىنى كىيىب سەماق شەھرىگە راۋان بولدى. بىرنەچچە كۈن مەنزىل ئەجەپلەرنى تەي قىلىب، ئۇل شەھەرگە يەتتى. بىر گۇزەردە قەغەز، دۇۋەت، قەلەم يانىغە ئاسىب ئۇزىنى خوجا سۇپەتىدە قىلىب تۇردىلەر غېرىبنى ئاغچە تونۇدى، غېرىب ئاغچەدىن سوۋال سورغانى، ئاغچەنى جەۋابى:

سوۋال غېرىب:

باشىڭدىن ئورگۇلەي، مېھرىبان غوجام،
نە سەبەبدىن تۇشتىڭ بۇ ھېلە يوللارە؟
شاھسەنەم ئەھۋالىدىن ھالىدىن.
قۇربان بولاي سوزلە شېرىن تىللارە.

جەۋاپ ئاغچە:

سېنىڭ ئۇچۇن دىيار بەكرى ئېلىدىن،
بېلىم باغلاب تۇشتۇم ئۇزاق يوللارە.
سەنەم كوپ يىغلادى سېنىڭ دەردىڭدىن،
كوز ياشى قوشۇلۇب دەريا سېللارە.

جەۋاب غېرىب:

خوجا ھەرگىز بارماسمەن بۇ ھېلە نامەردە،
ئۇل يار سالدى مېنى تۇگەنمەس دەردە،
ئۇل مېنى قويماس ئەمدى بۇ يەردە،
باش ئالىب كېتەرمەن ئەلدىن ئەللەرە.

جاۋاب ئاغچە:

نېگە مۇنداغ ئاچچىغ سوزلەرنى دەرسەن،
بىر توھمەت سوز بىلەن غەملەرنى يەرسەن!
سەن كېتىب باغىڭ قالدى، ئېگەسى سەنسەن،
يۇر، باغبان بولغىل تازە گۇللەرە.

جەۋاب غېرىب:

كوكۇل قۇشى فەرۋاز ئېتىب ئۇچماسۇن،
ئاشىق بولغان ياردىن ئايرىلماسۇن،

سەنەمنىڭ يۈزىگە يۈزۈم تۇشماسۇن،
كېتەرىم كۇسەت ئەيلەب ئەلدىن ئەللارە.

جەۋاب ئاغىچە:

سېنى كىم قوغلادى يەشرىن جايىڭدىن؟
سەنەم بىقەراردۇر ئاھۇ - ۋايىڭدىن.
كەل، غېرىبجان قايتغىل ئەمدى راھىڭدىن،
مۇرۇۋۋەت ئەيلەگىل غەمكىن قوللارە.

جەۋاب غېرىب:

ئەمدى بارماق بولماس مەنزىل مەكانە،
ئاتەش كەبى ئۇتلار سالدى بۇ جانە،
يۈرگەنى قويماسە مۇندا مەستانە،
بۇلبۇل بولۇب قونار شاخدىن - شاخلارە.

جەۋاب ئاغىچە:

شاھسەنەم يىبەردى قويمايىن مېنى،
تا ئالىب كەتمەيىن قويماسمەن سېنى،
ئانى ئاندا قويۇب، سويسەڭ ئۆزگەنى،
تەڭرى سېنى سالۇر يالغۇز ھاللارە.

جەۋاب غېرىب:

غېرىب دەر، بارۇر دەب سالمە يادىڭە،
يېتەلمەسسەن بۇ يولە مۇرادىڭە،
مىڭ يىل يالبارساڭ يەتمام دادىڭە،
كوڭلۇڭنى ئاغرىتما قىلۇ قاللارە.

جەۋاب ئاغىچە:

خوجە دەرلەر، مېنىڭ بىرلە كەتمەسەڭ،
بىر نار يارىڭ مۇرادىغە يەتمەسەڭ،

بۇ دېگەن سوزۇمنى قوبۇل ئەتمەسەڭ،
مەن ھەم كەتمەس بولدۇم ئاي - يىللارە.

ئەلقىسسە، ئاغچە ئانىكا غېرىبكە تولا يالبىاردى. ئاندا غېرىب ئاغچەغە قاراب بىر سوز دېدى:

جەۋاب غېرىب:

ئاغچە، ماڭا تولا سوزلەر دېمەگىل،
يار مېنى سويمەسە نېگە بارايىن؟
ئانىڭ كوڭلى بولەك كىشىنى دېسە،
يار مېنى سويمەسە نېگە بارايىن؟

جەۋاب ئاغچە:

سەلامىنى يىبەردى ئۇل بىبى سەرۋەر،
ئەلىغدەك قامەتى، لەبلەرى شەكەر،
ئاھ ئۇرسە ئاغزىدىن چىقار ئوتئۇنلەر،
سەنەمجان يىبەردى، كەلسۇن غېرىبىم!

جەۋاب غېرىب:

شاھسەنەمنىڭ سەندىن تولادۇر دەردى،
ئەمدى ياد ئەتمەيىن بۇ يىلە نامەردى،
كەلسۇن دېسە، نېچۇك قوغلاب يىبەردى،
ئۇل مېنى سويمەسە نېگە بارايىن؟

جەۋاب ئاغچە:

سەلامىن يىبەردى ئۇل گوزەل خاسى،
كوز ياشى بولۇبدۇر مۇھت، دەرياسى،
سەنسىز كورۇنمەيدۇر قانى دۇنياسى،
سەنەمجان يىبەردى، كەلسۇن غېرىبىم!

جەۋاب غېرىب:

شاھسەنەم بىلمەدى قىلغۇر ئىشنى،
بېھۇدە ئاققۇزۇر كوزدىن ياشىنى،

يەنە بارسام باشلار قەدىم ئىشنى،
يار مېنى سويمەسە نېگە بارايىن؟

جاۋاب ئاغچە:

گۈلنىهال دەر، ئەجەب دەرتكە قالىبسەن،
سەنەمنىڭ جانىگە ئوتنى سالىبسەن،
ئەمدى بىلدىم، بۇ يېلە نامەرد ئېكەنسەن،
سەنەمجان يىبەردى، كەلسۇن غېرىبىم.

جەۋاب غېرىب:

نېـلەر يېدىم جۇملە ئەلنىڭ تۇزىنى،
هىجر ئېلە ئوتكەردىم يازۇ كۇزىـنى،
غېرىب دەر، كورمەس ئەردىم يۇزىنى،
سېنىڭ ئۇچۇن ئەمدى بارسام بارايىن.

ئاغچە بىرلە غېرىب، يەنە سەنەمنىڭ باغىغە بارۇر بولۇب، ئانـدا سەماق شەهـرىنى پادىشاهى غېرىبكە سەرۇپاه بېرىب، بىر سەر ئالتۇن ئىنئام قىلدى. ئاغچە بىرلە غېرىب ئىككىسى يولداش بولۇب، بىرمۇنچە يول يۇرۇب، بىر خۇش هەۋا يەرگە كېلىب تۇشتى. ئاغچە ئانىكا غېرىبكە زەۋق قىلىب بىر سوز دىدى:

كوب جەفالار چېكىب كەلدۇق بىز ئېكەۋ،
زەۋق - سەفا ئەيتادۇرغان يوللارە.
ئىككى ئاشىق بىر - بىرگە قوشۇلۇب،
مۇراد هاسىل قىلادۇرغان يوللارە.

بىز كېلىبمىز بىر - بىرىمىزگە ئوخشانىب،
سەن تۇرماغىل گۇل يۇزىمدىن ئۇياتىب.
ئۇستىمىزدىن تونلارىمىز سالىشىپ،
قۇچاغلاشىب ياتادۇرغان يوللارە.

ۋەلى كوڭلۇم پەرۋاز ئەيتار بىر گۇلگە،
گۇل ئېچىلدى، فىغان تۇشتى بۇلبۇلغە،
هەق يەتكۇردى تەرەف ئەجەب مەنزىلگە،
مەنزىل هاسىل قىلادۇرغان يەرلارە.

مېنى ئىشقىم پەرۋاز ئەيتار قوزغالىپ،
نامۇسىم تەرك ئېتىپ، سەڭا نۇر سالىپ،
سەنبۇل بىرلە سەرۋى كەبى چىرمالىپ،
مەقسۇدىغە يېتەدۇرغان يەرلارە.

گۇلنىهال دەر، بىر - بىرىگە ئۇغلاشىپ،
ئەھدى - پەيمان ئىقرار بىرلە باش قوشۇپ،
كام دىلنى هاسىل ئېتىپ تەلاشىپ،
مۇرادىغە يېتەدۇرغان يەرلارە.

ئاندىن كېيىن غېرىبنىڭ مېهرى كېلىپ، "ئەمدى يار قاشىغە بارماسمەن"، — دەپ بىر سوز دېدى:

ئەمدى بارماس بولدۇم سەنەم يانىغە،
ۋەلى كوڭلۇم ئۆزگە خىيالە تۈشتى.
ئاسايدى، باد ئۆردىلەر گۇلى،
بۇلبۇل خىيال ئىلە بۇل دانە تۈشتى.

سەنەم ئەلچى ئەيلەب يىبەردى سىزنى،
ئۆزىنىڭ قەبەزىغە ئالماقچى بىزنى.
هەرام ئېكەن ساڭا يېدۇرگەن تۇزى،
يەنە كوڭلۇم ئۆزگە خىيالە تۈشتى.

غېرىب ئەيدى، ئالدىراب ياردىن ئايرەدىڭ،
ماڭا ئىشرەت نىهالەنى قايرەدىڭ،
شەرىئەتدىن ئۆزگە يولغە باشلادىڭ،
مېنىڭ ئىشىم ئەمدى مەهالە تۈشتى.

ئەلقىسسە، ئاغچە غېرىبدىن بۇ سوزنى ئېشىتىپ دېدىكى:
— مەن سېنى سىناب كورەي دەب بۇ سوزنى ئەيتىب ئېدىم، ئەمدى بىلدىم، سەنەمدىن ئۆزگەنى دېمەس ئېكەنسىز. بۇ رۇھىڭىزدىن قايتىڭ، ئەگەر سىزگە يامان كوزۇم بىرلە قاراسام يۈزۈم قارا بولسۇن،— دەب قەسەمياد قىلدى. ئاندىن نەچە كۈن يول يۈرۈب سەنەمنىڭ چاهار باغىغە يەتتى. ئاندا شاهسەنەم غېرىبنى كورۈب، خۇش كېلىبسىز دەب بىر سوز دېدى:

باشىڭدىن ئۆرگۈلەي، گۇل يۈزلۈك يارىم،
خۇش كەلدىڭ، غېرىبىم، سەفا كېلىبسەن.

سەڭا فدا بولسۇن بۇ شېرىن جانىم،
خۇش كەلدىڭ، غېرىبىم، سەفا كېلىبسەن.

كىشى مۇنداغ قەھر ئېتەرمۇ دوستىنە؟
كوز تىكىبسەن جان ئالماقنىڭ قەستىنە،
قويغان قەدەملەرىڭ تەجۇم ئۇستىنە،
خۇش كەلدىڭ، غېرىبىم، سەفا كېلىبسەن.

نەلەر قالدىم سېنىڭ ئاھۇ ۋاھىڭگە،
پەرۋاز ئېتىب بەرالمادىم قاشىڭغە،
جان پاياندار بولسۇن خاك - پايىڭگە،
خۇش كەلدىڭ، غېرىبىم، سەفا كېلىبسەن.

ئاشىق ئولغان بىلۇر مەشۇق زارىنى،
كوتەرمەسمۇ ھەرنە ئەيغان سوزىنى،
ئانىڭ ئۇچۇن ئاغرىتارمۇ ئوزىنى؟
خوش كەلدىڭ، غېرىبىم، سەفا كېلىبسەن.

سەنەم ئەيتۇر، سەنىسىز يەككەدۇر باشىم،
فىراقىڭدا ئاقار تىنماي كوز ياشىم،
ھەم بۇ دۇنيا ھەم ئاخىرەت سىرداشىم،
خۇش كەلدىڭ، غېرىبىم، سەفا كېلىبسەن.

ئەلقىسسە، شاھسەنەم غېرىبقە بىر پىيالە مەي قۇيۇب تۇتتى. ئاندا ئاغچە بۇلارنىڭ شانىغە قاراب ئوزىنىڭ يارىنى ياد قىلىب بىر سوز دىدى:

لەيلى بىلەن مەجنۇن ئوتتى دۇنيادىن،
ئۇلاردىن ئات قالدى، بىزدىن قالمادى.
فەرھاد ئېلە شېرىن ئوتتى دۇنيادىن،
ئۇلاردىن ئات قالدى، بىزدىن قالمادى.

ھەر كىمنىڭ ئىشقىنى قىلسە زىيادە،
يار - يار دەب ئوتەرلەر فانى دۇنيادە،
يۇسۇف - زۇلەيخا يەتتى مۇرادە.
ئۇلاردىن ئات قالدى، بىزدىن قالمادى.

بىر تەۋەننىڭ ئىچىدە سۇرەتىن كورۇپ،
سەيفۇلمۇلۇك يىغلاب دۇنيادە يۇرۇب،
ئاخىر تاپتى جانىدىن ئۇمىدىن ئۇزۇب،
ئۇلاردىن ئات قالدى، بىردىن قالمادى.

بىر نەچە ئاشىقلار يار ئۇچۇن ئولدى،
بىر نەچەلەر كويگەنىن، سويگەنىن ئالدى،
هەركىمنىڭ ئوزىگە لايىق ئات قالدى،
ئۇلاردىن ئات قالدى، بىردىن قالمادى.

سىزلەر غېرىب بىرلە سەنەم بولۇرسىز،
بۇ دۇنيادىن ئات كوتەرىب ئوتەرسىز،
بۇ ئارادا گۇلىنهالنى نەيلەرسىز؟
سىزلەردىن ئات قالدى، بىردىن قالمادى.

ئەلقىسسە، ئاغىچەدىن بۇ سوزنى ئېشىتىب، كوڭلىنى كوتەرىب، غېرىب بىر سوز دېدى:

سوزلە - سوزلە، سەڭا قۇربان بولايىن،
جانىم ئالدى شېرىن سوزلەرىڭ سېنىڭ.
ساڭا كەلگەن دەردنى ساتىب ئالايىن،
قانىم توكتى قارا كوزلەرىڭ سېنىڭ.

ئاشىق بولغان جانىدىن ئۇمىدىن ئۇزەر،
كېچەلەر تىنمايىن نەۋچەلەر تۇزەر.
چەشمەلەر ئىچىندە ئالدىراب كېچەر،
ياشىل - ياشىل سۇۋەنە قاشلارىڭ سېنىڭ.

گۇزەللەر ئىچىندە سەن - سەن ئۇزاغە،
كەل ئىككىمىز سەيىر ئېتەلى بۇل باغە،
جەهاننىڭ مەهبۇبى سەندىن سەداغە،
مىڭ قىزغە تېگىشمەي نازلارىڭ سېنىڭ.

غېرىب ئاشىق، بىر قۇلىنىڭ زارىدۇر،
كورسۇن كىشى، دېسۇن كىمنىڭ يارىدۇر؟
يول يۇرۇسەڭ كوزلەرىمگە دارۇدۇر،
قەدەمىڭدىن چىققان گەردلەرىڭ سېنىڭ، —

دەب ئەردى، شاھسەنەم گۇمانـدار بولۇب يىغلادى. ئاندا غېرىب، سەنەمگە بىر پـيالە مەي قۇيۇب تۇتتى. ئاندا شاھسەنەم:

— نامەردنىڭ قولىدىن مەي ئىچمەسمەن، — دەب بىر سوز دىدى:

نەچە ۋاقتلەر كەزدىم سېنى دەب،
باشقە يارىڭ بار ئېكەنىن بىلمەدىم.
مۇنىڭ مەندىن ئوزگە كىمى باردۇر دەب،
ئوزگە يارىڭ بار ئېكەنىن بىلمەدىم.

بۇ سوزلەرنى قويۇب مېنىڭ بوينۇمە،
بۇلبۇل ئۇچۇب، قوندى زاغلەر باغىمە،
كاكۇلۇڭنى چىرماشتۇردۇم بوينۇمە،
ئادەم چاقتان يىلان ئېكەنىن بىلمەدىم.

بۇ نە ئىدى، ئاغۇ قوشتى ئاشىمە،
رەھمە ئەتمەدىڭ كوزدىن ئاقغان ياشىمە،
گۇللەر ئېتىب سانچىب ئىدىم باشىمە،
قۇرۇت يېگەن ياغاچ ئېكەنىن بىلمەدىم.

بۇگۇن سالدى مېنى ھىجران ئوتىغە،
كىمسە يېتەر ئاشىقلارنىڭ دادىنە؟
يار - يار دەب نەچە ياندىم ئوتىنە،
قەقنۇس كەبى نار ئېكەنىن بىلمەدىم.

سەنەم ئەيتۇر، كوڭلۇم ساڭا بەند ئولدى،
سېنى يارىم دىدىم، سەندىن پەند ئولدى،
مۇھەببەتنىڭ يولى ئەمدى بەند ئولدى،
قىلغان ئىشىم ئار ئېكەنىن بىلمەدىم.

ئەلقىسسە، غېرىب سوزنى ئېشىتىب، دەر قەھر بولۇب، سەنەمگە باقىب بىر سوز دىدى:

ماڭا مۇنداغ توھمەت قىلغۇنچە،
قىلۇر بولساڭ بىلىب توھمەت قىل، سەنەم.
كۇندە ئاچچىغ سوزلەپ جانىم ئالغۇنچە،
قىلۇر بولساڭ بىلىب توھمەت قىل، سەنەم.

سەن ئەيتارسەن ئەمدى يۈز مىڭ باھانە،
مېنى قويماس بولدۇڭ باغۇ جەھانە،
كېتەر بولدۇم ئەمدى خەلفە شىرۋانە،
قالۇر بولساڭ غەيرە تىلدە قال، سەنەم.

غېرىب ئاشىق دەيدۇر دەردى بەر پارە،
كۆنۈم كەچتى يىغلاب فانى دۇنيادە،
يۇسۇف كەبى ئۆزەم سالىب بازارە،
خەرىدارسەن، مېنى ساتىب ئال، سەنەم.

ئەلقىسسە، شاھسەنەم غېرىبدىن بۇ سوزنى ئېشتىب "ئەمدى ئېتىقات قىلدىم"، — دەب غېرىبنى قولداكى مەينى ئالىب (ئىچتى). بۇلار ئەيش - ئىشرەت بىرلە مەشغۇل بولۇب، يەتتە كۈن سوھبەتدە ئەردى، شاھسەنەم ئەيدى:
— ئەي، غېرىب، مۇندا سوھبەت ۋەقتى ئوتتى. ئاتام ئەمدى ماراقچى قويۇب ئالسە ئولتۇرۇر، بولەك بىر شەھەرگە بارىب تىجارەت قىلساق، — دىدى. غېرىب:
— ياخشى بولۇر، — دىدى. ئاندا سەنەم غېرىبنى باغنىڭ بىر يېرىگە يوشۇرۇب قويۇب، كەنىزەكلەرنىڭ ئىلاجىسىنى قىلغانى كەتتى. غېرىب سەنەمنى كۈتۈب، ئەندىشە قىلىب بىر سوز دىدى:

قۇربانىڭىز مەن بولاي، ئاييۈزلۇك سەنەم،
ئەمدى مەن نەيلەيىن، قايتىب چىققۇنچە؟
سوزى توتى، لەبى شەكەر ئافشانەم،
ئەمدى مەن نەيلەيىن قايتىب چىققۇنچە؟

غەمنىڭ ئوقى تەگدى يۈرەك - باغرىمە،
شۇم رەقىبلەر ئەگەر تەگسە شانىمە،
يۈزمىڭ رىزادۇرمەن ئالسە جانىمە،
سېنى مۇندا يالغۇز تاشلاب كەتكۈنچە.

غېرىب يىغلار چاھارباغنىڭ ئىچىندە،
شۇم رەقىبلەر ئاشىقلارنىڭ قەستىندە،
پاتراق چىققىن، بىر قاچايلى ۋەقتىندە،
پات كەلمىسەڭ ئىنتىزارمەن ئولگۈنچە.

ئەلقىسسە، سەنەم كېنىزەكلەرىگە مەي بېرىب بېخۇد قىلدى، سەنەم بىرلە غېرىب چاھار باغدىن چىقىب خەلفە شىرۋان (غا) بارماق بولۇب چىقتى. ئاغىچە ئانىكا دۇئا - دەگىلەر، — دەب بىر سوز دىدى.

مۇندىن كېتەر بولساڭ خەلقە شىرۋانە،
مېنىڭ ئەھۋالىمنى بايان دېگەيسەن.
ئەزبەر خوجا ئاتلىغ شۇل شېرىن جانە،
مېنىڭ بۇ سوزلەرىم ئايان دېگەيسەن.

ئۇل بارىب، تۇتۇبدۇر خەلقەدە ۋەتەن،
يادىدىن چىقىبدۇر ۋەدەلەر ئەتكەن،
ماڭا مۇندا ئانىڭسىز ئىچكەن - يېگەن،
زەھەر، قاتىل، سۇدگەران دېگەيسەن.

يەككەلىكنىڭ جەبرىن مۇندا چېكەرمەن،
ئۇلار ئاندا ئەفلاتۇنغە نەۋكەرەم،
بىر ئاھ ئېلە تۇتۇب باغرىن سوكەرەم،
فىراقىدا ئاھۇ - ئەفغان دېگەيسەن.

بۇ دىيار ئېلىڭدە تەنگە - تۇشۇم يوق،
غەم يېيسەم، ھەمدەم ئەيتۇر كىشىم يوق،
تورت تەرەفكە باقىب كوڭۇل خۇشۇم يوق،
كەڭ جاھان كوزىگە زىندان دېگەيسەن.

مېنىڭ ئۇچۇن ئوزى مۇندا كەلمەسە،
غېرىب ئولگەنلەردە ھەمدەم بولماسە،
شىكەستە ھالىمدىن خەبەر ئالماسە،
ئەيتقان ۋەدەلەرى يالغان دېگەيسەن.

سەن كېتەرسەن بۇگۇن كورگەن مەنزىلگە،
ھەمنىشىن بولارسەن ئەزبەرجان قۇلگە،
باغبانلىق قىلماي بۇ تازە گۇلگە،
غۇنچەلىكدە ئۇردى خەزان دېگەيسەن.

گۇلنىھال دەر، ئەجەب دەردكە قالىبمەن،
ئوز باشىمغە ئوزەم سەۋدا سالىبمەن،
جەمالىغە تەرەف مۇشتاق بولۇبمەن،
ئايلانماسۇن سائەت زەمان دېگەيسەن.

ئەلقىسسە، غېرىب-سەنەم ئاغچە بىرلە خوشلاشىب، چاھار باغدىن چىقىب، خەلقە شىرۋانە تەرەفكە راۋان بولدى. ئۇچ كېچە-كۇندۇز يول يۇرۇب ئەردى، سەنەمنىڭ ئاياغى

يەرامادى، پۇتلارى قەپارىب چىقتى. ئاندا غېرىب گاھ-گاھ ئۇچاسىغە يۇدۇب بارۇر ئەردى. يەتتە كۇن بولغاندا بايابان تەرەفدىن بىر گەرد نامايان بولدى، گەرد يېقىن كەلدى. سە-نەم نەزەر قىلىب كوردىكى، توپ، بايراقلارى بار. بۇ نىشانەلەرنى كورۇب سەنەم يىغلادى. غېرىب ئەيدىكى:

— نېگە يىغلارسىز؟ — دىدى.

— بۇ كەلگەن نىشانە شاھ ئاببباس، مېنىڭ ئاتام، — دىدى.

ئەلقىسسە، يەتتە كۇنلۇك شىكار ئىختىيار قىلىب چىققان ئېكەن. ئاندا شاھسەنەم ئەيدىكى:

— ئەي غېرىب، ئەندى سەن خەلفە شىرۋانغە بارغىل، مۇندا نابۇد بولمايلى، مەگەر مۇندا سەندىن ئوزگەنى دېسەم كەلەم شەرىفى ئۇرسۇن، قەسەم قىلاي، — دەب بىر سوز دىدى:

مېنىڭ ئۇچۇن باغلىق بولۇب قالماغىل،
يېتۇشەكور خەلفە شىرۋان سارىگە.
قوھمەت بىرلە بۇ ئولكەدە ئولمەگىل،
يېتۇشەكور خەلفە شىرۋان سارىگە.

سەنىسىز نېتەي ئومرۇم كويسۇن، كۇل بولسۇن،
ئىككىمىزنى ئىقرارىمىز بىر بولسۇن،
قەيدە بارساڭ شاھمەردان يار بولسۇن،
ئۇتۇتماغىل ئەھدى-پەيمان سارىگە.

ھەرگىز قۇتۇلمادىم بەختى قارادىن،
بۇيېلە قىسمەت بىزگە يەتتى خۇدادىن،
نەچە يىللار كېچىب ئوتسە ئارادىن،
يېتە كورگىل خەلفە شىرۋان سارىگە.

گورىستاندۇر دەرۋىشلەرنىڭ مەكانى،
بۇلبۇل فىغان ئەيتار ئىستەب گۇلشەنى،
ئېشتسەڭ بىركىشى ئالدى دەب مېنى،
كەتمەگەيسەن ھەرگىز نادان سارىگە.

غەم يېمەگىل فەلەك بىزنى سەچار دەب،
سەن كەتكەن سوڭ مېنى ئويدىن چىقار دەب،
ۋەھىمە ئەيلەمە سوزنى يالغان قىلۇر دەب،
ئانت ئىچەرمەن ئوزىم قۇرغان سارىگە.

غېرىب سەنەمنىڭ بۇ سوزىنى ئېشىتىپ، بىر سوز دىدى:

قۇلاق سالىپ ئېشىتكىل مېنىڭ ئەرزىمنى،
كۆندىن - كۆنگە بەتەر بولدۇم دەردىڭدە.
نەلەر چەكتىم فىراقىڭدا، ھىجرىندە،
قانلار يۇتۇپ ئۆلەر بولدۇم دەردىڭدە.

بىر ئوق ئەيدىڭ، ھەر تەرەفكە ئاتىلدىم،
سەن يار ئۈچۈن ئىشىكلەرگە تەلمۈردۈم،
يار - يار دەپ، يات يەرلەرگە ساتىلدىم،
يار - يار دەپ ئۆلەر بولدۇم دەردىڭدە.

غايىبانە باغبانىڭغە خىزمەت ئېتتۇرمەن،
بىلمەدىم مەن مەخسەتكە نېچۈك يېتتۇرمەن،
چۆللەر كېزىپ باشىم ئالىپ كېتتۇرمەن،
ئۆزگە ۋەتەن تۇتار بولدۇم دەردىڭدە.

غېرىب ئەيدى، گۆل قويدى مېنىڭ ئاتىمنى،
بۇ ۋەتەندە ھېچ كىم بىلمەس دەردىمنى.
سەندىن ئۆزگە كىمگە ئەيتاي دادىمنى،
مەن ساڭا ئەرز ئەيتار بولدۇم دەردىڭدە.

ئەلقىسسە، غېرىب ئەيدىكى:
— مۇنچە كەتكىن دەرسەن، ئەمدى كېتەي، — دەپ خەلفە شىرۋان تەرەفكە رەۋان بولدى، سەنەم كوردىكى، ئاتاسى يېتىپ كەلدى. ئاندا شاھسەنەم بىر ئېگىز توفەگە چىقىپ، "ئاتام مېنى تونىماسۇن" دەپ بۇ سوزىنى دىدى:

قادىر ئاللا دەرگاھىڭغە سىغىندىم،
مەن نېچۈك بۇ يەردە ھەجەپ ئەيلەيىن؟
قاناتىم يوق ئۇچۇپ چىقسام ئاسمانە،
سېۋەر قوللارىڭغە ھەجەپ ئەيلەيىن.

ۋۇجۇدىغە يەتكۈر غەمزەمە ئوقىن،
نەۋكەرى بىلمەسۇن يارىم بار - يوقىن،
كوڭلىگە سالغايسەن ئاشىقلىق چوغىن،
ئۆزۈم قۇتۇلماقغە ھەجەپ ئەيلەيىن.

كورۇب بۇزار ئاشقلارنىڭ شانىنى،
ماڭا كەيدۇر بۇگۇن مەجنۇن تونىنى،
جىلۋە بىرلە ئالسام ئاتام جانىنى،
بۇگۇن مەردانىلىققە ھېساب ئەيلەيىن.

يۇزۇمگە يەتكۇرگىل ئۇزرا يۇزىنى،
تىلىمگە يەتكۇرگىل ۋاموق سوزىنى،
كوزۇمگە باغىشلا لەيلى كوزىنى،
كويگەن باغرىڭنى كەباب ئەيلەيىن.

سەنەم دەر، مۇندا غېرىبلەر بولدۇم،
بىر تازە گۇل ئېدىم، ئەمدى مەن سولدۇم،
ئاتام شاھ ئاببىاسقە مەن دۇچار ئولدۇم،
قايسى بىرىن مۇتلەقىم بەيان ئەيلەيىن.

ئەلقىسسە، شاھ ئاببىاس يېتىپ كەلگۇنچە سەنەم بۇ سوزىنى ئەيتىپ يىغلاپ تۇرغاندا خۇداتەئالا دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدى، ئەۋۋەلقى ھوسنىگە توققۇز ھەسسە لەتافەت ئەتا قىلدى، پادىشاھى ئاببىاس يېتىپ كېلىپ كوزى تۇشتى. خەلايىقلەرگە ئەيدىكى:

— چورەسىنى قورشاڭلار، بۇ سېھىر جادۇگەرمۇ، دەرد قۇشىدەمۇ، يا ستەم رەسىدەمۇ، خەبەر ئالالى.

ئاندا خەلايىق ئەترافىنى قۇرشاپ تۇردى. شاھسەنەم يۇزىدىن نىقابىنى كوتەرىب بىر نەزەر سالدى. ھەر خەلايىقلەر بىخۇدلۇق رۇ بەردى، ھوشىدىن كېتىپ يىغلادى. ئاندا سەنەم ئاتاسىنىڭ نەھرە ئاتىنى مىنىپ، غېرىبنى ئىستەب تاپالماي ئۇز باغىغە كېلىپ تۇشتى. ئاغچە ئاندىكا سەنەمدىن غېرىبنى سوراپ ئەيتادۇر:

ساڭا بىر سوز دەيىن گۇلىۇزلۇك يارىم،
بىرگە كەتكەن غېرىبجاننى نەيلەدىڭ؟
نە سەۋدالەر تۇشتى ئانىڭ باشىغە،
غەمدە قالغان ناتەۋاننى نەيلەدىڭ؟

نە ۋەجە ئىلە كەتتىڭ چەرخىن قەيرادى؟
نە ۋەجە ئىلە سېنى تەگرى ئايرادى؟
قىسمەت نەدۇر، غېرىبجاندىن ئايرادى؟
سوزلە، ھالى فەرىشاننى نەيلەدىڭ؟

تىلەگى بولمادى، كەتتى دىلدارىڭ،
قولۇڭدىن كەتتى يارە مۇرادىڭ،

شىرىن ئۇچۇن نەلەر چەكتى فەرھادىڭ،
ئۇ شۇل چاك-غەرىبانىنى نەيلەدىڭ؟

نىچۈك كوڭلۈك (بولدى) ئەمدى تانماقغە؟
قايداغ تاب كەلتۈردىڭ جۇدا بولماقغە؟
قورقمادىڭ تەڭرى يالغۇز سالماقغە،
قش ئىچىلغان گۇلستاننى نەيلەدىڭ؟

گۇلناھال دەر، نىچۈك قسمەت يازىلدى؟
نە سەبەبدىن ئوبدان ئەھدىڭ بۇزۇلدى؟
نىچۈك ئەجەب ئاندىن قولۇڭ ئۈزۈلدى؟
بەختى قارا سەرگەردانى نەيلەدىڭ؟

ئاندا سەنەم فەلەكنىڭ سەرگەردانلىقىنى ئەيتىب بىر سوز دىدى:

غىرىب بىرلە ئىكەۋ ئىدۇق مەسلەھەت،
ئەۋۋەلدە سوھبەتىم بەرار ئەيلەدى.
چىقىب يولغە تۈشتۈك خەلقە شىرۋانە،
فەلەكنى كور! نىچۈك گۇزار ئەيلەدى؟

ئىكەۋ دەمساز ئولدۇق، كون ئەھد ئەيلەب،
جاننى-جانغە قوشتۇق، شىكەر-شەھد ئەيلەب،
ئۈچ كۈن قاچتۇق يولغە كىرىب، ئەھد ئەيلەب،
فەلەك بىزگە مەقسەد گۇزەر ئەيلەدى.

ئولسەم كىرەك، بولماس ئەردى سوراغىم،
سەندىن ئوزگەلەرگە ئەيتمادىم داغىم،
ئۈچ كۈندىن سوڭ يەرامەدى ئاياغىم،
باساي دىسەم جانىم ئەزار ئەيلەدى.

فەلەك بىزگە بىر نەچە قەسد ئەيتەردى،
ھەركىمسەنى بىر ئازابغە ئىيتەردى،
چىدايالماي غىرىب مىنى كوتەردى،
تەندە جانىم ماڭا نىسار ئەيلەدى.

ئەيتسام ئەدا ئولماس، فەلەك قەباسىن،
بىزلەرگە ئىچۈردى ھىجران شەرابىن،

سەنەم دەر، ئانى بەردىم جەۋابىن،
يار مەكانىن ئۆزگە دىيار ئەيلەدى.

ئەلقىسسە، شاھ ئابباس زەمان ئوتۇب خەلقلەرى بىرلە ھوشغە كەلدى. بەقادۇركىم ئۇل كوزىگە كورۇنگەن ئافەتى دەۋران غايىبدۇر. ئەمما ئانىڭ ئىشقى سىينەسىدە قەرار تاپىبدۇر. ئاندا پادىشاھ مۇنەجىملەرنى كەلتۇرۇب:
— بۇ كوزۇمىزگە كورۇنگەن نىچۇك ئافەتدۇر؟ — مېنىڭ ئەقل-ھوشۇمنى ئالىبدۇر، — دەپ خەلايىق ئالدىدا بىر سوز دىدى:

ئەي، يارەنلەر، دىيار بەكرى ئېلىندە،
ئەقلىم ئالدى ئاھۇ كوزلۇك بىر پەرى.
ئەمدى ئۆلسەم كېرەك ئانىڭ دەردىندە،
قانىم توكتى قارا كوزلۇك بىر پەرى.

بۇلبۇل بولسام كېرەك يارىنىڭ باغىندە،
سەھەرلەر سايراسام يار سوراغىندە،
شەبنەم شەكەرىندە، چاشكاھ چاغىندە،
ئەقلىم ئالدى ئاھۇ كوزلۇك بىر پەرى.

بىر پەرىدۇر تاۋۇس كەبى يۇرەنمىش،
قاشى كەمان، كىرىپيان ئوقى كورەنمىش،
ئاشىقلارنى ئولتۇرمەككە قەست قىلمىش،
قانىم توكتى قارا كوزلۇك بىر پەرى.

دوۋەنىڭ ئۇستىدە كوردۇم مەن ئانى،
تىللا تەراق بىرلە تارار ساچىنى،
كىمگە ئەيتاي، دوستلار، كوڭۇل ئەرزىنى،
ئەقلىم ئالدى ئاھۇ كوزلۇك بىر پەرى.

ھورلەر ئانچە بولماس جەننەت ئىچىندە،
كورۇنە، قويدى مېنى ھەسرەت ئىچىندە،
قىلدى تەئزىم بىرلە، قولى ئۇچىندە،
قانىم توكتى قارا كوزلۇك بىر پەرى.

شاھ ئابباس دەر، ئانىڭسىز جاننى نەيلەيىن،
ئولگۇنچە شۇل يارنى ئىزلەب ئولەيىن.

ئەمدى ئاشقلقنىڭ يولىن تۇتايىن،
ئەقلىم ئالدى قارا كوزلۇك بىر پەرى، —

دەب يىغلار ئەردى، ئاندا پادىشاھنىڭ بىر ئاقىل ۋەزىرى بار ئەردى، ئەيدىكى:
— تەخسىر پادىشاھىم، ئولۇم گۇناھىمدىن ئوتسەڭىز، ئەرزىمنى ئەيتايىن، — دېدى، كوزۇڭىزگە كورۇنۇب شەيدا قىلغان ئوزىڭىزنىڭ قىزى شاھسەنەمدۇر. بۇگۇن يەتتە كۇن بولۇب ئەردى، سىزگە ئەيتماب ئېدۇق، — دېدى.
ئاندا پادىشاھ زار-زار، چۇن ئەبرۇ نەۋ باھار يىغلاب بىر سوز دېدى:

تۇشەيىن، تۇشەيىن، قايتىب تۇشەيىن،
ئاشىق ئوتى يامان ئېكەن، جانلەرىم.
سەنەمنى مەن غېرىبكە بېرەيىن،
ئاشىق ئوتى يامان ئېكەن، جانلەرىم.

بارىب قازى بىرلە مۇفتى كەلتۇرۇڭ،
ۋەزىر، ۋەكىل-شاھىد كەلتۇرۇڭ،
ئاشقلارنى مۇرادىغە يەتكۇرۇڭ،
ئاشىق ئوتى يامان ئېكەن، جانلەرىم.

قەبا فەلەك سالدى بىزگە بۇ غەمنى،
كوڭلۇمدىن چقاردى دەردى-ئەلەمنى،
غېرىبكە تاپشۇردۇم مەن سەنەمنى،
ئاشىق ئوتى يامان ئېكەن، جانلەرىم.

شاھ ئابباس دەر، قىلغان ئىشىم ئەلامەت،
ئەمدى جان قۇتقارماق ئاندىن سەلامەت،
بوينۇمدا قالماسۇن كۇللى مەلامەت،
ئاشىق ئوتى يامان ئېكەن، جانلەرىم.

دەب پادىشاھ ئاببباس شەھەرىگە كەلدى، سەنەمنى كوردى، پادىشاھ باياباندا كورگەن ئوز قىزى ئېكەن. ئاندا پادىشاھ باغدادكە كىشى يىبەرىب، غېرىبنىڭ ئاناسى، سىڭلىسىنى ئالدۇرۇب كېلىب:
— ئوغلۇڭنى تاپقىل، سەنەمنى بەخشى قىلدىم، ھەر كىشىنىڭ باشىغە بىر ئىش كەلمەگۇنچە ئانىڭ قەدرىنى بىلمەس ئېكەن، — دەب پادىشاھ بىر سوز دېدى:

يۇرت قەدرىنى شاھلەر بىلمەس،
باشقە يۇرتكە تۇشمەگۇنچە.

ياخشى ئەرنىڭ قەدرىن بىلمەس،
بىر يامانغە تۈشمەگۈنچە.

سۈندۈرمە مومىن سەزاسىن،
ئوقۇر بەش ۋەقت نەمازىن،
بەگلەر بىلمەس مەزاسىن،
هاتەم بولۇب تۈشمەگۈنچە.

قول ئۈزاتسام يارغە يەتمەس،
يارسىز مېنىڭ ئىشىم پۈتمەس،
ياخشى — يامانىنى فەرق ئەتمەس،
بىر نامەرتكە تۈشمەگۈنچە.

ئىشىق بولماي سىينە چاك ئولماس،
بېشىق ئولغان هەلاك ئولماس،
ئىشىق دەردىدىن پاك ئولماس،
ئىشىق ئوتىغە تۈشمەگۈنچە.

شاھ ئاببباس دەر، مەن بىلمەدىم،
ئەۋۋەلدە نەدەب، مەن سورمادىم،
ئىشىق ئوتىنى مەن بىلمەدىم،
ئۆز باشىمغە تۈشمەگۈنچە.

ئەلقىسسە، پادىشاھ هەر تەرەفكە كىشى بۇيىردى، غېرىبىنى ئىستەدى، هېچ خەبەر تاپمادى، بوباخان شاتىر خەلەف شىرۋاندا غېرىبىنى كوردى. ئاندا غېرىب سەنەمگە بىر مۇنچە دۇئا-سەلام ئەيتىب، بىر سوز دېدى:

مۇندىن ئەگەر بارساڭ سەنەم يانىغە،
غېرىب ئۆز هالىنى ئەيتتى دېگەيسەن.
يەنە بارىب گۈل يۈزىنى كورگۈنچە،
ئىختىيار ئىلكىدىن كەتتى دېگەيسەن.

كىمسە يېتەر ئەمدى مېنىڭ دادىمە،
بىزدىن سەلام ئەيتىڭ كوڭۈل شادىمە،
ئۆل كۈنلەرنى كەلتۈرمەسۈن يادىمە،
ئوتمەگەندۈر ئانلار ئوتتى دېگەيسەن.

ئۇل ئاندا ساقدۇر ئاباسنىڭ قىزى،
ھېچ كىمگە دېمەسۇن بۇ پىنھان سوزى،
يەتتە يىلدىن بېرى سورمايدۇ ئوزى،
سەڭا ئىقرار بولۇب ئەيتتى دېگەيسەن.

ئاندا ئامان بولسۇن، كورگەن مەكاندا،
باشىم يولىدادۇر، بولسام ھەرقايدا،
يۇرۇشۇم، مەكانىم خەلفە شىرۋاندا،
ئاندا بارساڭ ۋەسفىن ئەيتتى دېگەيسەن.

غېرىب ياد ئەيلەدى، ئو نىلڭ نىگارىن،
يەتتە يىل تەرك ئەتتى بەكرى دىيارىن.
ساڭا زار ئەيلەدى، كوڭلىدە بارىن،
ئەلبەتتە، ئەلبەتتە سەلام، دېگەيسەن، —

دېدىلەر.

ئەلقىسسە، بوباخان دېگەن شاتىر دىيار بەكرىگە ياندى. غېرىب خەلفە شىرۋاندا دوستلاردىن ئىززەت كورمەدى، مۇسەفىرلىق تارتىب خۇن جىگەردىن بىر سوز دېدى:

قەبا فەلەك سالدى بىزنى بۇ دەرتكە،
مەن نەيلەيىن ئاشنا يارىم بولماسە.
يات يۇرتلاردە ئولەر بولدۇم بۇ دەردكە،
ئۇچسام، كەتسەم بارار يېرىم بولماسە.

مېنىڭ مۇندا گىرىفشەم كوڭۇل خۇشۇم يوق،
قېرىنداشىم، ھەمدەمىم ماڭا قۇشۇم يوق،
يىل. كوز، بەھار، يازۇ-قىشىم يوق،
مۇشكۇل بولدى مۇقەررەرىم بولماسە.

بىر كەسب — ھۇنەردىن ئالسام قولىمە،
ئەيلەنەبان چالسام ئوڭۇ-سولىمە،
ئىشق مېنى قويمەدى يۇرسەم يولىمە،
كاشكى سەنەم — دەردسەرىم بولماسە.

يىراغلىغ دەردىگە تۇرالمادىم،
كويۇب- يانىب ئەمدى ئۆلەلمەدىم،
يەتتە يىل بۇ يەردە تۇرالمادىم،
ئەيتار چەرخى گىرىبانىم بولماسە.

غېرىب ئەيتۇر، ھىجران بىرلە تىلەندىم،
بىسمىل بولۇب، ئۆز قانىمغە بويالدىم.
گوزەل يارنىڭ خام سوزىگە ئىشەندىم،
قايدا باراي، بالۇ پەرىم بولماسە.

ئەلقىسسە، ئارادىن يەتتە يىل ئۆتتى. غېرىب "سەنەمنىڭ ئاتىنى تۇتماسەن"،— دەب بىر سوز دېدى:

سەنەم- سەنەم دېدىم، ئۆمرۈم كەچۈردۈم،
ئەمدى سەنەم دەرگە ھالىم قالمادى.
مەن قولۇمدىن شۇڭقارىمنى ئۇچۇردۇم،
تاراج ئولدى مالۇ- مۇلكۇم قالمادى.

ئەمدى كويىمەس بولدۇم يارىم دەردىدىن،
سەنەم ئۇچۇن كەچتىم ئاتا يولۇمدىن،
كېچە- كۇندۇز يىغلاماقنىڭ جەبرىدىن،
قەددىم رۇست ئەتكۇدەك ھالىم قالمادى.

كويە- كويە قارا باغرىم كۇل بولدى،
ياردىن ماڭا ئاخىر قىسمەت شۇل بولدى،
ھەر بىر كۇنۇم ئاي، ئايىم يىل بولدى،
ئەقلىم شاشتى، ئايۇ- يىلىم قالمادى.

ئەيتسام ئەدا بولماس قايغۇ، ئەندىشە،
بىزگە تەگرى سالدى مەگەر بۇ پېشە،
يار- يار دەب، ئوتەر بولدۇم ھېمىشە،
دوست باغىدە تەزەكارىم قالمادى،

قىسمەتىم نە بولدى، ياراتقان رەھمان؟
سەرىمدىن كەتمەدى ھېمىشە تۇمان،
بارچەنىڭ كوزىگە كورۇندۇم يامان،
ياندى قەرىنداشىم، ئەھلىم قالمادى،

غېرىب دەرلەر نە سائەتدىن يولدا مەن،
كىشى بىلمەس مېنى نېچچۈك هالدا مەن،
كېچە ـ كۈندۈز مەجنۇن كەبى چولدە مەن،
ئوچتى ياشىم، باشى خۇنام قالمادى.

ئەلقىسسە، غېرىب خەلقە شىرۋاندا فىراق ئوتىدا سەرگەردان بولۇب "سەنەمنى تۇ-
شۇمدە بىر كورمەگۈنچە ئاتىنى تۇتماسمەن" دەب بىر سوز دېدى:

شىددەتىنى كوردىڭ قەبا فەلەكنىڭ،
ئەجەب مېنى شېرىن جاندىن ئايرادى.
خۇداغا يەتمەدى مېنىڭ تىلەگىم،
سەنەم ئاتلىق زۇلفىقاردىن ئايرادى.

غېرىب ئولگەنلەرنىڭ بارمۇ سوراغى؟
كويدۇردى، ياندۇردى يارنىڭ فىراقى،
بىر ياندىن قايغۇسى، بىر ياندىن هىجرانى،
بىر ياندىن بۇلبۇلنى گۈلدىن ئايرادى.

بىر تازە گۈل ئېدىم، سولار ئوخشارمەن،
مۇسافىر يۇرتلاردە ئولەر ئوخشارمەن،
بۇ مېهنەت، بۇ غەمدە قالۇر ئوخشارمەن،
باهاردا باغچالە گۈلدىن ئايرادى.

تۇگەنمەس سەۋداغە تۇشتى بۇ باشىم،
يارسىز ئوتەر بولدى ياز ئېلە قىشىم،
سېلاب كەبى كوزدە ئاقتى ياشىم،
تەگرى مېنى خۇش رەفتاردىن ئايرادى.

غېرىب ئەيتۇر، هەرگىز قايتمام سوزۇمدىن،
يار يولىدا ئاقار قانلەر كوزۇمدىن،
ئايرىلىبمەن، خەبەرىم يوق ئوزۇمدىن،
بۇ ئىشق مېنى نامۇس ـ ئاردىن ئايرادى.

ئەلقىسسە، غېرىب بۇ سوزنى ئەيتىب يىغلار ئەردى.
ئەلقىسسە، سەنەم دىيار بەكرىدە بىر كۈن سەهەردە ئويغانىب "غېرىبنى تۇشۇمدە
گورسەم نە بولغاي، دايىم غېرىبنى ياد قىلدۇرمەن، غېرىب مېنى ياد قىلمادى" دەب، بىر
سوز دېدى:

غېرىب-غېرىب دېدىم، ئۆمرۈم كەچۈردۈم،
ئەمدى غېرىب دەرگە ھالىم قالمادى.
جان شەھرىگە بۈگۈن تەلان سالدۇردۇم،
سوھبەتكارىم دېمەس بولدۇم مەن ئەمدى.

ئاندىن ماڭا يەتكەن قايغۇ-غەم بولدى،
ئاھلەر چەكتىم ئۆمرۈم گۈلى قام ئولدى،
يىغلاماقدىن تىنماي كوزۇم نەم ئولدى،
ئۈمىدۋارىم دېمەس بولدۇم مەن ئەمدى.

بىزارەدۇر ھەركىم يارغە ئىشەنسۇن،
كور بولسۇن كوزلەرى، قانغە بويالسۇن،
قوشۇلسۇن ئوتلارغە، مالى تالانسۇن،
كار بارىم دېمەس بولدۇم مەن ئەمدى.

ھەمدەم — مۇنىسىم، قايغۇدۇر، غەمدۇر،
بىرگە تەڭرى باشدا بەرگەن ئەلەمدۇر،
ئون تورت ياشدا بىرگە بەرگەن كەرەمدۇر،
نامۇس-ئارىم دېمەس بولدۇم مەن ئەمدى.

سەنەم دەر (لەر)، بۇ يول بولدۇم ئاشكارە،
يار-يار دەب يىغلادىم مەن بىر پارە،
ئوزى كېتىب، مېنى قىلدى ئەۋارە،
سېنى يارىم دېمەس بولدۇم مەن ئەمدى، —

دەپ سەنەم يىغلار ئەردى، ئاندا ئاغچە ئەيدىكى:
— بۈگۈن باغقە سەيرگە بارالى، — دەپ. بىر نەچە كەنىزەكلەر بىلە سەيرگە چىقىب، تونە دەرياسىنىڭ لەبىگە بارىب، سەنەم ئەيدىكى: "غېرىب ئۇشبۇ دەريادىن كېچىپ ئوتكەندۇر"، دەب بىر سوز دېدى:

مېنىڭ ئۈچۈن ھىجر ئوتىغە تۇتاشىب،
تونە دەرياسىدىن غېرىب ئوتتىمۇ؟
ئالتە ئايلىق خەلقە شىرۋان يول ئاشىب،
تونە دەرياسىدىن غېرىب ئوتتىمۇ؟

تاقەتىم يوق مۇندا يارسىز تۇرماقغە،
ئەجەل كېلىب تەندىن جانىم ئالماقغە،

شكەستە هالىمدىن خەبەر ئالماقخە،
تونە دەرياسىدىن غېرىب ئۆتتىمۇ؟

مېنىڭ مۇندا يارسىز يوقتۇر قەرارىم،
هېچ كىم بىرلە بولماس سوهبەت بەرارىم،
تىرىكلىگىم، خۇشۇم هەمدە مەدارىم،
تونە دەرياسىدىن غېرىب ئۆتتىمۇ؟

ئەمدى سەندىن سوراغ سالسام جەهانە،
زەررە ئىشمادىم قالمادى بۇ جانە،
بۇ دۇنيادا يېتەلمەدىم ئارمانە،
تونە دەرياسىدىن غېرىب ئۆتتىمۇ؟

سەنەم دەر، فىرقىنە تاپمادىم هېلە،
تەڭرى ئۈچۈن ئەمدى راستىنى سوزلە!
يار ئىلە ئۆتكەندە ئاقمادىڭ بىللە،
تونە دەرياسىدىن غېرىب ئۆتتىمۇ؟ —

دەپ سەنەم دەريا لەبىدە يىغلاب تۇرار ئەردى، ئاندا ئايجامال دەپ بىر قىز بار ئەردى، شاهسەنەمنى كورۇب، يانىغە كېلىب، "يار جۇدالىقىنى مەندىن ئېشىت" دەب، بىر سوز دېدى:

ئەي، سەنەم، مەجرۇه ئولۇبمەن ياردىن ئايرىلغالى،
بۇلبۇلى سۈۋەردە گۇلزاردىن ئايرىلغالى،
توتى يەڭلىغكىم سەنەم گۇفتاردىن ئايرىلغالى،
ئۇل لەتافەت گۇل كەبى، غەمخاردىن ئايرىلغالى،
دەردىغە بىماردۇرمەن ياردىن ئايرىلغالى.

بولماغاي هېچ ئىش خۇدادىن بىسەبەب، ئەي دوستلارىم،
تەڭرى قىلدى ئۇل نىگارىمگە غەزەب، ئەي دوستلارىم،
تىنمايىن قان يىغلادىم ئولمەك ئەجەب، ئەي دوستلارىم،
هىجر دەستىدە قىلىبمەن تەشنە لەب، ئەي دوستلارىم،
هەۋزى كەۋسەر ساقەسى مۇختاردىن ئايرىلغالى.

مېھنەتىڭ ئەيىيامىدىن تىنماي ئاقار كوزدە ياشىم،
دۇشمەنگە كار ئەيلەمەس هەركۇندە قىلغان قارغەشىم،
تىترەشۇر ئەرزۇ سەمالار، دەد-غەمىدىن بۇ باشىم،

هالىمە شەرھ ئەتكەلى ئالدىمدا يوقتۇر بىر كىشىم،
يەككە مەن بىر ۋاسلى دىلداردىن ئايرىلغالى.

تىنمايىن قان يىغلادىم، ھەريان قاراپ، يولغە باقىپ،
يىغلادىم ھەر كىچە مەن باغرىم ئېزىپ، سۇدا ئاقىپ،
بىر يانىمدىن تەئنە ئەغيار، (بىر) يانىمدىن (دەرد) چاقىپ،
كوزى ياشى بىرلە ئاغۇ بەردى يارىمنى باقىپ،
قالمادىكىم تاقەتىم دىلداردىن ئايرىلغالى.

بەختىم كوردۇم: ھەريەردە، ئاچتىم چۇستى ھال،
تۇشى گۇفتە گۇل ئېدى، يىل تىكتى ئەينى بېمەھال،
يەتيەدى مەقسۇدىغە، تەگرى ئاگا بەردى مۇھال،
يىغلابان ئوز ھالىنى ئالدىگدە ئەيتۇر ئايجەمال،
ئەلبەگ ئاتلىغ گۇلى بېخارەدىن ئايرىلغالى.

ئەلقىسسە، ئايجامالدىن بۇ سوزنى ئېشىتىپ، شاھسەنەم:
ـــ مەندەك يار جۇدالىقنى كورگەن ئېكەنسىز،ــــ دەپ ئىگۇلان يىغلاشىپ تۇرار ئەردى، بىر مۇنچە سودىگەرلەر كېلىپ تونە دەرياسىدىن ئوتتى، ئاندا سەنەم سودىگەردىن غېرىبنى سوراپ، بىر سوز دېدى:

يەتتە يىلدۇر شۇڭقار قۇشۇم قەچۇردۇم،
كورگەن بارمۇ، بىلگەن بارمۇ، يارانلەر؟
قەيغۇ ـ ھەسرەت بىلەن ئومرۇم كەچۇردۇم،
كورگەن بارمۇ، بىلگەن بارمۇ، يارانلەر؟

كىشىنى سويگۇچى مۇنداغ بولۇرمۇ؟
ئەۋۋەل سويۇپ، ئاخىر كوزدىن يۇتۇرمۇ؟
يارىن مۇنداغ يىغلاتىبان قويارمۇ؟
كورگەن بارمۇ، بىلگەن بارمۇ، يارانلەر؟

يارىمە سەۋداسى تۇشتى باشىمە،
بىر سىرداش تاپمادىم كەلسە قاشىمە،
ئەزەل كۇندە يازىلىبدۇر باشىمە،
كورگەن بارمۇ، بىلگەن بارمۇ، يارانلەر؟

كورگەن، بىلگەن تەڭگە ـ تۇشۇم ياد ئېتەر،
دۇئا بىرلە ئەرۋاھىنى شاد ئېتەر،

قەفا فەلەك ئادەم ئوغلى مات ئېتەر،
بىلگەن بارمۇ، كورگەن بارمۇ، يارانلەر؟

يەتتە يىلدۇر، فەلەك سارى چورۇلۇبە
ھىجر ئوتىغە كويۇب، كۆلى سورۇلۇبە
شاھسەنەم گۆل يارىدىن ئايرىلىب،
يولغە باقىب قالغان بارمۇ، يارانلەر،—

دەپ ئەردىلەر، كىمەرسە كېلىب دېدىكى:
—خەلفە شىرۋاندا غېرىب ئولدى،—دەب ئوتۇب كەتتى. ئاندا شاھسەنەم بېخۇدلۇق رۇ بېرىب يىقىلدى، ئاغچە بىرلە كەنىزەكلەر سەنەمنى ھوشغە كەلتۇرۇب، ئورداسىغە ئالىب باردى. غېرىبنىڭ ئاناسىنى ئالدۇرۇب كىرىب، شاھسەنەم خۇن جىگەرىدىن بىر سوز دېدى:

غېرىبنىڭ ئولگەنى يېقىن بولۇبدۇر،
سۇيەنچەدىن، مەدارىڭدىن ئايرىلدىڭ.
گېچە-كۇندۇز فىغان قىلغىل ھىجرىندە،
بۇلبۇلىڭدىن، گۆلزارىڭدىن ئايرىلدىڭ.

ئاشكارە بولۇب سەن دۇشمەن قولىغە،
قۇلاق سالغىن سىر نىھان ئەسلىگە،
ياخشىلەر كوزلەرى تولدى ياشىگە،
مەرىفەتلىك بازارىڭدىن ئايرىلدىڭ.

يەتتە يىل كېزىبدۇر خەلفە شىرۋانە
قويدى مېنى قايغۇ بىرلە ھىجرانە،
يۇسۇف كەنئانىدەك بولۇب زىندانە،
مىسرىي كەبى خۇنخارىڭدىن ئايرىلدىڭ.

سەنەم ئەيتۇر، كوڭلۇمدەدۇر ئارمانى،
ئەيتسام ئادا بولماس قايغۇ ھىجرانى،
ئولگەنىن يېقىن قىلدى كارۋانى،
مەن يارىمدىن، سەن ئوغلۇڭدىن ئايرىلدىڭ.

ئەلقىسسە، غېرىبنىڭ ئاناسى سەنەمدىن بۇ سوزنى ئېشىتىب، بېخۇد بولۇب يىقىلدىلەر، زەماندىن سوڭ ھوشىگە كېلىب، غېرىب ھەققىدە بىر سوز دېدى:

بەختىم قەراسىدىن، فەلەك ئىلكىدىن،
فەراغەت قانە بولدى نەيلەيىن؟
ئىقرار يوق شاھ ئاببباس جەبرىدىن،
كوڭلۈمگە خەزانە ئۇردى نەيلەيىن؟

ئومرۇم ھاسىلىدىن بىر ئوي تۇزەتتىم،
ھىجرانىنىڭ ۋىسالىنى تۇزلەتتىم،
ئوغلۇم ئولمەي تۇرۇب ئۇزاتتىم،
سۇد ئىشىم زىيانە بولدى نەيلەيىن؟

ھىچ ئىغىرلىقىم يوقتۇر شاھسەنەم سەندىن،
ئەجەل يىتىب، جانىم چىقسە بۇ تەندىن،
يارۇ دوستۇم يۇزىنى قەيتىردى مەندىن،
ياخشىلەر يامانە بولدى نەيلەيىن؟

شاھ ئاببباس ئەۋۋەل ۋەدەلەر ئىيتتى،
ۋەدە ئەتكەن ۋەزىر ئالەمدىن كەتتى،
بۇ سوزلەر ئوغلۇمنىڭ باشىغە يەتتى،
تۇفراقى شىرۋاندا قالدى نەيلەيىن؟

ئابدان دەر، ئەيتسام تۇگەنمەس داغىم،
نەسلى كۇۋەتى سالغۇنچە بار باغىم،
غىرىب ئولگەن بولسە، ئوچتى چىراغىم،
ئومرۇمنىڭ چىراغى ئوچتى نەيلەيىن؟

ئەلقىسسە، غىرىبنىڭ سىڭلىسى غىرىب ھەققىدە بىر سوز بايان قىلدى:

دۇنيادىن ئەرمان (بىرلە) جان بىرىب،
مۇرادىغە يەتمەي ئولگەن جان ئاكام.
بىر يار ئۇچۇن رەڭگى-رويى سارغەرىب،
مۇرادىغە يەتمەي ئولگەن جان ئاكام.

بۇ دىيار بەكرىدىن بارىب خەلفە شىرۋانە،
نەچە يىللار قالىب قايغۇ-ھىجرانە،
گوزەل يارىم كورسەم دىبان غايىبانە،
مۇرادىغە يەتمەي ئولگەن جان ئاكام.

ئاتام ئۇلدى، تەگرى سالدى بۇ دەردكە،
دۇچار ئەتتى شاھ ئاببباس نامەردكە،
كېچە-كۈندۈز كويۇب، يانىب بۇ دەردكە،
ماقسەدىگە يەتمەي ئۇلگەن جان ئاكام.

ئاكام ئۇلدى مەن ھەم ئۇلدۇم ئاشكارە،
سوز بولۇبمەن ئەمدى مۇندا دوست-يارە،
باغرىم بولدى ئاكام ئۇچۇن سەد پارە،
مۇرادىغە يەتمەي ئۇلگەن جان ئاكام.

گۇلجامال دەر، ئەمدى كويدى بۇ جانىم،
ئاكام ئۇلدى، ھېچ قالمادى دەۋرانىم،
بۇ دۇنيادە كوبدۇر مېنىڭ ئارمانىم،
مۇرادىغە يەتمەي ئۇلگەن جان ئاكام.

ئەلقىسسە، ئابدان، گۇلجامال، شاھسەنەم بويۇن قۇچاغلاشىب يىغلاب مۇسىبەتدە بولغانىدا. ئاغچە ئانىكا بۇلارغە تەسەللى-خاتىر بېرىب سوز دېدى:

يالغانچى فانى دۇنيادا،
ھېچ كىمسە ئامان قالمادى.
ياخشى كېتىب، نەۋبەتىدە
ئۇلمەيىن يامان قالمادى.

ئۇلۇم ئۇچۇن يېمەگىز غەم،
ئۇلمەي قالماسلەر ئادەم.
شۇكۇر ئەيلەگىز (ھەردەم)؛
سۇد ئىله زىيان قالمادى.

ئۇزىنى بازارغە سالغان،
بىر قىز چىقىب ساتىب ئالغان،
مىسىر ئەھلىگە پادىشاھ بولغان،
يۇسۇف كەنئان قالمادى.

دۇنيادە بىر كوزدە كورگەن،
ئادىل بولۇب يۇرتنى سورغان،
دېۋەلەرگە پادىشاھ بولغان،
شاھ سۇلايمان قالمادى.

ئىسكەندەر دۇنيانى كەچتى،
جەمشد ئانىڭ مەيىن ئىچتى،
ئە شەھبازلار جاندىن كەچتى،
رۇستەمى دەستان قالمادى.

ھەقنىڭ دوستى ئۇل مۇھەممەد،
ئۇممەد ئۇچۇن چەكتى مېھنەت،
بۇ دەمنى بىلگىل غېنىمەت،
شۇل شەيخى جەھان قالمادى.

ئابابەكرى، ئومەر، ئوسمان،
پەيغەمبەرگە ئەردى ياران،
دەرگاھىدا شىرىيەزدان،
ئۇل شاھىمەردان قالمادى.

بۇ دۇنيا كونە سەراي،
ئەچە يىل كەچتى نەچەند ئاي،
خىزمەتىدە شاھۇ-گەداي،
ئولمەيىن ئامان قالمادى.

گۇلنىھال دەر، كويدى يۇرەك،
ئولمەسلىككە بارمۇ دەرەك؟
بارچە ئادەم ئولسە (كېرەك)،
ئولمەيىن ئامان قالمادى.

ئەلقىسسە، شاھسەنەم ئەيدىكى:

— مەن خەلفە شىرۋانغە بارىب غېرىبنىڭ يەتتە كۇن قۇربانلىقىنى قىلايمەن،—دەب. بوباخان دېگەن شاتىر غېرىبنى كورگەننى ئەيدى، سەنەم ئالدىغە چىللاب، شاتىرغا قاراب بىر سوز دېدى:

بىر قۇش تاپار ئېدىم ئەمدى قولۇندا،
سەندىن ئوزگە ئېتىبارىم يوق مېنىڭ.
ئۇرۇش قىلدىڭ ئاتامنىڭ سەن ئورنىدا،
سەندىن ئوزگە بىر مەدارىم يوق مېنىڭ.

مۇندا تۇرسام ھەرگىز كوڭۇل خۇشتۇم يوق،
يىغلاماقتىن غەيرى باشقە ئىشىم يوق.

سەندىن ئۆزگە ئەرزىم ئەيتار كىشىم يوق،
قولۇم تۇتار يارۇ-دوستۇم يوق مىنىڭ.

كەل، مىنى ئالىب بار خەلفە شىرۋانە،
مۇندا كوزۇم تۇشەر ياخشى-يامانە،
ئومرۇم گۇلۇم بەردىم باد خەزانە،
كوڭلۇم ئىستەگۇدەك يارىم يوق مىنىڭ.

يارىمنىڭ مەزارىن قۇچۇب يەتايىن،
بۇ دۇنيادە يار-يار دىبان ئوتەيىن،
قايناب چىقماس يۇلدۇز كەبى پەتايىن
بۇ ۋەتەندە ھىچ دەۋرانىم يوق مىنىڭ.

سەنەم ئەيتۇر، غىرىب سالدى ھىجرانە،
مىنى سەن باشلاغىل خەلفە شىرۋانە
شۇل كۇن ئولسەم رەھمى قىلمە بۇ جانە،
تىرىكلىگىم ئىتىبارىم يوق مىنىڭ.

ئەلقىسسە، بوباخان شاتىر، شاھسەنەم غىرىبنى ئىزدەب كىتەر بولدى.
غىرىب ئولگەن بولسە يەتتە يىل گور باشلىقلىغىنى قىلاۇرمەن، تىرىك بولسە كورەشۇرمەن، — دەب ئاتا-ئانىسى، ئاغچە ئانىكاگە قاراب بىر سوز دىدى:

كىتەرمەن خەلفە شىرۋانە،
قىرىنداشلەر، خۇش قال ئەمدى.
كىلۇر-كەلمەسلىگىم گۇمانە،
سىرداشلارىم، خۇش قال ئەمدى.

بىرنىڭ بىلە خىلۋەت تۇتقان،
ئاغۇ-بالنى بىرگە يۇتقان،
ئاغچە دەب ئات كوتەرگەن،
گۇلنىھال، خۇش قال ئەمدى.

بارچەنى بىر كوزدە كورگەن،
ئادىل بولۇپ يۇرت سورغان،
مەن-مەنلىكنى تونى كىيگەن،
نامەرت ئاتام، خۇش قال ئەمدى.

توققۇز ئاي مېنى كوتەرگەن،
باقىب كەمالىم يەتكۇزگەن،
كەم مېھنەتدىن ئۇتكەرگەن،
قەيىن ئانام، خۇش قال ئەمدى.

بۇگۇن قۇرايىن بىر مەھشەرى،
يارىم كەتكەن چاغدىن بېرى،
قىرىق كېنىزەكىمنىڭ سەردارى،
نەردان گۇلۇم، خۇش قال ئەمدى.

مېنىڭ يارغە يېتەر ھالىم،
قۇزغالىب ئاتەشىم، داغىم،
مېھنەتلىك سالغان چاھار باغىم،
ۋەتەنلەرىم، خۇش قال ئەمدى.

بىزنى تەگرى بۇيلە ئەتتى،
يار ئولدى دەب خەبەر يەتتى،
شاھسەنەم شىرۋانە كەتتى،
دىيار بەكر، خۇش قال ئەمدى.

ئەلقىسسە، بوباخان شاتىر شاھسەنەم بىرلە يولغە تۇشتى. شەيتان ۋەس-ۋەسە قىلدى. شاھسەنەمنى قازاق ۋىلايەتىگە ئالىب يۇردى. بىر كېچە-كۇندىن كېيىن يىراقدىن بىر ئەشيان كورۇندى. ئاندا شاھسەنەم سورىدى:
— بۇ كورۇنگەن قايسى ئەشيان؟ — دېدى. بوباخان ئەيدىكى:
— بۇ قازاقنىڭ ئەشيانى. سېنى مەن ئوز نەفسىم ئۇچۇن ئالىب كەلدىم، — دېدى.
سەنەم سىرىنى پىنھان تۇتۇب يىغلادى بوباخان:
—ئوزۇگنى (ماگا) قىلغىل،—دەپ (سەنەمنى) تۇتتى.
ئاندا شاھسەنەم قىرىق تەڭگە پۇل بەردى:
—قازاق بازارىدىن قىرىق تۇرلۇك تەئام كەلتۇرگىل،—دېدى.
قىرىق مەرتەبە يۇگۇرتۇب ئاندىن بىر چەشمەنى كورسەتتى، — غۇسۇل قىلغىل، — دەب. بوباخان غۇسۇل قىلغالى سۇغا كىردى. شاھسەنەم بوباخاننى سۇدىن چىققىنچە ئولتۇرۇب، بۇ دۇنيانىڭ بېۋەفالىقىغە بىر سوز دېدى:

ئەرز ئەيلەيىن، دۇنيا سېنىڭ قولۇڭدىن،
ھەركۇن بۇ زەماندا فانى دۇنياسىن.
نە بەگلەر، خانلار كەتتى قولۇڭدىن،
ھەركۇن بۇ زەماندا فانى دۇنياسىن.

هەركۈن بولسە بىر يىگىتكە تېگەرسەن،
يەتكەننىڭ بوينىنى ئاخىر ئېگەرسەن،
يەنە قالغانلارنىڭ قانىن تۆكەرسەن،
سۆد زىيانلى فانى دۇنياسىن.

سېنىڭ بىر قولۇڭ راستى بولۇرمۇ،
ساڭا كەلگەن ئادەم ئۆلمەي قالۇرمۇ؟
ھېچ كىم قولغە سېنى تۇتۇپ ئالۇرمۇ،
كۈندە بىر تورەلگەن فانى دۇنياسىن؟

شىرۋانە بارماقغە تاقەت قالمادى،
شاھسەنەمنىڭ ئەمدى ئەيشى بولمادى،
شاتىر ئۆلدى، مۇرادىغە يەتمەدى،
بەش كۈنلۈك تۇرغانى فانى دۇنياسىن.

ئەلقىسسە، شاھسەنەم مەردان لىباسىنى كىيىب شەھەرگە كىردى، ئاندا كۈن كېچە بولدى، بارغالى يەر تاپالماي يىغلاب تۇرار ئەردى، ياساۋۇللار مەراشىب تۇتۇب زىندانغە سالدى.

سەنەم خۇدا تائالەگە مۇناجەت، بەدەرگاھى ئەل ھاجەت قىلىب بىر سوز دېدى:

مېنى خەلەق ئەيلەگەن قادىر ئاللا سەن،
ئۆزۈڭ يەتكىل ھالە-زارىمە مېنىڭ.
قىسمەتىم نە بولدى، نەدۇر گۇناھىم؟
ئۆزۈڭ يەتكىل ھالە-زارىمە مېنىڭ.

بارچەنىڭ ئاتاسى ھەزرەتى ئادەم،
ساڭا پەيغەمبەرلىك بولدى مۇسەللەم.
بۇ چاھ ئىچىندە قولۇم تۇت بۇ دەم،
ئۆزۈڭ يەتكىل ھالە-زارىمە مېنىڭ.

سوگرە ۋەھى كەلگەن يا شىپىش بەنى،
سەن تۇزەتدىڭ جۇملە ئەلنىڭ مۇدبەنى،
تۇمانىنى يورۇتقىل يا نوھۇ بەنى،
ئۆزۈڭ يەتكىل ھالە-زارىمە مېنىڭ.

پەيغەمبەرلەرگە ۋەھى بەرگەن جەبرائىل،
ئىبراھىم، خەلىل ئوغلى ئىسمائىل،

هەقنىڭ فەرمانىغە بولدىلەر قايىل،
رەھم ئەيلەگىل ھالە-زارىمە مېنىڭ.

يۇسۇفنىڭ ئاتاسى ھەزراتى ياقۇب،
يۇسۇف زىنداندا خوب ئىلە ناخوب،
ھەقنىڭ بالاسىغە جەبرەلىق ئايۇب،
ئوزۇڭ يەتكىل ھالە-زارىمە مېنىڭ.

زىنداندا بولۇبدۇر غەمىم پەراۋان،
ھەقنىڭ دوستىدۇر يا خىزىر جەھان،
ئابابەكرى، ئومەر، ئەلى، ئوسمان،
رەھم ئەيلەگىل ھالە-زارىمە مېنىڭ.

ھەزرەت يۇسۇفكىم تاپتى كەرامەت،
بالىقنىڭ ئىچىدىن چىقتى سەلامەت،
بۇگۇن بولدى ماڭا روزى قىيامەت،
ئوزەڭ يەتكىل ھالە-زارىمە مېنىڭ.

مېنى بۇ زىنداندىن ئەيلەگىز خەلاس،
يا خىزىر، ئىلياس، يا غەۋۋاس، غىياس.
پەيغەمبەرلەر سىرداشى يا ئىبىن ئەبباس،
رەھم ئەيلەگىل ھالە-زارىمە مېنىڭ.

ھەسەن، ھۇسەيىن شەھىد شادمان،
ھەمراھىم بولۇبدۇر قاراڭغۇ زىندان،
شاھسەنەمنىڭ پىرى، يا شاھى مەردان،
رەھم ئەيلەگىل ھالە-زارىمە مېنىڭ.

ئەلقىسسە، زىندانبەند پادىشاھ بۇغراخانغە مەلۇم قىلدىكى:
—ئوغرى دەب بىر يىگىتنى زىندانغە سالىب ئىدىم، تولا سۇخەندان ئىكەن،—دېدى.
(بۇغراخان:)
—ئالىب كەلگىل،—دېدى.
شاھسەنەمنى زىنداندىن چىقارىب، ئالىب باردى. پادىشاھ بۇغراخان:
—نېچۇك ئادەمسەن؟—دەب سوردى. شاھسەنەم پادىشاھ ئالدىدا بىر سوز دېدى:

بىر يارنىڭ باغىدىن (ئۇچتۇم)،
توگەنمەس ھىجرانە تۇشتۇم.

لەيلى دېبان مەجنۇن كەبى،
چولدىن چولۇستانە تۇشتۇم.

بولمادى بىر كىشى ھەمدەم،
ئىشىم بولدى كونى ماتەم،
ياخشىلىق كورمەدىم بىر دەم،
كۇندىن - كۇن ئەفغانە تۇشتۇم.

ئاخىر - ئەۋۋەللەردىن بۇ غەمدىن،
دەردىم ئوتەر بۇ دەمدىن،
ئايرىلىپ ئاتا - ئانامدىن،
جەبىر ئىلە بۇل يانە تۇشتۇم.

بىر شاتىر كەلتۇردى مۇندە،
يۇرتۇمدە شاھ ئىدىم، ئەندە.
ماراشىپ تۇتۇپ، قىلدى بەندە،
توھمەتلە زىندانە تۇشتۇم.

ئاندا بولسام ئازادە مەن،
بىر پەرىگە دىلدارە مەن،
ئاببىاس ئوغلى شاھزادە مەن،
كېلىپ بۇغراخانغە تۇشتۇم.

ئەلقىسسە، بۇغراخان بۇ سوزنى ئېشىتىپ، كىشى قوشۇپ، دىيار بەكرىگە يىبەردىلەر. ئاندا ئاغچە ئالدىغە چىقىپ ئەھۋال سوردى. سەنەم باشىغە كەلگەننى بىر - بىر بايان قىلىپ ئەيتادۇر:

تۇلتۇلماغان ئىدىم باشدا ئانادىن،
بۇ دۇنياغە كېلىپ راھەت كورمەدىم.
غېرىب بىرلە ئەھدە - پەيمان ئەتكەلى،
قايغۇ - غەمدىن ئوزگە دەۋلەت كورمەدىم.

بۇ ياخشىدىن يۇز يول بولدۇم سەداغە،
ئۇل سالدى مېنى تۇرلۇك بەلاغە،
ئوزى ئۇچۇن ئالىپ باردى قازاققە،
ھېچ كىمدىن ياخشىلىق سوھبەت كورمەدىم.

غېرىبىم كورمەدىم خەلقە شىرۋانە،
مېنى قويدى مۇندا قايغۇ - ھىجرانە،
دەردىمدە تاپمادىم ھەرگىز دەرمانە،
سىرىم ئايتماقىغە ئىلفەت كورمەدىم.

شاتىرنى ئولتۇردۇم، قىرىق يول يۇگۇرتۇپ،
سوغاق سۇغە سالدىم پەردەسىن يىرتىپ،
ئوزەم چاھغە تۇشتۇم، نەسىبەم تارتىپ،
ئومرۇم ئىچىندە بۇيلە مېھنەت كورمەدىم.

سەنەم دەر، سوزلەشتىم بۇغراخان بىلەن،
دەردىمنى بىلگۇچى قەدىردان بىلەن،
بۇ دۇنياغە كېلىب، غېرىبجان بىلەن،
فەرەغەتلە ساز، سوھبەت كورمەدىم.

ئەلقىسسە، شاھسەنەم ئاغچە ئانكاسىغە بۇ سوزنى ئەيتىب ئىدىسلەر، ئاغچە ئەيدىلەركى:

— بۇ كېچە غېرىبنى تۇشۇمدە كوردۇم، ھەيات بارغە ئوخشايدۇر، (ئاغچە) تۇشىنى بەيان قىلىب بىر سوز دېدى:

سەنەمجان، يۇتۇردۇم، بىر ئەھۋال كوردۇم،
مەگەر رەھمانىدۇر، شەيتان ئەمەستۇر،
شەيتانمۇكىن؟ رەھمانە كوردۇم،
ئەيرانلەر ئىزھار يالغان ئەمەستۇر،

ئەي، يارانلەر، ئىزھار ئەيتتى ئەلى بار،
غەۋۋاس غەياس ھەقنىڭ سويەر قۇلى بار،
كەر بەلادا ئوتكەن ئىنككى ئوغلى بار،
غېرىبجان تىرىكدۇر، ئولگەن ئەمەستۇر،

سەپاھ ھەلقەسى باردۇر يولىدە،
تۇماغلى بىر قۇش كوردۇم قولىدە،
ھېچ قىلۇ - قال بۇ ئەھۋالىمدە،
ئەيرانلار ئىزھار، يالغان ئەمەستۇر،

لەب شېرىن - شەكەر، ئۇل ئاب ھەيۋەت،
ئۇچارلەر ئىچىندە، بەندەدۇر سەييادە،

سەبا چاشگاھدا بىر خوب پەرىزاد،
ئاغچەنىڭ ئەھۋالى يالغان ئەمەستۇر.

ئەلقىسسە، شاھسەنەم ئاغچەدىن بۇ سوزنى ئىشتىپ:
— نە سەن بارىپ ئالىپ كېلىپ بەرمەسەڭ بولماس، سەندىن ئوزگە ئەسرارىمنى بىلگۈچى يوقتۇر، — دەپ بىر سوز دېدى:

سادىغاڭ بولاي، ئاغزىڭغە بەندە،
مۇرادىم، مەقسۇدىم كورسەم غېرىبىم.
مەن يارىمنى تىلەپ خۇدادىن كۈندە،
مۇراد - مەقسۇدىم گورسەم غېرىبىم.

مەن نەيلەيىن كورسەم يارىمە يۇزىن،
تۇرۇپ تاۋاپ قىلسام يارىمە ئىزىن،
ئولگۇنچە ئۇنۇتمام شاھ ئاببىاس قىزىن،
مۇراد - مەقسۇدىم كورسەم غېرىبىم،

سەنەم ئەيتۇر، غېرىپ ئۇچۇن زار ئولدۇم،
بىر تازە گۇل ئىدىم، ئەمدى خار ئولدۇم،
ئوزەمنى كويدۇرۇپ، ئەمدى زار ئولدۇم،
مۇرادىم، مەقسۇدىم گورسەم غېرىبىم.

ئەلقىسسە، ئاغچە تاقەت تۇتالىمادى، مەردانە لىباسىنى كىيىپ، ئالتە ئاي يۇرۇپ، خەلفە شىرۋانە باردى. غېرىپ بىرلە كورۇشۇپ، ئەيدىكى:
— سىزنى "ئولدى" دەپ ئاڭلاپ، سەنەمنى ئەھۋالى ئوزگەدۇر، — دەپ بىر سوز دېدى:

سوز يەتمىش ياخشى - ياماندىن،
سەنەم باغرىن قان ئەيلەمىش،
بىر كىشى خەلفە شىرۋاندىن،
سۇد ئىشىن ئەيان ئەيلەمىش.

ئەيدگاھدا بەيرەم كۈنى،
بىر كىشى كوردى ئانى،
راست دېدى غېرىپ ئولگۈنى،
سەنەمنى ھەيران ئەيلەمىش.

ئېشتىب، دېۋانە بولۇب،
بىزنى سىزگە ئەلچى قىلىب،
غېرىب دېبان سەنەم كويۇب،
ئوزىنى دېۋانە ئەيلەمىش.

ئاغچە دەر، ئەي مېھرىبان،
شۇل كۇنى بولدى ئاخىر زەمان.
ياخشى ئۇنى بولۇب يامان،
غەم ئانى تەلان ئەيلەمىش.

ئەلقىسسە، ئاغچە بىرلە غېرىب دىيار بەكرىگە كەلدى. شاھ ئاببا‌س، ئەركان دەۋلەتلەرنى ئالدىغە چىقىب، ئىززەت - ئىكرام بىرلە ئالىب كىرىب، قىرىق كېچە - كۇندۇز توي - تەماشە بىرلە سەنەمنى غېرىبكە ئەقدە قىلدى، شاھسەنەم، غېرىبكە بىر پىيالە مەي بېرىب، بىر سوز دېدى:

خۇش كېلىبسىز تازە گۇلۇم،
سەيرى قىلغىل گۇللەرىڭدىن.
خوبلەر ئېلىندە سەن بۇلبۇلۇم،
سوزلە شېرىن تىللارىڭدىن.

گوگۇل چىنەسىن ئەچالى،
جان بىرلە شىرۋان كوچەلى،
قۇچاغلاشىب بىز ياتالى،
مەگەر كەلسە قوللارىڭدىن.

مەن سىنى تىلەدىم ھەقدىن،
ئاھىڭدە مەن يىراقدىن،
بوسە ئالغىل بۇ ياڭاقدىن،
مەن ئايلاناي بويلارىڭدىن.

سەنەم ئەيتۇر، بۇدۇر ئاھىم،
ساڭا ئەيتاي ئەمدى دادىم،
نەسىب قىلدى شۇل خۇدايىم،
قۇچاغلا، كەل بەللەرىمدىن، —

دەب غېرىب - سەنەم يىگىت - قىزلار بىلەن توي - تەماشە، نەغمە - نەۋالار قىلىب كوگۇل ئېچىشتى. ئۇلار تويىنى ئوردىدىن چاھار باقتا كوچەرمەك بولۇب، كەنىزەكلەر، يىگىت - قىزلار ۋە كوب خەلايىق چاھار باقتا توشتى. باھارنىڭ بۇلبۇللارى خۇش ساي-

راشىب گۈل ئۈستىدە جان بەرمەكتە ئىدى. شاھسەنەم بىلەن غېرىب كوڭۈللەرى شادمان بولۇپ، بىر - بىرىنىڭ بوينىلەرىگە قوللارنى سالىب بىر سوز دېدى:

سەنەم:

كەل، غېرىبجان، سەيلە ئېتىلى دائىم بۇ باغدا،
بۇلبۇل كورسۈن گۈللەرنىڭ تەماشەسىنى.
سال قولۇڭنى بوينۇمغە، جانلەر سەدىغە،
قىزلار كورسۈن بىزلەرنىڭ تەماشەمىزنى.

غېرىب:

ئاللاھىمەي يارەتمىش جەنەتۇل رىزۋان،
بۇ دۇنيادە نېمەتلەر بولدى مىڭ ئەلۋان،
يار ئۈچۈن يۈردى نەچچە يىل سەرگەردان،
لەيلى كورسۈن مەجنۇننىڭ تەماشەسىنى.

سەنەم:

ئاشىق يولى ھەركىمنى ئەيلەدى بەرباد،
ئۈچۈرغانلەر ئەيلەدى تۈمەن مىڭ پەرياد.
شۇل ئۈستۈن تاغلارنى قازدىلەر فەرھاد،
شىرىن كورسۈن فەرھادنىڭ تەماشەسىنى.

غېرىب:

ئاللاھىمەي ھەركىمگە سالدى بىر سەۋدا،
جاھان بازارىدا تۈمەن مىڭ غەۋغا.
ئون ئىككى يىل ئاقتىلەر دەريادا ئۈززا،
ۋامۇق كورسۈن ئۈززانىڭ تەماشەسىنى.

ئىككىسى:

ئىككى ئاشىق كەلدى بىر - بىر جەم بولۇب،
سىنەلەرى داغلاشۇر كوزىگە ياش تولۇب،
غېرىب، سەنەم ئويناشىلى شىرىن شاد بولۇب،
قىزلەر كورسۈن بىزلەرنىڭ تەماشەمىزنى، —

دەب، كېچە - كۈندۈز ئەيش - ئىشرەتكە مەشغۇل بولۇب، مۇرادىغە يەتتىلەر.
ھەر كىم جەفا كورسە، ئاخىر راھەت كورەر.




(خەلق داستانى)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: توختى ئابىخان

قەدىمقى زاماندىكى سوزمەن دانىشمەنلەر رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

ئۆتكەن زامانلارنىڭ بىرىدە، يەمەن شەھرىدە ئادىل شاھ ئىسىملىك بىر پادىشا بولغان ئىكەن. بۇ پادىشا ئادالەت بابىدا بىباھا، شانۇ-شەۋكەتتە تەڭداشسىز، غەزىنە-دەپىنىدە ھىساپسىز بولۇپ، ھوكۈمى يۈز يىگىرمە شەھەرگە يۈرىدىكەن.

ئەلقىسسە، بىر كۈنى پادىشا تەختى سەلتەنەتدە ئولتۇرسا، بىر قەلەندەر "شەيئۇللىللا!" دەپ كىرىپ كەپتۇ. پادىشا ئۇ قەلەندەرگە يەتتە سەر ئالتۇن خەيرى قىپتۇ. قەلەندەر يەتتە سەر ئالتۇننى ئېلىپ تاشقىرىغا چىقىپ، ئالتە نەپەر زەڭگى قەلەندەر ھەمرالىرىنىڭ قېشىغا كېلىپ بولغان ئەھۋالنى سوزلەپتۇ، ئادىل شاھنىڭ سېخىلىغىنى تەرىپ قىپتۇ.

— ئەي يارەنلەر، — دەپتۇ ئۇ ھەمرالىرىغا، — بۇ پادىشا شۇنداق سېخىكەنكى، بىز ئۇنىڭدىن پادىشالىقنى تىلىسەكمۇ بېرىۋەتكۈدەك.

بۇ قەلەندەرلەر ئاشىق-دەرۋىش قىياپىتىگە كىرىۋالغان ئالدامچىلار ئىكەن. ئۇلار پادىشادىن شاھلىقنى تىلەشنى مەسلىھەت قىپتۇ. شۇ غەرەز بىلەن ئادىل شاھ ھوزۇرىغا كىرىپتۇ. پادىشا ئۇلارنى ئىززەت-ئىكرام بىلەن قىزغىن قارشى ئاپتۇ.

— دات پادىشاھى ئالەم! — دەپتۇ قەلەندەرلەر ساما سېلىپ بىرنەچچە قېتىم پىقىراپ ئايلانغاندىن كېيىن، — بىز سىزدىن بىر نەرسە تىلەيمىز......

— قېنى ئېيتىڭلار، نىمە تىلەيسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشا ئۇلاردىن، — سىلەردىن ئىلكىمدىكى ھېچنەرسىنى ئايىماسمەن، ئىنشائاللا.

— سىزدىن تىلەيدىغىنىمىز، — دەپتۇ قەلەندەرلەر دۇئاغا قول ئېچىپ، — بىزگە خۇدا يولىدا يەمەننىڭ قىرىق كۈنلۈك پادىشالىغىنى بېرىڭ......

— ئەي دەرۋىشلەر، — دەپتۇ پادىشا ئورنىدىن قوزغىلىپ، — مۇنداق دەپ مېنى ئاسىي قىلماڭلار، پادىشالىقتىن بولەك نىمە تىلىسەڭلار مەيلى، ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق ھاجەتىڭلار بولسا، ھەرگىزمۇ ھايال قىلماي راۋا قىلغايمەن.

— ئەي پادىشا، — دەپتۇ قەلەندەرلەر، — بىلىپ قويۇڭكى، بىزنىڭ بولەك نەرسىگە ھاجىتىمىز چۈشمىدى. پەقەت غەزنە - دەپىنە بىلەن پادىشالىقنى قىرىق كۈنلۈككىلا بەرسىڭىز بولدۇ. بىزنىڭ تىلىگىمىز شۇ.

— ئەي سۆيۈملۈك خاراباتىلار، — دەپتۇ پادىشا ھاياجانلىنىپ، — مېنىڭ بىر جېنىم بار، ئەگەر شىرىن جېنىمنى سورساڭلار، خۇدا يولىدا پىدا قىلغان بولاتتىم. سىلەر قىرىق كۈنلۈك پادىشالىقنى خۇدا يولىدا تىلىدىڭلار. مەن بۇ پادىشالىققا ئاشىق ئەمەسمەن. پادىشالىق دېگەن بىر يەلدۇر. مەن ھاجىتىڭلارنى قوبۇل قىلىپ، پادىشالىقنىڭ قىرىق كۈنلۈگىنى ھوكۇمەت، غەزنە - دەپىنلىرى بىلەن سىلەرگە بەردىم.

ئادىل شاھ ئادىللىقىنى كۆرسىتىپ، قەلەندەرلەرگە پادىشالىقنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئۆزى خوتۇنى بىلەن ئىككى ئوغلىنى ئېلىپ شەھەر سىرتىدىكى چاھار باققا كۆچۈپ چىقىپتۇ.

ئەلقىسسە، قەلەندەرلەر پادىشالىقنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، خىزمەت تەقسىم قىلىشىپتۇ: قەلەندەرلەرنىڭ باشلىغى پادىشا بولۇپ بېشىغا ئالتۇن تاجنى كىيىپ سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇرۇپتۇ. قالغانلىرى ۋەزىر بولۇپتۇ. كونا ۋەزىرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئولتۇرۇۋېتىپتۇ. پادىشا بولغان قەلەندەر ئۆزىگە قاراشلىق شەھەرلەرگە نامە ئەۋەتىپ: "قىرىق كۈنگىچىلىك پۇقرالار خاتىرجەم يۈرسۇن، ھوكۇمەتكە ھېچنىمە بەرمىسۇن" دەپ ئۇقتۇرۇپتۇ. ھەر كۈنى قوي - كالىلارنى ئولتۇرۇپ ھەرقايسى شەھەرلەرنىڭ سەركەردە - باشلىقلىرىنى چاقىرىپ زىياپەت بېرىپتۇ. قازى - مۇپتىلارغا كۆپلەپ ھەدىيە — ئىنئاملار قىلىپ، ھەممىنى ئۆزىگە جەلپ قىپتۇ.

ئەلقىسسە، قىرىق كۈن تامام بوپتۇ. بىر كۈنى ئادىل شاھ يەمەنىنىڭ كاتتىلىرىنى، قازى - مۇپتىلىرىنى بىر يەرگە يىغىپ زىياپەت بېرىپتۇ.

— ئەي شەھەرنىڭ ئۇلۇغلىرى، — دەپتۇ ئۇ سوز باشلاپ، — مەن قىرىق كۈنلۈك پادىشالىقنى خۇدا يولىدا يەتتە قەلەندەرگە بەرگەن ئىدىم. بۇ ئىشىمدىن ھەرقايسىڭلارنىڭمۇ خەۋىرى بار. ھازىر پادىشالىق شۇ قەلەندەرلەرنىڭ قولىدا. مەن ئەمدى پادىشالىقنى ياندۇرۇۋالىمەن. سىلەر ماڭا ھەمدەمدە بولساڭلار!

شەھەر ئۇلۇغلىرى: "ئىنشائاللا، خۇدايىم بۇيرىسا!" دەپ قايتىشىپتۇ. يەنە بىر كۈنى پادىشا بىر يەرگە چوڭ - كىچىك ئەمەلدارلار ۋە پۇقرالارنى چاقىرىپ زىياپەت بېرىپتۇ. ھىلىقى قەلەندەرلەرنىمۇ چاقىرىپتۇ. ئۇلارنى ئىززەت - ئىكرام بىلەن مېھمان قىلىپتۇ ۋە قەلەندەرلەرگە قاراپ مۇنۇ نەزمىنى ئوقۇپتۇ.

نەزمە:

ئادالەتلىك شاھى سۇلتان،
ھاجىتىمنى راۋا ئەيلەر.
جېنىڭغا جېنىم بولسۇن قۇربان،
كوز يېشىمنى سىيا ئەيلەر.

سۇلايماندەك سۇلتان بولساڭ،
جاھان ئىچرە دەۋران سۇرسەڭ.

راستىن ئۇزۇڭ ئادىل بولساڭ،
بۇ ئەرزىمنى راۋا ئەيلەر.

ئۇز ۋەدەڭگە ۋاپا قىلىپ،
نامەرتلەرگە جاپا قىلىپ،
ياخشىلارنى رازى قىلىپ،
بۇ ئەرزىمنى راۋا ئەيلەر.

ئادىل شاھمەن ھالىم ئېيتاي،
قىرىق كۈن بولدى ئەرزىم ئېيتاي،
سۇلتانىمغا پەريات قىلاي،
دۇشمەنلەردىن جۇدا ئەيلەر.

— ئەي سۇلتانى ئالەم، — دەپتۇ ئادىل شاھ قەلەندەر پادىشاغا قاراپ، — پىقىر سىلەرگە ھەقتائالانىڭ رازىلىغى ئۇچۈن پادىشالىغىمىزنى قىرىق كۈنلۈك ئىنئام قىلىپ بەرگەن ئىدىم. قىرىق كۈنىمۇ توشتى. ئەمدى ۋەدىگە ۋاپا قىلىپ، پادىشالىقىنى، ھوكۇمەتىنى ماڭا ياندۇرۇپ بەرگىن!

— ئەي شەھەر خەلقى، — دەپتۇ قەلەندەر پادىشا شەھەر خەلقىگە خىتاپ قىلىپ، — پادىشانىڭ سوزىنى سىلەرمۇ ئاڭلىدىڭلار، بۇ تەلەپكە نىمە دەيسىلەر؟

— ئەي ئادىل شاھ، — دەپتۇ خەلق ۋەكىلى سوزگە ئېغىز ئېچىپ، — ھەقتائالا بەرگەن دولەتنى كوتىرەلمەي قەلەندەرلەرگە ئىنئام قىلىپ بەردىڭىز. پادىشالىق دىگەن گۇلە - جىگدە، كونا چاپان ئەمەس. قەلەندەر دىگەنگە بىر ئىككى دەرەم بەرسە بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ بۇ خاراباتى قەلەندەر بولسىمۇ، مۇشۇ كىشىنى پادىشا قىلىمىز، باشقا ئادەمنى پادىشا قىلمايمىز.

قەلەندەر پادىشا قازى - مۇپتىلارغا قاراپ سوراپتۇ:

— سىلەر نىمە دەيسىلەر؟

— خۇدا يولىدا بېرىلگەن ئىنئام ياندۇرۇلمايدۇ، — دەپتۇ قازى - مۇپتىلار، — بىزگە كىم كوپرەك مورۇۋەت قىلسا، بىز شۇنىڭ پادىشا بولۇشىنى خالايمىز. قەلەندەر بولسىمۇ يېڭى پادىشا بىزگە ياقىدىغان ئىشلارنى قىلدى، خەلقنىڭ بېشىنى سىلاپ، ھالىغا يەتتى، ھاسىل كالام شەھرىمىزگە مۇشۇ خاراباتى قەلەندەرنىڭ پادىشا بولغىنى ياخشى، بىز شۇنى قوللايمىز.

شۇنداق قىلىپ پادىشالىق قەلەندەرگە مۇقىملىشىپتۇ. ئادىل شاھ ھەيران بولۇپ، سولاشقان ھالدا چاھار باققا قايتىپ كەپتۇ ۋە خوتۇنىغا بولغان كوڭۇلسىزلىكنى بايان قىپتۇ. پادىشانىڭ خوتۇنىنىڭ ئىسمى گۇلچېھرە بىبى ئىكەن.

— ئەي پادىشا، — دەپتۇ مەلىكە گۇلچېھرە ئېرىگە، — سىزگە تاپا - تەنە، مالامەت قىلسام خاپا بولىسىز. قەلەندەر دىگەنگە بىرەر نان، بىرەر دەرەم بېرىش كوپايە قىلىدۇ، ئۇنىڭغا ئۇ-

ىمسا تاياق بەرسە بولدۇ. سز بولسڭىز پادىشالىقنى غەزىنە ـ دەپىنە بىلەن بەردىڭىز. ئۇ قەلەندەرلەر تەييار دۇنيا بىلەن چوڭ ـ كىچىك كاتتىلارنىڭ كوڭلىنى ئېلىپ، ئۇلارنى قولىغا كەلتۈرۈۋالدى. ئەمدى خالايىقلار ھەرگىزمۇ سىزنى دىمەيدۇ. كېيىنكى پۇشايمان ئوزىگە دۈشمەن!

پادىشانىڭ بېشى قېتىپتۇ، مەلىكە گۇلچېھرىمۇ ئويغا چومۇپتۇ.

قەلەندەر شاھ شەھەر ـ شەھەرلەرگە نامە ئەۋەتىپ پۇقرالاردىن ئۈچ يىلغىچە باج ـ سېلىق ئېلىنمايدىغانلىغىنى جاكالاپتۇ. بارچە خالايىق قەلەندەر شاھنىڭ بۇ ئىلتىپاتىنى كورۇپ خوشال بولۇپ: "ئىلگىرى ـ كېيىن مۇنداق ئادىل، سېخى، خەلقپەرۋەر پادىشا دۇنيـاغا كەلمەس"، دىيىشىپ، پادىشاغا ئۇزۇن ئومۇر تىلەپ دۇئا قىلىشىپتۇ.

ئىلگىرى ئادىل شاھتىن زەربە يىگەن بىر قىسىم ئوردا خادىملىرى قەلەندەر شاھنىڭ بېقىنىغا كىرىپ مەسلىھەت كورستىشىپتۇ:

ـــ ئەي پادىشاھى ئالەم، ـــ دەپتۇ ئۇلار، ـــ سىزگە يۈز يىگىرمە شەھەر قارايدۇ، سىزگە دۈشمەن تولا، بۇ دۈشمەننىڭ يامانراغى ئادىل شاھ. ئۇنى خوتۇنى، ئىككى ئوغلى بىلەن قوشۇپ ئولتۈرۈپ، يىلتىزىنى ـــ ئۇرۇغىنى تامام قۇرۇتۇپ يوقىتىش لازىم. بولمىسا ئۇلار بىر كۇن بولمىسا بىر كۇنى سىزگە خاتىرجەمسىزلىك كەلتۈرىدۇ.

بۇ مەسلىھەت قەلەندەر پادىشاغا ماقۇل كەپتۇ.

ـــ ئۇنداق بولسا ئەتە توت دار پەيدا قىلىڭلار، ـــ دەپتۇ قەلەندەر پادىشا، ـــ ئۇلارنى دارغا ئېسىپ ئولتۈرۈپ خاتىرجەم بولايلى.

شۇ سورۇندا ئادىل شاھنىڭ سابىق بىر مەھرىمى بار ئىكەن. ئۇ بۇ سوزنى ئاڭلاپ، ئادىل شاھقا رەھمى كەپتۇ. ئۇ يېرىم كېچىدە چاھار باققا كېلىپ ئادىل شاھنىڭ ئويى ئوگـزىسىگە چىقىپ قەلەندەر پادىشالارنىڭ مەسلىھەتىنى يەتكۈزۈپتۇ.

نەزمە:

ئاڭلىغىن ئەي پادىشاھىم
دۇنيادا سىنىڭدەك بىغەم بولۇرمۇ؟
تۇگىمەس ھەسرەتتە مېنىڭ بۇ جانىم،
يۇلتۇزلار بېشىڭدا شەبنەم بولۇرمۇ؟
بېغىڭدا ئېچىلىپ خۇشپۇراق گۇللەر،
چىمەن ئىچرە سايرىشۇر شوخ بۇلبۇللار،
ساڭا ھەمرا بولغان ياخشى ئوغلانلىرىڭـ
قانلىرى توكۇلۇپ شەبنەم بولۇرمۇ؟
ھوكۇم سۇردى ئاخشام ئۇ قەلەندەر،
غەمگە تولدى ئىچىم بۇگۇن شۇ قەدەر،
مەھرۇم بولغان قۇلۇڭمەن ئەپكەلدىم خەۋەر،
يىغلاپ ساڭا قىلغان ئەرزىم ئادا بولۇرمۇ؟
ئاڭلا، سېنى ئېلىپ بېرىپ دارغا ئاسىدۇ،

سېنى ئوغلۇڭ بىلەن بىللە باغلاپ چىقىدۇ،
ئاتا-ئانا، ئوغۇللار قېنىنى چاچىدۇ،
خانىماندىن سەندەك جۇدا بولۇرمۇ؟
قۇلاق سېلىپ ئىشىتكىن مېنىڭ ئەرزىمنى،
ئاڭلىمىسۇن ھېچكىشى (توكەر قېنىمنى).
ئەزىز جېنىدىن جۇدا قىلۇر گۇلچېھرە خانىمنى،
بىگۇنا توت كىشىگە ئولۇم راۋا بولۇرمۇ؟
.................................................

مەھرەم يىگىت شۇنداق دەپ قايتىپ كېتىپتۇ. ئادىل شاھ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، دا-دۇ-پەرياتلار قىلىپتۇ ۋە شۇ كېچىسى ھېچكىمگە تۇيدۇرماي توت كىشى توت ئاتقا مىنىپ، توت ئاتقا ئالتۇن-كۇمۇشلەرنى يۈكلەپ شەھەردىن چىقىپ كېتىپتۇ.
ئۇلار ئۈچ كۈن يول يۈرۈپ، بىر تاغ تۈۋىگە كېلىپ چۈشۈپتۇ. مەلىكە گۇلچېھرە ئىككى ئوغلى بىلەن ئۇخلاپ قاپتۇ. ئەمما غەم-قايغۇدىن پادىشانىڭ كوزىگە ئۇيقۇ كەلمەپتۇ. تۈن نىسبىدىن ئوتكەندە تاغ ئۈستىدە بىر غەۋغا كوتىرىلىپتۇ. ئايدىڭدا قارىغۇدەك بولسا، ئون ئاتلىق قاراقچى كېلىۋېتىپتۇ. پادىشا ئۇلارنى كورۇپ، مەلىكە گۇلچېھرە بىلەن ئىككى ئوغلىنى ئېلىپ بېرىپ يوغان بىر تاشنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنۇۋاپتۇ. قاراقچىلار كېلىپ سەككىز ئات بىلەن ئالتۇن-كۇمۇشلەرنى ئاپتۇ، ئاندىن بۇ ماللارنىڭ ئىگىسىنى تېپىپ ئولتۇرمەكچى بولۇپ ھەر تەرەپكە قاراپتۇ. پادىشا يوشۇرۇنۇپ بۇ مۇناجاتنى ئوقۇپتۇ.

نەزمە:

ئالەمنى ياراتقان قادىر خۇدايىم،
بۇگۇن بىزگە قاراقچىدىن ئامان بەر.
ئەۋەل-ئاخىر سەن-سەن مېنىڭ پاناھىم،
بۇگۇن بىزگە قاراقچىدىن ئامان بەر.
نە قىلغايمەن بۇگۇن بولدۇم بىچارە،
خارۇ-زار ھەيران بولۇپ ئاۋارە،
رەھىم ئەيلىگىن قويما مېنى بۇ زەرە،
بۇگۇن بىزگە قاراقچىدىن ئامان بەر.
پەلەك چەكتى بۇگۇن مېنىڭ گەردىمنى،
ئادا بولماس دەپتەر قىلسام دەردىمنى،
ئەرز قىلدىم خۇداۋەندە دەردىمنى،
بۇگۇن بىزگە قاراقچىدىن ئامان بەر.
يا مۇستاپا چىقار تەندىن بۇ جانىم،
يۈرىگىمدە قانلار تولا ئارمانىم،

رەھىم ئەيلىگىن ئىممىتىڭگە دەرمانىم،
بۇگۈن بىزگە قاراقچىدىن ئامان بەر.
مۇستاپا سىز ئەنبىيالار سەرۋىرى،
چاھاريارلار ئىممىتىڭنىڭ رەھبىرى،
ھەسەن-ھۈسەن شېھىتلەرنىڭ سەرۋىرى،
بۇگۈن بىزگە قاراقچىدىن ئامان بەر.
ئەرش كۇرس لەۋھىقەلەم مۇقەررەر،
ئۆتكەن يۈز يىگىرمە تۆت مىڭ پەيغەمبەر،
بۇ دۇنيادىن بارچىسى قىلدىلەر سەپەر،
بۇگۈن بىزگە قاراقچىدىن ئامان بەر.
ئادىل شاھ دەر بۇ تەندىدۇر ھاياتىم،
بۇگۈن يېتەر كىمگە مېنىڭ پەريادىم،
بۇ غەمدىن بۇگۈن ماڭا بەرگىن نىجادىم،
بۇگۈن بىزگە قاراقچىدىن ئامان بەر.

ئەلقىسسە، قاراقچىلار ھەر تەرەپنى ئىزلەپ، مال ئىگىسىنى تاپالماي كېتىپتۇ. ئادىل شاھ خۇدايتائالاغا شۈكرە-سانالار بىجا كەلتۈرۈپتۇ، تاغدىن ئېشىپ يولغا چۈشۈپتۇ. ئۇتلارنىڭ يىلتىزلىرىنى كولاپ يەپتۇ. يىگىرمە كۈندە يەنە بىر تاغنىڭ تۈۋىگە كېلىپ چۈشۈپتۇ.

شۇ چاغدا شامدىن بەش يۈز نەپەر سودىگەر كېلىپ يەنە بىر مەنزىلگە چۈشۈپتۇ. ئۇلارنىڭ بىر باشلىغى بار ئىكەن. ئۇ تۆت نەپەر مەھرىمىنى ئارقىسىغا سېلىپ ئوغرى-قاراقچىلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ئېھتىيات قىلىپ، قىلىچ-نەيزىلىرىنى يالىڭاچلاپ باشقىلارنى ماللارنى ساقلاشقا قويۇپ، بىر تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئەتراپقا قاراپتۇ. كۆرۈپتۇكى، تاغنىڭ تۈۋىدە ئوت كۆيۈۋاتقىدەك. ئۇلار پەسكە چۈشۈپ ئادىل شاھنى ۋە ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئىككى ئوغۇل بىلەن ئايدەك ساھىبجامال مەلىكىنى كۆرۈپتۇ. چوڭ ئوغۇل ئون تۆت ياشتا، كىچىكى ئون ئىككى ياشتا ئىكەن. مەلىكە گۈلچېھرەنىڭ گۈزەل ھۆسنى-جامالى ئۇنى ئاشىق-بىقارار قىپتۇ. شۇئان، ئۇنىڭ قوينىغا جىن كىرىپتۇ-دە، ئاستا ئادىل شاھنىڭ ئالدىغا كەپتۇ، ئاتتىن چۈشۈپ سالام بېرىپ كۆرۈشۈپتۇ. ئۆزئارا ئەھۋاللىك سورۇشۇپتۇ. بىر ئاز ئۆتكەندىن كېيىن سودىگەرلەر باشلىغى ئورنىدىن تۇرۇپتۇ ۋە قول باغلاپ كەمتەرلىك بىلەن سۆزگە ئېغىز ئېچىپتۇ:

— ئەلھەمدۇلىللا، مۇرادىمغا يەتتىم. بىزلەر بەش يۈز نەپەر سودىگەر ئىدۇق، ئۇشبۇ مەنزىلگە كەلگىلى تۆت-بەش كۈن بولدى. پېقىر بۇ سودىگەرلەرنىڭ سەردارى ئىدىم. مېنىڭ بىر مەستۇرە ئايالىم بار ئىدى، ھامىلدار ئىدى. بۈگۈن ئۈچ كۈن بولدى، تۇغۇتتا ئۆلتۈردى. يە بالا چۈشمەيدۇ يە ئۇ ئارام ئالالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارىمىزدا تۇغۇت ئانىسى بولغۇدەك بىرمۇ مەزلۇم كىشى يوق، بىزنىڭ قولىمىزدىن، بۇنداق ئىش كەلمەيدىكەن. ئايالىمنىڭ نالىسىدىن چىداشقا تاقىتىم قالمىدى. شۇ سەۋەپتىن مەزلۇم كىشى ئىزلەپ چىققان ئىدىم. ئوبدان ۋاقىتتا، ياخشى ماكاندا سىلەرگە يولۇقتۇم. خۇدا ھەققى، نىمە بولىدۇ ئايالىڭىز بېرىپ ئايالىمغا تۇغۇت ئانىسى بولۇپ بەرسە، سىلەرنىڭ مۇبارەك قەدىمىڭلار شەرىپىدىن بىچارە ئايالىم ساق-سالا-

مەت يەڭگىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس. مەلىكىنى يەنە مەن ئۆزەم ئەپكېلىپ قويسام.

— سىز ماڭا بىگانە تۇرسىز، — دەپتۇ پادىشا سودىگەرلەر باشلىقىغا، — مەلىكەم سىزگە نامەھرەم، مەلىكەمنى سىزگە قوشۇپ قويۇشۇم شەرىئەتكە توغرا كەلمەيدۇ.

— ئەي ئاتا، — دەپتۇ سودىگەرلەر باشلىقى يالۋۇرۇپ، — بۇ مەلىكەم مېنىڭ بىر تۇققان سىڭلىم بولسۇن، مەن تولا تەڭلىكتە قالدىم. بۇ ئىشلار ئەسلا خاتىرىڭىزگە كەلمىسۇن. بۇنىڭغىمۇ مۇمكىن بولمىسا، ئوغلىڭىزدىن بىرىنى ھەمرا قىلىڭ.

ئادىل شاھنىڭ بۇ كىشىگە رەھمى كەپتۇ. بۇ كىشىنىڭ ھاجىتى راۋا بولسا، خۇدا بىزدىن رازى بولار، يەنە بىر تەرەپتىن ئالغاندا، ئۇلار ئاز-تولا بىر نەرسە بەرسە، بىرقانچە كۈن ئىشلىتەرمىز، دېگەن نىيەتتە، ئوغلى پەرۇخ شاھنى ھەمرا قىلىپ مەلىكىنى ئۇنىڭغا قوشۇپ قويۇپتۇ.

ئەلقىسسە، ئۇلار بىر ئاز مېڭىپ توختاپتۇ. سودىگەرلەر باشلىقى مەلىكىنى ئۆزىنىڭ ئارقىسىغا مىندۈرۈۋېلىپ، پەرۇخ شاھنىڭ بېشىغا قامچا بىلەن بىر نەچچىنى سېلىپ ياندۇرۇۋېتىپتۇ-دە، مەھرەملىرىنىڭ ھەمرالىغىدا ئۆز يولىغا راۋان بوپتۇ.

پەرۇخ شاھ ئاتىسىدىن ئايرىلغانغا يىغلاپ، ئىلاجىسىز ئاتىسىنىڭ قېشىغا قايتىپ كېلىپ، بولغان ئەھۋالنى تولۇغى بىلەن ئىزھار قىپتۇ.

— ئەي ئاتا، — دەپتۇ ئۇ ئادىل شاھقا، — ئۇ ھىلىگەر، قاراقچى، ھارامزادە ئىكەن. مېنى ئۇرۇپ، ئانامنى ئېلىپ قاچتى.

بۇنى ئاڭلىغان پادىشا كوپ پۇشايمان قىپتۇ، ھەسرەت-نادامەت چېكىپتۇ، ئىچىگە قورقۇنچ-ۋەھىمە كىرىۋاپتۇ. "ئۇ بىزنىمۇ قاراقچىلار تۇتۇۋالمىسۇن" دەپ ئويلاپ، ئىككى ئوغلىنى ئېلىپ يولغا چۈشۈپتۇ. يولدا بارغىچە كاج پەلەك ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ مۇڭداق بىر سوز ئېيتىپتۇ.

نەزمە:

مېنى سالدى ھىجران چولىگە،
پايتەختىم ئاندا قالدى.
كەلمەس بولدى تەختىم قولغا،
تاجۇ-تەختىم چوللەر بولدى.
ئەجەپ بولدى بۇ زامانلار،
ھالىم بىلمەس بۇ نادانلار،
ھەمدەم بولغان دوست-يارانلار،
زارۇ يىغلاپ ئاندا قالدى.
زەپىرەڭ رەڭگى-رويىم،
سۇندى مېنىڭ قەددىم-بويۇم،
غېرىپلىقتا دۇئا كويۇم،
ياخشى دوستلار ئاندا قالدى.
كۆنلەر چۈشۈپ بۇ باشىمە،

زەھەر چۇشۇپتۇ ئاشمە،
تۇپراق تولۇپ كوز ياشمە،
نەۋجۇۋانلار ئاندا قالدى.
پەلەك بۇزدىلەر شەنىمنى،
ئوتتا سالدىلەر كانىمنى،
ھېچكىم بىلمەس بۇ ھالىمنى،
قەدىردانلار ئاندا قالدى.
ئادىل شاھتۇر مېنىڭ ئاتىم،
ئەجەپ قارا بولدى بەختىم،
خوش ھەمرىيىم گۇلچېھرە خانىم،
قاراقچىلار قولىدا قالدى.

ئەلقىسسە، ئادىل شاھ ئىككى ئوغلىنى ئەگەشتۇرۇپ ئۈچ كېچە-كۈندۈز يول يۇرۇپ ئوت-چوپ، قومۇش يىلتىزلىرىنى كولاپ يەپ، بىر دەريا بويىغا يېتىپ كەپتۇ، قارىسا بۇ دەريادىن ئوتۇشنىڭ ھېچبىر ئىمكانىيىتى يوق تۇرغىدەك. شۇنىڭ بىلەن بېشىنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ قېتىپ تۇرغاندا، يىراقتىن بىر ئاتلىق كىشى چىقىپ كەپتۇ. ئۇ كىشى كېلىپ ئېتىدىن چۇشۇپ كورۇشۇپتۇ، ھال-ئەھۋال سوراپتۇ. ئادىل شاھ ئۇ كىشىگە ئوزىنىڭ بېشىغا چۇشكەن ئىشلارنى بىر-بىرلەپ بايان قىپتۇ.

— بۇ يەرگە كېلىپ دەريادىن ئوتەلمەي بېشىمىز قېتىپ تۇرىمىز، — دەپ قوشۇپ قويۇپتۇ ئادىل شاھ، — مۇمكىن بولسا بىزگە ياردەم قىلسىڭىز ......

— ئەي مۇساپىر، — دەپتۇ ئاتلىق ئادەم ئوزىنى تونۇشتۇرۇپ، — مەن بىر سۇچى بولىمەن. سىزلەرنى مەن بۇ دەريادىن ئوتكۇزۇپ قوياي.

بۇ سوزنى ئاڭلىغان ئادىل شاھ ناھايىتى خۇرسەن بوپتۇ. چوڭ ئوغلى پەرۇخ شاھنى ئۇ كىشىنىڭ كەينىگە مىندۇرۇپ قويۇپتۇ. ئۇ ئادەم ئېتىغا بىر قامچا ئۇرۇپ دەرياغا كىرىپتۇ ۋە ئارقىسىغا قاراپ دەپتۇ:

— ئەي مۇساپىر، بىلگىنكى، مەن بىر قاراقچى، ئەمدى بالاڭدىن ئۇمىت ئۇزگەيسەن...

ئۇ شۇنداق دەپ دەريادىن ئوتۇپتۇ-دە، توختىماستىن يولىغا راۋان بوپتۇ، ئۇزاق ئوتمەي كوزدىن غايىپ بوپتۇ. پادىشا ھەيران بولۇپ، زارۇ-زار يىغلاپ نالە قىپتۇ.

نەزمە:

شانۇ-شەۋكەت دولىتىم كەتتى نەگە،
پادىشالىق تاجۇ-تەختىم كەتتى نەگە؟
ساھىبجامال ئىلپىتىم — خانىم قېنى؟
يۇرەك پارە كوزنۇرۇم جانىم قېنى؟
ھىجران ئوتى پارە-پارە قىلدى مېنى،
ئايرىمىسۇن خۇدايىم بالام سېنى.

ئاجىز ئاتاڭ ئۇرتىنىپ بولماقتا لال،
غېرىپ-ئاجىز بەندىدە نىمە ئامال؟
تاجى-تەختىدىن ئايرىغان خۇدا ئۆزى،
يۈرەك پارەمدىن ئايرىغان خۇدا ئۆزى.
خار قىلامدۇ، يا ئەزىز ھەقنىڭ ئىشى،
خارنى ئەزىز قىلالماس ھېچبىر كىشى.
ئالدى بىلەن ئىگەم ئىرادە قىلغاي،
ھاۋادىسلار شۇنىڭدىن ھەر يەردە بولغاي.
تەۋەككۇل قىلدى خۇدا بىرلا ساڭا،
رازىلىقىڭ لازىمدۇر پەقەت ماڭا......
نارسىدە شۇ بالامنى ئامان قىل،
دۈشمەنلەرنىڭ چىرايىنى سامان قىل!

— ئەي ئوغلۇم، — دەپتۇ ئادىل شاھ كىچىك ئوغلىغا قاراپ، — ئاۋال ئاناڭدىن ئايرىلدۇق، ئەمدى ئاكاڭدىن ئايرىلدۇق. بىزلەرگە خۇدايىتائالانىڭ ئىرادىسى شۇنداق بولسا كېرەك. ئۇنى كورمەسلىككە بىزدە ھېچ چارە يوق. قېنى ئوغلۇم، قولۇڭنى ماڭا بەرگىن، بۇ دەريادىن كېچىپ ئوتەيلى.

ئادىل شاھ ئوغلى جەمشىتنىڭ قولىنى تۇتۇپ دەرياغا كىرىپتۇ. سۇ كېچىپ دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا بارغاندا، شىددەتلىك ئوركەشلىگەن سۇ ئادىل شاھنى يىقىتىپتۇ. جەمشىت ئۇنىڭ قولىدىن ئاجراپ كېتىپتۇ. ئادىل شاھ بىر ئولۇپ، بىر تىرىلىپ دېگەندەك، ئېقىپ يۇمۇلىنىپ مىڭ بىر مۇشەققەتتە قۇرۇغلۇققا چىقىپتۇ. قارسا ئوغلى جەمشىت يوق تۇرغۇدەك. ئۇ نادامەت چېكىپ، خوتۇنى ۋە پەرزەنتلىرىنىڭ دەردىدە زار-زار يىغلاپ باھار يامغۇرىدەك ياش توكۇپتۇ.

نەزمە:

ئالەمنى ياراتقان قۇدرەتلىك رەھمان،
قەدىمدىن قۇدرەتتىن زامان ئەيلىدىڭ.
بارچىلارنىڭ قۇدرەتلىك دەرمانى،
قۇدرىتىڭنى ھەممىگە ئايان ئەيلىدىڭ.
بىر ئېتىڭ رەھىمدۇر سېنىڭ سىپاتىڭ،
يېتىشمەس ھېچكىشى قەدىمدىن زاتىڭ،
كېرىمدۇ ئىسمىڭ، ھەم زاتىڭ پاكىڭ،
قىسمىتىڭنى قەدىمدىن مىزان ئەيلىدىڭ.
.....................................
بىۋاپادۇر بىزلەرگە بۇ پانى جاھان،
قۇدرىتىڭدىن ئالەمنى ياراتقان رەھمان،

ساڭا ئەسىر ئەيلەيىن جېنىمنى قۇربان،
قۇدرىتىڭنى ئەجەپ ماڭا زامان ئەيلىدىڭ.
جۇدا بولۇپ خانىماندىن ئايرىلىپ،
روزىگارىم، پەرزەنتىمدىن ئايرىلىپ،
بۇگۈن سۇندى قاناتلىرىم قايرىلىپ،
نە سەۋەپتىن مېنى ۋەيران ئەيلىدىڭ؟
شەھرىم ئىچرە قىلىپ ياخشى يارەنلەر،
جۇدا بولۇپ ھەممىدىن بولدۇم ۋەيرانلار،
شاھ ئادىلغا ئەجەپ بولدى زامانلار،
يۈرەك داغلاپ كۆزۈمنى گىريان ئەيلىدىڭ.

ئەلقىسسە، ئادىل شاھ ئون توت كۈن يول يۈرۈپ، بىر دەشت-باياۋانغا يېتىپ كەپتۇ. قارىسا ئۇ يەردە ۋەيرانە بىر گۈمبەز تۇرۇپتۇ. تاملىرى ئۆرۈلۈپ، تۇغلىرى يىقىلىپ ۋەيران بولغان بۇ گۈمبەز ئادىل شاھنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىپتۇ. گۈمبەز يېنىدىكى مىچىتنىڭ ئەتكاپخانىلىرى ۋەيران بولغان، قۇدۇق لاي بىلەن تىنغان بولۇپ، ئۇزاق يىللاردىن بېرى بۇ يەرگە ئادەم كەلگەندەك ئەمەس ئىكەن. چۈنكى دەرەخلەر قۇرۇپ قاخشال بولغان، قۇدۇقنىڭ چېتىدىكى باغنىڭ ئالما-ئانار، ئۈزۈم، ئەنجۈرلىرىمۇ قۇرۇپ قالغان ئىكەن.

"بۇلارنىڭ ھەممىسى ماڭا ئوخشاش غېرىپ، مىسكىن بولۇپ قاپتۇ"، دەپ ئويلاپتۇ ئادىل شاھ، "ئادەملەرنىڭ ۋاپاسىزلىقىنى كۆردۈم، ئەمدى مۇشۇ جايدا خۇداغا ئىبادەت قىلىپ ياتاي."

شۇنىڭ بىلەن ئادىل شاھ گۈمبەزنىڭ تۇغ-ئەلەملىرىنى قاداپتۇ، قۇدۇقنىڭ لايلىرىنى تارتىۋېتىپ سۇ چىقىرىپ دەرەخلەرنىڭ تۈۋىگە قۇيۇپتۇ. مىچىتنىڭ تاملىرىنى ئوڭلاپ، سىرىپ-سۈپۈرۈپ سۇ چېچىپتۇ. بىر مەزگىل ئۆتكەندە دەرەخلەر كۆكلەپتۇ، گۈللەر ئۈنۈپتۇ، ھەر خىل قۇشلار پەيدا بولۇپتۇ.

ئادىل شاھ ئىبادەتكە بېلىنى چىڭ باغلاپ، قومۇش-يانتاقلارنىڭ يىلتىزىنى كولاپ يەپتۇ، كۈندۈزى روزا تۇتۇپ، كېچىسى بىدار بوپتۇ.

ئەلقىسسە، ئادىل شاھ بۇ گۈمبەزدە ئون توت يىل ئىبادەت قىپتۇ. كىيىملىرى تىتىلىپ تۈگەپتۇ. بارلىق ئەزالىرىنى تۈك بېسىپ، ئىككى كۆزىدىن باشقا ئەزالىرى كۆرۈنمەي قاپتۇ.

بىر كۈنى ئادىل شاھ ئۆزىگە قاراپ يىغلاپ ئولتۇرۇپ ئەتراپقا نەزەر سالغان ئىكەن، ئۇششاق جانىۋارلار ۋە قۇشلارنىڭ سايراۋاتقانلىقى، گۈللەرنىڭ ئېچىلىپ، سۇلارنىڭ شىرقىراپ ئېقىۋاتقانلىقى، بۇلبۇللارنىڭ گۈل ئىشقىدا خەندان ئۇرۇپ سايرىشىۋاتقانلىقىغا كۆزى چۈشۈپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئۇ مۇنداق نەزمە ئېيتىپتۇ.

نەزمە:

ئۈستۈمدىكى تۈتى قۇشلار،
تورغىنىمنى كۆردۈڭلارمۇ؟

سايراۋاتقان ئەي بۇلبۇللار،
تۇرغىنىمنى كوردۇڭلارمۇ؟
ھىچكىم سورىماس ھالىم قۇشلار،
يۇرگىنىمنى كوردۇڭلارمۇ؟
قانلار چۇشتى كوز ياشىمغا،
رەھىم ئەيلىمەس نالىشىمغا،
ھىچكىم كەلمەس ھەم قاشىمغا،
تۇرغىنىمنى كوردۇڭلارمۇ؟
غېرىپ بولۇپ باغرىم داغلاپ،
ئاشىقلارنىڭ يولىن ئويلاپ،
چوللەر ئىچرە جېنىم قىيناپ،
تۇرغىنىمنى كوردۇڭلارمۇ؟
يەمەن ئىچرە دەۋران سۇرگەن،
خانىماندىن جۇدا بولغان،
داغى پەرزەنت بولۇپ قالغان،
مەن غېرىپنى كوردۇڭلارمۇ؟
مېنىڭ بىلەن ھەمدەم بولغان،
ئايدەك يۇزىن ياشلار يۇغان،
قاراقچىغا چاكار بولغان
روزىگارىمنى كوردۇڭلارمۇ؟
قاراقچىلار قولىن باغلاپ،
زۇلۇم تارتىپ يۇرەك داغلاپ،
مېنىڭ ئۇچۇن ھەردەم يىغلاپ.....
مېھرىبانىنى كوردۇڭلارمۇ؟
دەريا ئىچىدە جانىن ئالدى،
ھەقتىن ئوزگە كىملەر بىلدى،
ئادىل شاھ دەر: نە ئىبتەي ئەمدى،
جەمشىتىمنى كوردۇڭلارمۇ؟

ئەلقىسسە، ئادىل شاھ زار-زار يىغلاپ ياشلىرىنى باھار يامغۇردەك راۋان تۆكۈپ خۇداغا ئىلتىجا قىلىپ مۇنداق دەپتۇ:

نەزمە:
ئەي خۇدايىم مېھرىۋانىم،
ساڭا پىدا مېنىڭ جېنىم،
مۇشنۇد بولساڭ مەندىن ھامان،

قالمىغاي دىلدا ئارمانىم.
خانىماندىن سەن ئايرىدىڭ،
تاجۇ - تەختتىن سەن ئايرىدىڭ،
گۇلچىھرەمدىن سەن ئايرىدىڭ،
يۈرەك پارەمدىن سەن ئايرىدىڭ.
جۇدا بولۇپ كېلىپ ياتتىم،
دەشت - باياۋان مازاراتقا.
بولدى مانا دەل ئون توت يىل،
ئۇچرىمىدىم ئادىمىزاتقا.
دەرگاھىڭدا شەرمەندىمەن
شۇملۇغۇمدىن ۋەيرانىمەن.
مېنى باشلاپ سائادەتكە،
بېشىم سىلا غەمخانەم پەسەن.

شۇ گەپتىن كېيىن ئادىل شاھ ئورنىدىن تۇرۇپ، گۇمبەز ۋە دەل - دەرەخ، سۇلار بىلەن خوشلىشىپ يولغا راۋان بوپتۇ. ئون بىر كۈن يول يۈرۈپ بىر كەنتكە كەپتۇ. بۇ يەردىكى دەرەخلەرنى كورۇپ شۈكرى قىلىپ، خۇداغا سانا ئېيتىپ ئارام ئاپتۇ. بۇ كەنت ئادەملىرى ئادىل شاھنى كورۇپ: "يۈرتىمىزغا ئالۋاستى كەپتۇ!" دەپ قورقۇشۇپتۇ. بۇ گەپ بىر دەمنىڭ ئىچىدە ھەممە يەرگە تارقىلىپ كېتىپتۇ. كىشىلەر ھەيران بولۇپ، ئارقىمۇ - ئارقا كېلىپ ئادىل شاھنى كورۇپتۇ. ئادىل شاھ بېشىنى ئۇيان - بۇيان بۇراپ كىشىلەرگە قاردسا، ئۇلار ۋاقىرىشىپ ھەر تەرەپكە قېچىپتۇ. ھېچكىم يېقىن كەلگىلى ئۇنىماپتۇ.

ئادىل شاھ بۇ يەردىن قوزغىلىپ، ئۈچ كۈن يول يۈرۈپ بىر شەھەرگە كىرىپ كەپتۇ. ھېچكىشىدىن بۇ شەھەرنىڭ نامىنى سورىيالماپتۇ. ئاسمانغا قارىغىدەك بولسا، بىر ئاق قۇش ئۇچۇپ يۈرگىدەك. مىڭلىغان كىشىلەر قوللىرىدا بىر پارچىدىن گوشنى كوتەرگەن ھالدا: "گاھ - گاھ" دېيىشىپ نىمىگىدۇر ئىنتىزار بولۇۋاتقىدەك. ئۇلارمۇ ئادىل شاھنى كورۇپ قېچىشىپتۇ. ئادىل شاھ خىجىل بولۇپ ئوزىنى بىر دەرەخنىڭ دالدىسىغا يوشۇرۇپتۇ. بىر ئادەم كېلىپ ماراپتىكەن، ئادىل شاھ بېشىنى چىقىرىشىغا، ئۇمۇ قورقۇپ ۋاقىرىغىنىچە قېچىپ كېتىپتۇ.

— ئەي بۇرادەر، — دەپتۇ ئادىل شاھ، — قورقما مەن ئالۋاستى ئەمەس، ئادەم ......

ئادىل شاھ ھىلقى ئادەمنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپتۇ، ئۇ ئادەم تېخىمۇ بەك قورقۇپ: "ۋايجان، مېنى ئالۋاستى قوغلاۋاتىدۇ" دەپ يىغلىغىنىچە ھەسىرەپ - ھومىدەپ ھەمرالىرى يېنىغا يېرىۋاپتۇ. بىرمۇنچە ئادەملەر بۇ سوزگە بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي كېلىپ قاراپتۇ - دە، پۈتۈن گەزايىنى تۈك باسقان كالدەك بىر ئادەمنى كورۇپ ھەيران بولۇپتۇ. قورققىنىدىن بۇلارمۇ قېچىپتۇ.

— ئەي بۇرادەرلەر، — دەپتۇ ئادىل شاھ ئۇلارغا، — مەن ئالۋاستى ئەمەس، ئادەم، دەشت - باياۋانلاردا يۈرۈپ ئىگىن - ئاياقلىرىمدىن ئايرىلىپ شۇنداق بولۇپ قالدىم، مەندىن قاچماڭلار،

مەنمۇ سلەرگە ئوخشاشلا ئىنسانمەن ..........

كىشلەرنىڭ يۈرىگى ئىزىغا چۈشۈپتۇ. لېكىن يەنە: "ئالۋاستى ئالدامچى كېلىدۇ، ئۇ بىزنى ئالداپ تۇتۇۋېلىپ قېنىمىزنى شوراش، گوشىمىزنى يېيىش ئۈچۈن شۇنداق دەۋاتقان بولسا كېرەك"، دەپمۇ ئويلاپتۇ. ئۇلار سىنچىلاپ قارىسا، ئۇ ئادەمنىڭ چاچ ـ ساقاللىرى ئۇسۇپ خېلىلا تووەن چۈشكەن، ھەممە ئەزايىنى توك باسقان بولۇپ، كوزى، ئاغزىدىن بولەك يېرىنى كورگىلى بولماپتۇ.

ـــ ئەي بۇرادەرلەر، ـــ دەپتۇ ئادىل شاھ، ـــ بۇ قايسى شەھەر؟

ـــ بۇ شەھرىمىزنى دەپتۇ بىرسى جاۋاپ بېرىپ، ـــ دىيار بەكرى دەيدۇ.

ـــ تۇرغۇنلىغان ئادەملەرنىڭ يىغىلىشىدىكى سەۋەپ نىمە؟

ـــ شەھرىمىزنىڭ پادىشاسى قازا تاپقان ئىدى، ـــ دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ يەنە بىر ئادەم، ـــ پادىشالىقنىڭ دولەت قۇشى دىگەن بىر ئاق قۇشى بار. شەھرىمىزنىڭ ئادىتىدە پادىشا ئولسە، شۇ قۇش قويۇپ بېرىلىدۇ، ئۇ قۇش كىمنىڭ بېشىغا قونسا، شۇ ئادەم پادىشا بولىدۇ.

ـــ پادىشالىق بالىلىرىغا مىراس قالمامدۇ؟

ـــ ياق، ـــ دەپتۇ ھىلىقى كىشى، ـــ بىزدە ئۇنداق ئىش يوق. پادىشا ئولدى، تۈگىدى. دولەت قۇشى كىمنىڭ بېشىغا قونسا، مەيلى ئۇ باي، ياكى گاداي بولسۇن، شۇ پادىشا بولىدۇ. ئۇنى ھەممە خەلق ئېتىراپ قىلىدۇ.

ـــ سلەرنىڭ بۇ ئادىتىڭلار ياخشىكەن، ـــ دەپتۇ ئادىل شاھ مەمنۇن بولۇپ، ـــ مەنمۇ سلەرگە ئوخشاش ئادەم. قورقماڭلار.

ـــ دولەت قۇشىنى ئۇچۇرغىنىمىزغا قىرىق كۈن بولدى، ـــ دەپ چۈشەندۈرۈپتۇ ھىلىقى ئادەم، ـــ تېخىچە بىر يەرگە قونمىدى. شۇڭا خالايىق ئاشۇ قۇشقا ئىنتىزار بولماقتا. بۇ ئادەملەرنىڭ يىغىلىشىدىكى سەۋەپ شۇ.

ئادىل شاھ ئورنىدىن تۇرغان ئىكەن، خەقلەر يەنە قېچىشىپتۇ، ئادىل شاھ قانچە دىسىمۇ ئۇلار ئىشەنمەپتۇ.

نەزمە:

شەيتان لەئىن ئىمانىڭغا قەست ئېتەر،
ئۇشۇل كۈنى جان جەسەتتىن ئايرىلسا.
پەلەك مېنىڭ ئىقبالىمنى نەس ئېتەر،
مېھنەت كېلىپ، دولەت قولدىن ئايرىلسا.
دولەت كېلىپ قونسا چىۋىن باشىغا،
سۇمرۇغ كېلۇر كۈندە ئۇنىڭ قاشىغا،
شەكەر بولۇر سالسا زەھەر ئاشىغا،
ئول كۈنكى دولەت قولدىن ئايرىلسا.
مېھنەت كېلىپ دولەت قاچسا ئادەمدىن،
كېچە ـ كۈندۈز زەربە يېتەر دۈشمەندىن.

بەزى پاسىق دائىم قاچار ئىماندىن،
پادىشالار خانىماندىن ئايرىلسا.
ئۇچار قۇشۇڭ قاناتىدىن قايرىلسا،
خانىماندىن شامال كەبى سورۇلسا،
جاندىن ئەزىز پەرزەنتىدىن ئايرىلسا،
غېرىپ بولۇر ئۆز ماكانىدىن ئايرىلسا.
ئادىل شاھ دەر: چەكتىم تولا نادامەت،
ئۆلمەي تۇرۇپ بولدى ماڭا قىيامەت،
پەلەك سەندىن كوردۇم جاپا ئالامەت،
ئامان تاپسام روھىم تەندىن ئايرىلسا.

ئەلقىسسە، ئادىل شاھ ئۆز بەختسىزلىگىدىن غەمگە چومۇپ ئولتۇرۇپتۇ. ئاق قۇش بولسا ھاۋادا ئايلىنىپ يۈرۈپ ھەر تەرەپتىن نىسىندۇر ئىزلەپتۇ. كىشىلەر قوللىرىدىكى گوشلىرىنى تەڭلەپ "گاھ ـ گاھ" دەپ تۇرغان چاغدا، ئاق قۇش بىردىنلا تۆۋەنلەپ چۈشكىنىچە ئادىل شاھنىڭ بېشىغا قونۇپتۇ. ئادىل شاھ ھەرقانچە قىلىپمۇ قۇشنى ئۇچىرالماپتۇ. خالايىق بۇنى كورۇپ يۈگۈرۈشۈپ كەپتۇ. قارىسا ئاق قۇش قوتازدەك بىر نىمىنى بېسىپ ئولتۇرغىدەك. ئادىل شاھ: "مەن پادىشا بولمايمەن" دەپ قۇشنىڭ چاڭگىلىدىن ئاجراشقا ئۇرۇنۇۋاتقۇدەك.

— ئەي خالايىق، — دەپتۇ ۋەزىر، ئولۇمالار، — خۇدايتائالانىڭ بۇيرۇغى بىلەن بىزلەرگە بىر ئالۋاستى پادىشا بولغانغا ئوخشايدۇ.

بارچە خالايىققا قورقۇنچ پەيدا بولۇپتۇ. ئادەملەر ۋەھىمىگە چۈشۈپ يېڭى پادىشاغا يېقىن كەلمەي قېچىپتۇ. ئادىل شاھ بۇنى كورۇپ ئازاپلىنىپ يىغلاپتۇ.

— ئەي خالايىق،—دەپتۇ ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، — مەندىن قورقماڭلار، مەن ئالۋاستى ئەمەس، ئادەم! چوللەردە ئون توت يىل يۈرۈپ مۇشۇ ھالەتكە كېلىپ قالدىم.

ۋەزىر ئولۇمالار بۇ سوزلەرنى ئاڭلاپ سەل خاتىرجەم بولۇپتۇ.

— ئەي خالايىق، — دەپتۇ ئۇلار خىتاپ قىلىپ، — ھەممىڭلار قاچماي يېقىن كېلىڭلار، ئولىشىپ كېلىپ ئۇنى تۇتايلى!

سانىسىزلىغان كىشىلەر يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ ئادىل شاھنى تۇتۇپتۇ. قۇش شۇندا ئۇنىڭدىن ئاستا ئاجراپتۇ.

— ئۆز قائىدىمىزنى بۇزمايلى، — دەپتۇ ۋەزىر، ئولۇمالار خالايىققا قاراپ، — خۇدانىڭ بىزگە پادىشا قىلىپ بەرگىنى شۇ ئوخشايدۇ.

ئۇلار ئادىل شاھنىڭ بېشىغا پادىشالىق تاجىنى، ئۇچىسىغا شاھانە تونلارنى كيدۈرۈپ بېلىگە ئالتۇن كەمەر باغلاپ مۇبارەكلەپتۇ. كىمخاپ مەيگە ئولتۇرغۇزۇپ شەھەرگە ئېلىپ كىرىپ، تەخت سەلتەنەتتە ئولتۇرغۇزۇپتۇ. ئادىل شاھ خۇدانىڭ بۇ ئىلتىپاتلىرىنى كورۇپ شۈكرى سانا بېجا كەلتۇرۇپتۇ.

نەزمە:

قەدىردانلار سىزلەرگە بىر سوز ئېيتاي،
چەرىخ پەلەك ماڭا جاپا ئەيلدى.
بىرىگە كىيدۈردىلەر ئالتۇن تاجنى،
بىرىنى ئەل ئىچرە گادا ئەيلدى.
بىروغا بېرىپتۇ تەخت بىلەن تاجى،
ئالەم خەلقى بولۇپ ئاڭا مۇھتاجى،
بىرى بولدى ئاچلىقتا نائىلاجى،
مېھنەت بىلەن قەددىنى دوك ئەيلدى.
بىرىگە بېرىپسەن تولا دولتى،
بىرىگە يەتكۈزۈپ تولا مېهنتى،
ساڭا ئەرز ئېيتاي كورگەن كۆلپتى،
بىرىنىڭ بەختىنى قارا ئەيلدى.
ئوغۇلنى ئايرىدىڭ مۇشفىق ئاتادىن،
قىزلارنى ئايرىدىڭ مۇشفىق ئانادىن،
ئوزۇڭ بىلىپ ئايرىدىڭ تەخت تاجىدىن،
ئاخىرىدا ئۇنى خەندان ئەيلدىڭ.
بىرىگە ئىچۈردىڭ زەھەردىن شاراپ،
بىرىنىڭ باغرىنى قىلدىڭ ھەم كاۋاپ،
ئاخىرىدا قىلۇرسەن بارچىنى خاراپ،
ھەر كىمگە بىر قىسمەتنى بانا ئەيلدىڭ.
ھەزرىتى داۋۇتنىڭ ئوغلى سۇلايمان،
ئۇلارنىڭ بەھرىدە يىغلىدى چەندان،
ياقۇپ ئوغلى ئۇچۇن بولدىلەر گىريان،
ئۇنى يۇسۇپ كەنئاندىن جۇدا ئەيلدىڭ.

.............................................

بىرىنىڭ رەنجىگە بېرىپسەن داۋا،
بىرىنىڭ ھاجىتىنى قىلمايسەن راۋا،
بىرىنىڭ كوزىنى قىلىپ نابىنا،
قولىغا بىر ياغاچ ھاسا ئەيلدىڭ.
بىرىگە بېرىپسەن چىراي دولتى،
بىرىگە بېرىپسەن قارا مېهنتى،
بىرىگە بېرىپسەن ئەيشى - ئىشرىتى،
بىرىنى ياردىن جۇدا ئەيلدىڭ.
ۋامۇق - ئوزرا ھەم شىرىن - پەرھات،

بۇ پانى دۇنيادىن ئۆتتىلەر ناشات،
پەلەكنىڭ قولىدا داد ئېتىپ پەريات،
بىرىگە مىڭ تۈرلۈك جاپا ئەيلىدىڭ.
لەيلى بىلەن مەجنۇن ئاشىقى شەيدا،
ئۇلارنىڭ باشىغا چۈشتى مىڭ سەۋدا،
بارچىنى ئۆلتۈرگەن ۋاپاسىز دۇنيا،
شاھلارنى نە ئۈچۈن گادا ئەيلىدىڭ؟
ئادىل شاھ دەر: ئىشتىكىل ئەمدى مىرادىم،
پىدا بولسۇن سىلەرگە مېنىڭ بۇ جانىم،
ئىزھار ئەيلىدىم ئىچىمدىكى دەردىم،
ئەي دۇنيا كىملەرگە ۋاپا ئەيلىدىڭ؟......

ئەلقىسسە، ئادىل شاھ بۇ نەزمىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، خالايىق يىغى پادىشانىڭ شىرىن سوزلۈك كىشى ئىكەنلىگىنى بىلىپ خوشال بولۇپتۇ ۋە تەھسىن - ئاپىرىن ئېيتىشىپتۇ. بىر قانچە كۈنلەردىن كېيىن پادىشاغا تاماقلار سىڭىپ، ساقال، چاچ، كىرپىك، قاشلىرىدىن باشقا جايلار-دىكى تۈكلەرنىڭ ھەممىسى توكۇلۇپ ئەسلىگە كەپتۇ. ئادىل شاھ شۇنداق ئادىل، سەلتەنەت-لىك بىر شاھ بوپتۇكى، ھىچقانداق ئادەمنىڭ كوڭلىنى ئاغرىتماپتۇ، دادۇ - ئەدىلدە ئادىللىقنى ئىلگىرىكىدىن يۈز ھەسسە زىيادە جارى قىپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى ۋەزىرلەر پادىشانىڭ ئالدىغا كىرىپ دەپتۇ:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، ئۆزلىرىگە بىر خوتۇن ئېلىپ بەرسەك، مۇنداق يالغۇز ئولتۇ-رۇپ بولمايدۇ. قانداق قىز كوڭۈللىرىگە ياقسا شۇنى ھازىر قىلساق، بەزى ئوردا ئەمەلدار-لىرىنىڭ گۈزەل قىزلىرى بار، ئۇلاردىن بىرىنى ئالسىلىمۇ مەيلى.

— ئەي ۋەزىرلەر، — دەپتۇ پادىشا خوشاللىغىنى بىلدۈرۈپ، — ئارزۇيۇڭلارغا رەھمەت. ماڭا ھازىرچە خوتۇن لازىم ئەمەس.

پادىشانىڭ يادىغا مەلىكە گۈلچىھرە كېلىپ كوڭلى بۇزۇلۇپتۇ. پىراق ئوتىدا زار - زار يىغلاپ باغرى قان بولغان ھالدا مۇنداق بىر سوز ئېيتىپتۇ.

نەزمە:

ھەركىشىكىم ئوز يۇرتىدىن ئايرىلسا،
باشقا يۇرتلار ئوز يۇرتىغا ئوخشارمۇ؟
ھەركىشىكىم ئوز يارىدىن ئايرىلسا،
ئوزگە يارلار ئوز يارىغا ئوخشارمۇ؟

ئەي يارەنلەر كوڭلۇم غەمدە،
يۇرەگىم داغ، كوزۇم نەمدە،
ئىلاجىم يوق يۇردۇم بۇندە،

لاچىن شۇڭقارغا ئوخشارمۇ؟
خانىمانىم ئاندا قالدى،
گۈلچېھرە خانىم بەنتتە بولدى،
قاراقچىلار قولىدا قالدى،
ئېرىق دەرياغا ئوخشارمۇ؟
كوككە يېتەر بۇ پەريادىم،
ئىشتكەيلەر ئاھۇ - زارىم،
گۈلچېھرە خان ۋاپادارىم،
قاغىلار بۇلبۇلغا ئوخشارمۇ؟
پەرزەنتلىرىمدىن جۇدا بولدۇم،
غەم قولىدا ئادا بولدۇم،
داغى ھىجراندا ۋەيرانە بولدۇم،
تىكەنلەر گۈلگە ئوخشارمۇ؟
ئادىل شاھ دەر: غېرىپتۇرمەن،
قايغۇ بىلەن ساغىرىپتۇرمەن.
پەرزەنت داغىدا ھەيراندۇرمەن،
غېرىپلار ماڭا ئوخشارمۇ؟

— ئەي ۋەزىرلەر، — دەپتۇ پادىشا داۋام قىلىپ، — ماڭا رەھىملار كەلگەن بولسا، بىر غولام ئېلىپ بېرىڭلار. ئۇنتۇماڭلاركى، ھېچ كىشىگە سىياسەت قىلماڭلار، مال ئىگىسىنى رازى قىلىڭلار، ھېچكىشىنىڭ كوڭلىگە ئازار بەرمەڭلار. غەزىنىدىن پۇل ئېلىپ چىقىپ سەرپ قىلىڭلار. مال ساتقۇچىلارنىڭ مال باھاسىنى كەم قىلماڭلار، ئۇلار ئاھ تارتىپ قالمىسۇن. ماڭا كۈندۈزى خىزمەت قىلىپ، كېچىسى ھەمرا بولغۇدەك خۇشخۇي غولام ئېلىڭلار.

ۋەزىرلەر "خوش، خوش" دەپ، غەزىنىدىن تىللا ئېلىپ بازارغا چىقىپتۇ. بايلار ھەر تەرەپتىن ساتقىلى غولاملارنى ئېلىپ كەپتۇ. ۋەزىرلەرگە ھېچبىر غولام ياقماپتۇ.

ئەلقىسسە، داستان ئاڭلىماق كېرەك قاراقچىدىن: ئادىل شاھ مەلىكىسىدىن ئايرىلىپ دەريا بويىغا بارغاندا، قاراقچى پەررۇخ شاھنى ئېلىپ قېچىپتۇ ۋە ئىسمىنى غولامزادىگە ئۆزگەرتىپ ئون توت يىل مال باقتۇرۇپتۇ. لېكىن ھەرخىل سەۋەپلەر بىلەن قاراقچىنىڭ ماللىرى ئاستا-ئاستا تۈگەپ، ئۆزى بايلارغا قەرزدار بولۇپ قاپتۇ. بايلار ھەدىسە كېلىپ قەرزىنى تەلەپ قىپتۇ. ئۇلارغا بېرىدىغان ئارتۇقچە نەرسىسى بولمىغاچقا، قاراقچى غەمگە چوكۈپتۇ. شۇ ئارىلىقتا ئۇ پادىشاغا بىر غولام لازىملىقىنى ئاڭلاپ قاپتۇ - دە، غولامزادىنى سېتىپ، پۇلنى خىراجەت قىلىش نىيىتىگە كەپتۇ.

نەزمە:

قۇلاق سالغىن جېنىم بالام،
ئەمدى سېنى ساتايىن.

نە ئەيلەيىن ئى بالام،
سېتىپ پۇلىن ئالايىن.
بۇيۇن سۇنغىل ئى بەندە،
قولۇڭ بەرگىن سەن مۇندە،
سېلىپ قولۇڭغا گۇندە،
بۇگۇن سېنى ساتايىن.

رازى بولغىن سەن مەندىن،
سېتىپ ئالاي پۇل بايدىن،
مىڭ تەڭگىنى ئالاي ئاندىن،
قەرزىم ئادا قىلايىن.
ماقۇل بولغىن بۇ پۇرسەت،
ياخشى قىلدىڭ سەن خىزمەت،
قۇتۇلارسەن مۇشەققەت،
سېتىپ تىللا ئالايىن.

شۇنىڭ بىلەن قاراقچى غولامزادىنىڭ قولىغا ياغاچتىن گۇندە سېلىپ، دىيار بەكرىنىڭ بازىرىغا ئېلىپ كەپتۇ. ئۇ يەردە ۋەزىرلەر غولام تاللاۋاتقان ئىكەن. ئۇلار بىرىدىن بىر خۇشچىراي غولامنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كورۇپتۇ. غولامنىڭ قولىدا كويىزا، كوزىدە لىق ياش ئىكەن.

— ئەي ئادەم، — دەپتۇ ۋەزىرلەر قاراقچىغا، — بۇ غولامنى ساتامسەن؟

— بۇ غۇلام ماڭا ئاتامدىن مىراس قالغان ئىدى، — دەپتۇ قاراقچى، — ئەسلى ساتمايتتىم، لېكىن بۇ ماڭا گۇستاخلىق قىلدى. شۇنىڭ ئۇچۇن ئېلىپ كەلدىم. ئۇنى قىلغان گۇنايى ئۇچۇن مىڭ تىللاغا ساتىمەن.

— بۇ غۇلامنىڭ ئىسمى نىمە؟ — دەپ سوراپتۇ ۋەزىرلەر.

— غولامزادە.

— خۇداغا شۇكرى، — دەپتۇ ۋەزىرلەر خوشال بولۇپ، — پادىشاغا لايىق غولام تاپتۇق. ئەگەر ئون مىڭ تىللا دىسىمۇ بەرگەن بولاتتۇق.

ئۇلار غولامنىڭ نەرقىنى مىڭ تىللاغا توختىتىپ، پۇلنى بېرىپ ھوججەتلىشىپتۇ. غولامغا يېڭى كىيىملەرنى كىيدۇرۇپ ئوبدان ياساندۇرۇپ پادىشانىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەپتۇ. پادىشا قارىسا خۇشچىراي، شاھزادىلەردەك بىر غولام كىرىپ كەپتۇ، ئۇنىڭ ھېچنەرسىدىن غولاملىق ئالامەت سېزىلمەپتۇ. ئۇنىڭغا شۇئان پادىشانىڭ مېھرى - مۇھەببىتى باغلىنىپتۇ.

— سىلەرگە رەھمەت، — دەپتۇ پادىشا ۋەزىرلەرگە، — ھەرنىمە بولسا ماڭا ئوبدان غولام ئېلىپ كەپسىلەر.

پادىشا كېچىلىرى ئۇخلىماي ئىبادەت قىلىدىكەن. غولاممۇ كېچىلىرى ئۇخلىماي يىغلاپ خۇداغا ئىبادەت قىپتۇ.

بىر كۇنى غولام باققا كىرىپ سەيلە - تاماشا قىپتۇ. كورۇپتىكى، باغدا رەڭمۇ - رەڭ

گۇللەر ئېچىلغان، گۇلنىڭ ئىشقىدا بۇلبۇللار سايرىشىپ تۇرغان. غولامزادە ئۆز ئەكسگە كېـ-
لىپ مۇنداق دەپتۇ:

نەزمە:

ئون توت يىل ئىچىدە،
قاراقچىغا بولدۇم بەندە،
مۇشەققەتلەر تارتىپ شۇنچە،
قانلار ئاقتى كوزدىن كۇندە.
غولام بولدۇم كېلىپ ئەمدى،
پادىشا پەقىر مۇندە،
خىزمەت قىلىشىپ ھەردەم،
يىغلاش باردۇر مەندە.
مېھرىۋان ئانامدىن ئايرىلدىم،
قەدىردان ئاتامدىن ئايرىلدىم،
غەمگۇزار قېرىنداشىمدىن ئايرىلدىم،
نىمە چارە بۇنىڭغا ئەمدە؟
ئۇلار قەيەردە خاردۇر،
كوزلىرىدىن قانلار ئاقادۇر،
مېنى ئۇلار قانداق تاپادۇر،
نىمە چارە بۇنىڭغا مەندە؟

غولام ئۆزىنى توختىتىپ ئالالماي يىغلاپ، باھار يامغۇرىدەك تىنماي ياش توكۇپ يەنە
مۇنداق دەپتۇ:

نەزمە:

خۇش سايرىغان تۇتى قۇشلار،
ئۇرۇق قاياشلىرىمغا سالام دىگەيسەن.
مەندەك غېرىپ ئى تۇتى قۇشلار،
بىزنى سورىغانلارغا سالام دىگەيسەن.
بىزنىڭ بىلەن ھەمدەم بولغان،
كوزلىرىدە يۇر نەم بولغان،
بىزنىڭ ئۇچۇن مەجنۇن بولغان،
جانانلارغا سالام دىگەيسەن.
مېنىڭ ئۇچۇن يۇرەك داغلاپ،
ئارمان بىلەن جېنىن قىيناپ،

كېچە - كۇندۇز قانلار يىغلاپ،
ئانام گۇلچېھرىخانىغا سالام دىگەيسەن.
ھەق كالامىن بەرھەق بىلگەن،
يۈرەك باغرى قانلار بولغان،
ئەجەل قولىدا شاراپ ئىچكەن،
ئادىل شاھ ئاتامغا سالام دىگەيسەن.
سالام دەڭلار پەررۇخ شاھقا،
زار يىغلىغان بىناۋاغا،
قېرىندىشىم جەمشىدىمگە،
ئەي يارەنلەر سالام دىگەيسەن.

ئەلقىسسە، غولامزادە زار - زار يىغلاپ چاھار باغدىن يېنىپ چىقىپ پادىشانىڭ خىز - مىتىدە بوپتۇ. كېچىلىرى ئاتا - ئانا ۋە قېرىندىشىنىڭ پىراقىدا ئۇيقۇسى كەلمەي يىغلاپتۇ......

شۇ تەرىزدە بىر يىل ئۆتۈپتۇ.

بىر كۇنى پادىشانىڭ غولامزادىگە رەھمى كېلىپ، ۋەزىر - ئۆلۇمالىرىغا ئەمىر قىپتۇ:

— ئەي ۋەزىرلىرىم، مەن ئۆزەمنى دەرتمەن دىسەم، بۇ غولام مۇھەررەم مەندىن بەك دەرتمەن ئىكەن، كۇندۇزلىرى ماڭا كوپ ئىشلارنى قىلىدۇ، كېچىسى ئۇخلىماي يىغلايدۇ. مەن ئوز ھالىمغا يىغلىسام، بۇ غولاممۇ ئوز ھالىغا يىغلاپ، يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك ياش توكىدۇ، ئەسلا ئۇخلىمايدۇ. ئەمدى مۇشۇ غولامغا ھەمرا بولغۇدەك يەنە بىر غولام ئېلىپ كېلىڭلار!

— خوپ پادىشاھى ئالەم، — دەپتۇ ۋەزىرلەر ئورنىدىن تۇرۇپ قول قويۇشتۇرۇپ، — پەرمانلىرىنى ھازىر ئورۇنلايمىز.

ئۇلار — ۋەزىر - ئۆلۇمالار پادىشانىڭ ئالدىدىن بازارغا چىقىپ قۇل بازىرىغا كەپتۇ ۋە مۇنداق جاكا قىپتۇ:

— ھەركىمنىڭ پادىشاغا لايىق ئوبدان غولامى بولسا ئېلىپ كەلسۇن، دىگىنىگە ئالغايمىز!

بۇ جاكانى ئاڭلاپ بايلار ھەرتەرەپتىن غولام ئېلىپ كېلىشكە باشلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن نەچچە مىڭ غولام يىغىلىپتۇ، ئەمما ھىچبىرسى ۋەزىرلەرگە يارىماپتۇ.

ئەلقىسسە، بىر پەس داستان ئاڭلىماق كېرەك سەھرالىق بىر بېلىقچىدىن:

دىيار بەكرىنىڭ سەھراسىدا سەييىاد ئىسىملىك بىر بېلىقچى بار ئىكەن. ئۇ ھەر كۇنى دەرياغا تور سېلىپ بېلىق تۇتۇپ، شۇنىڭ بىلەن تىجارەت قىلىپ كۇن كەچۇرىدىكەن. بىر ئاي دەرياغا تور سېلىپ، بىرمۇ بېلىق تۇتالماپتۇ. تورغا باشقا جاندارلارمۇ چۇشمەپتۇ. بالىلىرى ئاچلىقتىن ئاھ ئۇرۇپ يىغلىشىپتۇ.

بىر كۇنى ئەر خوتۇن خاپا ھالدا دەريا بويىغا بېرىپ، بويىنى سۇغا سېلىپ (غۇسلى قىلىپ) ئىككى راكەت ناماز ئوقۇپ، خۇداغا نالە بىلەن ئىلتىجا قىپتۇ:

نەزمە:

يەر-كوكنى، خەلقنى بىنا ئەيلەگەن،
بۇگۇن بىزگە بىر بېلىق ئاتا ئەيلىگىن.
بۇ دەرياغا بىزنى قىلما ئىنتىزار،
بۇگۇن بىزگە بىر بېلىق ئاتا ئەيلىگىن،
نەچچە يىلدىن تور سالۇر ئىدۇق بېلىققا،
بېلىق سېتىپ يېتەر ئىدۇق خولۇققا،
بىر ئاي بولدى ئىلاج بولمىدى ئاچلىققا،
بۇگۇن بىزگە بىر بېلىق ئاتا ئەيلىگىن.
كۇندىن-كۇنگە بەتتەر بولدى ئەھۋالىم،
كوككە يېتەر بۇگۇن مېنىڭ پىغانىم،
ماڭا رەھىم قىلغىن ئۇلۇق خۇدايىم،
بۇگۇن بىزگە بىر بېلىق ئاتا ئەيلىگىن.
مۇھەممەتتۇر ھەقتائالا ھەبىبى،
ئىككى دۇنيا ئىممەتلەرنىڭ تىبىبى،
سەن ئۇزەڭسەن سەۋەپكارلار سەۋەبى،
بۇگۇن بىزگە بىر بېلىق ئاتا ئەيلىگىن.
..............................................
بىر ئاي بولدى ئاچلىق بىلەن ھەمزارا،
يوقتۇر بىزگە ھەقتىن ئۇزگە غەمخارە،
كوككە يېتەر بىز غېرىپنىڭ ئاھ زارى،
بۇگۇن بىزگە بىر بېلىق ئاتا ئەيلىگىن.

ئەلقىسسە، بېلىقچىلار بېشىنى سەجدىدىن كوتىرىپ، بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم، دەپ دەرياغا تور ساپتۇ. دۇئاسى ئىجابەت بولۇپ تورغا بىر يوغان بېلىق چۇشۇپتۇ. بېلىقچى بۇنى كورۇپ خۇداغا شۇكرى قىپتۇ. بېلىقنى توردىن ئېلىپ قاراپ: "بۇ بېلىق بوغاز ئوخشايدۇ" دەپ ئويلاپتۇ. ئۇلار ئاخىر تەرەددۇت بىلەن بېلىقنىڭ قارنىنى يارغان ئىكەن، ساھىپجامال بىر ئوغۇل چىقىپتۇ. بېلىقچى: "بۇ لەھەڭ بېلىق ئادەمنى يۇتىۋالغان ئىكەن-دە" دەپ بالىنى ئېلىپ بېرىپ قۇمغا كومۇپتۇ. بىر نەچچە سائەتتىن كېيىن بالىنىڭ ئاغزىدىن بىر مۇنچە سۇ يېنىپتۇ. بالا كوزىنى ئېچىپ ھۇشىغا كەپتۇ. ئاندىن ئۇلار بېلىقنى پارچە-پارچە قىلىپ قاردىسا، ئىچىدىن توقسۇز دانە مەرۋايىت چىقىپتۇ. بېلىقچى بۇنى كورۇپ خۇدايتائالاغا شۇكرى قىلىپ، سانالار ئېيتىپ، مەرۋايىتلارنى سېتىپ خىراجەت قىپتۇ. ئوغۇلنىڭ ئېتىنى خۇدابەردى قويۇپتۇ، بۇ ئوغۇل ئادىل شاھنىڭ دەريادا سۇ ئېقىتىپ كەتكەن كىچىك ئوغلى جەمشىت بولۇپ، ئۇنى بېلىق يۇتۇۋالغان ئىكەن.

خۇدابەردى بېلىقچىنىڭ خىزمىتىنى ئون توت يىل قىپتۇ. بېلىقچىنىڭ تاپقان پۇللىرى تۇگەپتۇ. قېرىپ پۇل لازىم بولۇپ قاپتۇ.

— ئەي خوتۇن، — دەپتۇ بېلىقچى خوتۇنىغا، — پادىشاغا غولام لازىم بولۇپتۇ ۋە ھېچ بىر غولام يارىماپتۇ. خۇدابەردىنى كورسىتىپ بېقىپ، ياراپ قالسا سېتىپ پۇلىنى خىراجەت قىلساق قانداق؟

بۇ مەسلىھەتكە خوتۇنىمۇ قوشۇلۇپتۇ. لېكىن ئېتىراز بىلدۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ:

— خۇدا بەردى ئوز بالامدەك بولۇپ قالغان ئىدى، قانداقمۇ چىدارمىز؟

— ئادەمنىڭ ئاتا-ئانىسىمۇ ئولۇپ قالىدىغۇ، — دەپتۇ بېلىقچى، — چىدايلى، چىدىمىساق بولمايدۇ.

بېلىقچى خۇدا بەردىنى بىر چەتتە توختىتىپ مۇنداق دەپتۇ:

نەزمە:

ئەي خۇدابەردى ئوغلۇم بىزلەر سېنى،
نەچچە يىللار پەرۋىشلەر قىلغان ئىدۇق.
سەنمۇ بىزگە بىر ئوبدان ئەسقاتقانىڭ،
لېكىن بۇگۇن بىز سېنى ساتماق بولدۇق.
قولىمىز ئۇزۇك، قەرزىمىز قىلدى خاپا،
بايلار كېلىپ كۆڭلىگى سالدى جاپا،
يېيىشىمىزگە يوقتۇر ھەتتا تېرىق-ئارپا،
شۇڭا بۇگۇن بالام سېنى ساتماق بولدۇق.
ئوزئارا ئامراق-ئىجىل تۇققان ئىدۇق.
شۇڭا ساڭا خۇدابەردى دەپ ئات قويغان ئىدۇق،
قولغا قول، پۇتقا پۇت بولغىنىڭدا سەن،
قېرىلىقتا بالام سەندىن شاتلانغانتۇق.
قەرز بىلەن قولىمىزنىڭ ئۇزۇكلۇگى،
باي زالىم گەپلىرىنىڭ سېسىقلىغى،
جېنىمىزدىن ئوتكەن ئازاپ ھەر كۆڭلىگى،
بۇگۇن بالام سېنى بىز ساتماق بولدۇق.
رازى بولغىن خۇدابەردى ئەلۋىدا،
ئايرىلىمىز ئەمدى دىگىن ئەلۋىدا،
جۇدالىقتا سالدى بىزنى ئول خۇدا،
بۇگۇن سېنى بالام بىز ساتماق بولدۇق.

بۇ سوزنى ئاڭلىغان خۇدا بەردىنىڭ كوڭلى بۇزۇلۇپ زار — زار يىغلاپتۇ، ئوزىنى توختىتىپ ئالالماي بېلىقچىغا قاراپ چىن يۇرىگىدىن مۇنۇ سوزنى ئېيتىپتۇ:

نەزمە:

ئەرزىم ئىشىتكىن ئەي ئاتام سەييادە،
ئاللادىن كەلسە ماڭا نە چارە؟

كۈندىن - كۈنگە كوڭلۇم نەشات ئۇلدىلەر،
ئاللادىن كەلسە مەندە نە چارە؟
خانۇماندىن جۇدا بولدۇق بىز،
غېرىپلىق يولىغا كىردۇق بىز،
قاراقچىدىن ئازات بولدۇق بىز،
ئاللادىن كەلسە مەندە نە چارە؟
ئاتام ئىدى ماڭا غەمخار،
ئانام ئىدى ماڭا گۈل باھار،
ئاكام ئىدى ماھى رۇخسار،
ئاللادىن كەلسە ماڭا نەچارە؟
بۈگۈن بولدى ماڭا قىيامەت،
ھەردەم چەكتىم ئاھۇ - نادامەت،
زامانە بولدى ئەجەپ ئالامەت،
ئاللادىن كەلسە ماڭا نە چارە؟
مېنى ساتساڭ قۇلۇڭدۇرمەن،
دەرتمەن پەقىر ناتىۋاندۇرمەن،
ھەرنە قىلساڭ رازىدۇرمەن
ئاللادىن كەلسە ماڭا نە چارە؟...

ئەلقىسسە، بېلىقچى شاھزادە خۇدابەردىنى قولىدىن تۇتۇپ ئېلىپ چىقىپتۇ، بازارغا — چاھار سۇغا ئېلىپ كەپتۇ. قۇل كورۇۋاتقان ۋەزىر - ئۇلۇمالار ئۇنى كورۇپتۇ - دە، دەرھال كېلىپ باھاسىنى سوراپتۇ.

— ئەي بېلىقچى، بۇ غولامنىڭ باھاسى قانچە؟

— بۇ غولامنى بويى بىلەن تەڭ پۇل بەرسىمۇ ساتمايتتىم، — دەپتۇ بېلىقچى، — قەرزىم قىستاپ خاپا قىلدى.

نەزمە:

ئى يارەنلەر بۇرادەرلەر،
قەرز يامانكەن ھەممە دەرتتىن.
ئوبدان، ئىسىل بۇ غولامنى،
ساتماق بولدۇم شۇ سەۋەپتىن.
ھەر نەرسىنىڭ ئەيىپلىرىنى،
ئوز ئىگىسى ئوبدان بىلۇر.
قەرزدارمەن بۇ غولامنى،
ساتماق بولدۇم شۇ سەۋەپتىن.
ھەر كۈنلىگى قەرزىم بار،

سېبىسىق سوزلەپ هارماي تىللار،
دەريا بولۇپ ئاقتى ياشلار،
ساتماق بولدۇم شۇ سەۋەپتىن.
ئازاپلاندۇق ئەرۇ - خوتۇن،
ئۆيدە يوق ئۇن، ياغ ۋە ئوتۇن—
كىر يۇيۇشقا پۇچۇق سوپۇن،
ساتماق بولدۇق شۇ سەۋەپتىن.
بۇ غولامنى ساتساق پۇلغا،
كىرسە تىللا قىسقا قولغا،
قەرزنى تولەپ بارساق گورغا،
ساتماق بولدۇق شۇ سەۋەپتىن.
ئادا بولسا قەرزلەر تامام،
كۆزنى يۇمساق ئاندىن هامان،
خاتىرجەملىك بولسا شادىمان،
ساتماق بولدۇق شۇ سەۋەپتىن.

— ئەي بىۋاي، — دەپتۇ ۋەزىرلەرنىڭ بىرى سېلىقچىنىڭ سوزىنى بولۇپ، — مەقسەدىڭنى چۈشەندۇق؛ گەپنى قىسقا قىل. غولامنىڭ نەرقى زادى قانچە؟

— غولامنىڭ نەرقى، — دەپتۇ سېلىقچى تىترەپ هولۇققان هالدا، — ئارتۇق كېمى يوق مىڭ تىللا. قولۇمغا شۇ تەگسە رازى بولىمەن.

— بولىدۇ، — دەپتۇ ۋەزىر، ئولۇمالار خوشال بولۇپ، — ئۇنداق بولسا مىڭ تىللانى ساناپ ئېلىۋال!

ئۇلار سېلىقچىغا مىڭ تىللانى بېرىپ تىلىدىن خەت ئېلىۋاپتۇ. ئاندىن كېيىن خۇدابەردىنى ئوردىغا ئېلىپ كېلىپ پاكىز يۇيۇندۇرۇپ، يېڭى كىيىملەرنى كىيگۈزۈپتۇ.

ئادىل شاھ يېڭى غولامنى كورۇپ ناهايىتى خۇرسەن بوپتۇ. لېكىن ئۇنى تونۇماپتۇ.

ئىككى غولام ئۆزئارا ناهايىتى ئامراق بولۇشۇپ كېتىپتۇ. ئۇلار هەر جەهەتتە بىر بىرىدىن كەم ئەمەس ئىكەن. كېچە - كۈندۈز چەبدەسلىك بىلەن پادىشانىڭ خىزمىتىنى قىلىپ، شاھ ئۇخلىغاندا تائەت - ئىبادەت قىلىدىكەن، قاتتىق يىغلاپ ياشلار توكۈپ نالە قىلىدىكەن.

ۋادەرىخا! — دەپتۇ پادىشا ئەجەپلىنىپ، — تېخى دۇنيادا مەنلا دەرتمەن ئوخشايمەن، دىسەم، بۇ غولاملار مەندىن ئوتە دەرتمەن ئىكەن.

لېكىن پادىشا غولاملاردىن گەپ - سوز سورىماپتۇ. بۇ غولاملارغا پادىشانىڭ شۇنداق مېهرى چۈشۈپتۇكى، بىر سائەت ئايرىلىشقا تاقىتى يوق ئىكەن. غولاملار ياخشى. راهەت - پاراغەتلىك تۇرمۇش كەچۈرسىمۇ، ئەمما ئاتا - ئانىسىنى ئەسلەپ كوپ يىغلايدىكەن. شۇنداق قىلىپ، بىر كۈنى شاهزادە خۇدابەردى ئوزىنى توختىتىپ ئالالماي بىر سوز ئېيتىپتۇ:

خانىماندىن جۇدا بولغان،
ئادىل شاھ ئاتام قايدا سەن؟

غېرىپلىقتا گاداي بولغان،
ئادىل شاھ ئاتام قايدا سەن؟
بىزنىڭ ئۈچۈن چېكىپ جاپا،
قىلاي سىزگە جانىم پىدا،
زارۇ يىغلاپ قىلىپ نىدا،
شەھسۇۋارىم سەن قايدا سەن؟
تەخت ئۈستىدە دەۋران سۈرگەن،
مۇھەببەتنىڭ ئوتىدا كويگەن،
دەرت ـ ئەلەمدە كوڭلى چۆرگەن،
غەمگۇزار ئاتام قايدا سەن؟
كېچىلەردە بىدار تۇرغان،
خۇدا ئەمرىنى مەھكەم قىلغان،
كامالىغا ھەم يەتكۈزگەن،
مېھرىۋانىم ئانام قايدا سەن؟
قاراقچىلار سىنەڭ داغلاپ،
ئارمان بىلەن جانىڭ قىيناپ،
بىزلەر ئۈچۈن چەندان يىغلاپ،
ئى ۋاپادار ئانام قايدا سەن؟
قاراقچىغا بەندە بولۇپ،
قىزىل يۈزۈڭ گۈلدەك سولۇپ،
نەركەس كوزۈڭ قانلار بولۇپ،
قېرىنداشىم سەن قايدا سەن؟
قېنى سەندەك ۋاپادارىم،
ئىشتمەس مېنىڭ ئاھۇ ـ زارىم،
مەندەك غېرىپ يوقتۇر دائىم،
قەدىردانىم سەن قايدا سەن؟

شاھزادە خۇدابەردى ئوز ھالىغا تولا يىغلاپتۇ. شۇ ئەھۋالدا ئالتە ئاي ئوتۇپتۇ.
ئەلقىسسە، ئەمدى سوزنى مەلىكە گۈلچېھرەدىن ئاڭلايلى: ئۇ كۈنى سودىگەرلەر باشلىقى مەلىكىنى ئوز چېدىرىغا ئېلىپ بېرىپ قول ئۇزىتىپتۇ.

— ئەي نائىنساپ! — دەپتۇ مەلىكە غەزەپلىنىپ، — سەن مېنى ھىيلە بىلەن ئالداپ ئەپكېلىپ، يەتمەكچى بولغان مەقسىدىڭ شۇمىدى؟ مەن كىشىنىڭ ئامانىتى، شەرىئەتتە ئامانەتكە خىيانەت قىلىش راۋامۇ؟!

سودىگەر يىگىت بۇ سوزگە قۇلاق سالماي چېدىرنى چىڭ ئېتىپ يەنە قول سوزغان ئىكەن، مەلىكە پەقەت ئۇنىماپتۇ.

— ئەي نائىنساپ! — دەپتۇ مەلىكە خىتاپ قىلىپ، — ئەگەر مەقسىدىڭ شۇنداق بولسا، بىر سائەت سەۋرى قىلغىن، مەن ھېيىزدا، ئاۋال ئوزەمنى پاك قىلاي، ماڭا سۇ بەرگىن.

سودىگەر يىگىت بىر قاچىدا سۇ بىرىپتۇ. مەلىكە كامىل غۇسلى قىلىپ، ئىككى رىكەت ناماز ئوقۇپ، بېشىنى سەجدىگە قويۇپ زار-زار يىغلاپ ئۆزىنى زادىلا توختىتالماپتۇ. يۈرەك باغرى قان بولۇپ مۇنۇ نەزمىنى ئېيتىپتۇ:

نەزمە:

دۇنيانى ياراتقان قادىر خۇدايىم،
مېنى بۇ يەردە رەسۋا ئەيلىمە.
سەندىن بولەك يوقتۇر پاناھىم،
مېنى بۇ يەردە رەسۋا ئەيلىمە.
ئەرش، كورس، لەۋھى قەلەم مۇقەررەر،
يۈز يىگىرمە توت مىڭ ئوتكەن پەيغەمبەر،
بۇ دۇنيادىن بەرىبىر قىلادىلار سەپەر،
مېنى بۇ يەردە رەسۋا ئەيلىمە.
....................................
مۇشكۇلۇم ئاسان ئەت غېرىبلىق ئىشى،
بەھەققى ئاشىقلار كېسىلگەن باشى،
بەھەققى يېتىملار كوزىنىڭ ياشى،
مېنى بۇ يەردە رەسۋا ئەيلىمە.
ئاشىقلار سەرۋىرى يۇسۇپ-زىلەيخا،
مەزلۇملار سەرۋىرى فاتىمە-زوھرا،
مەلىكە گۇلچېھرىگە بولغايسەن پانا،
مېنى بۇ يەردە رەسۋا ئەيلىمە......

مەلىكە يىغلاپ-قاخشاپ مۇناجات قىلىپ خۇداغا يالۋۇرۇپتۇ. شۇ سائەتتە سودىگەرنىڭ كوزى ئۇيقۇغا ئەسىر بولۇپ، چۈش كورۇپتۇ: ئاسمان تەرەپتىن بىر ئالتۇن تەخت پەيدا بوپتۇ. تەخت ئۈستىدە ھەيۋەتلىك، زور بىر مالائىكە ئولتۇرغۇدەك. ئۇ مالائىكە ناھايىتى غەزەپلىك ئىكەن. شۇئان سودىگەر يىگىتنىڭ ۋۇجۇدىغا قورقۇنچ چۈشۈپتۇ، لاغىلداپ تىتىرەپ، نىمە قىلارىنى بىلمەي تۇرۇپ قاپتۇ.

غەزەپلىك مالائىكە كەلگەنچە كېلىپ سودىگەر يىگىتنىڭ يۈزىگە بىر كاچات ئۇرغان ئىكەن، سودىگەر يىگىتنىڭ ئىككى يۈزى قارا بوپتۇ.

— ئەي بەدبەخ! — دەپ خىتاپ قىپتۇ ئۇ مالائىكە قەھرى بىلەن ۋاقىراپ، — سەن خۇدانىڭ خاس بىر بەندىسى، گۇناسىز، پاك بىر مەزلۇم كىشىگە مەينەت كوزۇڭ بىلەن يامان نىيەتتە قاراپ، ئىپلاس قولۇڭنى ئۇزىتىپ، ئۇنى گۇناكار قىلدىڭ! ئوزۇڭنى دوزاققا لايىق قىلدىڭ. ئەمدى بىز سېنى دوزاققا تاشلايمىز.

كوز يۇمۇپ ئاچقىچە ياراق-جابدۇقلىرى بىلەن بىرقانچە مالائىكە ھازىر بولۇپ،

سودىگەرنى قوپاللىق بىلەن سورەپ دوزاققا ئېلىپ ماڭماقچى بولۇپتۇ. لېكىن سودىگەر يىگىت ھىلقى كاتتا مالائىكىنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ، زار - زار يىغلاپ يالۋۇرۇپتۇ.

نەزمە:

ھەق قەھرىدىن يارالغان ئى پەرىشتە،
تووۋە قىلاي يېنىپ گۇنايىم كەچۇرگىن.
ئومۇرۋايەت ياخشىلىقنى قىلاي مەن پىشە،
تووۋە قىلاي يېنىپ گۇنايىم كەچۇرگىن.
قىلغان ئىشىم تامام بولدى گۇنالىق،
شەيتان يولىغا كىرىپ قىلدىم خاتالىق،
كاچات ئۇردۇڭ يۈزۈمگە ئى مالائىك،
تووۋە قىلاي يېنىپ گۇنايىم كەچۇرگىن.
خۇدايىمنىڭ ئەزىز ئاشىق - مەشۇقى،
بارچە ئابىد، زاھىر......لارنىڭ بەھەققى،
پەيدا بولسۇن سىلەرگە بۇ جاھانى پانى،
تووۋە قىلاي يېنىپ گۇنايىم كەچۇرگىن.

قەھرىلىك كاتتا مالائىكە مالائىكىلەرگە سەۋرى قىلىشقا ئەمىر قىلىپتۇ ۋە سودىگەرگە قاراپ شۇنداق دەپتۇ:

— ئەي بەدبەخ! ئەگەر سەن بۇ بىچارە مەزلۇمنى نامەھرەمگە كورسەتسەڭ ياكى ئامانەتكە خىيانەت قىلساڭ كورگۇلۇگىڭنى ئاندىن كورسەن. ئۇ چاغدا سەندىن مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام بىزار بولىدۇ، ئاندىن خۇدا بىزار بولىدۇ. ئالدىمىزدا قىلغان يىغا - زارەڭ، يېلىنىپ قىلغان ھەرقانداق سوزلىرىڭ بىرگە كار قىلمايدۇ. دوزاققا تاشلىنىپ كاپىرلاردىن بەتتەررەك ئازاپ - ئوقۇبەتكە گىرىپتار بولسەن.

نەزمە:

ئەي بۇرادەر ئاگاھ دانا بولمساڭ،
نەسىھەتنى قۇلاقتا چىڭ تۇتمساڭ،
تووۋە قىلىپ يامان ئىشتىن يانمساڭ،
توغرا يولغا دائىم قەدەم قويمساڭ،
ئاخىر ھالىڭ قالار ئېغىر خەتەردە،
مەيلى ساما، مەيلى زىمىن — ھەر يەردە،
ساڭا ئازاپ قىلالايمىز شۇ يەردە،
توغرا يولغا ئەگەر قەدەم ئالمساڭ.
ھەركىشكى خاتا يولغا يۈزلەنسە،

پەس ھەۋەسلەر ھەر دەقىقە كوزلەنسە،
ھىلە ـ مىكىر بىلەن كالام سوزلەنسە،
پۇشايمانغا قالار يولۇڭ تاپمساڭ.
زۇلۇم قىلسا يىتىم ـ غېرىپ ئاجىزغا،
قول ئۇزارتسا نامەھرەمگە — ھەر قىزغا،
تاشلانغۇسى ئوتلۇق قايناق دوزاققا،
پۇشايمانغا قالار يولىن تاپمسا.
ھەر كىشىكى گۇناھىنى تونىسا،
قايتا يەنە ئېغىر گۇنا قىلمسا،
دائىم مەھبۇپ رىزاسىنى ئويلسا،
بەخت كورگەي توغرا يولنى بويلسا.
ئى بۇرادەر ئەقىل تېپىپ ئاگاھ بول،
نامەھرەمگە ئەمدى ھەرگىز سوزما قول،
كورستىلدى ساڭا داغدام توغرا يول،
كىشى تاپقاي مۇرادىن توغرا يولغا چامدىسا.

— كەل ئەي بۇرادەر، — دەپتۇ مالائىكە. سودىگەر يىگىت يېقىن بېرىپتۇ. مالائىكە بىر ئىسمنى ئوقۇپ دەم سېلىپ ئوزى غايىپ بوپتۇ. سودىگەرنىڭ يۇزى ئاقىرىپتۇ......ئۇ چوچۇپ ئويغىنىپتۇ. ئاندىن دەرھال مەلىكىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، يەرگە ئوزىنى تاشلاپ يىغلاپتۇ:

— ئەي مەلىكە، — دەپتۇ ئۇ ئېچىنىشلىق ھالدا، — سەن مېنىڭ سىڭلىمسەن. مەن شەيتاننىڭ ئارقىسىغا كىرىپ خاتا قىلدىم، كەچۇرگىسىز گۇنا سادىر قىلدىم......مەن گۇناكار...... ھەممە ئەيىپ مەندە!......مېنىڭ گۇنايىم تاغدىن ئېغىر. شۇنداق بولسىمۇ ماڭا رەھىم قىلىپ گۇنايىمنى كەچۇرۇپ، خۇدادىن ماڭا مەغپىرەت تىلەپ بەرگىن.

نەزمە:

مەن ئوزەمنى ئادەم ساناپ كېرىلىپ،
يامان ئىشقا ھەدىسىلا بېرىلىپ،
ھەق قەھرىنى زادى ئۇنتۇپ قاپتىمەن،
نامەھرەمگە قانچە نەزەر ساپتىمەن.
خوتۇن ـ قىزلار ئارىسىدا بار ئىكەن،
قەلبى تازا ساڭا ئوخشاش ئوز سەنەم.
پۇل ۋە قىلىچ ئالدىڭدا بولدىلەر مات،
توغرا يولدىن بەردىڭ سەن ماڭا ساۋات.
گوھەر ئوخشاش نەسىھەتتىن ھۇشۇمنى،
تاپتىم ئەقىل، شۇڭا توكتۇم يېشىمنى.
مۇندىن كېيىن ئەگەشمەيمەن شەيتانغا،

يادلىغايمەن ھەقنى ماڭسام ھەريانغا.
خاتىرەڭنى مەندىن ئەمدى جەم ئەيلىگىن،
غەم ئىلكىدە قورقۇپ خىيال سۈرمىگىن.
يەتكۈزگەيمەن مۇرادىڭغا مەن سىنى،
سىناپ باقسۇن ئەمدى مىنى ھەق قىنى......

بۇ سوزنى ئاڭلاپ گۈلچەھرىنىڭ غەمگىن دىلى ئازراق بىسىقىغا چۈشۈپتۇ، لىكىن تولۇق ئىشەنچ قىلالماي، يەنىلا تۇگىمەس ۋەھىمە چاڭگىلىدىن قۇتۇلالماپتۇ.

سودىگەر يىگىت بىر مۇنچە پۇل-ماللىرىنى يىتىم-ئاجىزلارغا سەدىقە بىرىپ، مەلىكە گۈلچەھرىنى ئىلىپ ئادىل شاھنى ئىزلەپ يولغا راۋان بوپتۇ. ئولتۇرسا-قوپسا ئاما-نەتنى ئىگىسىگە سالامەت يەتكۈزۈشنى ئويلاپ ئاھ ئۇرۇپتۇ. مەلىكىنىڭ چىرايىغىمۇ قارىماپتۇ. يامان نىيەتتە قولمۇ ئۇزارتماپتۇ، بەلكى بەزى ھاللاردا ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالغىنى ئۈچۈن قورقۇپ ئەنسىرەپتۇ. ئادىل شاھنى ئىزلەپ كوپ جايلارنى كىزىپتۇ. ھىلقى مەلىكىنى دەسلەپتە ئىلىپ قاچقان تاققا كەپتۇ. پادىشا ئۇ يەردىمۇ كورۈنمەپتۇ. سودىگەر پىغان چىكىپ ھەسرەتلىنىپ، ئاخىر بىر چىدىر تەييارلىتىپتۇ. ئالتۇن-كۈمۈشتىن قوزۇقلارنى، ئەۋرىشىمدىن تاناپلارنى ھازىرلىتىپتۇ. مەلىكىنى ئاي-كۈنگىمۇ كورسەتمەپتۇ. ئۇ مەلىكىنى بەش يۈز سودىگەر بىلەن ئون توت يىل ئەنە شۇنداق بىللە ئىلىپ يۈرۈپتۇ، ھىچيەردىن ئادىل شاھنىڭ خەۋىرىنى ئالالماپتۇ.

ئەلقىسسە، ئاخىرى ئۇلار قەدىمي دىيار بەكرىسگە يىتىپ كەپتۇ. بەش يۈز سودىگەر كىلىپ شەھەر سىرتىغا چۈشۈپتۇ. چىدىرلىرىنى تىكىپ، ئات-ئۇلاقلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، مال-مۈلۈكلىرىنى بىر يەرگە قويغاندىن كىيىن خاتىرجەم بولۇپتۇ. ئاندىن پادىشاغا لايىق سوغا-سالاملارنى ئىلىپ ئىككى غۇلام بىلەن ئادىل شاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ كەپتۇ. ئادىل شاھ ئۇلارنى ھورمەت قىلىپ، ھەممىسىگە شاھانە لىباسلارنى ئىنئام قىپتۇ.

— ئەي پادىشاھى ئالەم، — دەپتۇ سودىگەر يىگىت، — بىزلەر بەش يۈز سودىگەرمىز. شەھەرىڭ سىرتىغا كىلىپ چۈشتۇق. مەن بەش يۈز سودىگەرنىڭ چوڭى — كارۋان بىشىدۇرمەن. بارلىق ماللىرىمىزنى كورۇپ باج ئىلىشقا ئەمىر قىلىسىلا ئىكەن......

ئادىل شاھ بۇ سودىگەر يىگىتكە قاراپ، سوز-ھەركىتىگە دىققەت قىلىپ ئۇنى خىلى بىر نەرسە بىلىدىغان، كوپنى كورگەن، ئاقىل-زىرەك، مەرت ھىس قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر كىچە مۇڭدىشىش ھەۋىسى قوزغىلىپ، مىھمانغا تىلىگىنى ئىزھار قىپتۇ.

نەزمە:

ئەرزىم ئىشتكىل ئەي كارۋان بىشى،
بىر كىچە مۇندا قونساڭ نە بولغاي.
كوڭلۈمدىكى سىرىڭنى ئەيلىگىن ئىزھار،
بىر كىچە مۇندا قونساڭ نە بولغاي.
چىمەندە يىغلىشار گۈللەرگە قۇشلار،

ئىنتىزاردۇر گۇللەرگە شوخ بۇلبۇللار،
ئەرز - دادىڭنى ئېيتقىن غېرىپ قۇللار،
بىر كېچە مۇندا قونساڭ نە بولغاي.
يىگەن - ئىچكىنىم زەھەر - زوقۇمدۇر،
ئولتۇرۇپ - قوپقىنىم دەردۇ - ئەلەمدۇر،
بۇ پانى ئالەمدە كوڭلۇم پۇر غەمدۇر،
بىر كېچە مۇندا قونساڭ نە بولغاي.
كۈندىن - كۈنگە بۇ ھالىم بەتتەر،
كېچە - كۈندۈز دۇنيادا يىغلابان ئوتەر،
بىر ئاتلىق قاراقچى بالامنى ئالدىلەر،
بىر كېچە مۇندا قونساڭ نە بولغاي.
ئوتۇپ باج - خىراجدىن ئىنئام ئەيلىسەم،
تۇشكۇن قونالغۇ قىلىپ مېھمان ئەيلىسەم،
رەقىپلەر ئىلكىدىن جۇدا ئەيلىسەم،
بىر كېچە مۇندا قونساڭ نە بولغاي.
يولۇڭدا قىلاي بۇ جانىم قۇربان،
پەيدا بولسۇن ساڭا بۇ پانى جاھان،
تەڭرىم ئەيلىسۇن مۇشكۇلۇڭ ئاسان،
بىر كېچە مۇندا قونساڭ نە بولغاي.
قۇلاق سېلىپ ئىشتكىل بۇ قۇل ئەرزىنى،
سەندىن تىلەرمەن كوڭۇل شادىنى،
ئادىل شاھ دەرمەن غېرىپ ئاتىنى،
بىر كېچە مۇندا قونساڭ نە بولغاي.

— ئەي پادىشاھى ئالەم، — دەپتۇ سودىگەر، — مۇندا قونسام ياخشى بولاتتى. لېكىن مەندە بىر كىشىنىڭ ئامانىتى بار. مۇبادا ئامانەتكە خىيانەت بولۇپ قالسا ئۇنىڭ ئەھدىسىدىن ئەسلا چىقالمايمەن.

— ئۇنداق بولسا، — مەن ئامانەتكە خىيانەت قىلمىغۇدەك كىشىنى چىقىراي. قاچانىكى ئامانەتكە خىيانەت بولۇپ قالسا، ئۇنىڭ جاۋاۋىنى مەندىن ئالغىن.

پادىشا ئىككى غولامنى چاقىرىپ، ئۇلارغا تاپىلاپتۇ:

— ئەي غولاملار، بۇ مېھمانىنىڭ قولىدا كىشىنىڭ ئامانىتى بار ئىكەن، ئۇ ئامانەتتىن كېچىچە ئۇخلىماي خەۋەر ئېلىڭلار.

ئادىل شاھ ئىككى غولامغا بىردىن قىلىچ بېرىپتۇ ۋە سودىگەرگە قوشۇپ قويۇپتۇ. سودىگەر ئىككى غولامنى باشلاپ چىقىپ ھىلقى مەلىكە بار چېدىرنى كورسىتىپ دەپتۇ:

— ئامانەت مۇشۇ چېدىرنىڭ ئىچىدە، ئۇخلىماي سەگەك تۇرۇپ، ئوبدان خەۋەر ئېلىڭلار.

سودىگەر قايتىپ پادىشانىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ. ئۇ كۈنى پادىشا سودىگەرنى ھەرخىل ئوبدان

تائاملارنى قىلدۇرۇپ، ئىنتايىن ياخشى كۈتۈۋاپتۇ. بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلىرىنى بىر - بىرلەپ سوزلەپ بېرىپتۇ. پەرزەنتلىرى بىلەن مەلىكىسىدىن ئايرىلىپ تارتقان دەرت - ئەلەملىرىنى سوزلەۋېتىپ يىغلىۋېتىپتۇ. لېكىن سودىگەر ئۆز سىرىنى ئىزھار قىلماپتۇ.

ئەلقىسسە، داستان ئاڭلىماق كېرەك غولاملاردىن:

— ئى خۇدابەردى ئاداش، — دەپتۇ چوڭ غولام سوز باشلاپ، — مېنى بۇ پادىشا ئالغىنىغا بىر يىل بولدى، سىلىنى ئالغىلى يېرىم يىل بولدى. كۈندۈزلىرى پادىشانىڭ خىزمىتىدە بولىمىز، كېچىلىرى بولسا ھەرقايسىمىز ئۆز ھالىمىز بىلەن بولۇپ، ئۆزئارا مۇڭدىشىپ ئەھۋاللاشـ قۇدەك بولمىدۇق. بۈگۈن بىر كېچە بىزنى بۇ ئامانەتتىن خەۋەر ئالغىلى چىقاردى. بۇ چېدىر ئىچىدە قانداق نەرسە بارلىغىنى بىز بىلمەيمىز. كېچە يېرىملىشىپتۇ. بۇ ۋاقىتقىچە ئۇخلىماي ئويىدان ساقلىدۇق. بۇ چاققىچە سودىگەرلەر ئۇخلاپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمدى ئۇخلاپ قالساق، شۇنداق ئامانەتكە خىيانەت بولۇپ قالسا، ئۇنىڭ ھەددىسىدىن ھەرگىزمۇ چىقالمايمىز. ئەمدى تاڭ يورۇغىچە ئۇخلىماي ئولتۇرۇپ، بېشىمىزدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلىرىمىزنى بايان قىلىپ ئولتۇرايلى.

— بولىدۇ، — شۇنداق قىلايلى.

ئۇلار چېدىرغا يېقىن كېلىپ، چېدىرغا يولىنىپ ئولتۇرۇپ سەرگۈزەشتىلىرىنى سوز - لەشكە كىرىشىپتۇ.

— ئەي ئاداش، — دەپتۇ خۇدا بەردى، — مېنىڭ بېشىمدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلىرىمنى سوزلەشكە دىلىم كويىدۇ. جېنىم قاخشايدۇ. ئەگەر بايان قىلىدىغان بولسام، ئەرش، كۇرس، لەۋھى قەلەم تەۋرەيدۇ. ئاي، كۈن، دەريا - دېڭىز، تاغۇ - دەشتلەر لەرزىگە كېلىدۇ. ئاۋال سىلەر سەرگۈزەشتىلىرىڭلىنى بايان قىلىڭلار، ئاندىن كېيىن مەن سوزلەي.

— ئەي ئاداش، — دەپتۇ چوڭ غولام، — مېنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىمنى ئىشىتكىلى سىلە ئاجىز كېلىسىلە. ئەگەر مېنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىمنى ئاڭلىساڭلار ھەرگىزمۇ تاقەت قىلالمايسىلە. مېنىڭ دەردىمگە سىلىنىڭ دەردىڭلار ياماقمۇ بولالمايدۇ. ئاۋال سىلە بايان قىلىڭلار. سوز ئاڭلاشقا مەن خۇشتارمەن.

ئەلقىسسە، خۇدابەردى بارلىق سەرگۈزەشتىلىرىنى بىر - بىرلەپ سوزلەپ ئوتۇپتۇ.

نەزمە:

بايان قىلاي سەرگۈزەشتىم،
سوزۇم ئىشىت جېنىم دوستۇم.
ساڭا ئېيتاي بۇ دەردىمنى،
سوزۇم ئىشىت جېنىم دوستۇم.
پايىتەختىمىز شەھرى يەمەندە،
ئاتام ئىدى ماڭا خۇرسەندە،
بۇلبۇللار سايرىشاتتى چىمەندە،
سوزۇم ئىشىت جېنىم دوستۇم.
بىر كۈن يەتتە تەن قەلەندەر،

مۇشدیئی ئاللا دىدىلەر،
ئالتۇن بەردى يەتتە سەپەر،
سوزۇم ئىشت جېنىم دوستۇم.
چىقىپ كەتتى قەلەندەرلەر،
مەسلىھەت قىلىپ ئۇ بەنگىلەر،
تىنىم تاپماي يەنە كىردىلەر،
سوزۇم ئىشت جېنىم دوستۇم.
قىرىق كۈن پادىشالىقنى تىلىدىلەر،
خۇدا رىزاسى ئۇچۇن دىدىلەر،
ئالەم قوشۇمىسىنى تۇردىلەر،
سوزۇم ئىشت جېنىم دوستۇم.
ئاتام ئۇلارغا بەردى شەھەرنى،
بەردى بىكارلاپ ئوردا ھەممىنى،
ئۇلار ئولتۇرمەك بولدى بىزلەرنى،
سوزۇم ئىشت جېنىم دوستۇم.
كۈندىن ـ كۈنگە كوڭۇللەر خاپا،
قىلغان ئىشىمىز بولدىلار خاتا،
بىزگە قىلدى ئۇلار بەك جاپا،
سوزۇم ئىشت جېنىم دوستۇم.
ئات قۇيرۇغى ساچىلدىلار،
ئاتام بىزلەرنى قاچۇردىلەر،
مۇھەررەم بەچچە خەۋەر بەردىلەر،
سوزۇم ئىشت جېنىم دوستۇم.
ئاتام ئىدى خۇش يولداشىم،
ئانام ئىدى دىل سىرداشىم،
شاھ پەررۇخ قېرىنداشىم،
سوزۇم ئىشت جېنىم دوستۇم.
يوللار يۇرۇپ بىر جايغا كېلىپ،
ئاتقا مىنگەن ئوغرىلار كېلىپ،
ئالداپ ئانامنى كەتتى ئېلىپ،
سوزۇم ئىشت جېنىم دوستۇم.
ئوغرى قولىدا ئانام قالدى،
مەن يىتىمنى غەمگە سالدى،
خۇش مەنزىلىمىز ئاندا قالدى،
سوزۇم ئىشت جېنىم دوستۇم.
شاھ پەررۇخنى قاراقچى ئالدى،

دەريادا ئاتام ماڭا ھەمرا ئدى،
ئوزەم ئاقتىم، ئاتام قالدى،
سوزۇم ئشت جېنىم دوستۇم.
مەن ئۇلاردىن ھەم ئايرىلىپ،
سۇندى قاناتىم ھەم قايرىلىپ،
پادشاغا بەندە بولدۇم،
سوزۇم ئشت جېنىم دوستۇم.
شاھ جەمشىت دەرھەم ئاتىمنى،
كىشى بىلمەس بۇ ھالىمنى،
سورىساڭ تارتقان دەردۇ-ئەلەمنى،
سوزۇم ئشت جېنىم دوستۇم.

ئەلقىسسە، كىچىك غۇلامنىڭ سوزىنى ئاڭلىغان چوڭ غولام تاقەت قىلالماي: "ئاھ، جەمشىتىم ئۇكام، شۇ قېرىندىشىڭ مەن ئەمەسمۇ؟!" دەپ ئوزىنى خۇدابەردىگە ئېتىپتۇ. ئۇلار ھاياجانلىنىپ ھۇشلىرىدىن كېتىپ يىقىلىپتۇ. مەلىكىمۇ بۇ غولاملارنىڭ سوزلىرىنى ئاڭلاش نىيىتىدە چېدىرغا يېقىن كېلىپ ئولتۇرغان ئىكەن. كىچىك-چوڭ غولامنىڭ سوزلە-رىنى ئاڭلاپ، بۇندىن ئون توت يىل ئىلگىرى جۇدا بولغان پەرزەنتلىرى شۇ ئىكەنلىگىنى بىلىپتۇ-دە، چېدىرنىڭ ئشىگىنى بۇزۇپ تاشقىرىغا چىقىپ، ئككى نەپەر يۇرەك پارىسىنىڭ بويىندىن قۇچاقلاپ ھوڭ-ھوڭ يىغلاپ، يىگىۋاشتىن ياشارغاندەك بوپتۇ.

— ئەي يۇرەك پارەم، ئەزىز پەرزەنتلىرىم، — دەپتۇ مەلىكە ياشلىرىنى راۋان قىلىپ،— ئون توت يىلنىڭ مابەينىدە گۇلدەك جامالىڭلارغا ئنتىزار بولغان، پەرزەنت دىدارىغا قانمىغان، دەرت-پىراقىڭلاردا ۋەيران ۋە سەرگەردان بولغان گۇلچىھرە ئاناڭلا مانا مەن ئەمەسمۇ؟...

نەزمە:

دەرد-ئەلەمدە خانىماندىن ئايرىلغان،
ۋاپادار غېرىپ ئاناڭلا مەن ئەمەسمۇ؟
ئشق ئوتىدا قاناتلىرى قايرىلغان،
غەمگۇزار غېرىپ ئاناڭلا مەن ئەمەسمۇ؟
ئاھ بالام دەپ پەريات ئۇرۇپ سورۇلغان،
يۇرەكلىرى ھىجران داغىدا قورۇلغان،
سىلەرنى دەپ يىغلاپ ئنتىزار بولغان،
ۋاپادار غېرىپ ئاناڭلا مەن ئەمەسمۇ؟
نە بولدىلەر ئەجەپ بەختىم قارادۇر،
پەرزەنت ئوتىدا يۇرەك-باغرىم يارادۇر،
ھەسرەت بىلەن كوز ياشلىرىم ئاقادۇر،
ۋاپادار غېرىپ ئاناڭلا مەن ئەمەسمۇ؟

سىلەر ئۈچۈن خۇدايىمغا يالۋۇرۇپ،
گۈلدەك يۈزۈم زەپىرەڭدەك سارغىيىپ،
ئاھ ۋاي دەپ سىلەر ئۈچۈن ياش تۆكۈپ،
شۇل ئىستىگەن غېرىپ ئاناڭلا مەن ئەمەسمۇ؟
گۈلچېھرىدىن ئىشىت مېنىڭ دادىمنى،
ھېچكىم بىلمەس ئېچىنىشلىق ھالىمنى،
سىلەر ئۈچۈن پىدا قىلاي جانىمنى،
مېھرىۋان غېرىپ ئاناڭلا مەن ئەمەسمۇ؟

مەلىكە گۈلچېھرە ئىككى ئوغلىنىڭ يۈزىگە يۈزىنى قويۇپ، قولىنى ئۇلارنىڭ بويىنىغا ساپتۇ، بۇ پەرزەنتلەرمۇ ئانىسىنىڭ مۇرىسىگە ئېسىلىپ زارۇ-زار يىغلاپ بىھوش بولۇپ يىقىلىپتۇ.

قۇياش شىدىرقتىن باش كۆتىرىپ ئالەم يۈزىنى روشەن ۋە مۇنەۋۋەر قىلىشقا باشلاپتۇ. سودىگەر يىگىت كېلىپ قارىغۇدەك بولسا، چېدىرىنىڭ ئىشىگى بۇزۇلۇپتۇ، ئىككى غولام مەلىكە بىلەن گىرەلىشىپ يېتىشىپتۇ. بۇ ھالنى كۆرگەن سودىگەر پادىشانىڭ ئوردىسىغا چېپىپتۇ.

— دات پادىشاھى ئالەم! — دەپتۇ ئۇ ئوردىغا كىرىپلا، — ھىلقى غولاملىرىڭىز دەردىدىن دات! مېنى رەسۋا قىپتۇ!......

— ئەي دوستۇم، — دەپتۇ ئادىل شاھ ئىشنىڭ ئەسلىنى چۈشەنمەكچى بولۇپ، — ئالدىرىماي سۆزلەڭ، نېمە ھادىسە يۈز بېرىپتۇ؟

— ئەي پادىشاھى ئالەم، — دەپتۇ سودىگەر، — مەن باشتىلا ئامانىتىمدىن ئەنسىرەيمەن، دەپ ئېيتقان. جاناپلىرى ئامانەتكە خىيانەت قىلمايدىغان ئادەم چىقىرىمەن، دەپ ئوبدان ئىككى بورىنى، خوتۇنسىزلىقتا زارىقىپ كەتكەن ئىككى قاراقچىنى چىقارغان ئىكەنسىز. مانا ئەمدى كۆرۈڭكى، ئامانەتكە خىيانەت قىلغاندىمۇ راسا خىيانەت قىپتۇ......

**نەزمە:**

مېنى قوندۇرۇپ پادىشاھىم،
جەھەننەمگە راۋا قىلادىڭىز.
ئىگىز تاغدىن كۆپ گۇنايىم،
مېنى دوزاققا راۋا قىلدىڭىز.
سىزگە ئېيتاي مەن دەردىمنى،
كۆرمىگەنسىز مەندەك ھەركىمنى،
قۇرۇتتىڭىز ئەمدى نەسلىمنى،
جەھەننەمدىن چىقالماس قىلدىڭىز.
ئەزىز جانغا جاپا قىلىپ،
مەن غېرىپنى غەمگە سېلىپ،

دوزاق ئۇتىنى جانغا سېلىپ،
ئىمانىمدىن جۇدا قىلدىڭىز.
ئېيتىمىدىممۇ ئى سۇلتانىم،
چىقىپ كەتسۇن تەندىن جانىم،
ۋەدە يالغان توكۇلسۇن قانىم،
بار - يوقۇمنى ئادا قىلدىڭىز.
نەلەر كېچەر تىجارەت مالىم،
دوزاق ئىچرە بولدى جايىم،
كىمگە بولۇر بۇ ۋابالىم،
دوزاقنى ماڭا راۋا قىلدىڭىز!......

— ئەي پادىشاھى ئالەم! — دەپ نىدا قىپتۇ سودىگەرلەر باشلىغى، — مېنىڭ دادىمغا يېتىڭ!

— بۇ ئوڭۇممۇ ياكى چۇشۇممۇ؟ دەپتۇ ئادىل شاھ ھەيران بولۇپ. ئاندىن ۋەزىرلە-رىنى چاقىرىپ بۇ ئەھۋالنىڭ ھەقىقىتىنى ئېنىقلاپ تېپىشقا ئەمىر قىپتۇ.

ۋەزىرلەر چىقىپ قارىسا، سودىگەر دىگەندەك ئىككى غولام گۈزەل بىر مەلىكە بىلەن چىرمىشىپ يېتىپتۇ. ئۇلار دەرھال يېنىپ كىرىپ، پادىشاغا كورگەنلىرىنى يەتكۇزۇپتۇ. پادىشا دەرغەزەپ بولۇپ، "جاللات!" دىگەن ئىكەن، ئىككى تەرەپتىن: "لەببەي پادىشاھى ئالەم!" دەپ، توققۇزدىن ئون سەككىز جاللات ھازىر بوپتۇ.

— ئەي ئۇلۇغ پادىشاھى ئالەم، — دەپتۇ جاللاتلار پادىشانىڭ ئالدىغا كېلىپ، — ئۆزلىرىنىڭ ئومۇرلىرى ئۇزۇن، دولەتلىرى پۇزۇن بولسۇن. تىغىمىز ئىتتىك، ئۆزىمىز تەي-يار. قېنى كىمنىڭ ئومرى ئاخىرىغا يېتىپتۇ، كورسەتكەيلا. دەرھال ئومۇر رىشتىسىنى دۇنيا يۈزىدىن ئۆزۈپ تاشلىغايمىز.

— ئەي جاللاتلار، — دەپتۇ ئادىل شاھ ئورنىدىن تۇرۇپ بۇيرۇق قىلىپ، — بۇ سو-دىگەرلەرنىڭ ئامانىتىگە خىيانەت قىلغان ئىككى غولامنىڭ باشلىرىنى كېسىپ، كاللىسىنى تەنلىرىدىن جۇدا قىلىپ، ئېلىپ كېلىڭلار.

جاللاتلار ئۇچقاندەك چىقىشىپ، چېدىرغا يېتىپ كېلىپ قارىسا، ئىككى غولام گۈزەل بىر سەنەم بىلەن چىرمىشىپ ھۇشسىز يېتىپتۇ، مەلىكە ئازراق ھۇشىغا كەلگەن ئىكەن. جال-لاتلار پادىشانىڭ ھوكمىگە ئاساسەن ئىككى غولامنى سورەپ يانغا چىقىرىپ، باشلىرىنى كېسىپ تېنىدىن جۇدا قىلىپ، پادىشانىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ.

ئەلقىسسە، مەلىكە گۈلچېھرە ئورنىدىن تۇرۇپ قارىسا، ئىككى غولامنىڭ تەنلىرى قانغا مىلىنىپ باشسىز ياتقۇدەك. مەلىكە بۇ ئېچىنىشلىق ھالنى كورۇپ، يورۇق جاھان كوزىگە قاراڭغۇ كورۇنۇپتۇ. ھىجران ئوتىدا ئورتىنىپ ئوزىنى تۇتالماي ھۇشسىزلىنىپ يەنە يىقىلىپتۇ. بىر ئازدىن كېيىن يەنە ھۇشىغا كېلىپ باشتىن - ئاياق يالىڭاچ بولۇپ، بېشىغا تۇپراق چېچىپ پەرزەنتلىرىنىڭ بېشىنى ئېلىپ كەتكەن تەرەپكە قان ئىزىنى بويلاپ يۈگۈرۈپتۇ. بەزى سودىگەرلەر بۇ ئەھۋالنى كورۇپ ئۇنى تۇتۇۋالماقچى بولۇپتۇ. ئەمما مەلىكە قەھرى

بىلەن زەربە بېرىپ ھېچكىمنى يېقىن كەلتۈرمەپتۇ.

ھەر خىل تۇسالغۇلارنى بوسۇپ ئۆتكەن مەلىكە ئوردىغا كىرىپ، يانغا قويۇلغان ئىككى كاللىنى قولىغا ئېلىپ، قانلىق يۈزنى يۈزىگە سۈرتۈپ، ئۆزىنى يەرگە ئېتىپ نالە قىپتۇ:

نەزمە:

ئاھ پەرزەنتىم، ئاھ پەرزەنتىم، ئاھ پەرزەنتىم،
يۈرىگىمنى قان قىلدىڭلار ئەي پەرزەنتىم.
ئون توت يىل مەن قان يىغلىدىم ئاھ پەرزەنتىم،
كەلمەس بولۇپ كەتتىڭلا نەگە ئاھ پەرزەنتىم.
ئون توت يىل كويۇپ ھىجران - پىراقىڭلاردا،
ھىچ خوشلۇق كورمىدىم بۇ ھاياتىمدا،
غەم - غۇسسىدىن قالمىدى نۇر يۈز سىياقىمدا،
مېنى داغدا قويدۇڭلا زەپ ئاھ پەرزەنتىم.
سودىگەر دەپ بىر قاراقچى مەككار تۈلكە،
تونۇشتۇردى كېلىپ ئۆزىن شاھ يەمەنگە،
بولغاچ ئاتاڭ بەك مېھرىۋان غېرىپ - يېتىمگە،
قاراقچىنىڭ دامىغا چۈشتى ئاھ پەرزەنتىم.
قەلەندەر كەلسە تىلەپ پادىشالىقنى،
ئادىل ئاتاڭ قىلدى ئېھسان تاجۇ - تەختىنى،
قەلەندەر بۇزۇپ ئەھدە، قىلغان توختامنى،
ئۆلتۈرمەك بولدى بىزنى ئاھ پەرزەنتىم.
بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ قاچتۇق يۇرتنى تاشلاپ،
ئاتاڭ ماڭدى توختىماي تېز بىزنى باشلاپ،
مەندىن جۇدا ئاتاڭ قالدى يۈزىنى ياشلاپ،
مېنى قويۇپ قايان كەتتىڭ ئاھ پەرزەنتىم.
مېھرىۋان ئاناسىغا باغرى قانمىغان،
كوڭۈللىرى بىر قېتىممۇ خوشال بولمىغان،
يۈرىگى قان زەرداپ بىلەن لىقمۇ - لىق تولغان،
كەتتىڭ قايان يۈرەك پارەم ئاھ پەرزەنتىم.

مەلىكە ھۇشىدىن كېتىپ يىقىلىپتۇ. ئوردا خادىم خوتۇن - قىزلىرى يۈلەپ ئورنىدىن تۇرغۇزۇپتۇ، يۈزلىرىگە گۈلاپ چېچىپ، بۇرنىغا دورا پۇركۈپتۇ. مەلىكە ھۇشىغا كېلىپ كوزىنى ئېچىپتۇ ۋە ئادىل شاھقا قاراپ شۇنداق دەپتۇ:

نەزمە:

ئون توت يىلنىڭ ئىچىدە بولدۇم مەن گادا،
ئى پادىشا بى رەھىم مىنى ھەم ئۆلتۈرگىل.
پەرزەنتىم ھىجرىگە قىلدىڭ مۇپتىلا،
ئى پادىشا بى رەھىم مىنى ئۆلتۈرگىل.
مەن بىلمىدىم ئەجەپ بەختىم قارادۇر،
پەرزەنتىمنىڭ دەردىدە باغرىم كويەدۇر،
جاھان خەلقى مىنى ئۆلتۈرسەڭ رازىدۇر،
ئى پادىشا بى رەھىم مىنى ئۆلتۈرگىل.
جالالاتلىرىڭ پەرزەنتلىرىم بىشىنى كەستىلەر،
ئەزىز تىنى سارغىيىپ تۇپراقتا قالدىلەر،
قىزىلگۈلدەك يۈزلىرى تۇپراق بولدىلەر،
ئى پادىشا بى رەھىم مىنى ئۆلتۈرگىل.
پەرزەنتىم دەپ خانىماندىن مەن كىچىپ،
ھەسرىتىڭدە بىشىمغا تۇپراقلار چىچىپ،
تەسادۇقۇڭ بولاي بۇ جاندىن كىچىپ،
ئى پادىشا بى رەھىم مىنى ئۆلتۈرگىل.
توققۇز ئاي توققۇز كۈن كوتەردىم ئۇلارنى،
تۈنلىرىمۇ ئۇخلىماي بەردىم سۈتۈمنى،
نە سەۋەپتىن ئۆلتۈردۈڭ غىرىپ قوزامنى،
ئى پادىشا بى رەھىم مىنى ئۆلتۈرگىل.
رەھىم ئەيلىمەي نائىنساپ مىنىڭ ھالىمغا،
قويدى خۇدايىم مىنى يامان زالىمغا،
رازىدۇرمەن بۇگۈن توكسەڭ قانىمغا،
ئى پادىشا بى رەھىم مىنى ھەم ئۆلتۈرگىل.
گۈلچىھرە دەرۋاھىم ئاقار كوز يىشىم،
پەرزەنتلىرىم ئىدى مىنىڭ مۇڭدىشىم،
ئىككى دۇنيا مىنىڭ ئۆلپەت سىردىشىم،
ئى پادىشا بى‌رەھىم مىنى ئۆلتۈرگىل.

مەلىكە يەنە ھۇشسىز بولۇپ يىقىلىپتۇ. پادىشا بۇ ھالنى كورۇپ ھەيران بولۇپتۇ.

— ئەي سودىگەر، — دەپ سوراپتۇ پادىشا مىھماندىن، — بۇ مەزلۇم كىشنى باشقىلارنىڭ ئامانىتى دىگەن ئىدىڭ. بۇ مەزلۇم بۇ غۇلاملارنى پەرزەنتلىرىم، دەيدۇ. بۇ زادى قانداق ۋەقە؟ ...... راستىنى ئېيتقىنا، بۇ مەملىكە زادى قانداق ئادەمنىڭ ئامانىتى ئىدى؟! ......

— ئەي پادىشاھى ئالەم، — دەپتۇ كارۋان باشلىقى ئۆزىنى ئوڭلاپ جاۋاپ بىرىپ، — جاناپلىرىنىڭ ئومۇرلىرى ئۇزۇن، دولەتلىرى پۇزۇر بولغاي. بىر كۈنىسى بەش يۈز سودىگەر

بىلەن بىر تاقتا كېلىپ چۈشتۇق. كۈن ئولتۇرۇپ كېچە بولدى. ناھايىتى قاراڭغۇ بولغاچقا، شۇ يەردە يېتىشقا مەجبۇر بولدۇق. باشقىلار يېتىپ ئارام ئېلىشتى. مەن ئۈچ-تۆت غولام-لىرىم بىلەن "ئوغرى-قاراقچىلار بىزگە زىيان سالمىسۇن يەنە" دىگەن ئوي بىلەن ئەتراپقا نەزەر سالدۇق. تاغنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە ئوت كورۇندى، ئۇ يەرگە قاراپ ماڭدۇق بېرىپ كوردۇقكى، پادىشادەك بىر كىشى ئولتۇرۇپتۇ، ئۇنىڭ يېنىدا شاھزادە سۈپەتلىك ئىككى ئوغۇل بالا ۋە گۈزەل بىر مەلىكە ئولتۇرۇپتۇ. مەلىكىنى كورۇپلا ئاشىق-بىقارار بولدۇم، ھەرخىل ئويلاردا بولدۇم. مېنى شەيتان لەئىن يولدىن چىقاردى. مەن ھىلە بىلەن غەممازلىق قىلىپ، ئۇ كىشىنى ئالداپ بىر پەرزەنتى بىلەن مەلىكىنى ئېلىپ يولغا راۋان بولدۇم. ئازراق مېڭىپ ئوغۇل بالىنى ئۇرۇپ ھەيدىۋېتىپ مەلىكىنى مەجبۇرى ئېلىپ قاچتىم-دە، ئوز چېدىرىمگە ئېلىپ كەلدىم. ماڭا شەيتان غالىپ كېلىپ شۇم نەپسىم تەقەززا قىلدى. مەلىكىگە قول سۇندۇم. مەلىكە ماڭا قارشى تۇرۇپ، تەلۋىمنى شەرتسىز رەت قىلدى. مەنمۇ ئۇنىماي ئوز تەلۋىمدە چىڭ تۇردۇم ۋە يەنە مەلىكىگە قول سۇندۇم. مەلىكە: "ئۇنداق بولسا ھازىر مەن ھېيىزدارمەن، بىر قاچا سۇ بەرگىن، تاھارەت ئېلىپ ئوزۇمنى پاك قىلاي، ئاندىن كېيىن ھەر قانداق سوزۈڭ بولسا قوبۇل قىلاي" دىدى. بىر قاچا سۇ كەلتۇرۇپ بەردىم. مەلىكە ئوزىنى يۇيۇپ ئىككى رىكەت ناماز ئوقۇپ، بېشىنى سەجدىگە قويغاندا، كوتۇۋېرىپ كوزۇم ئويقىغا باردى. چۈش كوردۇم. چۈشۇمدە ئاسمان تەرىپىدە بىر تەخت ۋە تەخت ئۇستىدە نۇرانە بىر كىشىنى كوردۇم. ئۇنىڭ ئەتراپىدا بىر قانچە نەپەر ھەمرالىرى ۋە مالائىكىلەر بار ئىدى. قولىدا ئوتلۇق ئۇمۇد تۇتقان، ناھايىتى ھەيۋەتلىك، ئىنتايىن قورقۇنچلۇق، غەزەپكار بۇ مالائىكە كەلگىنىچە يۇزۇمگە قاتتىق بىر كاچات ئۇرغان ئىدى، يۇزۇم شۇئان قارا بولدى. ئۇ مېنى دوزاقىقا تاشلاشقا بۇيرىدى. ياراق-جابدۇقلۇق بىر قانچە مالائىكە كېلىپ، مېنى قوپاللىق بىلەن سورەپ ئېلىپ ماڭدى. مەن بەكمۇ قورقۇپ كەتتىم. يىغلاپ نالە-زارە قىلىپ يالۋۇردۇم، گۇنالىرىمغا توۋە قىلىپ ئەپۇ-مەغپىرەت قىلدىم.

ھىلىقى مالائىكە ماڭا: "ئەگەر مەزكۇر مەزلۇمگە خىيانەت قىلساڭ دوزاقىقا راۋان قىلى-مەن، ئەگەر ئامانەتكە خىيانەت قىلماي ئىگىسىگە تاپشۇرساڭ خاتىرجەم بولساڭ بولىدۇ"، دىدى ۋە بىر نىمىنى ئوقۇپ يۇزۇمگە ھۇردى، يۇزۇم ئاق بولدى. ئاندىن ئۇلار كوزۇمدىن غايىپ بولۇشتى. ئويغانسام كورگەنلىرىمنىڭ ھەممىسى چۈشۇم ئىكەن.

قورقۇپ دەرھال ئورنۇمدىن تۇردۇم. كوڭلۇمنى ۋەھىمە، قورقۇنچ ۋەھشىتى ئىگەللىدى. بۇ مەلىكىنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ قاتتىق توۋە قىلىپ گۇنايىمنى تىلىدىم. مەلىكىنى ئىگىسىگە تاپشۇرماقچى بولۇپ ھىلىقى ئوت قالانغان يەرگە كەلسەم، ئۇ يەردە ھېچكىم كورۇنمىدى. شەھەرمۇ-شەھەر يۇرۇپ ئىزلىدىم، ئۇ كىشىنى تاپالمىدىم. نامەھرەمگە قارىمىدىم. مەلىكىنى چىن كوڭلۇمدىن سىڭىل قىلدىم. شۇڭا پەردە ئىچىگە ئېلىپ يامان كوزلەردىن يوشۇردۇم، ئوزەممۇ قارىمىدىم. مانا ئون توت يىل بولدى، بۇ مەلىكىنى بەش يۇز سودىگەر بىلەن بىللە شەھەرمۇ-شەھەر، چولمۇ-چول ئېلىپ يۇردۇم. لېكىن تېخىچە ئىگىسىنى تاپالمىدىم. شەھە-رىڭىزگە كېلىپ مانا بۇ ئاجايىپ ئىشقا دۇچار بولدۇم. ئىشنىڭ مۇنداق بولۇشىنى مەن نەدىن بىلەي؟!

بۇ سوزلەرنى ئاڭلاپ ئادىل شاھنىڭ يۇرىگى تىترەپتۇ، چىرايى زەپىرەڭدەك سارغى-يىپتۇ.

ــ ئەي سودىگەر، ــ دەپتۇ ئادىل شاھ ئۆز كوزىگە ئىشەنمەي، ــ ھىلىقى مەلىكە مۇشۇمۇ؟

ھەئە شۇ، ــ دەپتۇ كارۋان بېشى.

ئادىل شاھ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، مەلىكىنىڭ بېشىنى يولەپ شەربەت ئىچۇرۇپتۇ. مەلىكە ھۇشىغا كېلىپ كوزىنى ئېچىپتۇ.

ــ ھەي بىچارە مەزلۇم، ــ دەپ سوراپتۇ ئادىل شاھ مەلىكىدىن، ــ مېنىڭ بۇ غولاملىرىم قانداقلارچە سېنىڭ پەرزەنتىڭ بولىدۇ؟

مەلىكە كوز ياشلىرىنى تىنماي توكۇپ تۇرۇپ يەتتە قەلەندەر ۋەقەسىدىن باشلاپ، تاكى ھازىرغا قەدەر كورگەن كۇنلىرىنى بىر بىرلەپ سوزلەپتۇ. ئادىل شاھ مەلىكىنىڭ ئېچىنىشلىق سەرگۇزەشتىلىرىنى ئاڭلاپ، ھەرقانچە قىلىپمۇ ئوزىنى تۇتالماپتۇ. بېشىدىكى تاجىنى يەرگە ئېتىپ، ئوزىنى يەرگە تاشلاپ نالە-زارە قىلىپ يىغلاپتۇ. ئىككى ئوغلىنىڭ تېنىنى كەلتۇرۇپ بېشىغا جۇپلەپ قويۇپتۇ. ئىشىتىڭلار، پادىشاھ نىمە دەيدۇ قېنى:

نەزمە:

ئەرزىمنى ئىشتىكىل ئەمىرزادىلار،
خارۇ-زار بولغان شاھىڭ ئەمەسمۇ؟
ئوز تېغىمدا شىھىت بولغان شاھزادە،
قانى-باغرى يىغىر ئاتاڭ ئەمەسمۇ؟

تىغىم بىلەن ئوزەم پارە ئەيلىسەم،
ياقام يىرتىپ نالە-پەريات ئەيلىسەم،
غەملىك قۇلمەن ئوزۇم ناشاد ئەيلىسەم،
قان يىغلىغان پەقىر ئاتاڭ ئەمەسمۇ؟
پىشانەمگە مۇنداق قىسمەت پۇتۇلدى،
پەرزەنتىم دەردىدىن باغرىم ئۇزۇلدى،
ھەسرىتىڭدە ئاھ ئۇرۇپ يۇرەك يېرىلدى،
قان يىغلىغان غېرىپ ئاتاڭ ئەمەسمۇ؟
ئارمان بىلەن يىغلاي قادىر خۇداغە،
يەرۇ-كوكلەر يىغلىشۇر ئاھۇ-ناداغە،
تونۇتمىدىڭ بالامنى غېرىپ گاداغە،
جامالىڭغا تويمىغان ئاتاڭ پەقىر ئەمەسمۇ؟
غېرىپ بولدى ئەمدى مېنىڭ بۇ باشىم،
غەمگۇزارىم، روزىگارىم، يولداشىم،
ھەم بۇ دۇنيا ھەم ئاخىرەت سىرداشىم،
بۇلبۇل كەبى سايرىغان ئىدىڭ ئەمەسمۇ؟
مەن بىلمىدىم بەختىم ئەجەپ قارادۇر،
ئارمان بىلەن ئومرۇم ئوتۇپ بارادۇر،

ئادىل شاھ دەر: ئۇلۇم ماڭا راۋادۇر،
قان يىغلىغان غېرىپ پادىشاھ ئەمەسمۇ؟......

ئەلقىسسە، پادىشاھ يىغا-زارە قىلىپ ئۆزىنى توختىتالماپتۇ.

— ئەي ۋەزىر-ئۇلۇمالىرىم،— دەپتۇ ئۇ ياشلىرىنى توختىتالماي يىغلاپ تۇرۇپ،— ئەمدى مېنىڭ بۇ دۇنيادا تىرىكچىلىك قىلىشىم دۇرۇس ئەمەس. مېنى بۇ ئىككى پەرزەنتىمنىڭ ئۇلۇگى بىلەن بىللە تىرىكلا كومۇۋېتىڭلار، مەن سىلەردىن ئىككىلا دۇنيا رازى بولايكى، شۇنداق قىلىڭلار، تېزدىن شۇنداق قىلىڭلار!......

ۋەزىر-ئۇلۇمالار، ئوردا ئەمەلدارلىرى، ھوكۇمالار تەسەللى بېرىپ، سەۋرى قىلىشنى تەۋسىيە قىلىشتى. لېكىن پادىشا بىلەن مەلىكىنىڭ ئاھۇ-نالىسى بارغانسېرى ئەۋج ئالدى.

نەزمە:

پەلەك شۇنداق قىپتۇ قىسمەتنى،
بىز قانداق كوتىرىمىز ئەمدى بۇ دەرتنى.
ھىجران ئوتى پارە قىلدى يۈرەكنى،
بىز خالايمىز ئەمدى تىرىك ئۆلمەكنى.
دەرت تولا، ھىجران تولا ھاياتتا،
بىز كورمىدۇق بۇنداق دەرتنى ھىچۋاقتا،
قانلىرىمىز كوز ياش بولۇپ ئاقماقتا،
بىز خالايمىز ئەمدى تىرىك ئۆلمەكنى.
پەرزەنت دىمەك جان ئىكەن ئەجەپ راستىن،
يۈرەكلەرگە سىغامدىغان دەردۇ-غەزەپ.
بۇ ۋۇجۇدنى پارە-پارە قىلساق قانچىلەپ،
بىز خالايمىز ئەمدى تىرىك ئۆلمەكنى.
ئى بۇرادەر، يارۇ-دوست، ئاغىنىلەر،
بىزگە كەلدى پۈتمەس ئېغىر غەم-قايغۇلەر.
كوزلىرىمىز ئوچۇق تۇرۇپ كور بولدىلەر،
بىز خالايمىز ئەمدى تىرىك ئۆلمەكنى.

ئەلقىسسە، ئۇ كۈنى شەھەرنىڭ ئىچىگە بىر غۇلغۇلا ئەزىم پەيدا بولۇپتۇ. ئاسمان-زېمىن لەرزىگە كەپتۇ. بارلىق ۋەزىر، ئۇلۇمالار پادىشانىڭ ئېچىنىشلىق ھالىغا يىغلاپ، ئىچ ئاغرىتىپ تەسەللى بېرىپتۇ، پادىشانى يولەپ دورا ئىچكۈزۈپتۇ.

— ئەي پادىشاھى ئالەم،— دەپتۇ ئۇلار تەسەللى بېرىپ،— قازاغا رىزا، بالاغا سەۋرى قىلىش لازىم. ئوزلىرىگە بىر مەسلىھەت: باغدات شەھرىدە ئابدۇلقادىر ئىسىملىك بىر ئۇلۇغ زات بارمىش، ئۇ زات ئولگەن ئولۇككە ئىشارەت قىلسا، ئولۇك تىرىلىپ قوپارمىش. ئۇ كىشىنىڭ ئالدىغا بېرىپ نەزىر-سەدىقە قىلىپ ئىلتىجا قىلسىلا، ئۇ زاتنىڭ رەھمى كېلىپ دۇئا

قىلسا، بۇ شاھزادىلەر تىرىلسە ئەجەپ ئەمەس.

بۇ مەسلىھەت پادىشاغا ناھايىتى خوش كەپتۇ. باغدات شەھرىنىڭ تەييارلىغىنى قىلىپ (مەيىگە ئالتۇن-كۈمۈشلەردىن سېلىپ، نۇرغۇن توگە-قويلارنى ئېلىپ) يولغا چىقىپتۇ.

سودىگەر زار-زار يىغلاپ "بۇ ئىككى شاھزادىنىڭ كاللىسى مېنىڭ سەۋەبىمدىن كېسىلدى. ئەمدى مەنمۇ بېرىپ ئۇل ئۇلۇغ زاتتىن گۇناھىمنى تىلەپ، قارا يۈزۈمنى شىپالىق توپىلارغا سۈرتۈپ كېلەي"، دەپ بارلىق غۇلاملىرىنى ئازات قىلىپ، دۇنيالىرىنى غېرىب-يېتىم، ئاجىز-پەقىرلەرگە ئۈلەشتۈرۈپ بېرىپ، ئىككى ئايدا باغداتقا يېتىپ بېرىپتۇ.

پادىشا خۇداغا يىغلاپ، نۇرغۇنلىغان خەيرى ئېھسانلارنى قىلىپ، تىلەكلىرىنى تىلەپتۇ. ئۇلارنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولۇپ، ئۇلۇغ زاتنىڭ نەزىرى بىلەن شاھزادىلەر تىرىلىپتۇ. ئادىل شاھ بىلەن مەلىكە دەرھال كېلىپ شاھزادىلارنىڭ بويۇنلىرىغا ئېسىلىپ يىغلىشىپتۇ. خۇداغا شۈكرى ئېيتىپ، باغدات بىلەن خوشلىشىپ، دىيار بەكرىگە يېنىپ كەپتۇ.

ئەلقىسسە، ئەمدى ئىككى كەلىمە سۆزنى ھىلىقى يەتتە قەلەندەردىن ئاڭلايلى: ئۇ كۈنى ئادىل شاھ يەمەن شەھرىدىن قېچىپ چىقىپتۇ، ئەتىسى قەلەندەر شاھنىڭ كىشىلىرى ئادىل شاھنى ئىزلەپ تاپالماپتۇ. ئۇلار: "پادىشالىق بىزلەرگە ئوخچە قالغان ئوخشايدۇ" دەپ ئويلاپ، بارچە شەھەرلەرنى ئۆز تەسەررۇپىغا ئېلىپ، ئۆزلىرى خالىغانچە ھەركەت قىلىپ، دولەتنى پاراكەندە قىپتۇ. بەزى قازى-مۇپتىلارنى، يۇرتنىڭ ئۇلۇغلىرىنى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈپتۇ، بەزىلىرىنى زىندانغا سېپتۇ.

ئەلقىسسە، قەلەندەرلەر شەھەرنى ئون توت يىل سوراپتۇ. بەزىلەر گادايلىشىپ، بەزىلەر باي-كاتتىلاردىن بولۇپ كېتىپتۇ. پەقىرلەر زۇلۇمغا چىدىماي ھەر تەرەپكە قېچىپ كېتىپتۇ. يەتتە بەڭگى قەلەندەر ئۆزئارا پادىشالىق تالىشىپ جېدەل قىلىشىپ، بىر بىرىنى ئۆلتۈرۈپتۇ. ئاخىرىدا بىرلا بەڭگى قاپتۇ.

بىر كۈنى زىندانغا سېلىنغان شەھەرنىڭ ئۇلۇغلىرىدىن يەتمىش كىشى ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپتۇ.

— ئەي بۇرادەرلەر، — دەپ خىتاپ قىپتۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدىن كاتتىراق بىرسى، — ئەمدى بىز مەردانە بولمىساق بولمايدۇ. شۇنداق ئادىل شاھتىن يۈز ئۆرۈپ، ھورۇن، بىكار تەلەپ بەڭگىلەرنىڭ ئالدىمىغا چۈشۈپ بولغان يېرىمىز مۇشۇ. ئىش-ئەمگەكنى ياقتۇرمايدىغان، نىشىدىن باشقىنى ياخشى كورمەيدىغان، دىندار نىقابىغا كىرىۋالغان، ھورۇن، بىكار تەلەپ بۇ بەڭگىلەر ئون نەچچە يىلدىلا ئاۋات، گۈزەل شەھرىمىزنى ۋەيران قىلىپ بولدى. ئاخىرىدا بىزنىمۇ ئۆلتۈرۈۋەتمىسۇن يەنە.

نەزمە:

ئەي بۇرادەرلەر قەدىردانلار،
ئاگاھ، دانا بولايلى ئەمدى.
بىكار تەلەپ زەنگىلەرگە،
بوزەك بولۇپ تۇرمايلى ئەمدى.
زەنگىلەرنى بىز ئادىل ئويلاپ،

ئشنپ ئاخر بىر بولدۇق خاراپ،
قىرىنداشلارمۇ كەتتى تاراپ،
قورقۇپ قاراپ تۇرمايلى ئەمدى.
ئوز ۋاقتىدا ئېلىپ ساۋاق،
زەنگىلەرنى ئاغدۇرمساق،
بۇرنىمىزدىن بولغاي بۇلاق،
قورقۇپ قاراپ تۇرمايلى ئەمدى.
ئىتتىپاقلىشىپ قىلىپ بىر غازات،
ئادالەت دەپ قىلايلى جاهات،
ئاخر ھەممىمىز بولۇشچۇن ئازات،
مۇشنى قاتتىق تۇگەيلى ئەمدى.
قەھرىمانلىق كورستىپ بىر،
ئادالەتكە يەتكەيمىز تېز،
ئەلنى-يۇرتنى قۇتقۇزغايمىز.
قورقۇپ قاراپ تۇرمايلى ئەمدى!......

ئەلقىسسە، ئۇلار مۇگدىشىپ مەسلىھەتلىشىپ قەتئى قارارغا كەپتۇ: شەھەر خەلقى جەم بولۇپ، يېرىم كېچىدە قوزغىلىپ چىقىپ ئوردىغا باستۇرۇپ كىرىپ، ھورۇن، بەڭگى پادشاھنى تەختتىن تاۋۇتقا تارتىپ، ئەل يۇرتىنى ھالاكەتتىن قۇتقۇزماقچى بوپتۇ. شۇ مەسلىھەت بىلەن بىر كۇنى يېرىم كېچىدە قوزغىلىپ، پۇتۇن خەلقنى قوزغاپ ئەگەشتۇرۇپ پادشانىڭ ئوردىسغا باستۇرۇپ كىرىپتۇ. ھىلقى ھايات قالغان زەنگى قەلەندەر باشقا ھەمرالىرى بىلەن نەشە چېكىشىپ چالا مەس ئولتۇرغان ئىكەن. ئۇلار نىمە ھادىسە بولغانلىغىنى بىلمەي قاپتۇ. خالايىقلار ئۇنى باغلاپ دارغا ئېسىپ ئولتۇرۇپتۇ.

نەزمە:

قوزغىلىپ ئەل چىقسا جەڭگە،
تەڭ كېلەلمەس ئاڭا بەڭگە.
ئادالەت كۇلمەيدۇ بېقىپ،
قورقۇپ ئەل ئالسا يېتىپ.
ئاخر ئولۇم ھەممىمىزگە بار،
قورقساق زۇلۇم بىزنى قىلار خار.
قورقۇنچاقلىق بىزگە نومۇس-ئار،
زالىملارغا ياسايلى بىر دار.
ئەلنى-يۇرتنى يۇيۇپ قان بىلەن،
قىلايلى ئازات ئېزىز جان بىلەن.

سوقۇا بىرىپ دۇشمەنلەرگە،
تەڭسىزلىكنى كومەيلى يەرگە! ......

ئەلقىسسە، يەمەن خەلقى غەلىبە قىلىغاندىن كېيىن، ئادىل شاھنىڭ دىيار بەكرىدە بارلىقىنى ئاڭلاپتۇ. شەھەر خەلقى مەسلىھەت قىلىپ، ئادىل شاھقا نامە يېزىپ ئەۋەتىپتۇ. نامىنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىكەن.

نەزمە:

ئادىل شاھ سوزىمىزنى ئاڭلىغايلا،
ئىلتىپات قىلىپ تەلۋىمىز يەردە قويمىغايلا،
هورۇن - زالىم بەگلەرنى قۇرۇتتۇق،
ئۈمىت - ئارزۇ، ئىشەنچ بىلەن تۇرۇۋپتۇق.
يۇرتىمىز باش - ئىگىسىز بولۇپ قالدى،
ئوزلىرىنى يۇرەكلەر كوپ سېغىندى.
كېلىپ تېزدىن بولغايلا يۇرتقا ئاتا،
توۋە قىلدۇق بىز قىپتىمىز كوپ خاتا.
ئاتا ئوتەر بالىسىنىڭ گۇناھىدىن،
سىلىگە تىلىدۇق رەھمەت ئىلاھىدىن.
يۇرتىمىزغا قايتىپ كېلىپ ئى ئادىل شاھ،
پەقىرلەر دادىمىزغا بولغايلا ئاگاھ.
تەنلىرىنى ساق قىلسۇن ئۇلۇغ خۇدايىم،
ئەمىرلىرىگە بوي سۇنغايمىز ئەمدى بىز دائىم.

خالايىقلار تۇرغۇن سوغا - سالام بىلەن ئەلچىلەرنى يولغا ساپتۇ. ئەلچىلەر نامەنى ئېلىپ نەچچە ۋاقت يول يۇرۇپ، دىيار بەكىرگە يېتىپ كەپتۇ. ئادىل شاھ بىلەن كورۇشۇپ، سوغا - سالاملارنى ھەدىيە قىلىپ، نامىنى ئىككى قوللاپ تۇتۇپ بىرىپ، قول قوشتۇرغان ھالدا جاۋاپ كۇتۇپ تۇرۇپتۇ.

ئادىل شاھ نامەنى قولىغا ئېلىپ مۇلاھىزە قىلىپ كورۇپتۇ.

نەزمە:

يەمەننىڭ پۇقرالىرىدىن كېلىپتۇ نامە،
ئۇستۇمدىدۇر دىيار بەكرىدىن جامە.
بۇ يەردىن يۇز ئورسەم ھەرگىزمۇ بولماس،
ئۇلارغا ئىلتىپات قىلمايمۇ بولماس.

خار بولۇپ يۇرگىنىمدە چوللەرنى كېزىپ،
بېشىمغا قوندىلەر ئاق قۇش كېلىپ.
ئۇزەمنى ئول قۇشتىن قىلالماي جۇدا،
دېدىمكى: "مىڭ رەھمەت ساڭا ئەي خۇدا!"
پادىشالىق تاجىنى كەيدۇرۇپ باشقا،
ئاغزىم ئۇلاشتىلەر لەززەتلىك ئاشقا.
پادىشالىق تاجۇ-تەخت مېنىڭ بولدى،
سائادەت دولتى كېلىپ قوندى.
كۇنسېرى ئىقبالىم يۇرۇپ باردى،
نىجاتلىق يۇلتۇزۇم پارلاپ ياندى.
شۇكرى خۇدانىڭ شۇ رەھمىتىگە،
رەھمەت يۇرتنىڭ شۇ ھىممىتىگە.

ئادىل شاھ ئىلگىرى يەمەن خەلقىدىن كوڭلى رەنجىگەنلىگىنىمۇ ئەسلەپتۇ. ئەمما ئاخىرى ئۇنى ئىچىگە يۇتۇۋېتىپتۇ. ئۇز ئورنىدا كارۋان بېشىنى پادىشا قىلىپ خەت پۇتۇپتۇ-دە، موھرىنى بېسىپ ئەلچىلەرگە قوشۇپ يەمەنگە ئەۋەتىپتۇ.

ئۇ سودىگەر يەمەنگە بېرىپ پادىشا بولۇپ، شەھەرلەرنى ئۇز تەسەرۇپىغا ئاپتۇ. ۋەيىران بولغان يۇرتلارنى ئاۋات قىلىش، غېرىپ، ئاجىز پەقىرلەر ھالىغا يېتىش تەدبىرلىرىنى قىلىشقا باشلاپتۇ. دادۇ-ئەدىل بىلەن ئىش كورۇپ، يۇرتنى مۇنەۋۋەر قىپتۇ.

رىۋايەتچىلەر شۇنداق ھىكايە قىلىپتۇركى، ئادىل شاھ ئالەمدىن ئوتۇپتۇ، ئورنىغا مەلىكە گۇلچېھرە شاھلىق تەختىدە قارار تېپىپتۇ. ئەل-يۇرتنى دادۇ-ئەدىل بىلەن باشقۇرۇپ، يۇرتنى پاراۋان، گۇزەل، ئەلنى باي، خوشال قىپتۇ.

# ئۇيغۇر خلق قوشاقلرى

ئاتام بولسا، ئانام بولسا،
ئۆلۈم بولمسا،
ئۆلگەنلەرگە جەننەت بولسا،
دوزاق بولمسا.

ئاتامۇ هايات بولسا،
ئانامۇ هايات بولسا.
هالىتا بۇدەم يەتسەم،
دەردىنى ماڭا ئېيتسا.

ئاتا ـ ئانا، قېرىنداشنى،
تېرىسا ئۈنمەس.
كوز ياشىمى دەريا قىلسپ،
سۇغارسام قانماس.

ئاتاسى يوقمىكىن يارىنىڭ،
ئاناسى يوقمىكىن يارىنىڭ.
بېرىپ چوللەردە ياتقۇنچە،
ماكانى يوقمىكىن يارىنىڭ.

ئاتامىۇ ئۆلۈپ قالغان،
ئانامۇ ئۆلۈپ قالغان.
ئاتام بىلەن ئانامدىن،
بىر پارچە پالاز قالغان.

ئاتام مېنى تاشلاپ ئەتتى،
ئەسكى چالما دەپ.
ئانام بولسا باقار ئىدى،
قىزىل ئالما دەپ.

ئاتاسىز قالغان ئادەم مەن،
ئاناسىز قالغان ئادەم مەن.
كىشىنىڭ يارىنى يار دەپ،
يارسىز قالغان ئادەم مەن.

ئاتا لازىم، ئانا لازىم،
چىن دوستقا ۋاپا لازىم.
ۋاپادار يارىڭ بولسا،
باشقىسى نىمە لازىم.

ئاتا ـ ئانام كويى تاغ
ئۆلۈپ كېتەرىن بىلمىدىم.
بۇ مېنىڭ يالغۇز بېشىم،
مۇڭغا قالارىن بىلمىدىم.

ئاتالاردىن ئايرىلدۇق،
ئانالاردىن ئايرىلدۇق.
قىزىلگۈل غۇنچىسىدەك،
ياخشى ياردىن ئايرىلدۇق.

ئاتامدىن كەيىندىم مەشرۇ،
ئانامدىن كەيىمدىم مەشرۇ.
خۇدايىم بەختىمنى بەرسە،
كىيەرمەن يارىمدىن مەشرۇ.

ئاتنى ساتمىسام بولماس،
دەرتنى تارتمىسام بولماس.
پۇلۇم يوق دىگەن بىلەن،
خوتۇن ئالمىسام بولماس.

ئاتام سەنسەن، ئانام سەنسەن،
قايدا باردۇرسەن.
قاشنى ئېتىپ، كوزنى قىسىپ،
جاننى ئالۇرسەن.

ئاتا لازىم، ئانا لازىم،
تاماكىغا چىلىم لازىم.
سېنىڭدەك ياخشى يار بولسا،
ماڭا ئوقەت نىمە لازىم.

ئات مىندىم ئىگەر بىلەن،
باشىندا يۇگەن بىلەن.
دەردىم تولا ئىچىمدە،
مەن مۇنداق يۇرگەن بىلەن.

ئاتلىرىڭنىڭ ئىچىدە،
مىنگىدەك ئېتىڭ بارمۇ؟
مىنىپ ئارقاڭغا قارايسەن،
يارغا بىر گېپىڭ بارمۇ؟

ئاتلىرىمنى قويۇپ ئەتتىم،
كوكو بۇلاققا.
بىزنىڭ يارلار چىقتىمىكىن،
جىگدىلىك باققا.

ئات مىنىپ كىمخاپ كىيىپ،
قۇش قۇشلىماغلىق قانچە ئىش؟

ئۇز ئىشىنى ئۇزى بىلگەن،
قانداقلا بولسۇن ياخشى ئىش!

ئاتلارنى ھەيدەيدىكەن،
ياپ - يېشىل يايلاقلارغا.
يار دەردى يامان ئىكەن،
چىقىپ كەتسەم يىراقلارغا.

ئاتنى مىندىم ئىگەرسىز،
تاققا چىقتىم يۇگەنسىز،
يارى تۇرۇپ يار تۇتقان،
يۇزى قارا ئىمانسىز.

ئاتلىدىم ئوتەلمىدىم،
چامدىدىم يېتەلمىدىم.
ئارزۇلاپ تۇتقان يارىمنى،
مەن تاشلاپ كېتەلمىدىم.

ئاتلارنى تۇتۇپ قويدۇق،
كورۇنگەن قارا تۇزگە؛
بارساڭلا سالام دەڭلا،
بىزنىڭ يار قارا كوزگە.

ئاتلاپمۇ ئوتەلمەيمەن،
سەكرەپمۇ ئوتەلمەيمەن.
بالدۇر قىلغان ۋەدەمگە،
ئۇمىتنى ئۇزەلمەيمەن.

ئاسمانغا چىقاي دەمسەن،
بۇلۇتقا مىنەي دەمسەن.
ئوزەڭ قىلىپ يامانلىقنى،
كىملەرنى يامان دەيسەن؟

ئاسمانلاردا ئاي پاتتى،
بىر ۋاقلاردا تاڭ ئاتتى.
بىۋاپانى يار تۇتسام،
يوللىرىغا قاراتتى.

ئالما ئاتتىم تېرەككە،
يېنىپ چۈشتى كوكرەككە.
ئالتى ئاي بولدى بۇ دەرتكە،
ئورناپ كەتتى يۈرەككە.

ئالما يەيلى، غورا يەيلى،
توپە شاخلارنى ئېگىپ.
مېنىڭ ئاندا بىر يارىم بار،
ئولمىگەيلەر تىل تېگىپ.

ئالما گۈلى قىسماقلار،
توزۇپ كېتىدۇ يەرگە.
چىرايلىقتىن يار تۇتماق،
تېگىپ كېتىدۇ ئەرگە.

ئالموتۇغا بارمايمەن،
سايدا پۇتۇم ئاغرىيدۇ.
ئىلىدىكى يارىمغا،
ئەمدى ئىچىم ئاغرىيدۇ.

ئالتەشەدە بارمىكىن،
سەن يارىمدەك ئاي چىراي.
ئىلاندەك تولغىنىپ چىقساڭ،
قانداق سەندىن ئايرىلاي؟

ئالما پىشتى چۈشىسكەن،
سۆەتلىرىم تولىسكەن.
يىراقتىكى يارىمغا،
خەت ئەۋەتسەم تەگىسكەن.

ئالما شېخى گۈل شېخى،
سۇنسا سۇنار قايرىلماس.
چىن يۈرەكتىن سويگەن يار،
ئولمىگىچە ئايرىلماس.

ئالما بەرمىگەن يارنى،
ئالما بەردى دەرمەنمۇ؟

كوڭۈل بەرمىگەن يارنىڭ،
ئوتىدا ئولەرمەنمۇ؟

ئالمىنىڭ شېخى تولا،
ئېگىلىپ سۇنمايدىكەن.
يارنىڭ دەردى تولا،
گېپىدە تۇرمايدىكەن.

ئالتۇن قەپىزىم بولسا،
بۇلبۇلنى باقاي دەيمەن.
كوڭلۇمدىكى يار بولسا،
كوكسۇمگە ياقاي دەيمەن.

ئالمىلىق دەريا بويىدا،
ئېچىلىپتۇ لەيلىگۈل.
سەن ئوزەڭگە لەيلى بولساڭ،
مەن ئوزەمگە تاجىگۈل.

ئالما بەرسەم ئالمايسىز،
جىگدە بەرسەم يېمەيسىز.
قايسى باينىڭ قىزىسىز،
بىزنى كوزگە ئىلمايسىز؟

ئاللا يارىم كەڭ يايلاقتا،
ئوزەڭ يايلامسەن؟
سېمىز قوينىڭ قوزىسىدەك،
سەكرەپ ئويناسەن؟

ئالتاي ياتتۇق مىنگاقدا،
سوكسوك بىلەن ئوت قالاپ.
كوزنىڭ خۇمارى ئاقتى،
يارنىڭ يولىغا قاراپ.

ئالتىنچى ئاينىڭ ئاپتۇۋىدا،
كويدى پىشانەم.
ئولۇپ كەتسەم سىزگە قالسۇن،
مېنىڭ نىشانەم.

ئالتۇن بولسا، كۇمۇش بولسا،
سالسام بىلەككە.
يىراقتىكى يارنىڭ ئوتى،
تەگدى يۈرەككە.

ئالتۇن پىچاق، كۇمۇش پىچاق،
بىلىمسە ئوتمەس.
يىراقتىكى يارنىڭ ئوتى،
سۇ قۇيسام ئوچمەس.

ئالادۇرسەن، رازىدۇرمەن،
ئالساڭ جانىمنى.
بىر ئاللادىن تىلەيدۇرمەن،
كوڭۇل شادىمنى.

ئالتۇن بىلەن ئەينەكنى،
كىم سوققاندۇ چەينەكنى.
تاپقان بولساڭ مەندەكنى،
مەن تاپارمەن سەندەكنى.

ئاق ئالما، قىزىل ئالما،
چىچىكىغا جالا سالما.
ئاكام سىنى ئالمايدۇ،
كەلگەنلەرنى ياندۇرما.

ئاق سارايدىن چىققتى يارىم،
چىن توگانى پۈركىنىپ.
قولىدا زەيتۇنە ياغلىق،
تال چىۋىقتەك تولغىنىپ.

ئاق دادام، ئاپپاق دادام،
قەشقەرغە بارغۇم كېلىدۇ.
ئاق سارايىڭ ئالدىدا،
ئاماكا تارتقۇم كېلىدۇ.

ئاققىنە ئايدەك يۈزۈڭگە،
زەيتۇنە خالىڭ بولاي.
كىچە يانىڭدا يېتىپ،
كۈندۈزى خېبەردارىڭ بولاي.

ئاققىنادۇر ئۆزىڭىز،
ئاتلىققىنادۇر سوزىڭىز.
چاۋا يىگەن مۇشۇكتەك،
پاقىرايدۇ كوزىڭىز.

ئاق بوز ئېتىم ئوبدانمۇ،
كوك بوز ئېتىم ئوبدانمۇ.
پۇل تېپىپ بەرسەم ئوبدانمۇ،
ئۆزەم ساڭا يامانمۇ؟

ئاق تاۋاردىن تون كىيىپسىز،
شايتوۋادىن يوقمىدى؟
شەھەر ئارىلاپ يار تۇتۇپسىز،
شەھىرىڭىزدە يوقمىدى؟

ئاق ئۈزۈم پىشتى توكۇلدى،
يەپ باقمىدىم تاتلىقمىكەن.
بۇ دۇنيانىڭ دولىتى،
ئاتام بىلەن ئانام ئىكەن.

ئاقتى سۇلار، تامدى سۇلار،
دەريانىڭ بەختى.
مەن يارىمغا باقاي دىسەم،
ئوقەتنىڭ ۋاقتى.

ئاقسا سۇلار، تامسا سۇلار،
دەريانىڭ بەختى.
قاچان توگەر، قاچان كېتەر،
زۇلۇمنىڭ ۋاقتى.

ئاق ئالماڭنى تەرمەيمەن،
ئېتىكىمنى لاي قىلىپ.
سەن يارىمنى سويمەيمەن،
مەن ئوزەمنى خار قىلىپ.

ئاق تېرەكنىڭ تۇۋىدە،
مېنىڭ يارىم سازەندىدۇر.
سازىدا ئۈن بېرىدۇ،
دىدار كۆرۈشمەك نەدىدۇر!

ئاق ساراي ئاپپاق ساراي،
ئالدىڭغا مەن باراي.
ئاداۋەت ساقلىساڭ يارىم،
چاي قۇيۇپ كوڭلۇڭنى ئالاي.

ئاغرىپ ياتسام ئۆلگىنى،
يارىم كەپتۇ كورگىنى.
قوپقىلى دەرمانىم يوق،
يارغا تازىم قىلغىنى.

ئاغزىـدىن ئالما پۇرايدۇ،
لەۋلىرىدە باردۇر ئانار.
بىردەم ئولتۇرسىلا قاشىمدا،
ئۇسسۇلۇق باغرىم قانار.

ئاشىق بولسەن دەيدۇ،
جانغا كويسە بولمامدۇ؟
ئادەم بالىسى تولا،
قەدرىنى بىلسە بولمامدۇ؟

ئاشىق تۇتساڭ مېنى تۇت،
بىر كون كېرەك بولارمەن.
دۇشمىنىڭنىڭ ئالدىدا،
تاش يۈرەكلىك بولارمەن.

ئاھ يارىم چاققان جۇگان،
جاھانغا ئوت ياققان جۇگان.
بېشىنى قاتتىق تاراپ،
يارنى قاخشاتقان جۇگان.

ئاھ يارىم چىداڭ ھامان،
قاراڭغۇ ئايدىڭ يامان.

ئىشقى ئوتى ماڭا چۈشتى،
دوزاق ئوتىدىن يامان.

ئاپپاق ئايدىڭغا چىقسام،
ئاي ماڭا يولداش بولسا.
مەن ئوزۈم يالغۇز ئوغۇل،
يار ماڭا مۇڭداش بولسا.

ئاپپاق ئايدىڭغا چىقىپ،
ئاي كورۈندۈمۇ ساڭا؟
ئىشىگىڭدىن تولا ئوتۇپ،
خار كورۈندۈمۇ ساڭا؟

ئاپپاق ئوپكىدەك يارىم،
ئاۋار كوپىدەك يارىم.
ھىلىقى قىلغان خۇيلىرىڭغا،
قوساق كوپكىدەك يارىم.

ئامبالنىڭ قىزى،
داينىڭ قىزى.
چوقۇر دىمەڭلا،
تاياقنىڭ ئىزى.

ئامبىلى ئالدىدا،
دايىسى كەينىدە.
مەن قاندان قىلاي،
زۇلۇم دەردىدە.

ئامبىلى ئاق ئاتلىق،
دايىسى كوك ئاتلىق.
كۇندىلا يىغلايدۇ،
گۇناسىز "تاتلىق".

ئامبىلغا ئاق چاي،
دايىسغا كوك چاي.
گۇندىغا سالغاننىڭ،
كېپىننى پىچاي.

ئامرىغىم سېنى بار دەپ،
بۇ مەلەڭدە ئۈينايمەن.
سېنى مەلەڭدە كورسەم،
تاڭ ئاتقىچە ئويلايمەن.

ئايۇنىڭنى بىلمەيمەن،
سارىيىڭغا كىرمەيمەن.
قاچان كېلىسەن يارىم،
قارايىڭنى بىلمەيمەن.

ئايۇنىڭدا جۇپ ساندۇق،
سارىيىڭدا يوق ساندۇق.
ئالتاي بولدى خېتىڭ يوق،
نىمە بولغاندۇ دەپ قالدۇق.

ئايمۇ كوكتە، كۈنمۇ كوكتە،
چاقى پەلەكتە.
يىمەكتە ئەمەس ئىچمەكتە ئەمەس،
يارنى كورمەكتە.

ئاينىڭ ئايدىڭى يوق،
بۇلۇت قېشىدا بار ئۈچۈن.
يارنىڭ يادىدا يوق،
يار قېشىدا بار ئۈچۈن.

ئايمۇ كوكتە، كۈنمۇ كوكتە،
چاقى پەلەكتە.
يارنىڭ كوڭلى بولەك يەردە،
مەن بۇ ئەمگەكتە.

ئايمىدۇ، ئايلامىدۇ،
ئايغا بۇلۇت دالدامىدۇ؟
بىۋاپا يارلار ئۈچۈن،
تۈگمەن تېشى زايامىدۇ؟

ئايرىلغىنى ئۈچ كۈندۇر،
يارنىڭ دەردى مۈشكۈلدۇر.
بىلمەيمەن نېچۈك هالدۇر،
چىرايىم سېرىق گۈلدۇر.

ئارا ئۇستەڭ توغراقلىقتۇر،
يارىمنىڭ جايى.
قاراپ يارغا ئەسىر بولدى،
كوزنىڭ قاراغى.

ئارىدا تام بولمىسا،
يارىمنى كورسەم پات ـ پات.
يارىمنىڭ باسقان ئىزىدا،
ئېچىلدى گۈللەر قات ـ قات.

باغ ئارالاپ، تاغ ئارالاپ،
تەگەن ئوقنىڭ سانى يوق.
ئوق تېگىپتۇ يار جانىغا،
قىمراغۇنچە هالى يوق.

باغدا بىر گۈل بار ئىدى،
شاخىدا بۇلبۇل سايرىدى.
ئول خۇدانىڭ بۇيرۇغى،
بۇلبۇلنى گۈلدىن ئايرىدى.

باققا كىرمەك ئاساندۇر،
شورى بولغاندىن كېيىن.
يارنى سويمەك ئاساندۇر،
كوڭلى بولغاندىن كېيىن.

باغىڭغا كىرىپ ئالىپ،
ئۈرۈك ئىرغىتاي يارىم.
ناخشامغا قوشۇپ ئالىپ،
سېنى يىغلىتاي يارىم.

باغىڭدىكى تاللارنى،
خامان هايدىسا لازىم.
ئوينايمەن دەپ ئېيتساڭچۇ،
مەن ساڭا قىلاي تازىم.

باغىڭغا كىرىپ ئالدىم،
شاپتۇلاڭنى يەپ ئالدىم.
ئوينىمساڭ ئوينىما،
مەن سەندىن كوڭۇل ئالدىم.

باغدىكى تېرەكلەرنى،
بەسلىشىپ كېسەيلىمۇ.
ئىككى دەرتمەن بىر بولۇپ،
ئوز يۇرتقا كېتەيلىمۇ؟

باغۇلۇق، هەي باغۇلۇق،
تامدىن مارىلاپ يانغۇلۇق.
بەندىلىككە چارە يوق،
يىغلاپ يۇرۇپ ئاه ئۇرغۇلۇق.

باقغا بوستان سالىمەن،
سايىسىدىن ئوتسەڭچۇ يارىم.
گۇل هارىغى تۇتىمەن،
مەس بولۇپ ئىچسەڭچۇ يارىم.

باقغا كىردىم گۇل ئۇزەي دەپ،
گۇل ياتىدۇ شېخى بىلەن.
گۇل ئېچىلغاندا كىرىڭ،
باغلاپ بېرەي باغى بىلەن.

باغچىلارەي، باغچىلار،
گۇل ئېچىلغان باغچىلار.
سىز خېنىم قۇلاق سېلىڭ،
سىزگە ئېيتقان ناخشىلار.

باغىڭدىكى ئالماڭنى،
چىشلەپ يەيمەن ئۇزمەيمەن.
سېنىڭدەك گۇزەل ياردىن،
ئولسەم ئۇمىت ئۇزمەيمەن.

باغدا ئالما پىشىپتۇ،
يەرگە توك ـ توك چۇشۇپتۇ.
قاملاشمىغان يىگىتكە،
ئەجەپ كوڭلۇم چۇشۇپتۇ.

باراڭنىڭ ئىچى سايى،
ئەتراپى ئۇنىڭ گۇلدۇر.
گۇل سايىسىدا ئولتۇرغان،
مېنىڭ يارىم قىزىلگۇلدۇر.

باراي دەپ جابدۇپ ئىدىم،
قويمىدى پەلەك بىزنى.
بېرىپ يانغان كىشىلەردىن،
تولا سورىغىن كىلۇر سىزنى.

بارادۇرمىز، يانادۇرمىز،
ياخشى قېلىڭلار!
ئىگىز داۋان ئاشادۇرمىز،
شوتا سېلىڭلار.

بارساڭ يار بېرىپ تۇرغىن،
ئارقاڭدىن يېتىشەرمەن.
يامان ئېرىڭدىن قورقساڭ،
سايىدا تېپىشارمەن.

بارغىدەكمۇ ئەمەسمەن،
بارالغىدەكمۇ ئەمەسمەن.
يارنىڭ تىللىغان ئەلىمگە،
چىدالغىدەكمۇ ئەمەسمەن.

بارغىچە ئاسانلا باردىم،
يولنى بىلمەي ساي بىلەن.
يانغىچە ياردار كىيىكتەك،
ئىككى كوزۇم قان بىلەن.

بارچە ئىللەتنى ماڭا،
سالدى خۇدايىم نە قىلاي.
تەغدىرى ئاللا خۇداغا،
مەن نىچۇك چارە قىلاي.

باغچە، باغچە گۇل تېرىپ،
بىر باغچە گۇلگە تولمىدى.
شۇل خۇدانىڭ تەغدىرى،
مېنى يارغا قوشمىدى.

باغنىڭ ئىچىدە ئىلان،
كوس-كوس بوپتۇ چىلان.
مېنى ئوتتۇڭغا سېلىپ قويۇپ،
ھەجەپ قىلدىڭخۇ ۋەيران.

بىلگىنزنى باغلايسىز،
تۇگمىگىنزنى ئەتمەيسىز.
بېشىمىزغا مۇڭ چۇشتى،
ھالىمىزغا يەتمەيسىز.

بىۋاپادىن ئاگلىدىم،
باغرىغا تاشنى باغلىدىم.
بىۋاپا سەن يار ئۇچۇن،
گوبىدا قان يىغلىدىم.

بىر بالاغا سالدىلا،
ئىككى بالاغا سالدىلا.
بوينى باغلاق بوز لاچىندەك،
ئىنتىزارغا سالدىلا.

بىر كىتاپتا سوزلىگىدەك،
تامغۇدەك ياشىم مېنىڭ.
ئاقۇەت يار كويىدا،
كەتكۇدەك باشىم مېنىڭ.

بىر ۋەدە قىلىپ ئەردىم،
ۋەدەمدە تۇرۇپ كەلدىم.
يار ۋەدىسىگە تۇرماپتۇ،
ئورۇلۇپ يېنىپ كەلدىم.

بىزنىڭ ئويىمىز بەك پەس،
ئۇستىدىن بۇلۇت كەتمەس.
ماختىغان بىلەن يارنى،
كىشىنىڭ ھالىغا يەتمەس.

بىزنىڭ باغدا جىنەستە،
تۇگەپ كەتتى يىمەستە.
يار ئىگىزدە مەن پەستە،
ئۇركۇپ كەتتى كورمەستە.

بىزنىڭ يارلا ئوزى كىچىك،
چىرايى كۇلگەك.
مەن شۇ ياقتىن دارىپ ئوتەي،
يارىمنى كورگەچ.

بىزنىڭ باغدا ئانار گۇل،
ئانارلىرىدىن يەپ قويۇڭ.
بىزنى يارلا سورىسا،
يۇرىدۇ ئامان دەپ قويۇڭ.

بۇلبۇل دىگەن بىر قۇشتۇر،
سايرىسا ئۇنى خوشتۇر.
بەش كۇنلۇك شۇ ئالەمدە،
يار بىلەن كوڭۇل خوشتۇر.

بۇگۇن ئايغا ئون يەتتە،
يارىم كەلسە ئەلۋەتتە.
يارىم كەلسە كەلمەمدۇ،
ئەمدى بىر خىجالەتتە.

بۇگۇن ئالتى كۇن بولدى،
قەلەندەرخانىدا ياتتۇق.
كۇلا بىلەن جەندىنى،
خۇدا يولىدا ساتتۇق.

داۋانچىگدىكى قورغان،
مەھرەم باللانىڭ جايى.
يەتمەمدۇ خۇدايىمغا،
غېرىپ باللانىڭ ئاھى.

دەرتنىڭ تولىسى كەتتى،
مەن ئاتىمنى سالمايمەن.
بۇ ئالەمدە دەرت تارتسام،
ئاخىرەتتە تارتمايمەن.

دەردى تولدۇر يارنىڭ،
كوڭلىنىڭ ئارامى يوق.
بىللە يۈرەيلى يارىم،
بۇ ئىشنىڭ يامانى يوق.

دەرتنىمۇ دەرتمەن بىلۇر،
ئاغرىقنىمۇ تارتقان بىلۇر.
كۈچ بىلەكتە دەرت يۈرەكتە،
دەرتنى سارغايغان بىلۇر.

دەرتتە قويدى ئۇ مىنى،
چىن يار دەپ يۈرسەم سىنى.
ئارمىنىممۇ يوق ئىدى،
گەر ئۆلگۈچە سويسەم سىنى.

دەريادا سۇ بولمىسا،
بىلىق ياتامدۇ تاشتا.
بىر خىيالى بولمىسا،
جۇۋان ياتامدۇ قاشتا.

دەريا بويى قومۇشلۇق،
قومۇش يىنىدا قوراي.
مەن ساڭا كويۈپ قالدىم،
يارىڭ بارمىكىن سوراي.

دەريا بويىدا تاش تۇت،
بىر ياخشىنى ئاداش تۇت.
ئادىشىڭ يامان بولسا،
ئۇيناپ كۈلۈپ هاراق تۇت.

دەرياغا تاشقىن كەلگەندەك،
تاشنى ئىلىپ تۇغانىنى تۇت.

ياخشىغا بولسا مەيلىڭ،
يامانىنى قويۈپ ياخشىنى تۇت.

دەردىڭ بىلەن پىراقىڭدا،
ئۆلگەندەك بولدۇم.
شۇ هالەتتە بولساڭ يارىم،
سويگەندەك بولدۇم.

دەردىڭدە يارا بولدۇم.
كويۈگىڭدە جۇدا بولدۇم.
قانداقىنە يارىمسەن،
بىر كورگىلى زار بولدۇم.

دىلبىرىم سەندەك جاهاندا،
هىچكىمى رەنا ئەمەس.
شۇ سىنىڭ رەنالىغىڭغا،
مەندەك ساڭا شەيدا ئەمەس.

دىلبىرىم مەندىن يىراق،
دىلبىرىمدىن مەن يىراق.
دىلبىرىم قىشىمغا كەلسە،
ياندۇرىمەن شام چىراق.

دىلبىرىم كەتتى يىراققا،
ئۆتى مەندىن كەتمىدى.
ئاه ئۇرۇپ قان يىغلىسام،
دادىم خۇداغا يەتمىدى.

دوستسىزلىغىڭنى بىلسەم ئىدىم.
ئاشنا تۇتماس ئىدىم.
دەستە ـ دەستە گۈل ئىلىپ،
كەلسەڭ قىيا باقماس ئىدىم.

دۇتار چالغان قولىڭىز،
ئەجەپمۇ ئاپپاق ئىكەن.
ئۆيىڭىزنى كوزلىسەم،
ئەجەپمۇ يىراق ئىكەن.

دولتىڭنىڭ ياردا،
دوستمۇ دوست، دۇشمەنمۇ دوست.
باشقا مۇڭ كەلگەن زاماندا،
جان قېرىنداش جانغا دوست.

ئېتىمنى چاپتۇرۇپ ئۇتتۇم،
يارىمنىڭ كوچاسىدا.
ئامرىغىم چىقىپ كەلدى،
تاۋار كوينەك ئۇچاسىدا.

ئېتىمنى توقۇپ قويدۇم،
شۇۋرغان يامان قاردا.
مەن مۇندا يۇرگەن بىلەن،
كوڭلۇم مېنىڭ هامان ياردا.

ئېتىمنىڭ خۇيى يامان،
سۇندۇردى ئىگەرىمنى.
ئاتام بولسا ئالار ئىدىم،
قارىقاش جىگەرىمنى.

خاڭغا بارىمەن ئاتا،
كومۇر قازىمەن ئاتا.
كىشى يۇرتىدا يۇرۇپ،
قانداق تۇرىمەن ئاتا؟

ئىشىك ئالدى بىر تۇپ تال،
بىر تۇپ تالغا ئۇلاق سال.
مەن ساڭا كويۇپ قالدىم،
سوزلىرىمگە قۇلاق سال.

ئېدىردا ئۇتلىغان تايچاق،
مېنىڭ تېيىم ئەمەسمۇ،
قەدىر بىلمىگەن يارغا،
ئېقىدەم زايا ئەمەسمۇ؟

ئىشىك ئالدى تېرەك بوستان،
ئانار باغدىن ئوتەلمەيمەن.

كىراغا ئات مىنىپ بېرىپ،
جامالىڭنى كورەلمەيمەن.

ئىچمە دەيدۇ، ئىچمە دەيدۇ،
ئىچمىگەنلەر قايدا بار.
ياخشىلار تۇتقان هاراقنى،
ئىچسە يۇرەككە پايدا بار.

جان دوستۇم، جېنىم دوستۇم،
خويما كەلمىدىڭ يېنىمغا.
يار دەردى مۇنداق بولسا،
دورا يەي بۇ جېنىمغا.

جانىم ئۇرگىلەي دەيمەن،
خانىم ئۇرگىلەي دەيمەن.
بىر زەردە ئەلەم كەلسە،
يارغا يېتىشەي دەيمەن.

جان چىقاردا كەلسەڭدىڭ،
جانانى قاشىمغا مېنىڭ.
نى ئالامەت تاغلىرى،
سىرلىدى باشىمغا مېنىڭ.

جانۋار تاپسا دەرەخنى،
بىردەم ئۇچۇپ، بىردەم قونۇر.
ئارزۇلۇق يارىنى كورسە،
ئۇسسىغان باغرى قانۇر.

جاندىن ئەزىز يارىمىز،
كوڭلۇمنى ئالالامسىز؟
جايىمىز مۇشكۇل يەردە،
هاجەتكە بارالامسىز؟

جىلىلىيۇزىنى دەيمۇ،
تۇرپان يۇزىنى دەيمۇ.
ناۋاتتەك ئالماڭ تۇرۇپ،
ئەلدىن قەن تىلەپ يەيمۇ؟

جىرغىلاڭنىڭ يوللىرى،
تارام - تارام كىچىك ساي.
جىرغىلاڭدىن قىز ئالدىم،
ئۈچ - توت كۈنلۈك يېڭى ئاي.

جىرغىلاڭنىڭ يوللىرى،
ئەگىم - ئەگىم كېچىگى.
جىرغىلاڭدىكى شۇل يارىم،
قىزىل ئالما چىچىگى.

كاككۇك قوندى تېرەككە،
قوغۇن چۈشتى پىلەككە.
ھېچكىم قاراپ قويمايدۇ،
مەندەك ئاجىز دىدەككە.

كاككۇگۇمنىڭ ئۈنىنى،
قەشقەردىن ئاڭلاپ كەلدىم.
يارىم بەرگەن پوتىنى،
بېلىمگە باغلاپ كەلدىم.

كاۋاپتەك ئورتىلىپ بولماس،
ساماندەك سارغىيىپ بولماس.
خۇدا بەرگەن ئەزىز جاننى،
ساڭا خار قىلىپ بولماس.

كەت دىسەڭمۇ كېتمەن،
كەتمە دىسەڭمۇ كېتمەن.
ئاردا ئالتى قونۇپ،
يايىرىم قېشىغا يېتمەن.

كەمبەغەل مېنىڭ يارىم،
باي مېنىڭ خىلىم ئەمەس.
پۇل تاپسا ئوزى تاپقان،
تېگىنى بولۇپ بەرمەس.

كەت دىسەڭ سەھراغا كېتەي،
قالدى قەشقىرىڭ ساڭا.

ئەلىمگىنى تولا تارتتىم،
راھىتىڭ بارمۇ ماڭا.

كەتتى دەپ كوڭلۇڭنى بۇزما،
كەتمىسەم نالەت ماڭا.
ئالتى قارا چېچىمدىن،
ئوزگىسى دۇشمەن ماڭا.

كەچ كىردى زاۋال بولدى،
يارىمغا ئۇۋال بولدى.
جالانى يوغان سالىپ،
لاچىندەك جۇۋان بولدى.

كەچ بولۇپ يۇلتۇز چىقىپتۇ،
مەن قاچان ئويگە ياناي.
بىرگىنە ئالما بېرىڭ،
يولداش قىلىپ ئويگە ياناي.

كەل يارىم ئولتۇر قېشىمدا،
قالغانلار قالسۇن قاراپ.
كوزلىرىگە قان يۇگۇرسۇن،
بىز ئىككىمىزگە قاراپ.

كېتىپ بارغان ئومرۇمگە،
تولادىن - تولا ئاغرىيمەن.
يەرگە چۈشكەن غازاڭدەك،
كۈندىن - كۈنگە ساغرىيمەن.

كېچە ئويقۇدا ياتسام،
ئات سالدۇرۇپ سەن ئوتتۇڭ.
ئۈن چىقارماي يولۇڭدا،
يۈرەككە ئوت يېقىپ ئوتتۇڭ.

كېتەرىڭنى بىلگەن بولسام،
ئۇزاتماس ئىدىم.
جەمە مېچىت، تاختا كوۋرۇك،
سالدۇرماسمىدىم.

كېلەرمۇ دەپ تاما قىلما،
كەتكىنىم شولدۇر.
ئاشىق تۇتۇپ مۇرادىغا،
يەتكىنىم شولدۇر.

كېچە يېتىپ هويلامدا،
سانايمەن يۇلتۇز.
يارىم مېنى سېغىنغاندا،
ياتىدۇ يالغۇز.

كىردىڭىز شەنىڭ يولىغا،
هېچقايان باقمىدىڭىز.
سېلىپ قويۇپ هەيران ئوتىغا،
ئۇۋالدىن قورقمىدىڭىز.

كىم بىلەن كىمنىڭ ئىشى،
يار تۇتمىغان نادان كىشى.
يارنى ماڭا كورسەتمىگەن،
مەلىڭىزنىڭ ئەللىك بېشى.

كىچىككىنە باغ ئىچىدە،
سارغىيىپ تۇرغان تېرەك.
بىۋاپا يار ئوتىدا،
ئورتىنىپ كويگەن يۇرەك.

كول بويىدا نىمىلەر بار،
ئودەك بىلەن غازلار بار.
ئودەك ئاتساڭ غاز قالسۇن،
دەرتمەن ئولۇپ دوست قالسۇن.

كوڭلۇم چۇشتى كوڭلۇڭگە،
كىردىم سىنىڭ كەينىڭگە.
ساق بېشىم ساراڭ بولدى،
يارىم سىنىڭ دەردىڭدە.

كوينىگىڭنىڭ ئېتىگى،
ئېتىگىدە چېچىگى.
بېزنى تاشلاپ سويگىنىڭ،
ئايىغىمنىڭ پېتىگى.

يارىم ئىتلىرىڭ يامان،
ئالدىم قولۇمغا تاشنى.
دوست - دۇشمەن ئارىسىدا،
ئەمدى كورۇڭ ئويناشنى.

يارغىنەم گۇل بېرىدۇ،
باغدا تۇرۇپ يەڭ ئىچىدە.
گۇلنى مەن قانداق ئالاي،
شۇنچە خالايىق ئىچىدە.

يار بار چاغدا ياخشى ئىدى،
يار كېتىپ يامان بولدۇق.
يار ئوتى يامان ئىكەن،
سارغىيىپ سامان بولدۇق.

يار بىلەن ۋەدە قىلغان،
خالى ئويدە بىر كېچە.
شۇ خوشاللىق خاتىرە،
چىقماس ئىچىمدىن ئولگىچە.

يار بېغىدا ئېچىلغان،
ئانار گۇلنىڭ نارىمەن.
ئوزەم ئوخشاش بىر گاداي،
دىدەك قىزنىڭ يارىمەن.

يارنىڭ ئىشىگى تاللىق،
شاخ - شاخلىرى مارجانلىق.
سىنى سويگەن ئاشىقلار،
هەر كوچىدا هەيرانلىق.

يار بولسا ياراشىقىدەك،
دۇشمەنلەر ماراشقىدەك.
ئوزى ئويىقىدا تۇرۇپ،
تولغىنىپ كوز ئاچقىدەك.

یار بار مەلىگە بارسام،
یۈرەگىم پوكۇلدایدۇ.
دۇشمەنلەر مېنى كورۇپ،
تولىمۇ كوتۇلدایدۇ.

یار قوسىغى ئاغرىپتۇ،
باققا كىرىپ ئالما یەپ.
یامان ئۇگىنىپ قاپتۇ،
خالىغان گېپىنى دەپ.

یار كویىدا كەتكىدەك باشىم،
مەن تېخى یارنى كورمىسەم.
سىز تىرىك بولۇڭ یارىم،
دىدار كورەرمەن ئولمىسەم.

یارىم بىلەن مەن باردىم،
باغدىن گۇل ئۈزۈپ یاندىم.
یارىم ئاندا یار تۇتسا،
مەن ئۈمىت ئۈزۈپ یاندىم.

یار خاراپ ئەتتىڭ مېنى،
جىگەر كاۋاپ ئەتتىڭ مېنى.
هەر خىياللاردا یۈرۈپ،
سەن بىر بالا ئەتتىڭ مېنى.

یارلار كېتىمىز دەیدۇ،
كەتكىنىگە یول بولسۇن.
بىزنى یامان دەپ بارسا،
ئىككى كوزى كور بولسۇن.

یارنىڭ هەرەم بېغىدا،
ساقلىغان كەپتىرى بار.
كوڭلىنى ئوزگە بېرىپ،
بىزگە ساختا گەپلىرى بار.

یار بارادۇر یورغىلاپ،
ئالدىدا تۇردۇم توغرىلاپ.

شۇنچە یارنى داغدا قویۇپ،
سویدۇم سېنى ئارزۇلاپ.

یارى دەیدۇ، یارى دەیدۇ،
یاردا یوقتۇر ۋاپا.
یار ئېتىنى ئاتماڭلار،
قىلىدۇ جانغا جاپا.

یارىم بەرگەن ئالمىنى،
بىكار بەردى دەپتىمەن.
كوڭۇل بەرمىگەن یارنى،
كوڭۇل بەردى دەپتىمەن.

یار باغدا ئېچىلغان،
ئانار گۇلىنىڭ نارىمەن.
هەر تەرەپكە یول سالغان،
بىۋاپانىڭ یارىمەن.

یارىمنىڭ قىيا ئىشىگى،
ئېچىلسا یېپىلمایدۇ.
بىزنىڭ یاردەك قەلەم قاش،
ئىزلىسەڭ تېپىلمایدۇ.

یارىمنىڭ یارى تولا،
مەندىن بولەك، مەندىن بولەك.
مەن تېخى یار تۇتمىدىم،
جېنىم یارىم سەندىن بولەك.

یاغلىغىمنى بویاتتىم،
بەلۋېغىمنى هاۋارەڭ.
بىزنىڭ باغدا غورا پىشتى،
كۇندە بېرىپ غورا یەڭ.

یالغۇزۇم یالغۇز تېرەكنىڭ،
یېنىدا سىز یاتامسىز؟
مىڭ تىكەننىڭ دەردىنى،
بىر گۇل ئۈچۈن تارتامسىز؟

ياغلىغىم يارىمدا قاپتۇ،
كوزىنى سۈرتۈپ يۈرگىدەك.
كېچىلىرى ئۇخلىماي،
مېنى تىللاپ يۈرگىدەك.

يالغۇز ئويدە ئولتۇرسام،
يالغۇزلىغىمنى كىم بىلۇر.
قول سېلىپ ئىشىككە چىقسام،
مېھرىۋان يارىم كېلۇر.

يامانلىق ئەيلىمەك يارىم،
بۇگۈن تاڭلا قىيامەتتۇر.
يامانلىق ئەيلىگەنلەرگە،
قىيامەتتە نادامەتتۇر.

يېڭى ئايدەك كورۈنۈپ،
غايىپ بولۇرنى بىلمىدىم.
ئالتى كۈن مېھمان بولۇپ،
تاشلاپ كېتەرىنى بىلمىدىم.

يەل بوراندەك يەلپۈنۈپ،
كەتسەم يارىمنىڭ قاشىغا.
مىرزا گۈلدەك ئېچىلىپ،
سانچىلىپ يۈرسەم بېشىغا.

يىگىرمە ئىككى ياشىمدا،
مۈڭلار چۈشتى باشىمغا.
دەردىمنى ساڭا ئېيتاي،
بىر تۇققان قېرىنداشىمغا.

يول بىلەن ئوتۇپ بارسام،
ئويلىرىگە چىللاتتىلا.
بۇ مېھرىۋان كوڭۈلنى،
چىللاپ بېرىپ ئاغرىتتىلا.

يۇقۇرىدىن چۈشۈپ كەلسەم،
ئىككى بورىنىڭ ئىزى.
كوڭلۇمنى ئېلىپ كەتتى،
ساۋۇت ئاكىنىڭ قىزى.

يۇقۇرىغا بارىمەن،
توقۇپ بېرىڭ جەدىنى.
ئېيتسام ـ ئېيتسام تۈگىمەس،
بىۋاپانىڭ دەردىنى.

يۈرىگىم غەلۋىر ئوخشاش،
قويسا تۇرمايدۇ تېرىق.
شۇنچە جاراھەتلەر بىلەن،
بولدى چىرايىم ساپ ـ سېرىق.

غانجۇغىمدا ئاغامچا،
ئۇردۇم سالىمنى ئاتقا.
مېنى دىسەڭ يارىم،
كوڭۈل بەرمىگىن ياتقا.

غېرىپتۇر مېنىڭ باشىم،
كوزۇمدىن ئاقىدۇ ياشىم.
بۇ يولدا يوق يولداشىم،
يېقىن قوۋمى ـ قېرىنداشىم.

ھاۋادىكى بوز لاچىن،
كورۈپ تورغا چۈشەمدۇ؟
ئادەم ئوغلى بېشىغا،
مۇنداق كۈنلەر چۈشەمدۇ؟

ھاۋادا پەرۋاز ئۇرۇپ،
ئۇچقان كىمنىڭ كەپتىرى؟
كوڭلۇمنى ئوتتۇۋالدى،
بىۋاپانىڭ گەپلىرى.

ھاۋادا ئۇچار قۇشمەن،
لېۋەن گەپ قىلما بىھۇشمەن.
سەن قەدرىمنى بىلمەيسەن،
ئالتۇن بىلەن كۈمۈشمەن.

هاۋانى تۇتتى تۇمان،
يارىم سىنىڭ ئۇتۇڭ يامان.
ئۆلۈمگە ئىلاج يوقتۇر،
تىرىك ئايرىلغان يامان.

هاۋادىكى لاچىننى،
قوندۇراي بىلەكىمگە.
يارىمنىڭ سوزلىرى دورا،
سىڭدۇرەي يۈرەكىمگە.

هاۋادا بۇلۇت قويۇق،
ياغسا ياغار، ياغمىسا يوق.
يار دىگەن كوڭلى قارا،
كەلسە كىلۇر، كەلمىسە يوق.

هاراق ئىچتىم ئولگىلى،
يارىم كەپتۇ كورگىلى.
تۇرغىدەك ماجالىم يوق،
يارىمغا تازىم قىلغىلى.

هاراق ئىچسە ئىچكۈلۈك،
ئاشنالىرىدىن كەچكۈلۈك.
ئاشىقى قارىمىسا،
ئىزلەپ يۈرۈپ ئەگەشكۈلۈك.

هارۋىڭىزنىڭ چاقىدىن،
كەپتەر ئوتەمدۇ قارا كوز.
سىزنى مەن كورمىگىلى،
هەپتە ئوتەمدۇ قارا كوز.

ئەجەپمۇ ياراشىپتۇ،
سىپىل تۇۋىگە خەندەك.
ئاتاسىدىن ئايرىلىپ،
هىچكىم بولمىسۇن مەندەك.

ئەجەپمۇ ياراشىپتۇ،
پىشايۋاننىڭ تۇرىگى.
قىيامەتكە باقىدۇ،
ئىككىمىزنىڭ يۈرىگى.

ئوسما قويغان پەلكۈچىك،
تۇرار تامدا سانچىلىپ.
هەر كورگەندە ئاه ئۇرۇپ،
كەتتىم تولا يانچىلىپ.

هويلاڭىدىكى ئۈژمەڭنىڭ،
بىر شىخى راۋاپ بولدى.
سەن يارىمنىڭ ئوتىدا،
يۈرىگىم كاۋاپ بولدى.

قاراڭغۇ قارا ياغاچ،
مىنىڭ يولداشىم.
يوپۇرمىقى شىلدىر ئەتسە،
توكىلۇر ياشىم.

قاراڭغۇدا قارا لاچىن،
قايرىلىپ ئۇچتى.
ئاياغىدا تاسما باغى،
تارتىلىپ ئۇچتى.

قاراڭغۇ ئەجەپ يامان،
ئاه يارىم چىداڭ هامان.
ئىشقى ئوتى كويدۇردى،
دوزاق ئوتىدىن يامان.

قارلىغاچ قارا بولۇر،
قانتى ئالا بولۇر.
يارىڭ بىۋاپا بولسا،
بېشىڭغا بالا بولۇر.

قارا ماشنى تىرىسام،
ئۇنتۇپ چىقتى يىشىل ماش.
مەن ساڭا كويۇپ قالدىم،
بىر ئوينايلى قەلەم قاش.

قارلىغاچ ئۇۋىلاپتۇ،
پېشايۋاندا پەرماندا.
بىز شۇنداق ئوتەرمىزمۇ،
كويۇك ئوتى ئارماندا.

قاپقارا بوران كېلىپ،
ئۇرسا يامان بولمامدۇ گۇل؟
شاخى ـ شاخىغا تېگىپ،
بالدۇر غازاڭ بولمامدۇ گۇل؟

قارغاي كېسىپ قويدۇم،
قۇرسا قالارمەن دەپ.
لايىقنى تېپىپ قويدۇم،
بۇيرۇسا ئالارمەن دەپ.

قارچۇغاڭنىڭ بالاسى بار،
ئالتۇن ئۇۋىدا.
ئەمدى بارسام تونىمايدۇ،
ئەسكى جۇۋىدا.

قار ـ يامغۇر يېغىۋاتىدۇ،
بۇلۇت داۋاندىن سېرىلىپ.
چېرىكلەر كېلىۋاتىدۇ،
ئەزرائىلدەك كېرىلىپ.

قارىساق كورۇنمەيدۇ،
بىزنىڭ ئوينىڭ ياغىچى.
ئېتىزلاردىن يەر تەگمەي،
ماكان بولدى تاغ ئىچى.

قارسام كورۇنمەيدۇ،
دۇنيانىڭ ئۇچى.
دۇنيا دىگەن ئەسكى راۋاق،
مەن يول ئوتكۇنچى.

قار بىلەن مولدۇر يېغىپتۇ،
تولىسى تاغلار سايان.

ئالتى ئاي توشمىغىچە،
قاراتمىدىڭ ئويلەر سايان.

قاراڭغۇدىن قورقمايمەن،
ئوك قولۇمدا تاشىم بار.
بىۋاپانى سويمەيمەن،
ئىچ كويەر ئاداشىم بار.

قاغىلار قاتاردا قالدى،
بىر بالا بولدىمىكىن.
ئوزى ئاق كوڭلى قارا،
مەندىن جۇدا بولدىمىكىن.

قەشقەرگە چۇشۇپ كەتتى،
يول بىلمەيدىغان باللا.
سودىسىنى قىلالمايدۇ،
سودا قىلمىغان باللا.

قەشقەرنىڭ يولى قاتتىق،
تولا ماڭىدۇ ئاتلىق.
مۇز داۋاندىن ئوتكىچە،
ئەزىز جانلىرى تاتلىق.

قەشقەرلىك بولاي دەيمەن،
ئەنجانلىق بولاي دەيمەن.
بوكۇمنى قىرلاپ قويۇپ،
جانانىنى ئالاي دەيمەن.

قېنى مىڭ ياشىغان لوقمان،
ئولۇمگە ھىلىلەر قىلغان.
ئەجەل ئوتى قادالغاندا،
تېنىگە تاپمىدى دەرمان.

قېرىدىم قىلمىدىم تووە،
ئەۋەلدىن قاخشىغان تولمەن.
ئەسھەت سوزىنى دائىم،
قۇلاققا ئالمىغان قۇلمەن.

قىرىنداش يېقىن بولسا،
خويما هالداش، خويما مۇڭداش.
قىرىنداشىم بولساڭ سەن،
قۇرۇمامدۇ كوزۇمدىكى ياش.

قىشىڭنى قارا كوردۇم،
تال بويۇڭنى تۇز كۇردۇم.
ئاخشام كورگەن بويۇڭنى،
كىيىن يىتىپ چۇش كوردۇم

قىشىڭ بىلەن كوزۇڭگە،
ئاشىق بولدۇم يۈزۈڭگە.
بىرنەچچە زامان بولدى،
ئىيتالمىدىم ئوزۇڭگە.

قىز بالا دىگەن نەرسە،
قىزىل ئەڭلىنى كەيسە.
قارا كوزىگە قاراپ،
قىزىل يۈزدىن سويسە.

قىش كۈنى قارلار ياغار،
يازلىقى يامغۇر ياغار.
مەندەك بى تەلەي قىزغا،
شۇ ئالەمدە كىم ياقار.

قىلۋىدىن شامال چىقسا،
دەرەخ ئىگىلەي دەيدۇ.
يۇرتۇمنى خىيال قىلسام،
ئوپكەم ئورۇلەي دەيدۇ.

قىر بېشىدىكى كوچەتلەر،
تال دەرەخ بولدىمىكىن.
يامانلاپ كەتكەن يارغا،
يار تىرەك بولدىمىكىن.

قىزىل گۈلۈم ئىچىلار،
شاخ - شىخىغا يەتكەندە.
يار قەدىرى ئوتۇلەر،
يار يىراققا كەتكەندە.

قوغۇن پىلەك ئاتىلدى،
تاۋۇز تاپىمەن ئەمدى.
شۇڭقارىمدىن ئايرىلىپ،
يالغۇز ياتىمەن ئەمدى.

قۇم چوگۈنگە چاي سالسام،
ئوخشىدى قايماق بىلەن.
ئوزىنىخانىغا توپلى ئالسام،
پاتمىدى پايپاق بىلەن.

قومۇل دىگەن شەر ئىكەن،
شىڭشىڭشادىن بىرىكەن.
يايلاقلىرى يىراقتا،
ئاتقا بوغۇز دورىكەن.

قومۇل يولى يامانمۇ،
يارىم ئوندا ئامانمۇ.
بەش يىل بولدى كەلمىدى،
بىردەك يارلار يامانمۇ؟

قومۇلۇمغا كىتىمەن،
هارۋۇلىرىڭ قالسۇن ساڭا.
دولتىڭنى خويما كوردۇم،
روخستىڭ بولسۇن ماڭا.

ئەل مىنى يامان دەيدۇ،
مىنىلا كورەمدىكىن.
شەرىنى قويۇپ بەرسەم،
كوڭلى خوش بولامدىكىن.

ئەللەر شاپىلەك دەيدۇ،
باشتىكى ئىتىم هاسان.
قىلغان - ئەتكىنىم تولا،
خۇدايىم قىلدۇ ئاسان.

ئەللەر مەشۇغۇم دەيدۇ،
بىر قارا كورۇنگەننى.
ئەقلى بولسا بىلمەمدۇ،
مىڭ ئولۇپ تىرىلگەننى.

ئەقلى دەيدۇ، ئەقلى دەيدۇ،
ئەقلى ئىماندىن.
يار كەلگىچە يىغلاپ - يىغلاپ،
كوز يېشىم قاندىن.

ئوستەڭنىڭ سۇيى ئاز،
قوناق پىشىپ شال قالدى.
نىمە ئانچە كەلمەيسەن،
شەرەت قىلىپ قول تالدى.

ئوستەڭ ياقلاپ ماڭسام،
نۇغايلارنىڭ مۇنچىسى.
كىچىككىنە يارىم بار،
قىزىل گۇلنىڭ غۇنچىسى.

ئوزى ئاق كوڭلى قارا،
دەرت ئەلەم قىلدىڭ ماڭا.
قىلغىنىڭ ئەستە تۇرامدۇ،
مەنمۇ قىلغايمەن ساڭا.

ئويۇم يار قاشىدا بولسا،
تۇشۇپ ئاغزىمدا دان بەرسەم.
ئوزەمنىڭ ئىلكىدە بولسا،
يېتىپ قۇچىغىدا جان بەرسەم.

ئوينىڭ ئىچىدە ئوزۇم،
يىغلايدۇ قارا كوزۇم.
دۇشمەن ئارىلاپ قاپتۇ،
ئوتمەيدۇ مىنىڭ سوزۇم.

ئوچ كوردۇممۇ ئوچ كوردۇم،
غىرىپلىقتا چۇش كوردۇم.
تولغىنىپ ئويقۇدا ياتىپ،
باللىرىمنى چۇش كوردۇم.

ئوزى - ئاق، قانىتى قارا،
كىمنى ئاپتۇ يانىغا.
مەنمۇ تاپتىم ئوز خىلىمنى،
ئوت يېقىغلىق چانىغا.

ئودەك بىلەن كەررەكنىڭ،
سۇ چېچىشقىنى خوپتۇر.
ئاشىق بىلەن مەشۇقنىڭ،
يول تېپىشقىنى خوپتۇر.

ئۇرۇمچىنىڭ يولىدا،
ئاتمىش يەردە بۇلاق بار.
هەر ئىشنى ئويلاپ قىلىڭ،
ئاخىرەتتە سوراق بار.

ئۇچيۇز ئاتمىش كۇنلەردە،
بىر ياتمىدۇق ئويلەردە.
بىزنىڭ يارىدىن خەت كەلسە،
خوش بولىمىز چوللەردە.

ماڭسەن بىر - بىر بېسىپ،
دەريا سۇيىدەك ئايرىلىپ.
مۇنداقمۇ باغرىڭ قاتارمۇ،
باقمىدىڭ بىر قايرىلىپ.

مەن كورەگە بارغاندا،
توت سەر يامغىم بولسا.
مىنىڭ كوڭلۇم ئوسمەمدۇ،
كوڭلۇمدىكى يار بولسا.

مەن يىتىمغا كىم قويۇپتۇ،
سودىگەر يار تۇتقىنى.
سودىگەر سودىغا كەتسە،
ئاه ئۇرۇپ قان يۇتقىنى.

مەن ئۇلسەم ئېتىم ئۇچەر،
باشىمدىن شامال ئۇتەر.
مېنى دىگەن دوستلىرىم،
باشىمدىن يىغلاپ ئۇتەر.

مەن ئۇزەم بۇ يەردە بولسام،
ئامرىغىم ئاستانىدا.
بارساڭلا سالام دەڭلا،
كوزلىرى مەستانىغا.

مەن سىنىڭ غېرىڭنىڭ مەن،
ئوتلىرىڭ ھەجەپ يامان.
ئۇلۇمگە ئىلاجى يوق،
تىرىك ئايرىلغان يامان.

مەن باردىم بۇلۇڭ بىلەن،
تارتىپ ئۇردى تۇلۇم بىلەن.
ئارزۇلاپ تۇتقان يارىمدىن،
ئايرىۋەتتى زۇلۇم بىلەن.

مەستانە قەلەم قاشلىق،
بوينۇڭدا تۇمار بارمۇ.
ئاخشاملىقتا كەل دەيسەن،
قىلغىدەك گېپىڭ بارمۇ؟

مەس بولۇپ يوقتۇر مادارىم،
يار يولەپ ئالسۇن مېنى.
گۇل بولۇپ ئالدىڭدا تۇرسام،
بىر كورەي دىمەيسەن مېنى.

مېنىڭ مەخمەل گېلىممنى،
توقۇپسەن بىر قارا بىلەن.
ئۇنى يۇسام ئېچىلمايدۇ،
ئېقىن دەريا سۇيى بىلەن.

مېنى ساڭا كويدۇرگەن،
قارا قېشىڭ بىلەن كوزدۇر،
ئۇلۇغ دەريانى كەزدۇرگەن،
ئىلاڭ تاغلاردىكى مۇزدۇر.

ملتىق ئاتتىم تۇرنا دەپ،
غاز ئىكەنىن بىلمىدىم.
چىچىغا جالا سېلىپتۇ،
تاز ئىكەنىن بىلمىدىم.

موللىنى قايدىن بىلۇرسەن،
دۇتتارىدا قەلىمى.
يېڭى يارنىڭ دەردى تولا،
كونا يارنىڭ ئەلىمى.

ناخشىنى ئېيتقان بىلەن،
ناخشىنىڭ قازاسى يوق.
يار يىراقتا كەتكىلى،
ئىچىمنىڭ تازاسى يوق.

نامازدىگەر شام ئارىلاپ،
گۇل باغدا ياتسام.
چولام تەگسە يار قاشىغا،
بارۇرمەن ئاخشام.

ئوچاقتا ئوتۇن سالسام،
تۇتۇن بولۇپ كويمەيدۇ.
باي قىزىنى يار تۇتماڭ،
چىن كوڭلىدىن سويمەيدۇ.

ئوقۇيمىز خوجا ھاپىزنى،
خۇدا ئايرىمسۇن بىزنى.
ئەقىللىق ۋاپادارىم،
دەيمەن ئۇلگىچە سىزنى.

ئوك كوزۇمنىڭ ئېقى تولا،
سولغاي كوزۇمنىڭ قارىسى.
بىۋاپا سەن يارىغا،
كويدۇ يۇرەكنىڭ چورىسى.

ئۈك قولۇمدا ئون ئۈزۈك،
چەپ قولۇمدا جۈپ ئۈزۈك.
دۇنيادا بىر بارمىكىن،
مېنىڭ يارىمدەك سۈپ - سۈزۈك.

چاپىنىڭنىڭ يېڭى تار،
ساپسام قولۇم قانداق پاتار.
بىزنى كويدۈرگەن جۇۋانلار،
ئۆيدە قانداق ياتار.

جاپىنىمنىڭ يېڭىنى،
باشىمغا قويدۇم تېڭىنى.
ئارزۇلاپ تۇتقان يارىمنىڭ،
رەنجىتمەيمەن دىلىنى.

چىننى سۇنۇق دىمەڭلا،
چىنىدىن كوڭلۇم سۇنۇق.
ياردىن ئايرىلغىنى،
دۇنيا ماڭا قاراڭغۇلۇق.

چىرىغىڭنى ياندۇرۇپ،
قويسام موراڭنىڭ بېشىغا.
ياغ قۇيۇپ پىلىك سالاي،
ئايلا جۇۋاننىڭ ئىشقىدا.

چىنىدىكى چاينى كورۇڭ،
تېگىدىكى لاينى كورۇڭ.
هاراق ئىچىپ مەس بولغاندا،
كوڭۇلدىكى يارنى كورۇڭ.

رەڭمۇ رەڭ گۈللەر ئېچىلدى،
ئەتىيازدىن كۈزگىچە.
هەركىشى يارنى تاپسا،
شۇقەدرى شۇل كېچە.

رۇخسەت بەرسەڭ پات بەرگىن،
رۇخسەت سورىماستىن بۇرۇن.

ئىككى پەشنى قىستۇرۇپ،
يولغا چىقماستىن بۇرۇن.

سايرىدى بۇلبۇل سەھەردە،
ئول قىزىل گۈل ئىشقىدا.
بۇلبۇل بولۇپ سايرايمەن،
ئول نىگارىم ئىشقىدا.

سايراڭ بۇلبۇلۇم سايراڭ،
قىزىل گۈلنىڭ شېخى سۇنسۇن.
يار ئايرىلمەن دەيدۇ،
ئايرىلىپ كوڭلى تىنسۇن.

ساي بىلەن يۈگۈرۈپ ئىدىم،
سانجىلدى ئاياغىمغا تىكەن.
نىمە دەپ يۈگۈرۈپ ئىدىم،
يار ماڭا باقماپتىكەن.

ساي بىلەن يۈگۈرۈۋېدىم،
سايدا ئىلاننىڭ قۇيرۇغى.
سەن قىزىڭنى بەرمىسەڭ،
باردۇر خۇدانىڭ بۇيرۇغى.

سارايىڭدا ياتمايمەن،
ئايۋىنىڭغا پاتمايمەن.
راست گېپىڭنى ئېيت يارىم،
سېنىڭ دەردىڭنى تارتمايمەن.

ساغىرىپتۇ، ساغىرىپتۇ،
شول جۇۋاننىڭ دەردى بار.
دەردى بولمىسا ساغىرامدۇ؟
يىراقتا كەتكەن يارى بار.

ساماندەك ساغىرىپ بولماس،
بۇلۇتتەك ئاقىرىپ بولماس.
خۇدا بەرگەن ئېزىز جاننى،
يامانغا خار قىلىپ بولماس.

سانا‌قتا سەككىز ئاي بولدى،
جۇدا بولدۇم ۋىسالىڭدىن.
يۈرەكلەر خۇن بولۇپ ئاقتى،
سىنىڭ دەردى پىراقىڭدىن.

ساغىرىپ ئۆسكەن تېرەكنىڭ،
سايىسى بولماس ئىكەن.
يار ئۈچۈن كويگەن يۈرەكنىڭ،
دوزىسى بولماس ئىكەن.

سارغىيار ئۆلمەس چىرايىم،
قايغۇغا قالغان بىلەن.
مەنمۇ ئۆلمەسمەن جېنىم،
سىنىڭدىن ئايرىلغان بىلەن.

سەھەردە سايرىغان بۇلبۇل،
كوكۈلنىڭ زېھنىنى ئاچتى.
ئېچىلغان قىزىل گۈلنى،
يار قۇلىغىغا قىستى.

سەھەردە سايرىغان بۇلبۇل،
خۇداغا ناله قىلمامدۇ.
ئاتامىز يوق، ئانامىز يوق،
خۇدايىم رەھمى قىلمامدۇ.

سەھەرلەردە مەن باردىم،
ئىنىلىرىڭغا يول بەردىم.
چىقمايسەن تالا ـ تۈزگە،
زەپىرەڭدەك سارغايدىم.

سەھەر ۋاقتى غاز ئۈچتى،
غېرىپنىڭ شەرىگە چۈشتى.
خۇدانىڭ تەغدىرى شۇنداق،
مېنىڭ مەيلىم ساڭا چۈشتى.

سەن بىزنى سوقتىم دەمسەن،
سىپپى چولاق قامچاك بىلەن.

خۇدايىم كەسسۇن قولۇڭنى،
ئۇتمىگەن قايچاك بىلەن.

سەن تېرىق تېرىمىساڭ،
قۇشقاچ كېلىپ قونارمىدى.
سەن گۈمبەز قوپارمىساڭ،
ئايلا جۇۋان ئولەرمىدى.

سەن يارىمنىڭ رومالى،
ساچ باغىدا تۇمارى.
ئۈچ كۈن بولدى كەلمىدىڭ،
ئەمدى تۇتتى خۇمارى.

سەن مېنى يارىم دىسەڭ،
كۈندە كورۇشسەك.
بىز ئىككىمىز كوڭۇل دەردىنى،
شۇندا بىلىشسەك.

سەن چىمەننىڭ گۈلى بولساڭ،
مەن چىمەننىڭ بۇلبۇلى.
سەن چىرايىڭغا ئىشەنسەڭ،
مەن خۇدايىمنىڭ قۇلى.

سىنىڭ ئوت پىراقىڭدا،
بوغىزىمدىن غىزا ئۆتمەس.
بەش يىل بولدى كويگىنى،
كويگەن ئوت ساڭا يەتمەس.

سىرىق سەبدە گۈلۈمنى،
قۇلاقتا قىسارمەنمۇ.
شۇنچە ئۆتىڭدا كويۇپ،
مەن سىنى ئالارمەنمۇ؟

سىنىڭ يارىڭ بولسا شۇنداق،
سەنمۇ داڭلىغىن.
يارنى قاتتىم قوشاغىمغا،
ئوقۇپ ئاڭلىغىن.

سىنىڭ بىلەن ماڭا كەلگەن،
قۇرۇق ئالامەت.
يارنىڭ ئۆتى يامان ئىكەن،
بولدى قىيامەت.

سىنىڭ بىلەن مەن باراي،
دوڭدىكى چىمغىچە.
ھىممەت قىلساڭ ئۆينايلى،
جانلار چىققىچە.

سىنىڭ ئۈچۈن ياتسام ياتاي —
بەش يىل زىنداندا.
بەش يىل زىندان بەش كۈنچە يوق،
باغى بوستاندا.

سىنىڭدەك بىر ياخشى گۈل،
باغدا ياتامدۇ.
سورايمۇ مەن باغۋەنلەردىن،
پۇلغا ساتامدۇ؟

سىلكىنىپ چىمەنگە چىقتىم،
ئەي نىگارىم قايدىسەن.
ساغىرىپ سامان بولدۇم،
ساق - سالامەت بارمۇسەن.

سۈزۈك سۈنى لاي قىلغان،
تاختا كوۋرۈك توپىسى.
بىزنىڭ يارنى ئاي قىلغان،
كۈچارلىقنىڭ دوپپىسى.

تاقىقا چىققان ئەجدىھانىڭ،
ئۆيى يوق نەدە ياتار؟
ياغسا يامغۇر، چىقسا بوران،
قايغۇ قىلىپ قايدا بارار؟

تاقىقا چىقسام تاغ شامىلى،
كوكولامنى يايدۇ.

قارىكۆز يارىمغا يەتسەم،
ئەقلى ھۇشۇم ئازدۇ.

تاغدا ياپىلغان كالىلار،
تاغنى يات قىلىپ كەتتى.
ئاۋال ئۆينىغان دوستلار،
ئەمدى يات بولۇپ كەتتى.

تاغ تۈۋىگە بارماڭلار،
تاغ تۈۋىدە قىيامەت.
ياردىگەن شۇنداق بولسا،
كويگىنىمگە نادامەت.

تاغ سايان قىلدۇق سەپەر،
ئەمدى نىچۈك ھاللار كېچەر.
تاغدىمۇ ئادەم تولا،
ئۆيناپ كۈلۈپ كۈنلەر ئۆتەر.

تاغلار ئارا چاكاندىنىڭ،
مىۋىسى بولماس؛
ئارچى بىلەن شەرتى بىردۇر،
قىش ياز قۇرىماس.

تاغلار بېشىغا چىقسام،
ئانام كورۈنەمدىكىن.
ئانامدىن خەت كەلسە،
كوڭلۇم سويۈنەمدىكىن.

تاغدىكى يالغۇز كىيىكتەك،
سەنمۇ يىتىم، مەنمۇ يىتىم.
مەن سىنى يوقلاي دىسەم،
يوقتۇر مىنىڭ ئاق بوز ئېتىم.

تاغلار يولى توپىلۇق،
ھارۋىلىرى دىغىر - دىغىر.
يېڭى يارنى يار دىمەڭلار،
كونا يار يۈرەك بېغىر.

تاقفا چىقتىم بىر كۇنى،
كورۇپ قالدىم تۇلكىنى.
خۇدا بۇيرۇسا تىچ بولساق،
كورۇشەرمىز بىر كۇنى.

تال كىسىپ، تاللار كىسىپ،
تالنى قويۇپ جىگدە كىسىپ.
كوڭلىڭىز قانداق چىدايدۇ،
بىر كىلىپ تاشلاپ كىتىپ.

تال كەسكىنىم يوق ئىدى،
تالدۇردى بىلەكىمنى.
يار سويگىنىم يوق ئىدى،
كويدۇردى يۇرەكىمنى.

تال كوكەردى مايسا بولدى،
قول سىلىپ كەلسەڭچۇ يار.
جان چىقار هالەتكە يەتتى،
بىركىلىپ كەتسەڭچۇ يار.

تال دەپتىمەن، تال دەپتىمەن،
تىرەك ئىكەنسىز.
كوڭلى يىقىن يار دەپتىمەن،
يىراق ئىكەنسىز.

تاڭ سەهەر بولماغۇنچە،
بۇلبۇل چىمەندە سايرىماس.
دەرت - ئەلەم كەلمىگىچە،
بەندە خۇدا دەپ يىغلىماس.

تاڭ ئاتقىچە ئويلايمەن،
چۇشۇمگە كىرەرمۇ دەپ.
ئىلكىمگە ئىلىپ ئاخىر،
ئومۇرلۇك بولارمەن دەپ.

تام تۇۋىدە ئولتۇرۇپ،
تام باستىمۇ يار سىنى.

چىرايىڭ ساغىرىپ قاپتۇ،
غەم باستىمۇ يار سىنى.

تام توپىسىدە ئالتى پاختەك،
ئاغزىدا دانانىسى.
كىم مىنى يارىم دىسە،
مەن ئۇنىڭ جانانىسى.

تام پۇتەمدۇ لاي بىلەن،
سۇ ئاقارمۇ ساي بىلەن.
ئومرۇم شۇنداق ئوتەرمۇ،
كوڭلى قارا يار بىلەن.

تام تۇۋىدە ماڭماڭلار،
ماڭسا ئىز بولۇپ قالدۇ.
يارنىڭ چۇشىگە كىرسەم،
كوڭلى خوش بولۇپ قالدۇ.

تام بىشىدا ئولتۇرغان،
بوينى ئالا بوز لاچىن.
مەلىڭىزگە مەن كەلدىم،
ئويىڭىزگە يول ئاچىڭ.

تاماكىنى تارتقان بىلەن،
غىزا بولامدۇ؟
قۇرۇق ئەلەم تارتقان بىلەن،
كوڭۇل ئۇنامدۇ؟

تاماكىنى تارتىۋالسام،
چوغلارنى سىلىپ.
مەن يارىمنى كورۇۋالسام،
ئوقەتتىن كىلىپ.

تاشلىۋەتمەڭلار گادايىنى،
پادىشا بولماق بىلەن.
پادىشالىق كەتمەس ئىلكىڭدىن،
بىر قىنيا باقماق بىلەن.

تەرپیاتىڭنى ئىشىتىپ،
مەنمۇ كەلدىم كورگىلى.
كورمىگەنلەر كورۈۋالسۇن،
ھەسرىتىڭدىن ئولگىنى.

تەلىيىم بولسا مىنىڭ،
يانغان چىراق ئوچەرمىدى؟
كوروۈپ ئوتكەن تاغلىرىم،
تۆۋى بىلەن كوچەرمىدى؟

تەلپۈنۈپ تەلمۈردى كوڭلۈم،
بۇلبۇلى سەگەك بولۇپ.
ئەمدى يەتتى مەقسىدىگە،
تاغ ئېشىپ چوللەر يۈرۈپ.

تېرىغان بىلەن ئېلىپ بولماس،
سايىنىڭ تېشىنى.
دەرت كەلگەندە تۈتۈپ بولماس،
كوزنىڭ يېشىنى.

تۈۋارنىمۇ پىچىمەن،
دۈردۈنىمۇ پىچىمەن.
خەتكە خەت قايتۇرمىساڭ،
سەندەك ياردىن كېچىمەن.

تولۇن ئايدەك يۈزۈڭنىڭ،
چۈشتى سىيپىلغا شولىسى.
نىمە ئانچە يىراقتۇر،
ئىككىمىزنىڭ ھويلىسى.

توغاي تولا سايرايدۇ،
نوغايتۇنىڭ غولىدا.
ئولمەيمەن دىگەن بىلەن،
جان خۇدانىڭ قولىدا.

تولدىن تولا توشقان،
ساي يەردە تولا توشقان.

ئىچىم دەرتكە توشقاندا،
دەرتكە پايلىماي قاچقان.

تۈغۇلۇپ تورۇلۇپ كورگىنىم يوق،
مۇنداق كۈنلەرنى.
پىشانەمگە يازغان ئىكەن،
قارا كۈنلەرنى.

تۈگۈلۈكتىن قاراپ باقسام،
يارىم تولغىنىپ ياتتى.
ئايرىلىپ كېتەي دىسەم،
دەردىمنى تولا تارتتى.

تۈنۈگۈن بۇ چاغدا،
ئوت كويدى ئوچاغدا.
ئولسەم ئارمىنىم يوقتۇر،
يارىمنىڭ قۇچاغىدا.

تۈزگە چىقسام قارارمەن،
قاپ - قارا سايلار سايان.
ئەمدى ھەرگىز قارىماسمەن،
بىۋاپا يارلار سايان.

ئۇ مەلەڭدىن بۇ مەلەڭگە،
يولى بارمىكىن.
دەرت ئاغرىغى بولۇپ قالدىم،
دارى بارمىكىن.

شەھەردىكى يارىمنىڭ،
ئىككىدىن سارايى بار.
ئاشۇ دىدەك يارىمنىڭ،
ئالتۇندەك چىرايى بار.

شوتا قويدۇم شاتۇتقا،
بىز مۇساپىر بۇ يۇرتقا.
مۇساپىرنى خار كورمەڭ،
يىنىپ كېتىمىز ئوز يۇرتقا.

شۇ توپەنىڭ قىرىدا،
گۈل ساقلىدىم مەن ساڭا.
گۈل دىگەن قانچە نىمە،
گۈلدىن ئارتۇق مەن ساڭا.

شۇ ئەزەلدىن بارئىكەن،
مېنىڭ بۇ يەرگە كەلمىگىم.
كېچە-كۈندۈز غەم بىلەن،
تارتىپ يۈرىمەن ئەمگىگىم.

شۇندا ئولتۇرۇپ سانارمەن،
كىرپىگىڭنىڭ تالىنى.
ھەرگىزمۇ بىلمەس ئىكەن،
ئاشۇ كىشىنىڭ ھالىنى.

شۇ كېچە مەشرەپ كېچەسى،
يار بىلەن، يارلار بىلەن.
دوست كۈلۈپ، دۈشمەن ئاغلىسۇن،
شول كېچە مەن يار بىلەن.

توپلىغۇچى: تېيىپجان ھادى

